ئابدۇراخمان قاھار

# ئىلى دولقۇنلىرى

(2)




ئىلى دولقۇنلىرى (2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مۇقاۋا رەسىمىنى سىزغۇچى: ئابدۇراخمان ئابلىز
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: سۇلايمان ئىسمائىل خالى

ISBN 978-7-228-14407-5

9 787228 144075 >

www.uyghurkitap.com

مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلەغگە ئېرىشكەن تۈر

民族文字出版专项资金资助项目


ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئابدۇراخمان قاھار

# ئىلى دولقۇنلىرى

(2)

(رومان)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

滔滔的伊犁河.2 ：维吾尔文/阿布都热合曼·卡哈尔著；—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.7 （2015.3重印）
ISBN 978—7—228—14407—5

Ⅰ.①滔… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①长篇小说 — 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第152755号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿不都克依木·沙依木 |
| 编　　辑 | 阿不都如苏力·吾买尔 |
| 责任校对 | 沙娜瓦尔·依布拉音 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 封面绘画 | 阿布都热合曼·阿布力孜 |
| 出版发行 | 新疆人民出版总社<br>新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 14.875 |
| 版　　次 | 2011年9月第1版 |
| 印　　次 | 2015年3月第3次印刷 |
| 印　　数 | 6001－9000 |
| 定　　价 | 41.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ........ 1
ئىككىنچى باب ........ 19
ئۈچىنچى باب ........ 41
تۆتىنچى باب ........ 75
بەشىنچى باب ........ 98
ئالتىنچى باب ........ 126
يەتتىنچى باب ........ 152
سەككىزىنچى باب ........ 176
توققۇزىنچى باب ........ 201
ئونىنچى باب ........ 219
ئون بىرىنچى باب ........ 234
ئون ئىككىنچى باب ........ 256
ئون ئۈچىنچى باب ........ 288
ئون تۆتىنچى باب ........ 317
ئون بەشىنچى باب ........ 340
ئون ئالتىنچى باب ........ 367
ئون يەتتىنچى باب ........ 383
ئون سەككىزىنچى باب ........ 407
ئون توققۇزىنچى باب ........ 438
يىگىرمىنچى باب ........ 459
ئاخىرقى سۆز ........ 471

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

ھەيۋەتلىك تاغلار ئارىسى، شىپقىپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئالدىدا پولك كوماندىرى نىزامىدىن ئالدىدا تاق تۇرغان ئەنۋەرگە بۇيرۇق قىلدى:

— سېنىڭ بىرىنچى ۋەزىپەڭ، ئۆز باتالىيونىڭنى باشلاپ، كۆكسالادىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، سايرام بويىغا چۈشۈش ۋە سايرام بويىغا چۈشىدىغان ئېغىزدىن چېكىنگەن دۈشمەنگە توسۇپ زەربە بېرىش. ئىككىنچى ۋەزىپەڭ، شۇ ئەتراپنى تىنچلاندۇرۇش ۋە سايرام بويىدىكى ياغاچ ئۆيلەرنى دۈشمەندىن تازىلاش، قانداق، چۈشەندىڭمۇ، يەنە ئىزاھلايمۇ؟

— تولۇق چۈشەندىم، يولداش پولكوۋنىك!

— قايت!

نىزامىدىننىڭ ئىشەنچ ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى ئەنۋەرنى تېخىمۇ سەگەكلەشتۈرۈپ، ئۇنى جىددىي ھەرىكەت قىلىش تۇيغۇسىغا ئەكەلدى - دە، ئۇ باتالىيوننى باشلاپ، كۆكسالا سېيى ئىچىگە ئوقتەك كىرىپ كەتتى. دۈشمەن باتالىيونىنىڭ بۇياققا قىلغان يۈرۈشىنى تۇيماسلىقى ۋە باتالىيون بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تېز يېتىۋېلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، تاراسلاپ كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئايىغى چىملىق يەرلەرگە، يېڭىمدىن كۆكەرگەن كۆكاتلار ئۈستىگە تاشلاندى. قىسىم پەم بىلەن شۇنداق ئالدىراش كېتىۋاتسىمۇ، تەبىئەت مەنزىرىسى جەڭچىلەرنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. كۈنگەي يەرلەرنىڭ قارلىرى پۈتۈنلەي ئېرىپ، ئاستىدىن ھاياتلىق — كۈن نۇرىغا تەشنالىق

بىلەن يېتىپ كۆتۈرۈلگەن ئوت - چۆپلەر، ساينىڭ ئىككى يېقىدىكى ئاسمانغا بوي سوزغان مەغرۇر قارىغايلار، تاغ ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان ئاق لېنتىدەك ئويناق شارقىراتمىلار، كۆزلەرنى چاقنىتىپ، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ سايدا ئېقىۋاتقان سۇلار — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ يۈرەك ئارزۇلىرىنى دەممۇدەم دولقۇنلىتاتتى ... جەڭچىلەرنىڭ كۆزلىرى مۇشۇ سېھىرلىك تەبىئەتتە بولسىمۇ، كۆڭۈللىرى مەنزىلدە ئىدى.

نىزامىدىن ئۈچ باتالىيوننى جىرالار، قاپتاللار باغرىغا تارقىتىپ شىپقىپ كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىشكە - ئۆرلەشكە بۇيرۇق بەردى. جەڭچىلەر بىر تۈپ قارىغاي ياكى بىرەر پارچە تاش يېنىغا يېتىۋېلىشنى ئويلايتتى، يېتىۋالاتتى، بىراق توختىماي ئۆرلەيتتى. تىك ماڭاتتى، ئۆمىلەيتتى، يەر بېغىرلايتتى ... دۈشمەن ئوقلىرى ئۇچۇپ كېلەتتى، توپلىرى پارتلاپ تۇراتتى.

نىزامىدىننىڭ باتالىيون ۋە روتا كوماندىرلىرىغا بەرگەن بۇيرۇقى جەڭچىلەرگە يەتكۈزۈلۈپ تۇراتتى:

— ئىككى ياندىكى قىسىملار شىددەت بىلەن ئالغا بېسىڭلار! ...

— مەركىزىي قىسىم ئالدىرىماي ئۆرلەڭلار! ...

تاغ ئۈستىگە جايلاشقان گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ زەمبىرەكلىرى توختىماي ئېتىلاتتى، چۈشۈۋاتقان توپلار دەھشەتلىك پارتلاپ تاغلارنى تىترىتەتتى. قارىغايلار، تاغ تېرەكلىرى، قېيىنلار قاراسلاپ سۇناتتى، ھەتتا بەل ئوتتۇرىسىدىن، تۈۋىدىن، ئۈچىدىن چورتلا كېسىپ تاشلىناتتى، بەزىلىرى يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلۇپ بىرنەچچە مېتىر يىراقلىققا ئۇچۇپ چۈشەتتى.

بۇيرۇق ئوخشاشلا جاراڭلاپ تۇراتتى:

— ئىككى ياندىكى قىسىملار شىددەت بىلەن ئالغا !

— مەركىزىي قىسىم ئالدىرىماي ...

www.uyghurkitap.com

دۈشمەن كۆزى پۈتۈن تاغلار باغرىنىڭ لۆمۈلدەپ كەتكەنلىكىنى كۆردى: بۇ چاغدا ئۇ ئۈچ تەرەپتىن قورشىلىپ بولغانىدى.

شۇ چاغقىچە پەقەت ئاتماي ئۆرلىگەن قىسىمنىڭ مەرگەنلىرى مانا ئەمدىلا گومىنداڭ زەمبىرەكچىلىرىنى چەتلەشكە باشلىدى. ئۇلار زەمبىرەكلىرىنى تېز ـ تېز يۆتكەيتتى. زەمبىرەكلەر شۇنداق تېز يۆتكىلىۋاتقان چاغدا، ئەنۋەر ئۆز باتالىيونىنى باشلاپ كۆكسالانى ئايلىنىپ سايرام بويىغا چۈشتى. سايرام بويىدىكى ياغاچ ئۆيلەردە گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ پەقەت ئارقا سەپ خىزمەتچىلىرىلا بار ئىدى. ئۇلار شىددەت بىلەن يېتىپ كەلگەن قوشۇنغا قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئىشىكلەرنى ئېچىپ بېرىپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشتى.

ئەنۋەر باتالىيونىنى سايرام بويىغا چۈشىدىغان تاغ باغرى ئەتراپىغا يوشۇرۇپ، پايلاپ ياتتى.

ئوق ئاۋازلىرى، گۈمبۈرلەشلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— يولداش كوماندىر، — دېدى ئۆمىلەپ يېتىپ كەلگەن باتىرغازى، — بىز كەينىدىن ھۇجۇم قىلساق، ئاسان يېڭىلمەمدۇ؟

— بولمايدۇ!

— ئۇ چاغدا دۈشمەن قارا باسقاندەك قورقۇپ، تەمتىرەپ، قاياققا ئېتىشىنى بىلمەي، قول كۆتۈرەتتى ـ دە.

— بولمايدۇ!

دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ تۇرمىسا، ئىچى تىتىلداپ تۇرىدىغان باتىرغازى يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ئۇياقتا چىقىم كۆپ بولىدىغان بولدى ـ دە ...

— بولمايدۇ! — ئەنۋەرنىڭ چوقۇر يۈزى جىددىي تۈس ئالدى، — پولكوۋنىك بۇنى ئويلىمىدى دەمسەن، سەن دېگەندەك قىلساق بولاتتى، بىراق بىز ھۇجۇم قىلساق، دۈشمەن پىتىراپ كېتىدۇ، تاغ ئىچى ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى يوشۇرۇپ قالىدۇ: بۇ

تەرەپ ھازىر ئوچۇق، ئاڭلاۋاتامسەن، زەمبىرەك ئاۋازلىرى بارغانسېرى يېقىنلاۋاتىدۇ، ئۇلار چېكىنىپ ھازىر ئالدىمىزغا چۇشىدۇ، زايە قىلماي قىرىپ تاشلىيالايمىز.

ئەنۋەر مۇھاپىزەتچىسىگە ئېيتتى:

— ئۆيلەرنى تەكشۈرۈپ تەييار قىلىڭلار، پولك بەلكى مۇشۇ يەرگە جايلىشىشى مۇمكىن، مۇشۇ يەردە ھاردۇق ئالارمىز، تاماقلىنارمىز.

ئېتىشلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە، پايلاپ ياتقانلار جىددىيلەشمەكتە ئىدى.

جەڭچىلەر غۇلجا ئازاد بولغاندىن كېيىن، ھازىرغىچە بىرەر ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگىنى يوق، شۇڭا ئۇرۇشنى بەك سېغىنغان، ئۆزلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، تۇنۇگۇندىن باشلاپ زېرىكىشتىن قۇتۇلغاندى.

زەمبىرەك ئاۋازلىرى ئاللىقاچان ئۆچكەن بولۇپ، مىلتىق، پىلىموت ئاۋازلىرىلا پايلاپ ياتقانلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. چېكىنىۋاتقانلار ئەنە كېلىۋاتىدۇ ... كېلىپ قالدى ...

بىردىنلا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ھېلىراقتا گۇمبۇرلەشلەر تاغلارنى تىترەتكەن بولسا، ئەمدىلىكتە كۈچلۈك قىيقاس - چۇقانلار، جاراڭلىق ھۇررا سادالىرى يەر - كۆكنى — سايرام بويىنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئەنە، چېكىنگەن گومىنداڭ قىسىملىرى ئۇلەر - تىرىلىشىگە باقماي، ئېغىزدىن پاتماي چىقىپ كېلىشكە باشلىدى. باتالىيون كوماندىرى ئەنۋەرنىڭ تاپانچىسىدىن ئۇزۇلگەن بىر پاي ئوق ئاسمانغا چىقىپ چاراسلاپ ياندى. بۇ ئېتىشقا بېرىلگەن بۇيرۇق ئىدى.

— ئېتىڭلار! ...

— قىرىپ تاشلاڭلار! ...

بارماقلار ھەرىكەتكە كەلدى، كۈرجۈكلەر بېسىلدى. خۇددى ئېگىزلىكتىن تاش - داڭگال دومىلاتقاندەك قېچىپ كېلىۋاتقانلار توختاۋسىز ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئىچىدە تاغ ئېغىزىدىن پەسكە

دومىلاپ چۈشمەكتە ئىدى.

— ئا ـ هاي ! ... — دەپ ۋارقىرىشاتتى پىلىموتچىلار، — ئۆلۈكتىن غارام ياسايدىغان بولدۇق ! ...

قىرىش تاكى گومىنداڭ قىسىملىرى قوراللىرىنى تاشلاپ تىترىگەن قوللىرىنى كۆتۈرگۈچە داۋام قىلدى. گويا قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئېتىشىش بىراقلا توختىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىسىمنىڭ شەپقەت هەمشىرىلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ئىش باشلاندى. ئۇلار ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ يارىلىرىنى تېڭىشقا باشلىدى.

بىر ۋىزۋود جەڭچى بەش يۈزدىن ئارتۇق ئەسىرنى ئالدىغا سېلىپ، كەڭسايغا ئېلىپ ماڭغاندىن كېيىن، هەمشىرە قىزلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ سايرام ياقىسىغا چۈشتى. خۇددى ئاسماننى يەرگە كۆچۈرۈپ قويغاندەك ئاجايىپ چىرايلىق كۆپكۆك سايرام، ئۇنىڭ دولقۇنلىرى قىرغاقلارغا يېنىك ئۇرۇلاتتى ـ دە، قايتىپ كېتەتتى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىۋاتقان ئۇششاق دولقۇنلارنىڭ گىرۋەككە ئۇرۇلۇشى شۇنچىلىك يېقىملىق ۋە كۆركەم ئىدىكى، قىزلارنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تېزلا تارتىۋالدى، قەيەرلەردىدۇ، خۇددى مۇشۇ دولقۇنلار ساداسىغا تەڭكەش قىلىنغاندەك شارقىراتمىلارنىڭ بىر خىل رىتىملىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قىزلار ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى ئاق كۆپۈكلەر قاپلىغان كۆپكۆك سايرامغا، يىراقلاردا ئاقىرىپ تۇرغان هەيۋەتلىك تاغلارغا، قارامتۇل ـ توق يېشىل قارىغايلىق قاپتاللارغا زوقلىنىپ قاراپ، هېسسىياتلىرى قوزغىلىپ كەتكەنىدى ۋە دولقۇن كۆچىدە سىلىقلىنىپ كەتكەن كۆل گىرۋىكىدىكى تاشلارنى دەسسەپ قوللىرىنى سۇغا تىقتى. يېنىك تەۋرىنىپ كەلگەن دولقۇن، ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى ئوشۇقىغىچە هۆل قىلىۋەتتى. قىزلار ئەندىكىپ كەتتى ـ يۇ، لېكىن هۇزۇر هېس قىلىشتى.

ئۇلار ياغلىقلىرىنى يۇيۇشۇپ، نېمىدۇر، بىرنېمە كەملىك

قىلىۋاتقانىدەك نازلىق ۋە شوخلۇق بىلەن بىر ـ بىرىگە سۆ چېچىشتى، قىي ـ چۇۋ قىلىشتى ...

قىزلاردىن بىرى يېپىندىكى ھەجەر ئىسىملىك قىزغا رەيھاننىڭ ئاق ياغلىقىنى شەرەت قىلىپ:

— رەيھان، سېنىڭ چىرايلىق ياغلىقلىرىڭ كۆرۈنمەيدۇغۇ، — دېدى مەنىلىك كۈلۈپ.

رەيھان بىرنېمە دېگۈچە، ھەجەر:

— چىرايلىق ياغلىق تۇرامدۇ بۇنىڭدا، توقۇغانلىرىنى ئۇدۇللۇق بېرىپ بولىدۇ ـ دە، — دېدى.

— كىمگە بېرىپ بولاتتىم؟

— ئىگىسىگىچۇ ...

— مەن سىلەردەك كۆچۈك چىش چىقىرىپ ياغلىق توقۇيالمىسام ... نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ ...

رەيھان ئەندىككەندەك قىلغان بىلەن، شۇنداق گەپلەرنىڭ داۋاملىشىشىنى خالايتتى:

— ئۇنداقتا سىلەر قولۇڭلاردىكى ياغلىقلارنى بىرسىگە بېرىش ئۈچۈن توقۇپسىلەركەن ـ دە، — دېدى ئۇ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى بايىقى قىز ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — بىراق بېرىدىغان ئادىمىمىز يوق، قولىمىزدا تۇرۇپتۇ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن تۇتۇۋەتتۇق دېگىنە ...

قىزلار دۇنياسىمۇ قىزىق: ئادەتتە يىگىتلەر بىلەن بىللە تۇرغاندا، چاقچاق قىلىنسا ياكى ئىشق ـ مۇھەببەتكە دائىر گەپلەر بولسا، قىزىرىپ يەرگە قارايدۇ. ئەمما، كۆڭلىدە يەنە شۇنداق سۆزلەرنىڭ قىلىنىشىنى كۈتىدۇ، ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ. يەنە شۇنداق سۆز ـ چاقچاقلار قىلىنسا، «ۋىيەي» دەپ قاچىدۇ، ئارزۇسىنى، مەيلىنى، ھېسسىياتىنى يوشۇرىدۇ. ئاغزىدىن چىقارمىغان بىلەن مۇھەببەتكە بېرىلىشى يىگىتلەردىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئەمما، ئاغزىدا شۇنداق ئىشلارغا ئۆچلۈك قىلىدۇ، «سەت»، «تېتىقسىز» دەيدۇ. يىگىتلەرگە باشقا قىزلاردىن

خەت ـ خالتا، ياغلىق كەلسە، ئىچى تارلىق قىلىدۇ، راستىنى ئېيتقاندا، چىدىمايدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، ھېلىقى قىزىرىپ يەرگە قارىغان گەپلەردىن نەچچە ھەسسە ئېغىر گەپلەرنى يىگىتلەر يوق يەردە بەخۇدۇك قىلىۋېرىدۇ. «سەت»نى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

مانا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا گەپلىرىگە قۇلاق سېلىڭلارچۇ:

— بىزنىڭ يىگىتلىرىمىزنىڭ بېشىنىچۇ، شەھەردىكى نايناقلار قايدۇرۇپ بولدى.

— تېخى ئىككى ماڭدام ماڭماي تۇرۇپلا خەت ـ خالتىلىرى، ياغلىقلىرى كەلگىلى تۇردى ئۇ قېلىنلارنىڭ!

— ياندىكى كاسىپىنىڭ قەدرى يوق، دېگەندەك، بۇ نېمىلەرگە شۇلارلا ئوت كۆرۈنىدۇ.

— بولدى ھەجەر، يوشۇرما، ئاخشام سۇنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرۇپ، ئىلياس بىلەن پىچىرلىشىۋاتاتتىڭغۇ، — دېدى رەيھان قول ياغلىقىنى ئېچىپ ـ سىلكىپ شامالدىتىپ.

قىزلاردىن بىرى گەپ قىستۇردى:

— تېخى ياغلىق بېرىدىغان ھالغا كەلمەپتۇ ـ دە...

ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، مۇنداق قاتتىق كۈلگەن چاغلاردا رەيھاننىڭ ئوڭ چېكىسىدىكى تاتۇقى بىلىنمەي قالاتتى.

— ۋايجان، — دەپ يۈزىنى ئۆرۈدى ھەجەر، — ئۇ ئىلياس دېگىننىڭ كەچكىچە ئۆرۈشىنىڭلا گېپىنى قىلىدىكەن، دۇنيادا باشقا گەپ قۇرۇپ كەتكەندەك.

قىزلار يەنە كۈلۈشتى.

— دۇنياغا كىشى ئۆرۈش قىلغىلىلا كەلمەيدۇ، باشقا ئىشقىمۇ كېلىدۇ دېسەك بولمامدۇ؟

— ئۇنداق دېسەم، ئۇ تۇرقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالار ئىدى، ئاران يېنىمدا ئولتۇرغۇزغاندا ...

قىزلار تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشتى.

قىزلار گۈزەل سايرام ياقىسىدا تۇرۇشۇپ، كۈلكىلىك ھەم

ئازابلىق گەپلەرنى قىلىشىۋاتقاندا، ئۇلارنى تاماققا چاقىرىپ بىرى قولىنى پۇلاڭلاتتى.

*　　*　　*

كۈن تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى.

سايرام بويى تەبىئەتنىڭ كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدىكى گۈزەللىكىگە چۆمۈلدى. تاغ شاماللىرى دەل ـ دەرەخ ۋە يېڭىدىن كۆكىرىپ چىققان ئوت ـ چۆپلەرنىڭ سۇس پۇراقلىرىنى دىماققا ئۇراتتى. قىزغۇچ هال رەڭگە كىرگەن بۇلۇتلارنىڭ گىرۋەكلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ ئادەمدە ئاجايىپ نازۇك، يېقىملىق تۇيغۇلارنى ئويغىتاتتى. شارقىراتمىلارنىڭ ئاۋازلىرىمۇ بارغانسېرى ئاشكارا ئاڭلىناتتى. بۇ گۈزەل كۆرۈنۈشلەر، ئېسىل پۇراقلار، نازۇك ئاۋازلار جەڭچىلەر خاتىرىسىدىن هېلىلا بولۇپ ئۆتكەن قانلىق ئۇرۇشلارنى ئۇنتۇلدۇراتتى.

جەڭچىلەر تاماقتىن كېيىنلا چاڭ ـ توزان، قان داغلىرى بىلەن بۇلغانغان كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قېقىشتى ۋە يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن كۆل بويىغا مېڭىشتى.

— يۈر، ۋارىسجان، — كۆل بويىغا، — دېدى باتىرغازى، — ئاشنىلىرىڭ بەرگەن ياغلىقلار بولسا، ئېلىۋال، پۇرايمىز، — ئىككىسى تۆۋەنگە ئۆز گەۋدىلىرىنىڭ سالمىقى بىلەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چۈشۈپ كەتتى. ۋارىسجاننىڭ مەيدىسىدىكى «پىدائىي» لىق، باتىرغازىنىڭ «باتۇرلۇق»، «پىدائىي»لىق مېداللىرى پۇلاڭلاپ جىرىڭلايتتى، بىردەمدىلا كۆل بويىنى جەڭچىلەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى قاپلاپ كەتتى ـ دە، كۆل ياقىسىغا قونغان ياۋا ئۆردەكلەر پۇرۇلداپ قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كېتىشتى.

كەچ كىرىپ ئەتراپنى نەم هاۋا قاپلىغان چاغدا، نىزامىدىن باتالىيون كوماندىرلىرىنى باشلاپ ياغاچ ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. دىلى قاتتىق بۇ پولك كوماندىرىنىڭ كېلىشكەن، قامەتلىك

گەۋدىسى، سۇرلۇك چىرايى، راۋان ۋە ئۆتكۈر سۆزلىرى كىشىدە ئۇنىڭغا ئوق تەگمەيدىغاندەك غەلىتىلا بىر تۇيغۇنى پەيدا قىلاتتى. بۇنى دەلىللىگەندەك، كۆكسىدىكى «باتۇرلۇق»، «ساداقەت» مېداللىرى پارقىراپ تۇراتتى.

ئۇ سالماق قەدەم تاشلاپ ئېگىزرەك يەرگە چىقتى ـ دە، شەرق تەرەپنى كۆرسەتتى:

— دۇشمەننىڭ بىر باتالىيونى ئەنە شۇ سايرامغا ئۇسۇپ كىرگەن تاغ ئەتراپىدا، زەمبىرەكلىرى كۆلنىڭ چېتىدىكى كىچىك ئارالغا — بۇتخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇ يەر بۇ يەردىكىدەك ئورمانلىق ئەمەس، تاقىر تاغ، شۇڭا ھۇجۇمنى كېچە سائەت نۆلدە باشلايمىز.

ئەنۋەر سورىدى:

— ھۇجۇم قايسى يۆنىلىشتە بولىدۇ؟

— ئالدىرىما، — دېدى پولكوۋنىك ئۇنىڭغا قاراپ، — «خۇدا» سىنى دېدىم، تېخى «بەردى» سىنى دېمىدىم، ھازىر سۆزلەيمەن، — باشقىلار كۈلۈپ كەتتى، — ئۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىش بۇرۇنقىسىدىن پەقەت ۋاقىت جەھەتتىلا ئوخشىمايدۇ، قالغىنى ئوخشاش. ئۈچ باتالىيونىمىز تاشيول ياقىسى، تاغ باغرى ۋە ئۈستى بىلەن قاپساپ ئۇ يەرگە يېقىنلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. شەرق تەرەپ دۇشمەننىڭ قېچىشى ئۈچۈن ئوچۇق قالدۇرۇلىدۇ، قېچىپ چىققان دۇشمەننى بىر باتالىيونىمىز لەنسازا ئاغزىدا ئوقتا تۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۇشمەننىڭ بىر پولك ئەسكىرىي كۈچى تەلتۆكۈس يوقىتىلغان بولىدۇ ـ دە، ئۇتەيگە توسالغۇسىز يېتىپ بېرىشىمىز مۇمكىن.

كوماندىرلار تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، نىزامىدىن يەنە شەرق تەرەپكە — بۈگۈن كېچە ھۇجۇم قىلىنىدىغان توچكىغا نەزەر تاشلىدى. زەمبىرەكلەر جايلاشقان كۆل چېتىدىكى ئارالچە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى قارا ـ قۇرا بولۇپ كۆرۈندى. ئارىلىقنى مۆلچەرلەپ، يورۇش قىلىش ۋاقتىنى، شۇ يەرنىڭ شارائىتىغا

مۇۋاپىق ھەرىكەت تاكتىكىسىنى، روتىلار، ۋىزۋوتلارنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئۇزاق ئويلىدى. ئۇنىڭ ئويلىرى بارغانسېرى بۇگۇنكى ھۇجۇم توچكىسىدىن ھالقىماقتا ئىدى: «يۇرۇشكە ئاتلاندۇق، يۇرۇشىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى بىرىنچى غەلىبىمىز دەلىللىدى. سەپىرىمىز ئۇزۇن، شىمالىي فىرونتتا بولامدۇق، ئوتتۇرا يۆنىلىشتە بولامدۇق، بۇنى ھازىر بىرنېمە دەپ بولمايدۇ، تارىخنىڭ يۇكلىگەن ۋەزىپىسى، خەلقىنىڭ ئەسىرلىك ئارزۇسى بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز — ئۇرۇشىمىزدا تولۇق ئادا قىلىنسا، يۇرۇشىمىز توختىشى مۇمكىن، يۇرۇشنىڭ جەڭگىۋار يۇرۇش بولۇشىغا كېپىللىك قىلغىلى بولامدۇ؟ ئۇرۇشىمىزنىڭ ھەممىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولىۋەرمەيدۇ، غەلىبىلىك ئۇرۇشلارمۇ، مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇشلارمۇ بولىدۇ؛ لېكىن ئاخىرقى نۆۋەتتە كىمنىڭ يېڭىشى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، يۇرۇشىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقى ياكى جەڭگىۋار ئەمەسلىكى شۇ چاغدا بەلگىلىنىدۇ. ئەمما، يۇرۇشىمىزنىڭ جەڭگىۋار يۇرۇش بولۇپ، تارىختا قېلىشىنى ئىستەيمىز، بۇ يولدا جان پىدا قىلىمىز. كىشى ئاخىر ئۆلىدۇ، مۇشۇنداق ئۇلۇغ نىيەت يولىدا ئۆلسەك نېمە ئارمان؟! ... سېپىمىزگە ئۇيۇشقانلارنىڭ بەزىلىرى بىرنەچچىدىن بالىلىرىنى تاشلاپ، بەزىلىرى يالغۇز ئوغۇل بولسىمۇ ئانىلىرىنىڭ كۆز يېشىغا قارىماي، بەزىلىرى مۇھەببەتلىك يارى ـ جانانلىرىدىن قىيىپ، مۇشۇ يەرگىچە يۇرۇش قىلىپ كەلدى. يەنە يۇرۇش قىلىدۇ، بۇنى چۈشىنىش كېرەك، چوڭقۇر ئويلاش كېرەك، مىلتىقنى قانداق ئېتىشنى، قانداق يوشۇرۇشنى، قانداق يۇگۇرۇشنى، قانداق يېتىشنى، ھۇجۇمنى، مۇداپىئەنى، قىسقىسى، توغرا يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. بىر جەڭچى خاتا يۆنىلىشتە ھەرىكەت قىلسا، ئۆزى تۇگەيدۇ. مەن يۆنىلىشنى خاتا كۆرسەتسەم، پولك تۇگەيدۇ، بۇنى ھېسابقا ئالمىسام بولامدۇ، جەڭچىلەر مىسالى بىر قورۇنى چۈشەنسە، مەن بىر مەھەللىنى چۈشىنىشىم كېرەك! ...»

ئۇنىڭ چىرايى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ، قويۇق قاشلىرى تىك ـ تىك بولۇپ، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئۇششاق قورۇقلار كۆپەيمەكتە ئىدى. شۇ ھالدا ئۇ خېلى تۇردى ـ دە، ئاندىن كۆزىنى جەنۇبتىكى ئاقباش تاغلارغا، غەربتىكى قارىغايلىق قاپتاللارغا تىكتى. شۇ چاغدىلا ئۇ يېنىك نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. چىرايىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئېچىلدى.

ئەنە، ياغاچ ئۆينىڭ كەينىدە، يانتۇلۇقتىكى چىملىق ئۈستىدە ئۈچ جەڭچى يانپاشلاپ، قىزىق پاراڭغا چۈشكەن، ئاق سېرىق يۈزلۈك، كۆزى قارا، قىسقا بۇرۇت قويغان، يىگىرمە ئىككى ـ يىگىرمە ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى ئابدۇۋەلى ئىسىملىك يىگىت ئاپتوماتىنى يېنىغا قويۇپ، يېنىدىن تاماكا خالتىسىنى ئالدى. خالتا ناھايىتى چىرايلىق گۈللەپ كەشتىلەنگەنىدى.

— پاھ ... بەرگەن تاماكا خالتىسى مۇشۇكەن ـ دە، — دېدى جامالىدىن كۈلۈمسىرەپ.

— شۇ، — دېدى ئابدۇۋەلى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ. ئۇلار تاماكا يۆگەشتى ۋە تاماكا خالتىسىنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ كۆرۈشتى.

ئاراش تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ، ئېغىز ـ بۇرنىدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ:

— قېنى ئابدۇۋەلى، سىرلىرىڭنى تولۇق ئاڭلايلى، بۇ يادنامىنىڭ تارىخىنى بىزمۇ ئۇقۇپ قالايلى، ئۇلۇپ كەتسەڭ، ئارماندا قالمايلى، سۆزلىگىنە، — دېدى.

— قويۇڭلار، بۇ ئۇزۇن گەپ ... ھېلى تۈگىمەيدۇ، ئۇرۇش ۋاقتىدا ...

جامالىدىن دەۋەت قىلدى:

— ئۇرۇشمۇ ئۆز يولى بىلەن بولىۋېرىدۇ، سېنىڭ ھېكايەڭنىمۇ ئاڭلاۋېرىمىز.

— ھەربىر ئۇرۇش ئارىلىقى — ھېكايەڭنى سۆزلەش مەزگىلى بولىدۇ، قېنى، باشلا، — ئاراشمۇ، جامالىدىنمۇ قىستاپ

تۇرۇۋالدى.
ئابدۇۋەلى ئاخىر كۆندى ـ دە، ھەرقاچان ئەسلىسە ھەم لەززەتلىنىدىغان، ھەم ئازابلىنىدىغان ھېكايىسىنى زوق بىلەن سۆزلەشكە كىرىشتى:
«مەن 1943 ـ يىلى ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيەسىنى تۈگىتىپ سامىيوزى① گە ئوقۇتقۇچىلىققا چىقتىم.
بۇ يەردە ئالتە سىنىپلىق بىر مەكتەپ بار ئىكەن، بالا تەربىيەلەش ئۇنىڭ قەدرىگە يەتكەن كىشى ئۈچۈن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىش. مەن ئاۋات شەھەردە چوڭ بولغان، ئوقۇغان بولساممۇ، بالا ئوقۇتۇۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، شېغىللىق، كۆرۈمسىز بۇ يېزىغا مېھرىم چۈشۈپ قالدى. ئەتىگەندىن تارتىپ كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە ئوقۇتۇشتىن باش كۆتۈرەلمەيتتىم. كۈندۈزى بالىلارنى ئوقۇتسام، كېچىسى ياشلارنىڭ، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىراتتىم. تېز ئارىدىلا نامىم چىقىپ، ھەممىسى مېنى «ئابدۇۋەلى ئەپەندىم، ۋاي ئابدۇۋەلى ئەپەندىم» ... دەپ تۇرىدىغان بولدى، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلارغا چاقىرىلماي قالمايتتىم. قىلغان ئەجرىڭنىڭ قەدرىگە يېزىنىڭ ساپ دىل ئادەملىرى ئاجايىپ يېتىدىكەن ... قىزىق يېرى شۇكى، ئوغۇل تەرەپتە خەۋەر يوق، قىز تەرەپتە دۇمباق چاپتۇ دېگەندەك، ئۆزۈمنىڭ خەۋىرى يوق، بەزى ئانىلار مېنى كۈيئو ئوغۇل قىلىۋېلىش كويىغىمۇ چۈشۈپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر تويغا بېرىپ قالدىم. كۆپچىلىك بىلەن تويدىن ئۆزاپ چىقىپ، ھويلىدا گەپ بىلەن بىر ئاز تۇرۇپ قالدۇق. بىر چاغدا قارا دېگەندەك قىلىپ قالدى. يانغا بۇرۇلۇپ قارىسام، بىر قىز ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. باشقىلاردىن خىجىل بولۇپ كۆزۈمنى دەرھال قاچۇردۇم ... بىراق يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى ـ دە، تاپىنىمدىن بىر ئوت كىرىپ، بېشىمدىن چىقىپ كەتكەندەك، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىم يېنىپ كەتكەندەك بولدى.

① سامىيوزى — يېزا ئىسمى.

پاھ، قىز ئەمەسمۇ، نېمىسىنى ئېيتىسىلەر، ھەرقانچە پەرى بولسا شۇنچىلىك بولار، چۈشۈممۇ بۇ، ئوڭۇممۇ بۇ دەپ قالدىم، چىقىپ كېتىۋېتىپ كەينىمگە بۇرۇلۇپ باقايمۇ، دەپ ئويلىدىم، بىراق بۇرۇلۇشتىن خىجىل بولدۇم، ئاخىر قوزغالغان ھېسلىرىم خىجىللىقىمنى يەڭدى. قايرىلىپ قارىدىم، قىز تېخىچىلا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۇ كۆزۈمگە خۇددى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان بىر پارچە ئوتتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. خۇددى يوقاتقان ئادەمدەك، ئۆزۈمنى بىلمىگەن ھالدا ئاستا ياتاققا قايتىپ كەلدىم. شۇ كۈنى جۈمە بولۇپ، مەكتەپ ئىچى جىمجىت ئىدى. قولۇم ئىشقا بارمايتتى، ئەس ـ يادىم ھېلىقى ھويلىدىلا ئىدى ... ئاخىر ئۆزۈمنى جىملەشكە باشلىدىم: «نېمانچە بولۇپ كېتىمەن، ساراڭ بولۇپ قالدىممۇ؟ بىر قاراپ قويغانغا شۇنچە بولۇپ كەتسەم، ئىككى قاراپ قويسا ئۆلىدىغان ئوخشىمامدىم، مەن بىر ئوقۇتقۇچى تۇرۇپ، ... لېكىن بولمىدى، مۇھەببەت دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ، مەن ئاشىق ـ مەشۇقلار يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان، ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان بولساممۇ، لېكىن مۇھەببەتنىڭ مۇنداق سېھىرلىك ئۇلۇغ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىغانىكەنمەن، مەن سېھىرلىك ئوتنىڭ ئىچىدە قالدىم ...

بولمىدى، مېنى ئەسىر قىلىۋالغان ئاق كۆڭلەكلىك، قارا كۆزلۈك قىزنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدىم. بىلسەم، ئۇنىڭ ئىسمى ئەختەرىۋۈي بولۇپ، شاڭيونىڭ قىزى ئىكەن. ئەمما، مۇنۇ گەپ يۈرىكىمگە ئوقتەك تەگدى: قىز بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئۇ قاتتىقكى بىر باينىڭ دەلدۈش ئوغلىغا مەجبۇرىي ياتلىق قىلىنىپ، تىكاھ كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۆيگە قېچىپ كېلىۋالغانىكەن، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئۆي تۇتۇشقا زورلىغاندا، مۇنداق مەجبۇرلىساڭلار، ئۆزۈمنى قاش دەرياسىغا تاشلايمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغانىكەن، شۇنىڭدىن بېرى تول تۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ گەپ مېنى ئۇنىڭدىن سوۋۇتتى، ئۇنىڭ

ئۇستىگە قىزنىڭ دادىسىنى بىلەتتىم، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن مۇتەئەسسىپ، بۆرىدەك ياۋۇز، قارا كۆڭۈل ئادەم ئىدى. مەن ئالىمەن، ئەختەربۇۋى تېگىمەن دېگەن تەقدىردىمۇ، دادىسى مېنىڭدەك گادايىنىڭ ئوغلىغا قىزىنى بېرىپ قويمايتتى، بىراق مۇھەببەتنىڭ كۈچى ئاخىرقى نۆۋەتتە ھەممە سەۋەبلەر، ئەيىبلەرنى بىر تىيىن قىلىۋەتتى، ئۇنىڭدىن مېھرىمنى پەقەتلا ئۈزەلمىدىم، كۆزۈمگە ئەختەربۇۋىنىڭ كۈلۈپ تۇرغىنىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئايىغلىرىم ھامان مېنى ئۇلارنىڭ بېغىنىڭ كەينىگە ئاپىرىپ قوياتتى. ئەختەربۇۋى كۆرۈنمىسىمۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ قايتىپ كېلەتتىم. كۆزۈم كىشىلەر ئارىسىدىن ھامان ئۇنى ئىزدەيتتى. شۇنداق چاغلاردا مۇنۇ ناخشا ئېسىمدىن زادىلا كەتمەيدىغان بولدى:

كىشىلەر ئارىسىدا
بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم.
ئېيتمىغانغا بولمايدۇ،
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.

مۇشۇ ناخشىنى چىقارغانلارنىڭ قەدرىگە شۇنچىلىك يېتىپ كېتەتتىمكى، شۇلارنى تاپسام، مۇڭداشسام دەيتتىم ...

كۆڭلىرىم ئازاب بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. بىر كۈنى دەرس ئۆتۈۋاتسام، ئىشىك چېكىلدى. چىقسام ئەختەربۇۋى تۇرۇپتۇ! ...»

— مانا خۇدا دىلىغا سالدى دېگەن ... — ئابدۇۋەلىنىڭ ھېكايىسى ئېچىگە كىرىپ كەتكەن جامالىدىن ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

— ھېلىمۇ ياخشى قىزنى كۆرۈپ ئوڭداڭغا چۈشمەپسەن، — دېدى ئاراشمۇ قىزىپ.

«— توختا، ھېلىمۇ ئاز قالدىم، — دېدى ئابدۇۋەلى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم،

پۈتلىرىم دىرىلداپ، تىللىرىم كالۋالىشىپ، تۈزۈك گەپمۇ قىلالمىدىم.

— بۇ مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن ماڭا بېقىپ، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ يېنىدا مېنىڭ ئوقۇغۇچىم — ئۇنىڭ ئىنىسى تۇرغانلىقىنى بايقىدىم.

— شوخلۇق قىلغان ئوخشايدۇ، ئەمدى قىلمايدىغان بولدى، ئەگەر ماڭا ئىشەنسىڭىز، سىنىپىڭىزغا كىرگۈزۈڭ، — ئۇنىڭ ئىنىسى سىنىپ بويىچە ئىنتايىن شوخ، دودەن، باشقىلارنى ئانچە تاپىدىغان، دەرس ئۇقمايدىغان دۆت بالا ئىدى. مەن مەكتەپ تەربىيەسى بىلەن ئائىلە تەربىيەسىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن بالىنى ئانىسىنى باشلاپ كېلىشنى، باشلاپ كەلمىسە، ئوقۇتمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، سىنىپتىن چىقىرىۋەتكەنىدىم. ئەختەرىۋۇنىڭ «ماڭا ئىشەنسىڭىز» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپلا، ھېچقانداق شەرت قويماي:

— ماقۇل، ماقۇل ... سىنىپقا كىرسۇن، دەۋېتىپتىمەن.

ئەختەرىۋۇي مېنىڭ ھودۇقۇپ كەتكىنىمنى سەزدى ئەتىمالىم، كۈلۈمسىرەپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە بىر قارىدى - دە، كېتىپ قالدى. ئۇ مەكتەپ قورۇسىدىن چىقىپ كەتكۈچە كەينىدىن قاراپ قاپتىمەن، ئۇمۇ چىقىپ كېتىدىغان چاغدا بۇرۇلۇپ كەينىگە بىر قارىدى، يۈرىكىم تېخىمۇ ئويناپ كەتتى. سىنىپقا يېنىپ كىردىم، لېكىن دەرس ئۆتكۈدەك ھالىم يوق ئىدى. بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا قويۇپ بەردىم ۋە ئولتۇرۇپ ئۆز - ئۆزۈمنى ئەيىبلەشكە باشلىدىم: «مەن نېمىدېگەن دۆت - ھە، مانا مەن دەپ ئالدىمغا كەلگەن ئادەمنى ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن چېكىپ باقسام بولماسمىدى؟ ... مۇنداق پۇرسەت ئاسانلىقچە قولغا كېلەمتىمۇ ... توختا، مۇنداق دۆتلۈك قىلىۋەرمەي، بىر چارە تاپاي ...»

دەرستىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسىنى چاقىرتىپ:

— بايا ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ماڭ بېرىپ ھەدەڭگە ئېيت،

www.uyghurkitap.com

كېيىلىك خەت يېزىپ بېرىپ كەتسۇن، كەلمىسە سەنمۇ كەلمە، دېدىم.

چۈشتىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار كېتىشتى، ئوقۇتقۇچىلارمۇ بىر - بىرلەپ تارقىلىپ، مەكتەپ ئىچى خۇددى مېنى ئارامخۇدا سۆزلىشىۋالسۇن دېگەندەك بوشلا قالدى. ئاممىتىم كېلىۋاتىدۇ، دەپ خۇشاللىناتتىم ... بىراق ئەختەربۇۋىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بۆلۈمگە كىرەتتىم، قورۇغا چىقاتتىم، كوچىلاردىكى ئاياغ تىۋىشلىرىغا قۇلاق سالاتتىم، تېخىچە كەلمەيۋاتقىنىغا تىت - تىت بولاتتىم، شۇنداق ئازادە يالغۇز پەيت قولدىن كېتىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەيتتىم. كەچ كىرىپ كەتسىلا، مەكتەپ ئىچى ساۋات چىقىرىدىغانلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ كەلگىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ياق، ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن قىلىق - خۇلقلىرىغا قارىغاندا، چوقۇم كېلىدۇ، ئۇمۇ پەيت ئىزدەۋاتىدۇ ... مەن شۇنداق ئۈمىدلىك ئوي - خىياللار بىلەن ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، تەشنالىقىمنى باساتتىم. بىراق، كۈن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۈمىدلىرىم ئاشۇ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈندەك يوقىلىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ يولىغا قانچە تەلمۈرۈپ، ئىنتىزار بولساممۇ، ئۇ بەربىر كەلمىدى. كەچلىك كۇرسقا كېلىدىغانلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. خەپ، ئىنىسىنى ئەتە سىنىپتىن قوغلاپ چىقارمىسام، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. جىلىلىكتە قانداق دەرس ئۆتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن، بەزىلەر: ئەپەندىم، تاۋىڭىز يوقمۇ نېمە؟ دېگەندىلا ئۆزۈمگە كەلدىم. ساۋات چىقىرىدىغانلار كەتتى، ئەل ياتار چاغ بولدى. ھېچ ئىش خۇشياقمايتتى، قولۇمغا كىتاب ئالغۇم كەلمەيتتى. ياتىقىمغا چىقىپ، ياتاي دەپ تۇرۇشۇمغا تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى ! يۈرىكىم قىنىدىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قالدى، چۆچۈپمۇ كەتتىم، تىترىگەن قولۇم ئىشىكنى ئاچتى. ئەختەربۇۋى خۇددى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي تاغلار كەينىدىن چىقىپ كەلگەندەك ياتىقىمغا كۈلۈمسىرەپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

كىرىپ كەلدى.»

— ئۇھ ... — دەۋەتتى جامالىدىن ۋە قولىنىڭ ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركىدى، — قارا، بۇ قىزنىڭ پەيت تېپىپ كەلگەن ۋاقتىنى، ئەقىللىك ئىكەن جۇمۇ ...

ئابدۇۋەلى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

«— ۋاقتىدا كېلەلمىدىم، خاپا بولمىغانسىز ئەپەندىم، — دېدى قىز.

ئەختەربۇۋىنى كۆرۈپ ئابايىقى ئاچچىق - خاپىلىقلىرىم خۇددى توزغاقتەك توزۇپ كەتتى.

— كەلمىگىنىڭىزگە قاراپ، ئۆزۈم بارايمىكىن دېۋىدىم، — دېدىم ئۆزۈمنى ئارانلا بېسىپ.

— ۋىيەي ... — دېدى ئۇ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، — دادامنىڭ مىجەزى ئەسكى، بارغان بولسىڭىز سۈرۈپ چىقاتتى.

— سىزچۇ؟ ... سىزمۇ سۈرۈپ چىقاتتىڭىزما؟

— مەن ... مەنغۇ خۇشال بولاتتىم، — ئۇ مۇلايىم قىياپەتتە يەرگە قارىدى.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، لېكىن سۆزسىز جىم ئولتۇرۇش ئەپسىز ئىدى.

— بولدى، خەت يېزىپ بەرمىسىڭىزمۇ بولدى، ئىنىڭىزنىڭ شوخلۇقى چاغلىق گەپ.

ئەختەربۇۋى مېنى ئىزا تارتقۇزۇپ كۈلۈۋەتتى، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتا ھامان مەندىن ئۇستۇن تۇراتتى.

— بىراق، مەنمۇ ئىنىمدەك شوخ ... — ئۇ يالت قىلىپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىدى.

ئۇنىڭ مەنىلىك گېپىنى چۈشەندىم:

— مەن ھەرقانداق شوخ ئادەمنى تۈزەلەيمەن ...

— قانداق قىلىپ؟ ...

— مانا مۇنداق قىلىپ، — ئۇنىڭ يۇمشاق ئاپپاق قولىنى تۇتۇۋالدىم، يۈرىكىمگە ئوت كەتكەندەك بولدى.»

— ياراسەن ئابدۇۋەلى ! — دېدى ئاراشمۇ قىزىپ، — جۇرئەتلىك ئىكەنسەن، ھودۇقۇپ كەتكىنىڭ بىلەن، سەنمۇ پەيتنى قولدىن بەرمەپسەن ...

« — توختا، جۇرئەت تېخى ئالدىمىزدا، ئۇ قولىنى تارتمىدى، ئەمدى قانچە جۇرئەتلىك قىلسام بولىدىغاندەك ئىدى، ئەمما ئەمدىكى جۇرئىتىمگە ئۇ يەنە يول ئاچتى:

— مېنىڭ قولۇمنى ئادەم قىلغىنىڭىز بىلەن، ئۆزۈمنى ئادەم قىلالمايسىز - دە، — دېدى ئۇ بالىلارچە ئەركىلەپ.

بۇ گەپ بىلەن تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرىكىمنىڭ تەشنالىقى ئېشىپ، ھاياجاندىن تىترەپ كەتكەن قولۇم، ئۇنىڭ نازۇك بېلىنى تۇتتى ...»

ئابدۇۋەلىمۇ، ئاڭلىغۇچىلارمۇ، يىل ئۆرۈلگەن بۇ ئىشتىن گويا ھېلى بولۇۋاتقاندەك قانداقتۇر بىر ھۇزۇر ھېس قىلىشتى. سايرام بويىغا تۈننىڭ قارا پەردىسى ئاستا - ئاستا يېپىلدى، يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىدى. ياغاچ ئۆيدىن نادەم چىقىپ كەلدى - دە، جامالىدىننى چاقىردى.

ھېكايە شۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالدى.

— قوماندانلىق بىزگە بۈگۈن كېچە بۇتخانا ئەتراپىنى رازۋېدكا قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى، — دېدى نادەم، — ھازىر ئاتلىنىمىز.

ئون مىنۇتتىن كېيىن نادەم باشلىق ئۈچ نەپەر ئاتلىق رازۋېدكىچى تاغ باغرى بويلاپ يولغا چىقتى.

# ئىككىنچى باب

قوشۇن يولغا چىقتى.

تاغلار ئارىسىدا بىردەم ئۆرلەپ، بىردەم پەسلەپ ئىلگىرىلەۋاتقان قوشۇن بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنگە قەدەم قويدى. شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەش — سايرام ياقىسىدا بولغان ئۇرۇشنى جەڭچىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈۋەتتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئالغا ئىلگىرىلەش تۇيغۇسى يانغانىدى. ئاياغلاردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان گۈپۈرلىگەن ئاۋاز، قوشۇننىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان هارۋىلارنىڭ غىچىرلىشى خېلى يەرلەرگىچە ئاڭلىناتتى.

پولكنىڭ ھەمشىرە قىزلىرى ئۆز قىسىملىرىدا بىر رەت تۈزۈپ، قەدەملىرىنى تەكشى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارمۇ باشقا جەڭچىلەرگە ئوخشاش، ئوڭ مۈرىسىگە مىلتىق ئاسقان، بېلىدە سۇدان ۋە ئوقدان، بىراق سول مۈرىسىدە بېغىدىن ئۆتكۈزۈۋالغان دوختۇرلۇق سومكىسى بار. باھار گۈزەللىكىگە پۈركەنگەن تەبىئەت ھۆسنىگە قىزىقىشى، ھېسسىياتچانلىقى بىلەن ئۇلار باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئىككى ياقتىكى تاغلار ۋە يولنىڭ چەت - چۆرىلىرىدىكى ئوت - چۆپلەر ھەم دەسلەپ ئېچىلغان كۆرۈمسىز تاغ گۈللىرىگە ئۇلار ھەممىدىن كۆپرەك سەپسالاتتى. ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلانمىسا، شۇلار ھەققىدە گەپ قىلىشاتتى. رەيھان باھارنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن، ئىللىق شاماللىرىدىن قوزغالغان تۇيغۇلارغا چۆمۈلگەن ھالدا، سەپداشلىرىغا ئېيتقىلى بولمايدىغان لەززەتلىك خىيالدا ئىدى: دېرىزىلىرىگە ھاۋا رەڭ پەردىلەر تارتىلغان ئۆي بولسا، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستەلگە

سىرىنگۈل چىلانغان قاچا قويۇلسا، نادەم بىلەن ئىشتىن يېنىپ كېلىپ شۇ ئۈستەلدە قارىمۇقارشى ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشسە، قۇچاقتىكى قىزى گۈلگە تەلپۈنسە ... ئۇنىڭ خىياللىرى تاشقا پۈتلىشىپ كېتىش بىلەن ئۈزۈلدى.

گۇپۇلدەپ يۇرۇۋاتقان قوشۇن يىلان باغرىدەك ئەگرى يولدا، بىر جىرا باغرىدىن پەسلەپ كۆزدىن غايىب بولسا، ئىككىنچى جىرا باغرىدىن ئۆرلەپ چىقىپ پەيدا بولاتتى، يولنىڭ ئۇچى كۆرۈنمەيتتى.

بۇ يوللار — قەدىم يوللار، ئەسىرلەردىن بېرى تۆگە كارۋانلىرى، ئاتلىقلار سەپلىرى بۇ يوللاردىن ئۈزۈلمىگەندۇ، يوللارنىڭ ئورنى ئۆزگىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆتكۈچىلەر بېسىلمىغاندۇ، تارانچى هارۋىلىرىنىڭمۇ بۇ يوللارنى بېسىۋاتقىنىغا ئۇزاق يىللار بولدى. تاشيول بىنا بولغاندىن بېرى بۇ يوللار جانلاندى، ئۆتكۈچىلەر كۆپەيدى. ئەيمەنمەي هارۋىلارغا ئېسىلىدىغان ئاچ بۆرىلەر ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىشىدىن ئالاقزادە بولۇپ، يىراقلارغا قاچىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاخىرى يوقتەك كۆرۈنىدىغان بۇ يولدا هارۋىلارنىڭ غىچىرلىشى، ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىشى، ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭى كۆپىيىپ، غەمكىنلىك، ئۈمچىيىش غايىب بولدى. ئاچ بۆرىلەر، توپ - توپ يۈرىدىغان ئۈچقۇر كېيىكلەر كۆزگە كەم چېلىقىدىغان بولدى.

بۇ يوللار، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تاغلار ئۆز تارىخىدا قىسما - قىسمەت، كارامەت ۋە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان روھىي هالەتلەرنى كۆرۈپ كەلدى. قايسى كۈنلا غەربكە ماڭغان ماشىنىلار كالونىنى كۆرگەن، ماشىنىدىكىلەر ئۆپچۆرىسىگە، تاغلار ئارىسىغا، كۆزلىرىنى پارقىرىتىشىپ ئەنسىزلىك بىلەن قاراشقان؛ بەزىلىرى تىترىگەن، بەزىلىرى كۆزلىرىنى چىڭگىدە يۇمۇۋالغان. لېكىن، ئۇلار قايتىشمىدى، بۇگۈنچۇ؟ بۇگۈن باشقىچە بىر سەپنى كۆرۈۋاتىدۇ، بۇ سەپ

پىيادە، شەرققە كېتىۋاتىدۇ، بۇلار ئالاقزادىلىكتە چۈشمىگەن، ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن باقمايدۇ، تاغلارنىڭ قىرلىق چوققىلىرىغا، قانداقتۇر بىر نەرسىلەر شەكلىگە كىرىپ قالغان يوغان تاشلارغا، قارىيىپ كۆرۈنگەن ئۆڭكۈرلەرگە قىزىقىپ قاراپ، تەبىئەت ھۈنەرلىرىگە ھەيران قېلىپ كېتىۋاتىدۇ. تېخى بۇلار نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۈلۈشىدۇ ... يانلىرىدىن چىرايلىق گۈللەپ تىكىلگەن تاماكا خالتىلىرىنى، بىر چېتىگە يۇرەك رەسىمى كەشتىلەنگەن قول ياغلىقلارنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىشىدۇ...

ئىككى سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن، پولك توختاپ دەم ئالدى، گۈپۈلدىگەن ئاۋاز، ھارۋىلارنىڭ غىچىرلىشى بېسىلدى.

كۈننىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن يۈزلەرگە ئۇرۇلۇۋاتقان ئىزغىرىن شامال توختىدى. كۈننىڭ قىزىق تەپتى بىردەمدىلا تاشلارنى قىزىتىشقا باشلىدى. جەڭچىلەر يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئولتۇرۇشتى، بەزىلىرى يانپاشلىدى، بەزىلىرى سۇنايلىنىپ ياتتى. ھارۋىلارغا بېسىلغان نان، سايرام ياقىسىدىكى ياغاچ ئۆيلەردە پىشۇرۇۋېلىنغان گۆش، باتالىيون - روتىلارغا، ۋىزۋوت - گۇرۇپپىلارغا تارقىتىلىشقا باشلىدى.

— قورساقنى ياخشى تويدۇرۇڭلار، — ئەنۋەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — بۈگۈن كېچىلەپ بولسىمۇ ئۈتەيگە يېتىمىز، كەينىمىزدىن ماشىنىلار يېتىپ كەلسە، شورپىنى شۇ يەردە ئىچىمىز.

— مۇزدەك گۆش بىلەن نان مەززىلىك تاماق - دە، — دېدى نادەم، — ھەم قورساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ.

باتىرغازى قېشىنى ئېتىپ:

— نېنىڭنى قوي، گۆشكە يېتىدىغىنى يوق، — دېدى ۋە بىردەمدىلا بىر پارچە قوۋۇرغىنىڭ گۆشىنى يەپ، ئۇستىخىنىنى ياغاچتەك ئاقلاپ قويدى.

— قازاق بالىسىمەن، دەيسەن، گۆشنىڭ تەملىك يېرىنى

بىلەمسەن؟

— بىلمەيچۇ، يانپاش ...

— يانپاش؟ بىلمەيدىكەنسەن، ئەڭ تاتلىق يېرى يەرگە تەگمەيدىغان بوينى بولىدۇ.

— ھەرقانداق يېرى بولسىمۇ گۆشۇڭنى ئەكەل ...

— گۆشنىمۇ يەپ بولدۇڭ، قۇرۇق ناننى قانداق يەيسەن؟

— شۇ تۇرقىدا تاش بولسىمۇ يەۋېتىدىغاندەك تۇرىمەن، ئەكەل باكالاشكاڭنى، ئىككى يۇتۇم ...

— بىر يۇتۇممۇ بەرمەيمەن.

— سەن بەرمىسەڭ رەيھان بېرىدۇ، — ئۇ ئىرەنسىزلىك بىلەن گۆش چايناپ نېرىدا ئولتۇرغان رەيھاننى چاقىردى. رەيھان يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى:

— ئۇسسۇلۇققا مەيلىڭىز بولسا مەيەرگە كېلىڭ.

ۋارىسجان رەيھاندىن شۇنداق سۆزنى ئاڭلاشنى بەكمۇ خالايتتى. بىر يۇتۇم سۇ سورىماقچى بولدى، بىراق رەيھاننىڭ كۆڭ شولىسىدا پارقىراپ تۇرغان ئوتڭ چېكىسىدىكى تاتۇققا كۆزى چۈشتى - دە، دەسلەپتە ئاق سېرىق يۈزى قىزاردى، كېيىن تاتىرىپ كەتتى. كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولۇپ، ئۇمىدى ئۈزۈلدى. ئىككىنچى يېنىپ قىز ئولتۇرغان تەرەپكە قارىيالمىدى. بىراق، باتىرغازىنىڭ: «قەندەك سۇ ئىكەن - دە، قەندەك» دېگەن سۆزىدىن يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئېچىشقانلىقىنى سەزدى ۋە بىر چىشلەم نان يەپ، بىر يۇتۇم سۇ ئىچىپ، كۆزىنى جەنۇبتىكى تاغلاردىن ئالماي ئولتۇرغان نادەمگە ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— بۈرنۇمغا ئۆيۈمنىڭ سۈت - قايماقلىرى پۇراۋاتىدۇ، — ئاراشنىڭ كۆزلىرى سېغىنىش بىلەن يانغانىدى.

— بورتالاغا يېقىنلاپ قالدۇق - دە، — دېدى نادەم كۈلۈمسىرەپ، — كۆزۈڭگە تايغانلىرىڭمۇ كۆرۈنۈۋاتقاندۇ تېخى ...

— ئۇنى بىر دېمە، تايغانلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا چىقىش

ناھايىتى كۆڭۈللۈك ـ دە، بىز تەرەپتە قىرغاۋۇل، ئۇلار كۆپ، موڭغۇللار ئۇلارنى ئاتقان كىشىنى ناھايىتى يامان كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ گۆشى بەك تاتلىق بولىدۇ. ئوۋغا چىقسام، ئۇلارنى ئاتىمەن ـ دە، كاۋاپ قىلىپ يەيمەن، قىرغاۋۇلنى ئۆيگە ئەكېلىمەن.

— ساڭغۇ ھارىمى يوق ...

— سىنىڭ ھارام دەۋاتقىنىڭمۇ پوق يېگەن توخۇدىن ياخشىراق.

— ئاچ قالغان ئادەملەردەك يەيدىغانىنىڭلا گېپىنى قىلىسىلەرغۇ، — دەپ ئولتۇرغانلارنىڭ يېنىغا كەلدى جامالىدىن، — خوش، يەنە نېمىنىڭ گۆشى تاتلىق بولىدۇ؟

— سۆزلىگىنە جامالىدىن، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى گايىت، — ئەتكەنچىپىنىڭ تاتلىقلىقىنى، شاما چايناشنىڭ لەززىتىچۇ تېخى ...

— ئەلۋەتتە سۆزلەيمىز، ئوخشىغان بىر ئاپقۇر ئەتكەنچاي بىر تەخسە لەڭمەندىنمۇ قۇۋۋەتلىكرەك بولىدۇ، شۇنداقمۇ گايىتكا، يا خاتا گەپ قىلدىممۇ؟

— بۇگۈنكى تاماقنىڭ قاتتىق ـ قۇرۇق بولۇشى شۇنداق گەپلەرنى قوزغىۋەتتى ـ دە، — گايىتمۇ گەپكە كىرىشتى، — ئادەم قانچە ئاچ قالسا، ياخشى تاماق شۇنچە ئېسىگە كېلىدۇ، بىزمۇ تاماق يېگەنمىدۇق دەپ ئويلاپ قالىدۇ، ئېسىڭلاردىمۇ، ئۇلاستايدا بىر كۈن ئاچ قالغاندا، بىر كېچىنى تاماقنىڭ — پولۇنىڭ، مانتىنىڭ، شورپىنىڭ گېپىنى قىلىپلا تاڭ ئاتقۇزۇۋەتكىنىمىز.

گەپ تازا قىزىۋاتقان چاغدا، يۇرۇشكە بۇيرۇق بېرىلىپ قالدى. جەڭچىلەر دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ يولغا چىقىپ ئۆز قىسىملىرىنىڭ قاتارىنى تولۇقلاشتى.

قوشۇن يولغا چىقتى.

يەنە ئاياغلاردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان گۈپۈلدىگەن ئاۋاز،

www.uyghurkitap.com

ھارۋىلارنىڭ غىچىرلىشى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. يۇرۇشتە تەكشىسىزلىك پەيدا قىلىۋاتقان ئېگىز - پەس يوللارمۇ تۈگەپ قالدى. سىتەيگە چۈشىدىغان يەرگە كەلگەندە غارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى! بۇ ئاۋاز دۈشمەننىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ ھېلىلا يېتىپ كېلىشىدىن دېرەك بېرەتتى. ھەممىسى ئالىقانلىرىنى پېشانىسىگە قويۇپ، ئاسمانغا قاراشتى. ئوچۇق ھاۋادا قوش قاناتلىق ئۈچ ئايروپىلان يىراقتىن ساردەك چوڭلۇقتا كۆرۈندى.

— تارقىلىڭلار! ...

— ئەپلىك جايلارغا مۆكۈنۈپ تەييارلىنىڭلار! ...

قۇلاقنى يارغۇدەك قاتتىق ئاۋازلار، بۇيرۇقلار تەرەپ - تەرەپتىن جاراڭلايتتى.

بىردەمنىڭ ئىچىدىلا پۈتۈن بىر پولك تارقىلىپ، يوللارنى پۈتۈنلەي بوش قالدۇرۇپ قويدى. ئايروپىلانلار غارقىرىشىپ، پەسلەپ كەلدى - دە، پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. خۇددى ئېگىزلىكتىن ئۆلۈك قاغىنى تاشلىۋەتكەندەك پۇلاڭلاپ چۈشۈۋاتقان بومبىلار يەرگە چۈشۈشى بىلەنلا گۈمباڭ - گۈمباڭ قىلىپ پارتلاپ تاغلارنى تىترىتەتتى، توپا، تاش پارچىلىرىنى ئاسمانغا ئاتاتتى، گوداڭلارنى پەيدا قىلاتتى. دەل - دەرەخسىز تاغ ئىچى ياخشىراق پاناھلىنىشقا، ئايروپىلان كۆزىنى باغلاشقا مۇمكىنچىلىك بەرمەيتتى. جەڭچىلەر يوغان تاشلارنى، يوتىلار قىرلىرىنى دالدا قىلىپ ياتاتتى. بۇ قىزىق — يەردىن ئاسمانغا، ئاسماندىن يەرگە قىلىنىۋاتقان ھۇجۇم ئىدى. ئايروپىلانلار غارقىراپ كېلىپ تاراسلىتىپ ئاتاتتى، بومبىلارنى تاشلايتتى. جەڭچىلەر تاشلار، قىرلارنى دالدا قىلىپ، ئايروپىلان موتورىنى چەنلەيتتى. ئايروپىلان ئايلىنىپ، ئەمدى دۈمبىسىدىن ئاتىمەن دەپ كەلگەندە، جەڭچىلەر تاشلارنىڭ، قىرلارنىڭ بۇ يېقىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئۇلارنى يەنە ھۇجۇم بىلەن كۈتۈۋالاتتى، شۇ ئۇسۇل بىلەن ئوقلاردىن، ئاسكولكىلاردىن (توپ پارچىلىرىدىن)

ساقلىناتتى ۋە ئۇنىڭ بىمالال نىشانلىق ئېتىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى.

ھەممىدىنمۇ نادەمنىڭ تاپقان چارىسى ئۇنۇملۇك بولدى، نىزامىدىن پولكىنىڭ شۆھرەتلىك ئىشلىرى قاتارىغا ئۇنىڭ ياراتقان يېڭىلىقىنى يېزىپ قويدى.

نادەم سايدىكى ھارۋىلارنىڭ بىرىنىڭ ئوقىنى چىقاردى، ئۇنى ئەكېلىپ، تاشيول بويىدىكى ئېگىز دۆڭنى كولاپ، ئوقنىڭ بىر ئۇچىنى تىكلەپ كۆمدى، يەنە بىر ئۇچىغا چاقنى كىيدۈردى، چاقنىڭ ئۈستىگە ھاۋاغا ئاتقۇچ پىلىموتنى ئورناتتى، شۇنىڭ بىلەن ھاۋاغا ئاتقۇچ پىلىموتنى چۆرگۈلىتىپ يۈرۈپ ئېتىش ماھارىتىنى ياراتتى ۋە غارقىراپ كېلىۋاتقان ئايروپىلانلارغا چاقنى پىرقىرىتىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ، دەللەپ ئوق ئۈزدى. ئايروپىلانمۇ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشى كېرەك ـ دە، ئۇ ئەمدى تۆۋەنلەپ ئوق ياغدۇرۇشتىن قالدى.

— كۆردۈڭمۇ، — دېدى گايىت يېنىدا ياتقان ۋارىسجانغا، — خىيال سۈرسەڭ نادەمدەك سۈر، قارا، ئۇنىڭ تاپقان ئەقلىنى...

سەن ئۆچ كۆرگەن ئادەمنى باشقا بىرسى كۆزۈڭچە ماختىسا، خۇددى چىشىڭغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانامدۇ، نادەمنى ماختاش — ھەرقاچان ۋارىسجاننىڭ ئوغىسىنى قايناتاتتى. بىراق، ئۇ توغرۇلۇق ماختاشلارنى يوققا چىقارغىلىمۇ بولمايتتى.

— شۇنچىلىك يېڭىلىقنى سەنمۇ يارىتالمىدىڭغۇ گايىتكا، — دېدى ئۇ ئۆڭۈپ ـ تاتىرىپ.

— مەنغۇ يارىتالمىدىم، سېنىڭ قۇرۇق خىيال سۈرۈشۈڭنى دەۋاتىمەن ـ دە، ئۇكا، خاپا بولما، راست گەپنى ئېيتاي، قاچانلا قارىسام، خىيال سۈرگىنىڭ سۈرگەن، ئۇھ تارتىسەن، دەردمەن كىشىدەك ئۈزۈلدۈرمەي تاماكا چېكىسەن، كاللاڭدا نېمە ئوي باردۇ سېنىڭ؟ ... جەڭنى ئالغاندا، ھەمىشە قىزلاردىن بىرەرسىنى چېتىپ قويايلىمۇيا؟ ...

ۋارىسجان جاۋاب بەرمىدى، ئەمما ئىچىدە ئۇنى مىڭبىرنى

تىللىدى: بۇ گادايلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ زېتىمغا ئىش قىلىدۇ، ماڭا تەگكىنى ـ تەگكەن، سەنلەرنى كۆرمىز تېخى ... باتۇرلۇقلىرىڭ، يېڭىلىقلىرىڭنى ئالدىمىزدا كۆرىمىز ...

لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك جەڭچىلەرنىڭ نادەمنىڭ شەنگە ياڭراتقان ئالقىشلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— ئەقلىڭگە ئاپىرىن! ...

— يارايسەن نادەم! ...

— مانا، كىتابلارغا يازغۇدەك ئىجادىيەت! ...

جەڭچىلەر پەسلىيەلمەي، ئېگىزدىن بومبا تاشلاۋاتقان ئايروپىلانلارغا كۆلۈپ قارىشىۋاتقاندا، نادەمنىڭ ئوق ئۈزۈۋاتقان پىلىموتى توختاپ قالدى. ئۇ سول قولىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالغانىدى.

— نېمە بولدى!

— نادەمگە قاراڭلار! ...

ھاۋاغا ئاتقۇچى پىلىموتنىڭ يېنىغا چۈشۈپ پارتلىغان بومبا ئاسكولكىسى ئۇنىڭ سول قولىنىڭ بىلىكىدىن بىر پارچە گۆشنى بۆلۈپ ئەكەتكەنىدى. ئۇ ئوڭ قولىنىڭ ئالىقىنى بىلەن يارىلانغان جاينى بېسىپ تۇرۇۋالسىمۇ، قان تامچىلاپ چۈشۈۋاتاتتى، بارماقلىرى قانغا چىلانغاندەك قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى.

تېزلىك بىلەن يېتىپ كەلگەن جامالىدىن دەرھال پىلىموتنى قولىغا ئالدى.

رەيھان ئېگىز دۆڭنىڭ نېرىقى تەرىپىدە بىر جەڭچىنىڭ يانپىشىنى تېڭىۋاتاتتى، نادەمنىڭ خەۋىرى يېتىپ كېلىش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ شۇ ياققا چاپقىلى تاس قالدى، بىراق ئالدىدا ياتقان يارىدار ئېسىگە كېلىپ، ئۇنى تېزلىك بىلەن تېڭىپ تۈگەتتى ـ دە، ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا شۇ ياققا يۈگۈردى، ئۇ يېتىپ كەلگەندە، ھەجەر ئىسىملىك ھەمشىرە قىز ئۇنىڭ قولىنى تېڭىپ بويىنىغا ئېسىپ قويغانىدى.

— ئۇستىخان ساقمۇ؟ — دېدى رەيھان ئالدىراپ. ئۇنىڭ قوي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كۆزلىرى يانغان، تەشۋىشلىك ئالامەتلىرى ئەكس ئەتكەن يۈزىگە قارا چاچلىرى يېپىلغانىدى.

نادەم كۇلۇمسىرەپ جاۋاب بەردى:

ـــ قورققۇدەك ئىش يوق، ناھايىتى بىلىكىمدىن بىر چىشلەم گۆشنى ئەكېتىپتۇ.

ئايروپىلانلار ئۇق ـ بومبىلىرىنى تۆگىتىپ يېنىپ كەتتى ـ دە، كۆزدىن غايىب بولدى. جەڭچىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ يەنە يولغا چىقتى. دەرھال يۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىلدى.

قوشۇن يولغا چىقتى.

بۇ يەرلەرگە «چۆل ئېدىر» دەپ ئۆز ۋاقتىدىكى كارۋانلار، هارۋىكەشلەر بىكارغا ئىسىم قويمىغان، ھەقىقەتەن چۆل ئېدىر، بىر ـ بىرىدىن خېلىلا يىراقلىقتا تۇرغان تاغلار ئارىسىدىكى ئېدىرلىق؛ تاش، شېغىل، قۇم ۋە تىكەن، ئارىلاپ يۇلغۇن؛ باشقا ھېچ نەرسە يوق. يا ئاشۇ تاغ جىرالىرىدىن ئېقىپ چۇشكەن بىلەكتەك سۇ، يا كۆز ئاچقان بىرەر بۇلاق ـــ قىسقىسى، بىر تامچە سۇمۇ يوق چۆللۈك، پولات مۇشۇ چۆل باغرىنى بېسىپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ھەممىسىنىڭ بېلىگە چىگىۋالغان باكالاشكىلىرى داراڭلاپ قالغان. چۇشتىن كېيىنكى قۇياش بۇ قاقاس ئېدىرلىقنى ئۇبدانلا قىزىتقان. گويا پۈتۈن ھارارىتىنى مۇشۇ يەرگە تۆكۈۋاتقاندەك، ئۇن كىلوگىرامدىن ئارتۇق يۈك كۆتۈرگەن جەڭچىلەرنىڭ يۈزلىرى ئىسسىقتىن قىزىرىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ قۇلاق چۆرىلىرى، بويۇنلىرى ۋە يۈزلىرىدىن ئاچچىق تەر قۇيۇلماقتا. تەر قۇيۇلغانسېرى ئۇسسۇزلۇق تەشنالىقى شۇنچە قىستايتتى.

يولدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرى ئۇچراپ تۇراتتى، ئۆلۈك يەپ قورساقلىرى تومپىيىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ ـ يېنىپ كەتكەن بۆرىلەر شىددەت بىلەن كېلىۋاتقان قىسىمنى كۆرۈش بىلەنلا قاچاتتى. بەزىلىرى ئاياغلىرىنى خوشياقمىغاندەك يۆتكەپ نېرى كېتەتتى ـ دە، قىسىمنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ يەنە

كېلەتتى.

بۇنداق يەرلەردە سېسىق پۇراق دەستىدىن نەپەس ئېلىشىمۇ
قىيىن ئىدى، جەڭچىلەر بۇرۇنلىرىنى ئېتىۋېلىشتى ۋە
ئۆلۈكلەرگە نەپرەت كۆزلىرى بىلەن نەزەر تاشلاپ مېڭىشتى.
ئاشۇ ئۆلگەن ئادەملەر مۇنداق ئاقىۋەتنى ئويلىغان دەمسىز؟ ھەتتا
قولىغا مىلتىق ئالغان چاغدىمۇ ئويلىمىغان. ئۇنداق بولمىسا
ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇشۇ تەقدىرگە ئىتتىرىۋاتقانلارغا نېمىشقا
مىلتىقىنىڭ ئۇچىنى قارىتالمىدى؟ ... ئۇلارنى ئەمدى كىم
خاتىرىلەيدۇ؟ ھېچكىم! بەلكى ئۇلارنى مۇشۇ قىسمەتكە مۇپتىلا
قىلغانلارمۇ خاتىرىلىمەيدۇ، بەلكى تىللايدۇ، ئەيىبلەيدۇ. دۇنيادا
بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق يىرگىنىشلىك ئۆلۈم بولامدۇ؟!

كۆز باغلىنىشقا باشلىدى، ۋىژىلداپ ئاچچىق شامال يېتىپ
كەلدى. بىراق، بۇ شاماللار يۈزلەرنى ئېچىشتۇرمىدى، بەلكى
جەڭچىلەرگە ئارام بەردى. ئۇسسۇزلۇق بېسىلغاندەك بولدى.
يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى تاغلار بارغانسېرى قارىيىپ
كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇزۇلۇپ ئوڭغۇل — دوڭغۇل بولۇپ كەتكەن
تاشيول ئاقىرىپ، ئۇچى يوقتەك كۆرۈندى. يول بېسىلغانسېرى
ئۇسسۇزلۇق تەشنالىقى يەنە بىلىندى. شۇ چاغدا ئۇسسۇغانغا
تالقان بەرگەندەك، يۇرۇشتىكى جەڭچىلەرگە بىردىن نان
تارقىتىلدى. بۇ توختىماسلىقتىن، ئارام ئالماسلىقتىن دېرەك
بېرەتتى.

ئاسمان گۈمبىزى چاراقلاپ يانغان سان — ساناقسىز
يۇلتۇزلار بىلەن قاپلاندى. كېچە گۈزەللىكى جەڭچىلەرنى
بىردىنلا روھلاندۇردى، تېتىكلەشتۈردى. ھاۋا ھۆجۈملىرىسىز
يول يۈرۈش كۆڭۈللۈك ئىدى. ئۇرۇش ئىچىدە كېچە گۈزەللىكىگە
بېرىلگەن جەڭچىلەرنىڭ ئوي — خىيالى ھەر خىل بولىدۇ،
ۋارىسجاننىڭ ئوي — خىيالى شۇ تاپتا باشقىلارغا ئوخشىمايتتى.
ئۇ ئۆز ئۆيىنى، ئاپىسىنى ئويلاپ قالدى: «ئاپاملار مۇشۇ
يۇلتۇزلارنى كۆرۈۋاتامدىغاندۇ؟ تايىنلىق، ھازىر تائاملىرىنى يەپ

بولۇپ، ئاچچىق دەملەنگەن چايلىرىنى ئىچىشىپ سوزۇلۇپ ياتقاندۇ؟! ...»

قىسىم تاڭ ئاتاي دېگەندە داخىيەنزىگە يېتىپ كەلدى، مەنزىلمۇ مۇشۇ يەر ئىدى. بۇ جاي بىرنەچچە كۈندىن بېرى قاتتىق جەڭ بولغان، ئەمما ئېلىنمىغان جاي ئىدى. نىزامىدىن بۇ يەرگە بۇرۇن كېلىپ ئابارۇن تۇتۇپ، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان قىسىملارنىڭ كوماندىرلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ، ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئۇقتى ۋە كېيىنكى ھۇجۇم يۆنىلىشلىرىنى مۇزاكىرىلەشتى.

ئۇ ئۆز پولكىنىڭ باتالىيون كوماندىرلىرىنى دۆڭلۈكنىڭ كەينىگە يىغىپ مۇنداق دېدى:

— دۈشمەن پوتەيلىرى ئېگىزلىككە جايلاشقان، بىز تۆۋەندە، — سازلىق، قومۇشلۇقتا. قومۇشلۇقلار قىرقىلىپ تۈگىسە، ئوچۇقچىلىقتا قالىمىز. ھازىر بۇ يەردە بىر دىۋىزىيون[1] ئۆپچۆرىسىدە ئادىمى قالغان بىر پولك، بورتالادىن كەلگەن ئىككى قىسىم — موڭغۇل ئىسكادرون[2] بىلەن بارات تۆمۈرچىنىڭ يۈز كىشىلىك پارتىزانلىرى بار.

ئەنۋەر سوئال سورىدى:

— بىر پولكنىڭ قالغان ئادىمى قىرىلىپ تۈگىگەندىمۇ، ياكى ...

— شۇنداق، — دەرھال جاۋاب بەردى نىزامىدىن، — پولك خېلى كۆپ قىسىم كۈچىنى ئەتراپنى چارلاشقا تارقىتىۋەتكەن، قالغان ئاساسىي قىسىمنى ھېسابسىز كەڭ ئارىلىققا يېيىۋەتكەن. دۈشمەن ئىككى پولكتىن كۆپرەك ھەربىي كۈچى بىلەن ھۇجۇمغا چىقىپ، ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالغان ـ دە، قىسىملىرىمىزنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ قاپسىۋېلىپ قىرىپ تاشلىغان، — نىزامىدىن

① دىۋىزىيون — ئاتلىق پولكتا ئۈچ ـ تۆت دىۋىزىيون بولىدۇ، بىر دىۋىزىيون پىيادە قىسىمنىڭ بىر باتالىيونىغا تەڭ كېلىدۇ.
② ئىسكادرون — پىيادە قىسىمنىڭ بىر روتىسىغا تەڭ.

ئېغىر ئىندى، پېشانىسى يول - يول بولۇپ، قېلىن قاشلىرى كۆتۈرۈلدى، — بورتالادىن ئىككى قىسىم ياردەمگە كەلسىمۇ كۈچ ئېلىشالمىغان. بىز ئەمدى مۇنداق يۆنىلىشتە ھۇجۇم قىلىمىز: بۇ يەردىكى بار قىسىملار شىمالىي تەرەپتىن، بىز مەركىزىي قىسىم جەنۇبىي تەرەپتىن پوتەيلەرنى ئوققا تۇتىمىز.

دۈشمەننىڭ ئالدى پوتەيلىرىنى گۇم قىلماي تۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش — بىزنى ئاۋۋالقى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ، شۇڭا بارلىق كۈچىمىز، زېھنىمىز، غەيرىتىمىز دۈشمەننىڭ بىرىنچى قاتار پوتەيلىرىنى يىمىرىشكە قارىتىلىشى كېرەك!

— بۇ يەردىكى جەڭ مۇشەققەتلىكرەك بولۇشى مۇمكىن، — دېدى باتالىيون كوماندىرى ئەنۋەر روتا كوماندىرلىرىغا، — بىز ئۇرۇشنى مۇنداق ئېلىپ بارىمىز: پوتەيلەرنى پارتلىتىشقا ئادەم ئەۋەتىش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۈشمەننىڭ ئوت توچكىلىرىنى ئوققا تۇتۇش، بىرلا پوتەينى گۇم قىلالىساق دەرھال ئىگىلەش، قانچە قۇربان بەرسەكمۇ مەيلى ...

— چاشقانلار ئۇۋا ياساپ، يوللىرىنى تۇتاشتۇرۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى گايىت ئويلانغان ھالدا.

— ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى، بىراقلا ئىگىلىۋالساق، ئۇ بىزنىڭمۇ يەنە بىر ھۇجۇم قىلىش يولىمىز بولىدۇ.

جەڭچىلەر سېپى قىسقا، كىچىك گۈرجەكلىرى بىلەن يەر قېزىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆرە تۇرۇپ ياكى ئىزلىنىپ ئەمەس، يېنىچە يېتىپ قازاتتى. ئون گۈرجەك سىپلىنىسا، بىر گۈرجەك توپا ئاران ئېلىناتتى، تېخى بەزى يەرلەردىن سۇ چىقىپ كېتەتتى.

پوتەي تۆشۈكلىرىدىن ئوق ئۇچۇپ كېلەتتى، ئارىلاپ توپلار چۈشەتتى، ئىككى - ئۈچ باغلام كەلگۈدەك قومۇشلار يىلتىزلىرى بىلەن ھاۋادا پۇلاڭلاپ ئۇچاتتى. دەھشەتلىك چىرقىراپ كەلگەن توپتىن يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالغان باتىرغازى، ئۈستىگە چۈشكەن توپىلارنى سىلكىۋېتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىدىن

ئۈچ ـ تۆت مېتىر يىراقلىقتا گوداڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى.

ــ گولنىڭ ئىشىنى خۇدا قىلىدۇ ـ دە، كۆردۈڭلەرمۇ، خۇدا بىزنىڭ ھۇجۇمىمىزنىڭ قىيىنلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئاسماندىن توپ ئاتلىق ئىككى پەرىشتە چۈشۈرۈپ، پاناھلانسۇن دەپ، بۇ يەرنى كولاپ بەردى، ــ دېدى باتىرغازى ۋە گوداڭغا سىيرىلىپ چۈشتى، ــ بۇ يەر ئەڭ خاتىرجەم، ئىشەنچلىك يەر.

ــ مەنمۇ پاتامدىم؟ ــ دەپ سورىدى جامالىدىن.

ــ كەل، پاتىسەن، ئۆلسەك بىللە ئۆلەيلى.

ــ ئەمدىغۇ بۇ يەرگە توپ چۈشمەيدۇ، ناۋادا چۈشسە قانداق بولۇپ كېتەرمىز؟

يېنىچە يېتىپ، ھە دەپ يەر قېزىۋاتقان ئاراش جاۋاب بەردى:

ــ قانداق بولاتتىڭلار، بىر پارچە ئۇستىخىنىڭلارنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ ـ دە...

ــ ھەرھالدا قىيىن ئۇرۇش بولدى بۇ، ــ دېدى باتىرغازى، ــ ھازىرغىچە مۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلمىگەنىدۇق، ئەمدىكى ئۇرۇشلار پۈتۈنلەي مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

جامالىدىن ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى:

ــ تاغلاردىكى ئۇرۇشلار بۇنىڭ ئالدىدا ئويۇن ئىكەن.

ــ بۇنىڭمۇ ئېپىنى ئېلىپ كېتىمىز، يەر شارائىتىنى ئىگىلەش ــ قىسىم ئۈچۈن بىرىنچى ۋەزىپە.

ھۇجۇم باشلانغىنى يوق، جەڭچىلەر يەر قېزىش بىلەن مەشغۇل. ئەمما، ھۇجۇم قىلىشمۇ تەسكە چۈشۈۋاتاتتى. گومىنداڭ قىسىملىرى مۇداپىئەدە. ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆت ـ بەش مېتىر ئېگىزلىكتىكى پوتەيلىرى ئېگىز يەرگە قوپۇرۇلغان. ھۇجۇمچى قىسىملار پەستە. پوتەيلەرنى قومۇشلار توراپ كەتكەن، قومۇشلۇقنىڭ ھەم پايدىسى، ھەم زىيىنى تېگىۋاتاتتى.

ــ بىر بولسا بىز بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن، ــ دېدى جامالىدىن باتىرغازى بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ، ــ بۇ يەرنى ئېلىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ، ئەنۋەركام دەرس ئۆتكەندە،

مۇداپىئەدە تۇرغان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە، بەلكى تۆت ـ بەش ھەسسە ئۈستۈن ئەسكىرى كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىش كېرەك، دېگەنىدى. بۇ يەردە مۇداپىئەدە تۇرغان دۈشمەن بىزدىن كۆپ تۇرسا ...

— بۇ يەردىكى ئۇرۇشمۇ ھەرەمباغدىكى ئۇرۇشقا ئوخشاپ كېتەمدۇ، قانداق؟ — باتىرغازى ئويلانغان ھالدا ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى، — دۈشمەن ھەرەمباغدىكىدەك مۇستەھكەم مۇداپىئە ھەم ئېگىز ئەپلىك جايدا، بىزنى كۆرۈپ ئاتىدۇ.

— تېخى ھەرەمباغدىكىدىن تەسرەك بولۇشى مۇمكىن، ئۇ يەردە بىزگە پاناھلانغۇدەك قورۇلار، تاملار، دەل ـ دەرەخلەر، قەبرىلەر بار ئىدى، بۇ يەردىچۇ؟ ھېچنېمە.

— تېخى ئارقا سەپ يېنىمىزدىلا ئىدى، ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوق ـ دورىدىن قىينالمايتتۇق.

— ئالدىنقى ئۇرۇش قىلغان قىسىملارنىڭ ساۋىقى بويىچە نىزامىدىن ئەپەندى بىر پىلان تۈزۈۋاتقاندۇ ...

— جامالىدىن، ئابدۇۋەلىنى چاقىرمامسەن، — دېدى ئاراش ئۇرۇش توغرىسىدىكى مۇلاھىزىدىن چىقىپ.

— نېمە قىلىمىز؟

— ھېلىقى ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى سۆزلىتىمىز، قاچان بۇيرۇق بېرىلگۈچە زېرىكىپمۇ قالارمىز.

باتىرغازى سورىدى:

— نېمە ھېكايىكەن ئۇ؟

— مۇھەببەت ... سايرام بويىدا باشلىغان.

— تازا قىزىق يېرىگە كېلىپ قالغان.

— قىزىقكەنسىلەر، — دېدى باتىرغازى، — ھازىر پەيتىمۇ؟ ئورنىمىز سايرام بويىدىكىدەك خاتىرجەممۇ ئەمەس، قويۇڭلار، سۆزلەش مەزگىلى كېلىدۇ.

يېرىم كېچىدىن ئاشقان مەزگىلدە پولك كوماندىرى نىزامىدىننىڭ بۇيرۇقى يېتىپ كەلدى:

— بەلگە ئوقى ئېتىلغاندىن كېيىن ھۆجۈم ئۈچ تەرەپتىن بىرلا ۋاقىتتا باشلىنىدۇ!

ئىككى تەرەپتىن — قومۇشلۇق ئىچىدىن ۋە پوتەيلەردىن ئېتىلىۋاتقان سان - ساناقسىز ئوقلار، توپلار يەر - زېمىننى خېلى يەرلەرگىچە تىترەتمەكتە، ئەتراپ بىردە يورۇپ، بىردە قاراڭغۇلىشىپ، گويا ئوت دېڭىزى يالقۇنلاپ يانغاندەك ۋە يەنە ئۆچكەندەك دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى پەيدا قىلماقتا. ئوقلار كۈشۈلدايدۇ، ۋىڭىلدايدۇ، چىرقىرايدۇ ... قومۇشلار قىرقىلىپ يىقىلىدۇ، بەزىلىرى كېسىلگىنىنى تۇيماي قالغاندەك يېنىغىلا تىك سانجىلىپ قالىدۇ، قوماچ قورۇغاندەك ئاۋازلار كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇرۇش ئىچىدە ئايلاپ - يىللاپ يۈرگەن جەڭچىلەر ئۈچۈن بۇ قانلىق ئۇرۇش ئادەتتىكى ئىشلاردەك بىلىنگىنى بىلەن، نېرىدىكى دۆڭنىڭ كەينىگە باغلاپ قويۇلغان ئاتلار ئىگىلىرىنى كىنەپ كىشنىشىدۇ، يەر چاپچىيدۇ، بىر ئورۇندا تۇرالماي، ئالدى ئىككى پۇتىنى كۆتۈرىدۇ، كۆزلىرىدىن ياش تامىدۇ ...

پوتەيلەرنى پارتلىتىشقا روتىلاردىن چىققانلار يەر بېغىرلاپ يۈرۈپ كەتتى. قالغانلار گومىنداڭ قىسمىنىڭ ئوت توچكىلىرىغا ئوق ياغدۇرۇشتى، ئېتىشىش تېخىمۇ ئەۋج ئالدى.

ئۇلار پوتەيلەرگە ئانچە يېقىنلىشالمىدى. كۈچىنىپ تۇرۇپ ئاتقان بومبىلىرى پوتەيلەرنىڭ ئەتراپىغا چۈشتى، يىقىلغانلارنىڭ جەسەتلىرىنى تاشلاپ، قالغانلىرى قايتىپ كېلىشتى، ئىككىنچى قېتىم بارغانلارمۇ شۇنداق نەتىجىسىز ياندى.

چوقۇر يۈزى جىددىي تۈس ئېلىپ، كۆزلىرى يېنىپ كەتكەن ئەنۋەر ئۈچىنچى قېتىم يەنە ئادەم ئەۋەتتى ۋە جەڭچىلەرگە ئايىماي، ئۈزۈلدۈرمەي ئېتىشقا بۇيرۇق بەردى. بۇ قېتىم يەر بېغىرلاپ يۈرگۈچىلەر ئالدىغا بومبا تاشلاپ، چاڭ - توزان پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ پاناھىدا ئىلگىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللاندى. دەرۋەقە، بۇ ئۈنۈم بەردى. بۇ قېتىم ئېتىلغان بومبىلار بىرنەچچە پوتەيلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئەنۋەرنىڭ چىرايى ئېچىلىپ،

دەرھال قوزغىلىشنى ئۆيلىغانىدى، بىراق شۇ پوتەيلەردىن يەنە تاراسلاپ ئۇچۇپ كەلگەن ئوقلار يامغۇردەك چۈشۈشكە باشلىدى.

ئەنۋەرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى:

— كۆردۈڭلارمۇ، — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن، — دېمەك، پوتەيلەر قەۋەتلىك ئىكەن، بىرىنچى قەۋەتتى گۇمۇرۇلۇپ چۈشسىمۇ، قالغان قەۋەتلىرى ئوخشاشلا ئىشلەۋاتىدۇ ... دۈشمەن ئۆزىنى ئوڭشىۋالغۇچە يەنە بىرىش كېرەك !

بۇ قېتىم يەنە يەر بېغىرلاپ ماڭغۇچىلارنى پوتەيلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئاكوپىكلاردا پەيدا بولغان قىسىملار يېقىن كەلتۈرمىدى.

شۇ تەرىقىدە ئۈچ كېچە ھۇجۇم قىلىندى. ئوقلار قومۇشلۇقنى چالغا بىلەن قىرقىپ تاشلىغاندەك تاقىر مەيدانغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

دۆڭلۈكنىڭ كەينىگە يىغىلغان باتالىيون كوماندىرلىرىغا نىزامىدىن قەتئىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— جانلىق كۈچلىرىمىزنى خورىتىدىغان، پايدىسى بولمىغان مۇنداق ھۇجۇمنى قىلماسلىق كېرەك. قىسىملار ئۈچ يۈز مېتىر چېكىنسۇن !

ئاقىلبەك نىزامىدىننىڭ مەخپىي بۇيرۇقىنى ئېلىپ ئاتلاندى - دە، غەربكە — ئۇتەي - سىتەي تەرەپكە ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

قىسىملار چېكىندى.

چېكىنىش يۈز مېتىرغا يېتەر - يەتمەيلا، بىردىن دۈشمەننىڭ توپلىرى ئېتىلىشقا باشلىدى. توپقا تۇتۇش بىلەن ھۇجۇم قىلىپ چىقىپ كەلگەن دۈشمەننى كۆرۈندى. چاڭ - توزانلار ئارىسىدا قوللىرىدىن ئوق ئۆزۈپ كېلىۋاتقانلار ھېسابسىز نۇرغۇن ئىدى، ئاتاتتى، ۋارقىرىشاتتى، بومبا تاشلايتتى، يۇگۇرۈيتتى ...

ئەنۋەرنىڭ جېنى يايراپ كەتتى:

— مانا پەيت دېگەن ... ئېسىل پەيت ... تەييارلىنىڭلار،

گىراناتلىرىڭلارنى راسلاڭلار ! ...

دۈشمەننىڭ شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئالدىنقى سەپلىرىنى جەڭچىلەرنىڭ كۈچىنىپ تۇرۇپ ئاتقان گىراناتلىرى توستى ۋە ئوق ياغدۇرۇلدى.

پىلىموتنى سايرىتىۋاتقان جامالىدىن، باتىرغازىلارنىڭ ئاۋازلىرى ياڭرىدى:

— كەل خۇمسىلار، رودۇپايلار ! ...

— كېلىش ! ... مۇشۇنداق كېلىشىپ بەرسەڭ، ئۈچ كۈن ياتاتتۇقمۇ بۇ يەردە ! ...

ئۇلار ئۈچ كۈندىن بېرى پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىنى قاپلىغان غەزەپلىرىنى بىراقلا تۆكمەكتە ئىدى.

جەڭچىلەر شۇ تۇرقىدا، ئاتاكىغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى كۈتكەندەك ئالغا تەلپۈنۈپ تۇراتتى ۋە ئۆزلىرى تۇيمىغان ھالدا ئالغا سىلجىۋاتاتتى.

ئىس ـ تۈتەكلەر قاپلانغان مەيدان بىردىنلا جىمىپ، ئېتىلغان ئوقلارنىڭ بۇرۇننى ئېچىشتۇرغۇچى ئاچچىق ھىدى قالدى.

— قاچتى ! ... قاچتى ! ... چېكىندى ! ...

شۇنداق ئاۋاز ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇشىغا، پوتەيلەرنىڭ تۆشۈكلىرىدىن يەنە ئوت ئۈچقۇنلىرى كۆرۈندى. جەددىي ئېلىشىش يىگىرمە مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاخىرلاشتى. باتالىيون ـ روتىلار ئوخشىمىغان ئارىلىق قالدۇرۇپ، پوتەيلەردىن تۆت ـ بەش يۈز مېتىر بېرى چېكىنىپ توختىدى.

تاڭ ئېتىپ، كۈن چىقتى.

تېخى ئىككى سائەت ئۆتمەيلا، بۇ چەكسىز كەتكەن قومۇشلۇقلار، سازلىقلار، شېغىل ـ قۇملۇقلار ۋە شورلۇق تۈپىلىق يەرلەرنى قېزىش باشلاندى. تېگىلىپ ئارقا سەپكە يەتكۈزۈلگەن يارىدارلار ئۇزۇق ـ تۈلۈك توشۇيدىغان هارۋىلارغا سېلىنىپ، بورتالاغا ۋە كەڭسايغا توشۇلماقتا ئىدى. بۇ ئىش

كېچىدىن بېرى بېسىلمايتتى. دۈشمەنمۇ مەن بار دېگەندەك قىلىپ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئوق ئۈزۈپ قوياتتى.

جەڭچىلەر كۈنبويى خەندەك قېزىش بىلەن بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە: مۇشۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ قالارمىزمۇ؟ پولكوۋنىڭ بىزنى چېكىندۈرۈپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ دېگەن ۋەھىمە كېزەتتى.

كەچ كىردى. چەكسىز ۋادىنى گۈگۈم قاراڭغۇلۇقى ئاستا ـ ئاستا قاپلاشقا باشلىدى. هارۋىلارنىڭ تاراق ـ تۇرۇقى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئۆچتى. بىراق، قاراڭغۇلۇق قانچە يېپىلغانسېرى دۈشمەن ئوقلىرىنىڭ ئۇچۇپ كېلىشى شۇنچە ئەدىمەكتە ئىدى.

شۇ ئارىلىقتا: «غولجىدىن ماشىنا بىلەن ئىككى پولك ياردەمگە كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار كېچە سائەت ئون ئىككىدە يېتىپ كېلىدىكەن، هۇجۇم شۇ چاغدا بولىدىكەن» دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇنىڭغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئىشەنمەي دېسەڭ، خەۋەرنى پولك كوماندىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئاقىلبەك ئۆزى يەتكۈزۈپ يۈرەتتى.

قىزىق، بۇ خەۋەر جەڭچىلەر ئىچىدە خۇشاللىق، تەنتەنە قوزغىماي، خاپىلىق، نارازىلىق كەيپىياتلارنى قوزغىدى:

— بىزنىڭ پولك هازىرغىچە ياردەمگە موهتاج بولمىغان، — دېدى خەندەك ئىچىدە يېنىچە ياتقان جامالىدىن، — بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك، ئۆزلىرى ئالالماپتۇ دېسە ...

باتىرغازىنىڭ كۆزى ئالايدى:

— نىزامىدىنكامغا ئېيتمىدىڭمۇ، گايىتكا، پولك كوماندىرىنىڭ شەنىگىمۇ ياخشى ئەمەس ـ دە، بۇ ...

— ئېيتقىلى بولامدۇ، ئۇكا، شۆھرىتىمىزنىڭ يەرگە ئۆرۈلگىنىغۇ ئۆرۈلدى، ئامال قانچە ...

— ئۆزى تەلەپ قىلدى ـ دە ...

— ئىككى پولك يېتىپ كەلگۈچە هۇجۇم قىلىنىۋەتسەك بولاتتى، دەپ باقمامدۇق؟

— ئەڭ بولمىسا، باتالىيون كوماندىرىغا دەپ باقايلى.

غۇلغۇلا، نارازىلىق كىچە سائەت ئون ئىككىلەرگىچە داۋام قىلدى، سائەت بىر بولغاندا سىتەي ئېگىزلىكىدىن ماشىنىلار چىرىغى كۆرۈندى.

— ئەنە كېلىۋاتىدۇ.

ھەممىسى كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراشتى ۋە كۆزلىرىنى ئەلەم بىلەن ئالايتتى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىۋاتقان ماشىنىلار چىرىغى يىراقتىن خۇددى لاۋۇلداپ ياندغان چوغدەك كۆرۈنەتتى. بىردەمدىن كېيىن چىراغلار كۆرۈنمەي قالاتتى ۋە يەنە پەيدا بولاتتى، بۇ ماشىنىلارنىڭ تۇركۇم - تۇركۇملەپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئارىدىن بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى.

چىراغلار كالوناسى تېخىچە ئۈزۈلمەيتتى، مانا ئىككى سائەتمۇ ئۆتتى.

چىراغلار كالوناسى تېخىچە ئۆچكىنى يوق.

بىر گۇرۇپپا رازۋېدكىچىلار ئۇرۇش سېپىنىڭ جەنۇبىدىكى تېخى قىرقىلىپ تۈگىمىگەن قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى.

ماشىنىلارنىڭ ئالدى تېخى ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ كەلمەيلا، نىزامىدىنىڭ بۇيرۇقى يېتىپ كەلدى:

— قىسىملار ئاتاكىغا ئۆتسۇن!

— ئالغا! ...

— ئالغا! يولداشلار، ئالغا! ...

ھېلىلا گويا ئۆلۈم جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەيدان جەڭچىلەرنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى بىلەن جانلىنىپ جۇشقۇنلاندى ... قىسىملار پۈتۈن سەپ بويىچە ئاتاكىغا ئۆتكەندى.

— ھۇررا! ھۇررا! ...

بىراق، جەڭچىلەرگە قارىتىپ بىر پايمۇ ئوق ئېتىلغىنى يوق.

www.uyghurkitap.com

بۇ نېمە ئىش؟ بىرنەچچە كۈندىن بېرى بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلەشكە ئىمكانىيەت بەرمىگەن دەھشەتلىك توپىلار، توختاۋسىز ئېتىلغان ئوقلار قېنى؟ پوتەيلەر گويا بۆتىدىك جىمجىت تۇرىدۇغۇ؟ ...

قىسىملار پوتەيلەرنىڭ بىرىنچى قاتارىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ھۇررا تووۋلاپ كېتىۋاتقان باتىرغازى ئۆزى تۇيمىغان ھالدا، قانداقتۇر بىر چوڭقۇرلۇقتا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ تار تۆشۈكتىن سىيرىلىپ تىكلا چۈشكەنىدى. ئۇ بۇنىڭ يەر ئاستى ئۆيى ئىكەنلىكىنى ۋە بىرنەچچە گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ بىر بۇلۇڭدا قىستىلىشىپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى ــ دە، ئۆزىدىكى قورقۇش ھەم ھودۇقۇشنى بېسىپ تۇرۇپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

ــ تاشلا قورالنى ! رودۇپايلار ! ...

ئۇلارنىڭ بېشىدىن ھالقىتىپ ئاپتوماتىدىن بىرنەچچە پاي ئۇزدى. ئۈستىدىن ھۇررا سادالىرى تېخىمۇ دولقۇنلىنىپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ يەر ئاستى ئۆيىنىڭ پەلەمپەيلىك ئىككىنچى تۆشۈكىدىن يەتتە نەپەر ئەسىرنى ھەيدەپ يۇقىرىغا چىقتى. بۇ چاغدا قىسىملار پۈتۈن پوتەيلەرنى ئىشغال قىلىپ بولغانىدى.

تېخىچىلا ھەيرانلىقتا قالغان گايىت شوپۇرلارنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى:

ــ قېنى ياردەمگە كەلگەن ئىككى پولكىڭلار؟

ــ بىز ئادەم ئەكەلمىدۇق، سىلەرگە ئوزۇقلۇق ئەكەلدۇق.

ــ نېمە؟ ... ئوزۇقلۇق؟ ...

ــ شۇنداق.

ــ كېچىچە نەچچە يۈز ماشىنىنىڭ چىرىغى كۆرۈنگەنىدىغۇ؟

ــ پولكوۋنىكنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ــ دېدى شوپۇرلارنىڭ بىرى، بىز سەككىز ماشىنىنى ئۆرىگە چىققاندا چىرىغىنى ياندۇرۇپ، پەسكە چۈشكەندە ئۆچۈرۈپ، بىر دۆڭلۈكنى ئايلىنىۋەردۇق.

— سەككىز ماشىنا ساڭلا شۇنداق نەچچە يۈز بولۇپ كۆرۈنگىنى يوق، گايتكا، — دېدى كولۇمسىرەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەن ئەنۋەر، — مۇھىمى گومىنداڭ قىسىملىرىغىمۇ شۇنداق نەچچە يۈز بولۇپ كۆرۈندى، شۇڭا ئۇلار بەدەر قاچتى - دە.

گايتنىڭ يۈزىدە ئەكس ئەتكەن ھەيرانلىق ئالامەتلىرى يىتتى.

— ھە، مۇنداقمۇ ھۈنەرلەر بار دېگىنە، ئۇكا!

ئەنۋەر كولۇمسىرەپ ئېيتتى:

— ئۇرۇشنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ!

— ئاڭلىغان، ئاڭلىغان ... ئىزامىدىنىغا ئاپىرىن ... ئىشلەتكەن رەڭلىرىگە ئاپىرىن!

ئۇ ئۆزىمۇ، ئەنۋەرمۇ، شوپۇرلارمۇ كولۇپ كەتتى.



# ئۈچىنچى باب

ۋارىسجان ئانىسىدىن كەلگەن خالتىغىمۇ قارىماي، خەت يېزىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەنىدى. زىمىلانكا[1] ئىچىدە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوق، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئىتىلغان ئوق ئاۋازلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. «شۇنداق، ئانا، — دەيتتى ئۇ خېتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — رەيھانئاي ئاشۇ مالايغا بېرىلىپ كەتتى. كۆزۈمچە سەت قىلىقلارنى قىلىپ، ئۇنىڭغا نايناقلايدۇ، ئاشۇ تېگى پەسنى بىردەم كۆرمىسە چىدىمايدۇ، ماڭا بولسا نەزەر كۆزىنىمۇ سالمايدۇ. بۇنىڭغا ئادەم قانداق چىدايدۇ؟ ... مەن ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يەپ، كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ، ھەتتا چۈشۈمدىمۇ ئازابلىنىپ چىقىمەن، گۈلسۈمئاي چوڭ ئانامنىڭ ساڭا بەرگەن ۋەدىسى قېنى؟ ... ئۇ خوتۇن ئۆز قىزىغا ئىككى ئېغىز گېپىنى يېگۈزەلمەسمۇ؟ ... ئانا، جېنىم ئانا، بىر چارە قىل ... » ۋارىسجان ئانىسىغا مۇنچىلىكىمۇ يالۋۇرۇپ خەت يازمىغان بولاتتى، بىراق ئاخشامقى كۆرگەنلىرى ئۇنىڭ جېنىغا پاتتى، تاقەت قىلغۇچىلىكى قالمىدى ... ئاخشام ئۇ سالقىنلاپ قومۇشلۇقنىڭ يېنىدىكى پاكار دۆڭلۈككە يانپاشلىغانىدى. ئادەم بىلەن رەيھان نېرىدىكى قارىياغاچنىڭ تۈۋىگە كېلىپ پاراڭلىشىپ تۇرۇشتى، بىردەمدىن كېيىن، كۆتۈرۈلگەن ئاي نۇرى ئىككىسىنى مانا مەن دەپ ئېنىق كۆرسەتتى، رەيھان ئادەمنىڭ بوينىغا ئېسىلغان ياردار قولىنى يەشتى، يەنە قايتىدىن تاڭدى. ئىككىسى بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ كۈلۈشتى، گەپنىڭ تولىسىنى رەيھان قىلاتتى، لېكىن ئۇققىلى بولمايتتى، بىر چاغدا قىز

① زىمىلانكا — يەر ئاستى ئۆيى (گەمە).

ئەركىلەپ، بېشىنى ئادەمنىڭ مەيدىسىگە قويدى ... ۋارىسجان ئورنىدا تۇرالماي قالدى. كۆزۈم كۆرمىسۇن دەپ تەتۇر قارىۋالدى. لېكىن، ئاشۇ بىر جۈپ گەۋدىگە — ئاي نۇرى يورۇتقان چىرايلارغا يەنە قارىغۇسى كەلدى. ئەمما، قانداقتۇر، تۇيۇقسىزلا ھالسىزلانغاندەك مادارى كېتىپ، بېشىنى بۇراشقىمۇ ھالى قالمىدى، شۇ پەيتتە ئۇ، ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ بىردىنلا ئېغىرلاشقانلىقىنى، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. چۈشىدىكىدەك بىر قىسما روھىي ھالەتلەرنى كۆرگەندەك بولدى ... شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاچچىق ئەلەمدە تولغىنىپ، ئانىسىغا خەت يېزىش قارارىغا كەلگەن.

ئۇ خېتىنى يېزىپ تۈگەتكەندە، تەرلەپ كەتكەنىدى. زېمىلانكا ئىشىكىدىن بېشىنى ئېگىشتۈرۈپ تالاغا چىقتى. بېشىدىن ئوق ئۇچۇپ ئۆتتى، كەچ كىرىپ قاپتۇ. «ھەر كۈنى كەچلىكى ئۇلار شۇ يەرگە كېلىدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئاخشامقى يەرگە بېرىپ ئولتۇردى - دە، ئانىسىدىن كەلگەن خالتىنى ئاچتى. دەسلەپتە ئۇنىڭ قولىغا ناۋات، قەنت، ئۆششاق چىشلىق مەنپەسى، پەتتازا چىقتى. ئۇ شۇلارنى تۇتقىنىچە بىر قىسما بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئانىسىنىڭ بالىسىنى سېغىنىپ - قىسىنىپ ئەۋەتكەنلىكىگە ئەمەس، رەيھانغا شۇ نېمەتلەرنى بېرەلمىگەنلىكىگە بىر قىسما بولدى. رەيھان ۋارىسجاننىڭ كۆڭلىدىكىدەك قىز بولسا، شۇلارنى ئىككى قوللاپ بەرسە، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! ... ئاندىن قەغەزگە ئورالغان يوغان بىر پارچە پىشقان مايلىق گۆش چىقتى، بىراق مەڭدىشىپ - پۇراپ قاپتۇ. ۋارىسجاننىڭ تەرى تۇرۇلدى. كەينىدىن ئۆششاق توقاچلار چىقتى، ئۇمۇ كۆكىرىپ كېتىپتۇ. ۋارىسجاننىڭ ئاچچىقى كەلدى:

— سالغان نېمىسىنى قارىمامدىغان ... — غودۇڭشىدى ئۇ، — ماڭا ئەمەس، چوشقىغا ئەۋەتىشىپسەن - دە، سەھرالىق دۆتلەر ... — ئۇ تىترەك باسقان بارماقلىرى بىلەن ئاۋۋال گۆشنى، ئاندىن توقاچلارنى قامالالاپ تۇتۇپ، قومۇشلۇق ئىچىگە پىرقىرىتىپ

www.uyghurkitap.com

ئېتىشقا باشلىدى، — چوشقىلار يېسۇن بۇ سېسىق نەرسىلىرىڭنى !

ئۇ خالتىنى بېشىغا قويۇپ ياتتى، يۇلتۇزلارغا كۆز تىكتى، ئالتۇن كىرپىكلىرىنى چىمچىقلىتىۋاتقان يۇلتۇزلار ئۇنى ئاڭلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، «نېمە قىلاي شۇلارنى كۆرۈپ، گېپىنى ئاڭلاپ، كەتسەم بولمامدۇ ...» ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، بىراق شۇ چاغدا نادەم بىلەن رەيھاننىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالدى ! ئۇ شۇمشەيدى ۋە ئاستا ياتتى. ئۇنىڭ پەرىزىنى دەلىللەپ نادەم بىلەن رەيھان تونۇگۈنكى يوغان قېرى قارىياغاچ تۈۋىگە كېلىپ توختىدى، ۋارىسجان تەشۋىشلەندى: يېقىنراق بارايمىكىن ... ئۇ ئورنىدىن تۇرماي، ئالىقانلىرى بىلەن يەرنى تىرەپ، شۇ ياققا ئاستا شىپقىدى.

— ئەت ئالغاندىكىن ئەمدى يېشىۋېتىڭ، — دېدى نادەم، — بولمىسا ئۆزۈم يېشىۋېتىمەن.

قىز قارىياغاچقا يۆلىنىپ دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن يۇلتۇزلارغا تىكىلەتتى، كۆتۈرەڭگۈ كۆكسىنىڭ تېز - تېز يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ئۇنىڭ ھېسسىياتىنىڭ قوزغالغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

— نېمىدېگەن چىرايلىق كېچە - ھە، — دېدى قىز ھەممىنى ئۇنتۇپ، — مۇنداق كېچىلەرگە كىم مەھلىيا بولمايدۇ؟ ... قاراڭ، نادەم، ئاۋۇ يۇلتۇزنىڭ كىرپىكلىرىنى ...

— ئاسماندا يۈرەمسىز نېمە، مەن سىزگە تېگىشنى يېشىۋېتىڭ دەۋاتىمەن، ئاڭلاۋاتامسىز؟

— مۇنداق كېچىلەرنىڭ قەدرىنى بىلىش كېرەك، بولمىسا قەرزدار بولۇپ قالىسىز، — قىز پۈتۈن ئېغىرلىقىنى بىر پۇتىدىن، ئىككىنچى پۇتىغا يۆتكەپ نادەمگە يېقىنراق تۇردى. نادەم ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ:

— مەن قەرزگە بوغۇلدۇم، — دېدى ۋە شۇ سۆز بىلەن يۈزىنىڭ ئوت ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى.

— ئىككىمىز بوغۇلدۇق، سىز جىقراق ...

نادەم رەيھاننىڭ قولىنى تۇتتى، بۇ ئىش خۇددى بىرىنچى قېتىم بولغاندەك، رەيھاننىڭ بەدىنى لاۋۇلداپ ياندىغاندەك بولۇپ كەتتى ... ئۇنىڭ قولىدىكى قىزىق ھارارەتنى بايقىغان نادەم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي:

— سىز يەشمەيدىغان ئوخشايسىز ... — دېدى ۋە تېگىقنى ئۆزى يېشىشكە تۇتۇندى.

— سىز تېخىچىلا تېگىقتىمۇ؟ ... بولدى، بولدى، مەن يېشەي، ئەجەب ئەمدى ئالدىرىمايدىغان ئىشقا ئالدىراپ كەتتىڭىز ...

رەيھان ئىككى چىگىۋېتىلگەن چىگىكنى چىشى بىلەن چىشلەپ يېشىشكە باشلىدى.

مۇشۇكتەك قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنى ماراپ ياتقان ۋارىسجاننىڭ يۈرىكىنى كۈنچىلىك ئوتلىرى ياندۇرماقتا ئىدى.

— شۇ كۈنى چىرايىمغا سەپسالغان بولسىڭىز، قورقۇپ كېتەتتىڭىز، — دېدى رەيھان، — سىزگە ئوق تەگدى دېمەسمۇ، تاس قالدىم يۈرىكىم ئېتىلىپ كەتكىلى، ھېلىمۇ ياخشى ئۇستىخان ساق ئىكەن.

نادەم كۈلۈمسىرىدى:

— نېمە بولاتتى ئوق تەگسە، ئۇرۇش دېگەندە ئوق تېگىش، ئۆلۈش ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدۇ.

— قاراڭ، دەۋاتقان گېپىڭىزنى ... — قىز راست گېپىنى دەۋەتتى، — نېمە بولاتتى؟ ... سىزگە ئوق تېگىپ ... — ئۇنىڭ بەدىنى شۈركۈندى، — باشقىچە بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا، ئۆلىمەن دەڭە!

نادەم يەنە كۈلۈمسىرىدى.

ئىككىسىنىڭ گەپلىرى ۋارىسجاننىڭ يۈرىكىگە يىڭنىدەك سانجىلاتتى . «ئىككىسىنى ئاتسام — دەپ ئويلىدى ئۇ تەشۋىش ئىچىدە، — ياق، بىرىنى ئاتسام، كىم بىلەتتى، ئۇنىڭسىزمۇ ئۇستىمىزدىن ئۆتۈۋاتقان ئوقلار ئازمىدى؟ ... ھەي، قورالىم

www.uyghurkitap.com

ئېسىپ قويغان يەردىلا قاپتۇ ـ دە، تېخىچە ئۆزۈمنىمۇ، دادامنىمۇ رازى قىلالمىدىم، قورقۇنچاقمۇيا مەن؟ ... ھېلىقى چاغدىكىنى ھېچكىم بىلمىدىغۇ، شۇ چاغدا مۇنۇ گادايغا تېگىپ كەتكەن بولسىغۇ، پۈتكەن ئىش ...» ئۇنىڭ يادىغا غۇلجا نادەمنى ئاتىمەن، دەپ رەيھاننى ئېتىپ قويغىنى كەلدى. ئاندىن نادەممۇ يالغۇز تۇرغان تازا ئەپلىك پەيتلەر كېلىپ قالار، دېگەن ئۈمىدتە ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

ئىككىسىنىڭ گەپلىرى سۇس ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ــ سىز مۇنچىلىكمۇ ئويلاپ كەتمەڭ، ئۇرۇش قانۇنىيىتىنى بىلمەيدىغان ئادەمدەك، ــ دېدى نادەم.

ــ راست، شۇنداق ...

ــ ئەگەر ئىككىمىزگە ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتسەكچۇ؟

ــ ئۇ چاغدا نېمە ئارمان ...

ــ ئوقتا كۆز يوق، ئىككىمىزنىڭ ئارمانلىرىغا قارىمايدۇ ـ دە.

شۇ سۆز بىلەن قىز بىردىنلا جىمىپ كەتتى ۋە قايناق جەڭلەر ئىچىدە يۇمىلاپ يۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۆمۈرنىڭ تېخى لەززىتى تېتىلمىغان، ئەمما دائىم ئويلايدىغان باشقىچە ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈلدى، تۇرمۇشتىن ئۆزىگە لەززەت ئىزدىدى. ئۇ نادەم بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن دۇنياغا كەلگىنىگە رازى بولغانىدى. مانا ھازىر ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان تۇرۇپتۇ. لېكىن، مۇشۇ قەدىرلىك ئادىمىگە ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتقىلى بولمايدۇ ـ دە! ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا تېز يېتىشنى ئويلايتتى، ھەتتا بۈگۈن ـ ئەتىنى ئارزۇلاپ تالاي ـ تالاي كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋەتتى، ئۇ نادەم بىلەن بەختلىك ئائىلە قۇرۇشنى، ئىككى قىز، ئىككى ئوغۇلغا ئاتا ـ ئانا بولۇشنى، تەڭ قېرىشنى شۇنچە زارىقىپ ئويلىغان ئەمەسمىدى ... ئەمما ئەجەل ئوقلىرى ئارىلاپ يۈرگەن ئۇرۇش ئۇنىڭ ئارمانلىرىغا قارامدۇ؟ ئۇ ياخشى بىلەتتى: ساڭا ئەجەل ئوقلىرى ياغدۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئوقلىرىنى جىمىقتۇرمىساڭ، ئارزۇلىغان بەختلىك ئائىلىنىمۇ

قۇرالمايسەن. ئۇنى جىمىقتۇرۇشمۇ ئاسان ئەمەس، ئارمانلىرىڭ يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، نادەم ئېيتقاندەك: ئوقتا كۆز يوق ـ دە ! ... ھەي ئۆمۈر، ئارمانلىق ئۆمۈر، كىشىنىڭ ئويلىغانلىرىغا يەتمىكى نېمانچە تەستۇر ...

— قاراڭا نادەم، مەن ئاجايىپلا ئويلارنى ئويلاپ كەتتىم، باشقىلار تەرىپىدىن خورلاندۇق، خورلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قولىمىزغا قورال ئالدۇق، نى ـ نى يىگىتلىرىمىز قۇربان بولدى. ئۇلار تېخى ئۆمۈرنىڭ لەززىتىنى تېتىشقا، ھالاۋىتىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىدى، ئۇلاردىن نېمە نام ـ نىشان قالدى؟

نادەم خېلى ئۇزاق ئويلاندى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاكىسى كەلدى.

— مېنىڭ ئاكام مۇئەللىم ئىدى، — دېدى ئۇ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ سۆزلەپ، — ئۇ تەڭسىزلىككە، ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلىپ ئۆلۈپ كەتتى، ئۇنى پۈتۈن يۇرت ھازىرغىچە يادلايدۇ.

— بىزنىچۇ؟

— بىز تېخى ھايات، ئۆلۈپ كەتسەك، كۆكسىمىزدىكى ئوردېنلار قالىدۇ.

— ئادەم ئارمانلىرىغا يەتمەي ئۆلۈپ كەتسە، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق ـ ھە؟ ... ئىككىمىزمۇ مۇرادىمىزغا يەتمەي ئۆلۈپ كەتسەك ئەلەم ئەمەسمۇ ... دەھشەت ! دەھشەت ! ...

نادەم كۆلدى ۋە رەيھانىنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن قىلغان گەپلىرىدىن تەسىرلەندى:

— ئەلۋەتتە ئېچىنىشلىق، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ئويۇمچە، ھايات قانۇنىيىتى ئەنە شۇنداق بولسا كېرەك ... — قىزنىڭ ئارزۇسى، كۆتكىنى باشقا ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— قويۇڭ، ئەنۋەركامدىن ئۆگىنىۋالغان مۇنداق گەپلىرىڭىزنى، مەنمۇ مۇنداق گەپلەرنى كىتابتىن كۆپ ئوقۇغان، ئۇ شۇنداق. لېكىن، راستىنى ئېيتسام نادەم، مەن ھازىر كېلەچىكىمىز، ئارمانلىرىمىز، تۇرمۇشىمىز ھەققىدىكى

www.uyghurkitap.com

گەپلىرىڭىزگە تەشنا، — قىز شۇنداق دېدى — دە، ئىككى قولىنى نادەمنىڭ بويىنىغا گىرەلەشتۈرۈپ سىلىۋالدى.

نادەم خۇددى نۇتۇق سۆزلىگەندەك ئېيتتى:

— ئارمانلىرىمىز قايناق! كېلەچىكىمىز پارلاق تۇرمۇشىمىز ئىناق!

ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى ۋە تېخىمۇ يېقىنراق تۇرۇشتى.

رەيھاننىڭ شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىنى چۈشەنگەن نادەم، ساق قولى بىلەن قىزنىڭ بېشىنى سىلىدى ۋە چاچلىرىنى بارماقلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تاراشقا باشلىدى. ھەر ئىككى بەدەن سىمابتەك تىترىدى ... نادەم بېشىنى ئېگىشتۈرۈۋىدى، قىز دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاينى كۆرسەتتى:

— قاراڭ، ئاي ... بىزگە قاراۋاتىدۇ ...

— مەستلىكى كېلىۋاتقاندۇ ...

— ئۇنداق قىلماڭ ... سەت ...

رەيھان شۇنداق دېدى ـ يۇ، بىراق ئىككى ئاينىڭ ئۆكچىسىنى كۆچەپ كۆتۈردى.

ۋارىسجاننىڭ تاقەت قىلغۇچىلىكى قالمىدى، ئەگەر يېنىدا قورالى بولغان بولسا، بېشىغا نېمە كەلسىمۇ، ئاتقان بولاتتى. ئامال يوق ـ دە، ھېلىمۇ بولسا، ئىككىسىنى ئايرىۋېتىش، گەپلىرىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك، نېمە قىلىدۇ يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان گەپلەرنى ئاڭلاپ ...

ئۇ بۇ يەرگە قانداق كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق شىپقىپ ـ سۈرۈلۈپ بۇرۇنقى ئولتۇرغان يېرىگە باردى ـ دە، ئىككىسىنى ۋارقىرىدى:

— نادەم! ... رەيھان! ...

ئىككىسى چۆچۈپ كەتتى، لېكىن ۋارىسجاننى ئۇنىدىن تونۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى.

— ئۆيدىن خالتا كەپتۇ، ئېغىز تېگىڭلار!

ئىككىسى ئوڭايسىزلاندى، بىراق بارماي بولمايتتى.

— يۇرۇڭ، مېنىڭ خوجايىنىم، سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز چاقىرىۋاتىدۇ، خالتىنىسىغا ئېغىز تېگەيلى.

— بىزنى ماراپ ئولتۇرغان نېمە ـ دە ئۇ ... كۆرەرگە كۆزۈممۇ يوقتى ئۇ نېمىنى ...

ئىككىسى ۋارىسجان ئولتۇرغان يەرگە ئەمدىلا كېلىشىگە تۇيۇقسىز ئوقلار ئېتىلىپ كەتتى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇچىلىسى يېتىۋالدى. ئۇلار خېلىغىچە ياتتى. لېكىن، ئېتىشىشلار پەسىيىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىدىن ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىر يىراق بۇ جايدا ئوپۇر ـ توپۇر باشلىنىپ كەتتى. ئاسماندا بەلگە ئوقلىرى كۆرۈندى، ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۇگۇرۇشلەر ۋە دىجورنى، رازۋېدكىچىلارنىڭ كىملەرنىدۇ ئىزدەپ ۋارقىراشلىرى ئاڭلاندى. ئۇچىلىسى زېمىلانكىغا يېتىۋېلىشقا ئالدىراپ، بەزىدە ئۆمىلەپ، بەزىدە يەر بېغىرلاپ يۈردى.

* * *

يىنجۇخۇ ئاجايىپ قېلىن قومۇشلۇقى، قوم بارخانلىرىنىڭ كۆپلۈكى ھەم سان ـ ساناقسىز قارىياغاچلىقلىقى بىلەن باشقا يەرلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. داخېيەنزىدىن گومىنداڭ قىسىملىرىنى قوغلاپ كەلگەن نىزامىدىن پولكى باجاڭخۇغا كىرىشتە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ، يىنجۇخۇدا توختىغان.

بىرنەچچە قېتىملىق قاتتىق ھۇجۇمدىنمۇ ئالغا ئىلگىرىلەشكە مۇمكىن بولمىغاندىن كېيىن، قىسىملار زېمىلانكا كولاشقا چۈشتى. جەڭچىلىك ھايات قىزىق بولاتتى. ھەر ھۇجۇم ئالدىدا: قايىسىمىز ئۆلىمىز، قايسىمىز قالىمىز، دېيىشىپ بىر ـ بىرىگە ۋەسىيەتلەرنى ئېيتىشىدىغان جەڭچىلەر، تىنچ يەر قېزىشتىن — بىخەتەر يەر ئاستى ئۆيى، تاماقخانا، ئاشخانا،

ئىسكىلات ياساشتىن چاپسانلا زېرىكىپ قالاتتى. خۇددى ئىككى تەرەپ كېلىشىم ھاسىل قىلغاندەك بىر پايمۇ ئوق ئۈزمىگەن مەزگىللەر ئۆتتى، نەچچە سائەتلەپ جىددىي تىركىشىپ قالىدىغان باسقۇچلارمۇ ئۆتتى، بىراق ھۇجۇم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ ئۆگىنىپ قالغان قوشۇن بىر ئورۇندا ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشتىن ھەپتىلەر، ئايلارنى ئالغا سىلجىتماي ئۆتكۈزۈشتىن ئىچى پۇشۇپ قالاتتى: «بىز زېمىنلانكا كولاشقا كەلمىگەن، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كەلگەن...» دەپ قىسىمدىن كەتكۈچىلەرمۇ بولدى. يېقىندا قىسىمدىن ئۆزلۈكىدىن كېتىپ قالغانلارنىڭ سانىنى ئالغاندا ئەللىكتىن ئوشۇق ئادەم بولۇپ چىقتى.

جەڭ سۈرەلمىلىك بىلەن كېتىپ باراتتى. دۈشمەن ئەپلىك يەردە — ئېگىزدە، قىسىملىرىمىز تۆۋەندە — قۇمۇشلۇقتا، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئىلگىرىلەش، نۇرغۇن قان بەدىلىگە كېلەتتى.

دىجورنى گايىت قاراۋۇللىرىنى ئارىلاپ كېلىپ، ئاكوپقا چۈشۈپ، ئۇنىڭ قىرىغا يۆلىنىپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئەتىگەن شارىلداپ ياغقان يامغۇر ئەمدى ئاق يېغىنغا ئايلىنىۋالدى. قومۇشلۇق، قۇملۇق — پۈتۈن دالا ھۆل بولۇپ كەتكەن. قومۇش غوللىرىدا قېتىپ قالغان قان تامچىلىرى سىيرىلىپ ئېقىپ چۈشمەكتە. ئىنساننى ئىككى پۈتلاپ ماڭدۇرۇۋاتقان، يورۇق دۇنيادا تىك تۇرغۇزۇۋاتقان نەرسىنىڭ مانا ئەمدى ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىپ، يامغۇر سۇلىرى قوشۇلۇپ، ئاددىي ھالدا تامچىۋاتقىنىغا ئۇ مەيۇسلۇك ھېس قىلماقتا ئىدى ... ئەينەكتەك سۈزۈك تامچىلار ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ بويىنىغا تامچىۋاتقىنىمۇ ئەندىكمەيتتى، ئىسسىقتىن بەزگەن بەدەنلىرىنىڭ سالقىنلاپ ـ يايراپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەيتتى.

كەچكە يېقىن سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇر توختىدى، ئاقۇچ تۇمانمۇ تارقىلىپ كەتتى. ھەتتىگىنەي، ھاۋا شۇنداق گۈزەل

تۇسكە كىرگەندە، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئاكوپتىن ئىرغىپ چىقتى - دە، زېمىلانكا ياققا قەدەم باستى ۋە دىجورنىي بۆلۈمگە كىرىپ كەتتى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، تۇيۇقسىز تاراسلىغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. بۇرۇتلىرى دىردىيىپ كەتكەن گايىت زېمىلانكا ئىشىكىدىن چىقىشىغا، يۈگۈرۈپ ھاسىراپ كەلگەن جەڭچى:

— يولداش كوماندىر! دۈشمەن ... دۈشمەن قارشىلىقىمىزغا قارىماي، كەلكۈندەك بېسىپ كېلىۋاتىدۇ! — دېدى.

گايىت ئىتتىك يۇلتۇزلارغا قاراپ ئېيتتى:

— ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ، ئەبلەخلەر كېچىسى ھۇجۇمغا چىقمايدىغان...

ئۇ رازۋېدكىچىنى چاقىردى - دە، ھايال قىلماي ئۆز روتىسىنى باشلاپ قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

دۈشمەن پىلىموتلىرىدىن ئوق ياغماقتا ئىدى. ئالدىنقى قاراۋۇللارنىڭ ئىككىسى ئۆلۈپ، بىرسى قالغان ۋە ئۇ چېكىنگەن. دۈشمەن ئىككى ياندىكى تۆت پىلىموتنىڭ ھىمايىسىدە ئىتتىكلەپ كېلىۋاتاتتى ... شۇ چاغدا باشقا سەپلەردىمۇ ئېتىشىش باشلاندى. دۈشمەن شۇنچىلىك يېقىن كېلىپ قالدىكى، قول گىراناتلىرى ئېتىلسا، ئۇلارغا بەخۇدۇك يېتەتتى.

تېزلىك بىلەن ئېتىلغان قول گىراناتلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىنى مېڭىشتىن توختاتتى.

شىددەت بىلەن بېسىپ كېلىۋاتقان دۈشمەن نېمىشقىدۇر چېكىنىشكە باشلىدى. جەڭچىلەر قوغلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. گايىت نېرىدىكى ئەتراپى قومۇشلۇق قوم دۆڭنى ئىگىلەيدىغان بولدۇم، دەپ خۇشال بولدى. ئۇلار چېكىنمىۋەردى، جەڭچىلەر قوغلاۋەردى. قومۇشلۇق ئىچىدە قوغلاپ، ئېگىز دۆڭگە ئاز قالغاندا، ئەتراپىنى ئۆسكىلەڭ، قېلىن قومۇشلۇق قورشىغان كەڭرى ئوچۇقچىلىققا

www.uyghurkitap.com

چىقىپ قالدى ۋە شۇئان قارشىلىققا ئۇچرىدى. ئالدىدىن، ئىككى ياندىن پىلىموت ئوقلىرى ئۇچۇپ كەلدى. كەينىدىنلا مىلتىقلىرىغا ئىشتىك بىكىتىۋالغان نۇرغۇن دۇشمەن كۆرۈندى. ئۇلار توختاۋسىز ئوق ئۈزۈپ ۋارقىرىشىپ كېلەتتى.

گايىت ئۆز روتىسىغا چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى. بىراق، يەتتە ـ سەككىز قەدەم چېكىنمەي تۇرۇپلا، ئويلىمىغان ھالدا بۇلارنىڭ كەينىدىن ئوق چىقىپ قالدى. خورىغان روتا بىر باتالىيون دۈشمەننىڭ قورشاۋىدا قالغان، گايىت ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ئەلەم بىلەن ھېس قىلدى.

خۇددى قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدەك مۇشتلىشىش، باش ئېتىش، پەشۋا ئېتىش، قوچاقلىما جەڭ باشلاندى. تەڭ كېلىش قىيىن ئىدى. گايىت: بىر تەرەپنى بۆسۈپ چىقىپ كەتسەك، روتىنىڭ بىر قىسمىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلۈۋاتقان مەيدان پاتقاق بولۇپ كەتتى، گايىت كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئىككى گومىنداڭچىنىڭ يەلكىسىنى قاماللاپ تۇتقىنىچە، بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى. شۇ چاغدا گايىتنىڭ دۈمبىسىگە ئىشتىكنى ئۇرغان دۈشمەننىڭ قولىغا ۋارىسجان چاققانلىق بىلەن تېپىۋەتتى. يەنە بىرسى ۋارىسجاننىڭ بېشىغا مىلتىق قوندىقىنى كۆچىنىپ تۇرۇپ ئۇرغانىدى، ئۇ ئۆزىنى ئىتتىك يانغا ئالدى، دۈشمەن ئۆزىنىڭ كۈچ سالمىقىدا پاتقاققا دۈم چۈشتى، گايىتنىڭ چىگرىن ئۆتكۈلۈك ئوڭ ئايىغى ئۇنىڭ مېڭىسىنى يانجىۋەتتى ... ۋارىسجان يەردە ياتقان تاپانچىسىنى ئالدى ـ دە، باش ـ كۆزى قانغا بويالغان بىر جەڭچىگە ئىشتىكنى ئۇرۇشقا كەلگەن گومىنداڭچىنى ئېتىۋەتتى. مەيداندا «ئۇر ! يىقىت ! دەسسە ! چەيلىۋەت ! ...» دېگەن ئاۋازلار ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. گايىت يەنە بىرسىنى پاتقاققا بېسىۋېلىپ گېلىنى ئامبۇردەك قىسقاندى، بېشىغا مىلتىق قوندىقى ئۇرۇلۇپ يىقىلدى ...

تاڭ سۈزۈلمەكتە ئىدى. قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلۈۋاتقان مەيدان

جىمىشقا باشلىدى. مۇئاۋىن روتا كوماندىرى ساق قالغان جەڭچىلەر بىلەن بىر تەرەپتىن بۆسۈپ چىقىپ كەتتى.

تاڭ ئاتتى.

ئۆلۈكلەر بىلەن تولغان مەيدان — قۇمساڭغۇ تۈپلىق يەرلەر، پاتقاقلار، قومۇشلار قان بىلەن بويىلىپ سۈرلۈك تۈسكە كىرىپ قالدى.

ئۆڭسۈلى ئۆچكەن، غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشكەن باتالىيون كوماندىرى ئەنۋەر ئېگىز قۇم دۆڭگە چىقىپ، دۇربۇن بىلەن شۇ ياققا قارايتتى، دۇربۇن قانلىق مەيداننى ئېنىق كۆرسەتتى.

مەيداندا گومىنداڭچىلار پەيدا بولدى. ئۇلار يارىلىنىپ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ياردارلىرىمىزنىڭ بۇرنىنى، قۇلىقىنى كېسىپ، كۆزلىرىنى ئويۇپ، مەيدىلىرىنى يانجىپ مەيدانغا ئەكېلىپ تاشلىدى. بۇ ھالنى بېشى يېرىلىپ يۈز ـ كۆزى قانغا مىلىنىپ ياتقان گايىتمۇ، دۇربۇن بىلەن قاراۋاتقان ئەنۋەرمۇ كۆردى. گايىت ئۆز قىسمىنىڭ ھايات جەڭچىلىرى چېكىنىۋاتقانلىقىنى بايقىغان، لېكىن بىرنەچچە جەڭچىسىنىڭ بېشىغا چىقماسلىق ئۈچۈن، قىمىر قىلماي ياتقان، مانا ئەمدى گومىنداڭچىلار ئۆلۈكلەرگە نەيزە سانجىپ كېلىۋاتىدۇ. ھېلى ئۆزىگىمۇ سانجىشى مۇمكىن. ئۇ ئېغىر ئېچىنىش، ئەلەم ھېس قىلماقتا. بېشىغا ئۆلۈم سايىسى چۈشكەن ئادەملەر كۆپ ھاللاردا ئۆلۈم ئالدىدا ئۆز خاتالىقىنى، سەۋەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. گايىت، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ چېكىنىپ، ئۆزلىرىنى قومۇشلۇق ئىچىگە ئەكىرىپ كەتكىنىگە — ئالدانغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلماقتا.

ئۇ نەيزىنىڭ ئۆزىگە سانجىلىشىغا گۇمان قىلمايتتى، شۇ ھالدىمۇ يەنە ئېلىشىش مۇمكىن، بىراق نەتىجە چىقمايدۇ. نىزامىدىن ئەپەندى ئۈچ كۈن جەڭ، ھۇجۇم بىلەن ئېلىنمىغان داخىيەنزىنى ھىيلە بىلەن ئالدىغۇ، ھىيلە ئىشلىتىپ قۇتۇلۇپ

قالغىلى بولماسمۇ؟...

ئۇ قانغا بويالغان يۈزىنى ئوڭدا قىلىپ ياتتى. ئۆلۈكلەرگە نەيزە سانجىپ كېلىۋاتقانلار ئۇنىڭ قانلار قېتىپ قالغان دەھشەتلىك يۈزىگە بىر قارىدى ـ دە، بېشىغا تېپىۋېتىپ ئۆتۈپ كەتتى.

گايىتنىڭ تەشۋىشلەنگەن كۆزى ئېچىلدى ۋە دۈم بولۇپ، غەيرەت قىلىپ يەر بېغىرلاپ، قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ كۆچىنىپ بىر سائەتتىن ئوشۇقراق يەر بېغىرلاپ ئالدىنقى بىرىنچى قاراۋۇلغا يېقىنلاپ كەلدى.

— ھەي ... بىغەملەر! ماۋۇ يەرگە كېلىش، مېنى يۆلە! ... — ۋارقىرىدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ.

قاراۋۇل ئۇنى يۆلەپ، باتالىيون ئىشتابى ئالدىغا كەلگەندە، جەڭچىلەر كوماندىرىنى ئورىۋېلىشتى. ئۇ يەنىلا روھلۇق بولسىمۇ پۈتلىرى دىرىلداپ، دەلدەڭشىپ تۇرالمايتتى.

— خۇداغا شۈكۈر، ئامان ئىكەنسەن ...

— مېنى ئاسان ئۆلىدۇ، دېۋىدىڭمۇ! ...

— يۈزلىرىڭ نېمە بولۇپ كەتكەن؟...

— قورقۇۋاتامسەن، مېنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغان قانلار بۇ!

ئۇنى شەپقەت ھەمشىرىلەر بۆلۈمى جايلاشقان زېمىلانكا ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىشتى.

«روتا كوماندىرى گايىت قۇربان بولدى، ئۆلۈكى دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى يەردە قالدى» دېگەن خەۋەر تارقىلىپ، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ پولك «بالنىست»تىدا پەيدا بولغاندا، ھەممىسىدىن بۇرۇن ئۇنى ۋارىسجان يوقلاپ كىردى. گايىتنىڭ بېشى ۋە يۈزلىرىدىكى قان داغلىرى يۇيۇلۇپ، ئىسپىرت بىلەن تازىلىنىپ، ئادەم سىياقىغا كەلتۈرۈلگەن ۋە بېشىنىڭ زەخىملەنگەن يېرى تېڭىلغانىدى، ۋارىسجان كىرگەندە، ئۇ سۇيۇقئاش ئىچىۋاتاتتى.



www.uyghurkitap.com

— يائاللا ... ھېلىمۇ تىرىك قاپسەن، ئويلىمىغان ئۇيىمىز قالمىدى جۇمۇ، گايىتكا، — دېدى ۋارىسجان ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن.

— ھە، نېمانچە ئەنسىرەپ كەتتىڭ؟

— نېمىشقا ئەنسىرىمەيمىز، سەن دېگەن ئادەتتىكى ئادەممۇ؟ باتۇر كوماندىر تۇرساڭ ...

— ئۇنچىلىك ئاشۇرۇۋەتمە، قېنى، تاماققا كەلمەمسەن، ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ، دېگەن راست گەپ ـ دە ... راستىنى ئېيتسام، دۇشمەن دېگىنىڭگە ھەرھالدا بوش كەلمەيدىغان جۇمۇ، ئۇكا!

— ئۇنى بىز بىلىمىز.

— سەنمۇ بوش كەلمىدىڭ، ئەگەر ھېلىقى خۇنپەرنىڭ ماڭا ئۇرغان ئىشتىكىنى تېپىۋەتمىگەن بولساڭ، مەن دېگەن يوق ـ دە! قالتىس جەڭ قىلدىڭ، جەڭچى بولساڭ شۇنداق بول.

— ھېلىقى تاپانچىنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالغىنىنى دېمەمسەن، تازا ئەسقاتتى ئۇ.

— ئۇنىڭغىمۇ چاققانلىق قىلدىڭ، ماڭا قالتىس ياردىڭ ئۇكا. پولكوۋنىككە ئۆزۈم دوكلات قىلىمەن، بىرىنچى بولمىسىمۇ، ئىككىنچى دەرىجىلىك ئوردېن ئېلىشقا تېگىشلىكسەن، مۇشۇنداق چاققانلىقىڭ بولسا، ئۆزۈمگە كانۋوي قىلىۋالايمۇيا سېنى؟

— يارىغان بولسام، مەيلى ...

گايىت ئېشىنى ئىچىپ بولۇپ، ئاغزىنى ئالىقىنى بىلەن ئېرتتى ـ دە، سىرىق بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ يېنىدىن تاماكا خالتىسىنى چىقاردى:

— تاماكا ئورىغىنا، ئۇكا.

ۋارىسجان تاماكا يۆگەپ تۇتاشتۇرۇپ بەردى. گايىت تاماكىنى خۇماردىن چىققۇدەك قاتتىق شوراپ چېكىشكە باشلىدى.

ۋارىسجاننىڭ روھى كۆتۈرۈلگەن، گايىتنىڭ ماختاشلىرى ئۇنىڭ تاۋىنى ئۆستۈرگەندى. ئۇرۇشقا قاتناشقاندىن بۇيان بۈگۈن بىرىنچى قېتىم كوماندىرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى، تېخى ماختاش بىلەن ئىشەنچىمۇ ئىگە بولۇۋاتىدۇ: ئەگەر ئۇنىڭغا كانۋوي بولۇۋالسام، نادەمدىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالسام، دېگىنىم - دېگەن، ئەتكىنىم - ئەتكەن بولاتتى - دە، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ، — نادەمنىڭ ھە دېسىلا گەپدانلىق قىلىپ گۇركىرەشلىرى، رەيھاننىڭ ئادەمگە قىرىچە - يېنىچە تېگىشلىرى كوماندىرلارنىڭ ماختاشلىرىدىن ئەمەسمۇ ... مېنىڭ دۆتلۈكۈمنى، مىلتىقنىلا ئويلاپتىمەن ... بۇمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا ئېسىلىپلىۋالغۇچە، نېمىشقا باشقا ئۇسۇللارنى ئويلاپ باقمىدىم؟ ... ئەمدى يول ئېچىلىۋاتىدۇ، مۇنۇ كالتە پەمنىڭ كىپتىگە كىرىۋالسام، ئوشۇقۇم ئالچۇ چۈشىدىغان ئوخشايدۇ ... دادام: ئادەم دېگەننى ماختىساڭ خۇش بولىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ماختاپ - ئۇچۇرۇپ بەرسەڭ، ئەقىل - ھوشىنى يوقىتىپ قويىدۇ، دەيدىغان. شۇنىمۇ چوڭقۇرراق ئويلىماپتىمىنا ...

— سېنىڭ باتۇرلۇقلىرىڭ ئازمۇ ئەمەس، گايىتكا، — دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە، — نىزامىدىنكام شۇنچە قۇربانلارنى بېرىپ ئالالمىغان داخىيەنزىنى بىرلا ھىيلە بىلەن ئالدىڭ، سەنمۇ ئاشۇ ئەجەل پوراپ تۇرغان قانلىق مەيداندىن بىرلا ھىيلە بىلەن ساق قاپسەنغۇ ...

— ئەزرائىلنى ئازغاشتۇرۇش دېگىنە، بۇ.

— بۇ قايسى جەڭدىن كەم؟ !

گايىت ئويلىنىپ قالدى:

— ئۆلگەنلا ئادەم - دە بىز ... شۇ پەردە ساق قالغىنىم — دۇنياغا قايتا كەلگىنىم بولدى. ئۇكا، ئابايا سەن باتۇرلۇقلىرىڭ ئاز ئەمەس دېدىڭ، راست گەپنى قىلسام، نىلقا تاغلىرىدىكى ئۇرۇشلاردا — ئۇ چاغدا سەن يوق، بىلمەيسەن، ئېسىبوسىن سېپىدا بىر كىچىك ئەترىتىم بىلەن گومىنداڭچىلارنى قىرىپ،

ساينىڭ تېشىدەك ياتقۇزۇۋەتتىم، باش ساقچىنى ئالدىغان چاغدىچۇ، ئالدى دەرۋازىدىن چىققانلارنىڭ بىرىنى قويمىدىم، لەڭشاڭ، ھەرەمباغدىكى ئۇرۇشلارنى دەمسەن. ئاچالدىكىنى دەمسەن، ۋاي ـ ۋوي، سۆزلەپ كەلسەم تۈگىمەيدۇ.

— شۇنچىلىك جەڭلەرنى سەن قىلسەڭۇ، يەنە گېزىتلەرگە نادەمنى، رەيھاننىلا يازغىنى نېمىسى؟

گايىت كەسكىن جاۋاب بەردى:

— باشقىلارنىمۇ يازدى، ئۇلارنىمۇ يازغىنى توغرا.

— توغرىلىقى توغرا، لېكىن شۇ چاغدا مەھەللىگە چىقسام، كىشىلەر: «گايىت ئىككىڭلار نادەمچىلىك بولالمىدىڭلارمۇ، ئۇنى قالتىس يېزىپ كېتىپتۇ» دېيىشىدۇ، ئۆلمىدىم، ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇم دېگىنە، — ۋارىسجاننىڭ گەپلىرى گايىتنى ئويلاندۇرۇشقا باشلىدى ۋە ئۇ جىمىپ كەتتى.

— تاماكىدىن يەنە بىر يۆگىگىنە، — دېدى ئۇ ئۇھ تارتىپ.

ۋارىسجان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇ چاغدا سەن بىر ئەترەتنىڭ كوماندىرى، سېنىڭ يازسا ئەرزىگۈدەك شۇنچە نۇرغۇن باتۇرلۇقلىرىڭ بولغاندىكىن، ئاۋۋال سېنى، ئاندىن جەڭچىلىرىڭنى يازسا بولماسمىدى؟

— مەيلى ئەمەسمۇ ...

— ھەممىگە مەيلى، دەۋەرسەڭ، يۇرت ئالدىدا ئادەم ئوسال بولۇپ قالىدىكەن، — دېدى ئۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرەمباغلار ئېلىنىپ، ئەنۋەرنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ بېرىشقاندا، مۇخبىرلارنىڭ ئۇنى يازماقچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، لېكىن ئەنۋەرنىڭ ئاۋۋال نادەمنى، رەيھاننى يېزىشنى تاپىلىغانلىقىنى، گايىتنى تىلغىمۇ ئېلىپ قويمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— بوپتۇ، ئۇكا، بىزنىمۇ يازىدىغانلار چىقىپ قالار.

— ئەمدى ھەرقانچە يازسىمۇ ئاشۇلاردىن كېيىن ـ دە، كېيىن تۇرىدىكەن دەيدۇ ـ دە...

ئۇرۇش ھەر قىسىما قىسمەتلەرگە، ئادەم ئىشەنمىگۈدەك

www.uyghurkitap.com

قىسسەلەرگە باي بولىدۇ: ئۆلدى دەپ سانالغان جەڭچىنىڭ قانلىق مەيدان ئىچىدىن ھاياتقا كۆز ئېچىپ ئۆمىلەپ كېلىشى، تامىاق ئېتىشتىن باشقا ھېچ ئىش بىلەن كارى بولمايدىغان ئاشپەزنىڭ بىر چەيدو بىلەن ئىككى قورالىلىق دۈشمەننى قول كۆتۈرتكۈزۈشى، رازۋېدكىچىلارنىڭ دۈشمەن ئىچىگە كىرىپ، ئىشتاب باشلىقىنىڭ خەرىتىسىنى ئوغرىلاپ كېلىشى — كۈندە بولىسىمۇ، كۈندە بولۇپ تۇرىدۇ. تىنچ ھايات كەچۈرۈۋاتقانلار ئۈچۈن بۇ ھەيران قالارلىق ئىش بولغان بىلەن، ئۇرۇش قىلىۋاتقان جەڭچىلەر ئۈچۈن كۈندىلىك تىرىكچىلىكتىكى ئاددىي، ئادەتتىكى ئىشلاردەك ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. بۇ ئىشلار گېزىتلەرگە بېسىلسا، ئەلۋەتتە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر قوزغايدۇ. غۇلجىدا چىقىدىغان گېزىتلەرنىڭ مۇخبىرلىرى ئاخشام داخېيەنزىگە كەلگەن، ئۇلار كېچىلەپ يول يۈرۈپ (بۇ چاغدا داخېيەنزى بىلەن يىنجۇخۇ ئارىلىقىدا گومىنداڭنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېچىسى يول يۈرۈلەتتى.) بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. پولك سىياسىي باشقارما باشلىقى مۇخبىرلارنى باشقا زېمىلانكىلاردىن چوڭقۇرراق ياسالغان «بالىنىست» دەپ ئاتىلىدىغان، ھازىر بولسا گايىت ياتقان ئازادە ئۆيگە باشلاپ كىردى. بېشى داكا بىلەن تېڭىلغان گايىت ۋارىسجان بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— مانا بىزنىڭ گايىت، — دېدى سىياسىي باشقارما باشلىقى مۇخبىرلارغا ئۇنى تونۇشتۇرۇپ، — جەڭچىلىرىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن، ئۆلۈم مەيدانىدا قېلىشقا رازى بولغان ۋە ئۇ يەردىن ھالسىز ھالدا پەم بىلەن سالامەت كەلگەن، قورقۇمسىز روتا كوماندىرىمىز.

— مانا، ئەمدى ھاياتىمنى ساقلاپ قالغان جەڭچى، — دەپ ۋارىسجاننى كۆرسەتتى گايىتمۇ، — ئەگەر بۇنىڭ چاققان - چەبدەسلىكى، جەسۇرلۇقى بولمىسا، پېقىر ئۆزىنى ئۇ دۇنيادا كۆرەتتى.

سىياسىي باشقارما باشلىقى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇخبىرلار خاتىرە دەپتەرلىرىنى ئېچىشىپ، گايىت، ۋارىسجانلار بىلەن سۆھبەتكە كىرىشتى.

*　*　*

ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان دۈشمەننىڭ يېقىندىن بېرى تەھدىتى، ھۇجۇمى كۆپىيىۋاتقانلىقتىن ئەنسىرىگەن گۇمانىي دەلىللەرنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن پولك ئىشتابى جايلاشقان زېمىلانكىغا باتالىيون كوماندىرى ئەنۋەر كىرىپ كەلدى:

— يولداش پولكوۋنىك، — دېدى ئۇ ھۆرمەت بىلەن ئوڭ قولىنى چېكىسىگە ئېلىپ، — يېقىندىن يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىش ئۈچۈن كەلدىم.

— راھەت، قېنى سۆزلە!

— يېقىندىن بېرى روتىلارغا قوشۇۋېتىلگەن ئەسىرلەرگە قاراۋۇللۇق نۆۋىتى كەلگەندە، يوقاپ كېتىدىغان، باشقىلىرى ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى يوشۇرىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىۋاتىدۇ ...

— يوشۇرىدىغانلار بۇرۇنقىلاردىنمۇ؟

— ياق، قوشۇلغانلاردىن.

ئىزامىدىن ئويلىنىپ قالدى.

— سۈرۈشتۈرۈلمىدىمۇ؟

— سۈرۈشتۈرۈلدى، يولداش پولكوۋنىك، نەتىجە چىقمايۋاتىدۇ.

پولكوۋنىكنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى ئەتراپىدا ئۈششاق قورۇقلار كۆرۈندى. بۇنداق ھالەت ئۇ جىددىيلەشكەندە پەيدا بولاتتى.

— ئۇلارنى ياخشى تاماق، ئېسىل ھاراقلار بىلەن مېھمان

قىل.

ئەنۋەر تەئەججۈپلەندى:

— ھە؟ ...

— ئاندىن سۈرۈشتۈر، ھەممىنى ئۆزلىرى سۆزلەيدۇ. سەن تېخىچە دۈشمىنىڭنىڭ مىجەز - خۇلقىنى بىلمەمسەن؟

— قايتىشقا رۇخسەت قىلىڭ.

— بۈگۈندىن قالمىسۇن!

— خوپ، بولىدۇ!

— قايت.

ئەنۋەر بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى ۋە ئۇدۇل خوجىلىق بۆلۈمىگە كىرىپ تاماق زاكاز قىلدى: سەككىز خىل سەيلىك تۆت جوزا، سەككىز بوتۇلكا ئاق هاراق، سەككىز بوتۇلكا قىزىل هاراق، يىگىرمە تۆت قاچا مەنپەر.

ناگان - ناگاندا ئېتىلىپ قالىدىغان ئوقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېنجۇخۇدا تىنچ، جىمجىت جەڭچىلىك ھايات يەنە باشلىنىپ قالدى. لېكىن، بۇ جىمجىتلىقنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. جەڭچى قەلبى ئەلۋەتتە يەنە بۇ جەڭلەرنىڭ بولۇشىنى سېزەتتى - يۇ، قايسى تەرەپتە بولىدۇ، بۇنى ئېيتىپ بېرىش قىيىن ئىدى. ھازىر جەڭچىلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشى، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى سۆزلەش ئىدى. شۇڭا، جامالىدىن بىلەن ئاراش ئابدۇۋەلىنى ئۇنىمىغانغا قويماي، ئۇرۇلۇپ قالغان سەرگۈزەشتىنى سۆزلەشكە ئاچىقتى.

— سائەت ئون ئىككىدە ماڭا قاراۋۇللۇق نۆۋىتى كېلىدۇ، — دەيتتى ئابدۇۋەلى كەينىگە شوخشۇپ.

ئۇنىڭغا قويامدۇ، ئىككىسى ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدىن تۇتۇپ - تارتىپ زورلايتتى.

— سائەت ئون ئىككىگىچە سۆزلەيسەن، مۇشۇ يەردىنلا قاراۋۇللۇقۇڭغا بارىسەن ...

— تاتلىق ئۈيقۇڭنى بۇزۇشمۇ يوق ...
ئۇلار قارىياغاچ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ يەرگە بۈگۈن نادەم بىلەن رەيھاننىڭ كەلمىگىنىگە ھەيران بولغان ۋارىسجان يانپاشلاپ ياتقان ھېلىقى قومۇشلۇق يېنىدىن كەلدى:
— مەنمۇ ئاڭلاي.
ئابدۇۋەلى ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىنى سۆزلەشكە چۈشتى.
«شۇنداق قىلىپ، ئەختەربۇۋى بىلەن كېلىشىپ قالدۇق. مەن ساۋات چىقىرىدىغانلارنى ئوقۇتۇپ بولۇپ، ئەل ئايىغى بېسىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى يوغان باغقا بارىمەن، ئەختەربۇۋى ئاتا - ئانىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا ئاستا باغقا چىقىدۇ. شۇ يەردە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدۇق. بىز بىر - بىرىمىزگە شۇنداق ئىچەركىشىپ كەتتۇقكى، بىر - ئىككى كۈن كۆرۈشەلمەي قالساق، تۇرالماي قېلىشاتتۇق. قىش ئايلىرى كەلگەندە بىزنىڭ كۆرۈشۈشىمىز قىيىنلاشتى. بۇنىڭغا يەنە ئەختەربۇۋى ئامال تاپتى، ئۇ دادىسىدىن شۇنچە قورقسىمۇ، يېرىم كېچىلەر مەزگىلىدە دادىسىنىڭ كونا جۇۋا، قولاقچا، پىيمىلىرىنى كىيىپ، خۇددى بىر ئەر كىشىدەك سۈرەتتە بىزنىڭ ياتاققا كېلەتتى. مەن كۆيۈك، ئىشق - مۇھەببەتتە ئەرلەرگە قارىغاندا قىزلار چىڭمىكىن دەيمەن، ئۆز مۇھەببىتىگە سادىقلىق، ۋاپادارلىقتا ئەگەر بېشىغا مەڭگۈلۈك جۇدالىق كەلسە، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان قىزلارنى كۆردۈم، ئۇلار كۆيۈكتىمۇ شۇنداق، ۋاپا - ئەقىدىدىمۇ شۇنداق! ئۇ كەلگەندە، مېنى ئىزا تارتقۇزۇپ قۇرۇق كەلمەيتتى، توخۇم پوشكىلى، سامسا، پىشقان گۆشلەرنى ئەكېلەتتى. تېخى قاراپ ئولتۇرۇپ ماڭا يېگۈزمىگۈچە كۆڭلى تىنمايتتى.
بىر كۈنى ئۇ بېشىنى كۆكسۈمگە قويۇپ تۇرۇپ سورىدى:
— ئابدۇۋەلى، مېنى راست ئالامسىز؟
ئۇنىڭ سوئالى مېنى تەئەججۇپلەندۈردى.
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

www.uygurkitap.com

— سوراۋاتىمەن ـ دە ... — ئۇ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇراتتى.

— ئالمايچۇ؟

— راستىمۇ؟

— راست بولمايچۇ ...

ئۇ ھەرقاچان مېنىڭدىن ئۈستۈن تۇراتتى:

— ئەمىسە، نېمىشقا ئۆيگە كىشى كىرگۈزمەيسىز؟

راستىنى ئېيتسام، مەن بۇ توغرۇلۇق تېخى ئويلاشمىغانىدىم، لېكىن ئويلىماپتىمەن دېگىلى بولامدۇ؟

— سىز بىلەن مەسلىھەت قىلماقچىدىم، كىشى كىرگۈزسەم، دادىڭىز ئۇنارمۇ؟

— دادام ئۇنىماي قالسا قانداق قىلىسىز؟

ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش تەس ئىدى.

— ئۇنىماي قالسا ...

— ئۇنىماي قالسا بوپتۇ دەيدىكەنسىز ـ دە؟

— ياق، بىر ئىلاجىنى قىلارمىز ...

— دادام راست ئۇنىماسلىقى مۇمكىن، ئۇنىمىسا، قېچىشنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟

مەن چۆچۈپ كەتتىم.

— قېچىش؟ ...

— بىزنىڭ بۇ يەردە ئەپقاچمىغان ئەر ئەمەس، دەيدىغان گەپ بار ...

مەن مۇنداق گەپنى ئاڭلىغان بولسامموۇ، لېكىن بىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن بۇنداق قىلىش نومۇسقۇ، دەپ ئويلايتتىم.

— ئىش كەينىگە تارتسا، بەلكى شۇنداقمۇ قىلارمىز، — دېدىم.

— تېخى ئەپقېچىپ ئۆيلەنمىسە، ئۆيلەنگەندەك بولمايدىغان، قېچىپ تەگمىسە، پۇخادىن چىقمايدىغان، ئۇنىڭسىز ئۆتكەن توينىڭ ئەتىۋارىمۇ بولمايدىغان ئادەتمۇ بار، — دېدى ئەختەربۇۋى

كۆلۈپ تۇرۇپ.

ئىككىمىزنىڭ مەسلىھەتى شۇ بولدى: باھاردا توي قىلىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق.

باھار ئايلىرىمۇ كەلدى. يېزىنىڭ بىر ئاقساقىلى بىلەن يەرلىك بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنى ئەلچىلىككە ماڭدۇردۇم. بىرىنچى قېتىمدا دادىسى مەسلىھەت قىلايلى، دەپتۇ. ئىككىنچى قېتىمدا: ئۇ مېنىڭ قىزىمنىڭ خىلى ئەمەس ھەم ئۇنداق دەھرىينىڭ بالىسىغا بېرىدىغان قىزىممۇ يوق ... دەپتۇ. «خىلى ئەمەس» دېگىنى — گاداي كۆرۈۋاتقىنى، «دەھرىينىڭ بالىسى» دېگىنى — دادامنى دىنسىز دېگىنى ئىدى. ئەمدى دادامنى نېمىشقا «دەھرىي» دەيدۇ؟ بۇنى ئازراق سۆزلەي: دادام كەمبەغەل بولغان بىلەن كىتاب ئوقۇيالايدىغان، ئەرەب - پارس تىللىرىدىن ئازراق ساۋاتلىق، كونا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى پىششىق بىلىدىغان، ئۆزىمۇ ئانچە - مۇنچە شېئىر يېزىپ قويىدىغان ئادەم ئىدى. دادام دىنسىز ئەمەس، ئەمما ياخشى - يامان ئىشلار پېشانىگە يېزىلغان بولىدۇ، دەيدىغان خۇراپىي قاراشلارغا قارشى ئادەم ئىدى. بىر كۈنى مەھەللىمىزدىكى نەزىردە، كاتتا مەسچىتنىڭ بىر مەشھۇر ئىمامى خەتمىقۇرئان قىپتۇ. تۈگىگەندىن كېيىن، دادام:

— تەخسىر، نەزىر - چىراغ دېگەندە مۇسىبەت توغرىسىدىكى ئايەت ئوقۇلۇشى لازىم، سىلىنىڭ بۇ ئوقۇغانلىرى كۆچەت يېتىشتۈرۈش - ئاسراش توغرىسىدىكى ئايەت، مۇنداق قىلىسىلا بولامدۇ، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئۇسال ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىمام، دادامغا كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈرۈپتۇ. يەنە كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شۇ ئىمامنىڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپ قىرقى توشمايلا ئۆيلىنىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ ۋە شۇ مەھەللىدىكى بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى، بامدات نامىزىغا شۇ ئۆيدىن چىقىدىغانلىقىنى كىشىلەر كۆرۈپ قاپتۇ. خۇتبىگە چىقىۋېلىپ دائىم ئىنساب،

ئەخلاق، دىيانەت، ھايا ... توغرىسىدا تىنماي ۋەز ئېيتىدىغان بۇ ئىمامنىڭ رەسۋاچىلىقلىرىدىن غەزەپلەنگەن دادام مۇنداق شېئىر يېزىپتۇ:

بار ئىكەن بىر يۇرت ئىمامى يېشى يەتمىش ئىككىدە،
دەيدىكەن: كۆيگەن زىناخورلار دوزاخنىڭ تەكتىدە.
بىر كۈنى تاسادىپەن قازا يېتىپ خوتۇنىغا،
قاپتۇ نەۋرە ـ چەۋرىسى كۆز ياش تۆكۈپ مۈڭ ئىلكىدە.
بۇ قازا قىرقى تېخى توشماي تۇرۇپ، نەپسى تېشىپ،
ھەر يانغا قاتراپتۇ ئىمام ئۆيلىنىشنىڭ قەستىدە.
ئۇچرىتىپ قاپتۇ ئۇنى ئەسلىي مەھەللە بىر كۈنى،
چىققىنىنى بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىدىن تۈن ـ كېچىدە.
ئاغزىدا ھاتەم، ئەمەلدە ئۇ زىناخور بەتبەشەر،
بوپتۇ راست رەسۋايىئالەم ئەل ـ جامائەت كۆزىچە.
بىلمىدىم قادىر خۇدا بەرگەي ئاڭا قانداق جازا،
خوپ بولار قانداق جازا ھەم بۇ سۇپەت شەرمەندىگە؟!

دادامنىڭ بۇ شېئىرى ئەل ئىچىگە تارقىلىپ، جامائەت ئىچىدە زور قىزىقىش پەيدا قىپتۇ. ھېلىقى ئىمامنىڭ بۇنىڭ بىلەن ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ، دادامنى «ئەھلى ئۆلىمالار شەنىگە داغ چۈشۈردى» دەپ مەھكىمە شەرئىگە چېقىپتۇ. ئۇنىڭ چاقۇسى بىلەن دادام مەھكىمە شەرئىگە چاقىرىلىپ، ئاتمىش دەررە ئۇرۇش بۇيرۇلۇپتۇ. شۇ چاغدىكى غۇلجىنىڭ ئىلغار، خەلقپەرۋەر ئادىمى ئاۋاكرى شىيەنگەن بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ، دادامنى ئاتمىش دەررىدىن قۇتقۇزۇۋاپتۇ. دادامنىڭ ئىچى كۆچلۈك، ناھەق ئىشلارغا غەزىپىنى يوشۇرالمايدىغان ئادەم بولغاچقا، بىر كۈنى يەنە بىر سورۇندا: «ياخشى ـ يامان ئىشلار پېشانىگە يېزىلغان، بەندىنىڭ ئۇنى كۆرمىكى بەرھەق» ... دېيىلىۋاتقاندا، دادام غەزىپىنى باسالماي، ئۆمەر ھەييامنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇپتۇ:

ئەزەلدىن لېيىمنى ئەتكەنتى خالىق،
قىلماقچى ئىشىمنى بىلمىش ئۇ ئېنىق.
ھەر گۇناھ قىلسامۇ ھۆكمىدىن قىلدىم،
مەھشەردە جازالاش — بۇ نېچۇك مەنتىق.

شۇنىڭ بىلەن دادام يەنە مەھكىمە شەرئىيگە چاقىرىلىپ:
ئاۋۋالقى گۇناھلىرىغا توۋا قىلماي، يەنە ئۇستىلەپ گۇناھ ئۆتكۈزدى، دەپ يۈز دەررىگە بۇيرۇلۇپتۇ. بۇنىڭغا يەنە ئاۋاكرى شيەنگەن ئارىلىشىپ، ئەللىك دەررىنى سورىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن دادام قالغان ئەللىك دەررىنىڭ زەربىسى بىلەن ئۈچ ئايدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئەختەربۇۋىنىڭ دادىسىنىڭ، دادامنى «دەھرىي»، مېنى «دەھرىينىڭ بالىسى» دېيىشى مۇشۇ ۋەجىدىن ئىدى.
ئۇرغۇن ئادەملەر بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشتى:
بالىلىرىمىزنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سېلىۋالىدۇ، ئۆزى ياۋاش، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكەن بالا، بۇنىڭدىن يېڭىلمىسىلە، دېيىشتى، لېكىن ئۇ دېگەن گېپىدىن يانمىدى ۋە ئەختەربۇۋىنى ئۆيدىن چىقارمايدىغان بولدى ھەم ئوقۇتۇۋاتقان كىچىك بالىسىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى. بىزنىڭ كۆرۈشمىكىمىزمۇ قىيىنلاشتى. ھەتتا قېچىش ئۈچۈن مەسلىھەتمۇ قىلالمايدىغان ھالغا كەلدۇق، ياز ئايلىرىمۇ كەلدى، ۋاقىت بولسا چاپقاندەك تېز ئۆتۈۋاتىدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ تەقدىر دېگەن مۇشۇ دەپ يۈرەمدۇق؟...
بىر كۈنى كېچىدە بېغىغا باردىم ۋە بۆدۈنە بولۇپ سايرىدىم. ئەختەربۇۋى ئاۋازىمنى ئاڭلاپ باغقا چىقتى، چىقتى - دە، مېنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئاتتى، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى ... قانچە بەزلىسەممۇ توختار ئەمەس ئىدى. ئاخىر ئۇ:
— سىز ئۆيدىكى ئىشلارنى بىلمەيسىز، مېنى ئارا

ئۆستەڭدىكى[1] بىر بايغا توقاللىققا بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ، — كۆرۈشەلمەيدىغان ئوخشايمىز، دەپ بەك قورققانىدىم ...

— ئۇنداق بولسا قاچايلى، — دېدىم مەن جىددىيلىشىپ، — سىزمۇ، مەنمۇ تەييارلىقىمىزنى قىلايلى، ئۆگۈنلۈككە يېرىم كېچىدە مەھەللىدىن چىقىپ كېتىمىز. ئۇچرىشىدىغان يېرىمىز يالغۇز سۆگەت.

قاچتۇق. تاڭ سۈزۈلۈشىنىڭ ئالدىدا توقايغا[2] — يىراق تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردۇق. تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىزنى ئىزدەپ شاڭيۇنىڭ ئىككى ئادىمى توقايغا كەلدى. بۇ يەردىكى ياشلار بىزگە بولۇشقانلىقتىن، ئۇلار ئەختەربۇۋىنى ئەكېتەلمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جىمىپ قالمايدۇ، يەنە كېلىدۇ، دەپ ئويلاپ، شەھەرگە قاچماقچى بولۇپ تۇراتتۇق، ئىككى قوراللىق چېرىك بىلەن ھېلىقى ئىككىسى كېلىپ قالدى ...»

ھېكايىگە تازا بېرىلىپ كەتكەن جامالىدىن چىدىيالماي ۋارقىرىۋەتتى:

— ئەخمەق، دەسلەپتىلا شەھەرگە قاچماي، نېمە پايدىسى بار يېقىن يەرگە قاچقانىڭ ...

— بىز مۇنداق ئويلاپتۇق، — دېدى ئابدۇۋەلى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — «بولار ئىش بولدى، ئەمدى ئىككىسىنىڭ نىكاھىنى قىلىپ قويايلى، دەمدىكىن دەپ قاپتىمىز. خەير، بىز كېچىكىپ قاپتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئەختەربۇۋىنى مۆكتۈرۈۋېتىپ، مەن ئابرال تېغىغا ياماشتىم. ئۇلار مېنى كۆرۈپ قېلىپ، كەينىمدىن قوغلىدى. دەسلەپ ماڭا يېتىشىۋالغان چېرىكنى بىر مۇشت بىلەنلا تاغدىن دومىلىتىۋەتتىم. قالغان ئۈچى ئۈچ تەرىپىمدىن قورشاپ، مېنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۆلگۈدەك ئۇرۇشتى. ئاندىن پۇت ـ قولۇمنى باغلاپ، شەھەرگە ئېلىپ ماڭدى.

---

① ئارا ئۆستەڭ — يېزا ئىسمى.

② توقاي — يېزا ئىسمى.

ئەختەربۈۋىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم. مېنى باش ساقچىغا ئەكىرىپ سولاپ قويدى. ئەكىرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى چېرىكنى ئۇرغىنىم ئۈچۈن، مېنىمۇ ھوشۇمدىن كەتكۈچە ئۇردى ... شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئىككى ئايدىن كۆپرەك ياتتىم، يا سوراق قىلمىدى، يا چىقىرىۋەتمىدى. ئاخىر سىلەر ساقچى ئىدارىسىنى ئالغان كۈنى ئازاد بولۇپ چىقتىم ـ دە، قولۇمغا مىلتىق ئالدىم، ئۇدۇل بېرىپ ئەختەربۈۋىنىڭ دادىسىنى ئاتماقچى بولدۇم، لېكىن كوماندىرلار يول قويمىدى، ھازىرقى پەيتتىكى ئاساسىي دۈشمەن مۇستەبىت گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئىكەنلىكىنى، ئۇنى يوقاتمىغۇچە ئەركىن ـ ئازاد بولالمايدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈردى. ئۇرۇشقا قاتنىشىپ كەتتىم، سىلەر بىلەن مانا مۇشۇ يەرگىچە كەلدىم. ئېچىنىشلىق يېرى، ئۇرۇشقا مېڭىشتىن بىر سائەت ئىلگىرى ئەختەربۈۋىنىڭ مېنى ئىزدەپ شەھەرگە كىرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، بىراق مەن گازارمىدىن شەھەرگە چۈشەلمىدىم، چۈنكى جەڭگىۋار يۈرۈش سىگنالى يول قويمىدى. بۇياقتا ئاتلىنىپ كەتتۇق. ئەختەربۈۋى مېنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ، خۇشال بولغاندۇ ... ئاجايىپ شېرىن ئۈمىدلەر بىلەن شەھەرگە كىرگەن بولغىيدى ... ئازراق كېچىكىپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنگەندۇ؟ ... بۇلارنى ئويلىسام، ئىچىم تىت ـ تىت بولىدۇ، ئازابلىنىمەن، ئۆرتىنىمەن ... ئامال قانچە، جەڭگىۋار سەپ شۇنداق بولىدىكەن، خەت يازاي دېسەم، دادىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن ...»

ئاراش بىلەن جامالىدىن ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىغاندا، خۇددى ئابدۇۋەلىگە ئوخشاش، ئەختەربۈۋىگە چوڭقۇر ئېچىندى، قايغۇردى، ئازابلاندى ... ۋارىسجانچۇ؟ ئۇ ئۆزىگە ئېچىندى. كاشكى ئۇنىڭ ۋەدىلەشكەن شۇنداق يارى بولسىچۇ ... ئەگەر رەيھان ئۇنىڭغا يار بولغان بولسا، ئۇنىڭ يولىدا قانچە ـ قانچە جاپالارنى تارتىپ كەتسە، ھىجرانلىق ئوتىدا تولغىنىپ كۆيسە ...

ئۇ ئۆزىدىن قانچىلىك رازى بولۇپ كېتەر ئىدى — ھە! بەخت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ، شۇنداق ئاجايىپ قىسمەت نېمىشقا ئۇنىڭ پېشانىسىغا پۈتۈلمىگەندۇ؟ ... ئۇ ئاۋۋال ئىچىدە ئۆزىنى تىللىدى، ئاندىن نادەمنى تىللىدى. رەيھانىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرمىغان بولسا، مۇنداق ئازابقىمۇ قالمىغان بولار ئىدىم ... ئۇلار ئورنىدىن قوزغالغاندا، سائەتمۇ ئون ئىككى بولاي دەپ قالغانىدى. تولغان ئايىنىڭمۇ تېنىق ئاسمانىغا چىققىنىغا خېلى بولدى.

كەيپى ئۇچقان ئابدۇۋەلى قاراۋۇللۇقىغا ئاستا ماڭدى.

* * *

ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، قاپىقى سىلىنغان نىزامىدىن تېلېفونىستنىڭ يېنىغا كەلدى.

— يولداش پولكوۋنىك، ئالاقە ئۈزۈلدى، — دېدى تېلېفونىست.

تېلېفون سىمىنى ئۇلاش ئۈچۈن، ئىككى جەڭچى دەرھال ئاتلىق يولغا چىقتى. جىلە بولغان نىزامىدىن پولك ئىشتابى ئالدىدا دەممۇدەم سائىتىگە قاراپ تۇراتتى.

يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى ئاتلىقنىڭ بىرسى قايتىپ كەلدى.

— ئۇلاش مۇمكىن بولمىدى، يولداش پولكوۋنىك! — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ، — ئۇ يەرنىمۇ دۈشمەن ئىگىلەپ بوپتۇ، ئەسكى تاملىق بىلەن قارىياغاچلىقنىڭ ئىچى گومىنداڭچىلار بىلەن تولۇپتۇ ...

شۇ چاغدىلا نىزامىدىن بىردىنلا سەگەكلەشتى:

— سەپدىشىڭ قېنى؟

جەڭچىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

— ئۇ ... ئوق تېگىپ ... ئۆلدى.



www.uyghurkitap.com

ئۈچ كۈندىن بېرى ئوق - دورا يەتكۈزىدىغان هارۋىلار كەلمەيۋاتاتتى. تۈنۈگۈن كېلىشى كېرەك ئىدى، بۈگۈنمۇ يوق. نىزامىدىن: ھەممە يېقىمىز قورشىلىپ بوپتۇ - دە، دەپ ئويلىدى. ئوق - دورا بۇ يەرگە ئەللىك كىلومېتىردىن يىراقراق يەردىن — داخپيەنزىدىن توشۇلاتتى. ئەسلىدە ھارۋىلار بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېچىسى ماڭاتتى. تۈنۈگۈن كېچىسى ئۈچ ھارۋا يولغا چىققان، ئالدىدىكى ھارۋىنىڭ ئادىمى ئۇخلاپ قېلىپ، ھارۋىنىڭ بىر چاقى يول چېتىدىكى چوڭقۇر پاتقاققا چۆشۈپ كېتىپ، ئۇنى چىقارغۇچە تاڭ ئېتىپ كەتكەن. ھارۋىنى پاتقاقتىن چىقىرىپ، ئەمدىلا مېڭىشىغا ئىككى ئايروپىلان پەيدا بولۇپ، بومباردىمان قىلغان، نەتىجىدە ئۈچ ھارۋىدىكى ئوق - دورا پارتلاپ تۈگىگەن، نىزامىدىن بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەرسىز ئىدى.

نىزامىدىن دەرھال باتالىيون كوماندىرلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىردى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەھۋالىمىز ئېغىر، يولداشلار، ئەسىرگە ئېلىنىپ، قىسىملارغا قوشۇۋېتىلگەنلەر دۈشمەن بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىزنىڭ كۆپرەك ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىشىمىز ئاشۇلارنىڭ خائىنلىقىدىن، دۈشمەننىڭ بىزنىڭ ھەربىي پوزىتسىيەمىزنى بىلىپ قالغانلىقىدىن بولغان. ھازىر قورشاۋدا قالدۇق، ئەڭ ئېغىرى، ئوقىمىز تۈگەي دەپ قالدى، بىر تەرەپنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكىمۇ يەتمەيدۇ، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

باتالىيون كوماندىرلىرى نىزامىدىنىنىڭ مەلۇماتىدىن، ئەندىشىلىك سوئالىدىن سەگەكلىشىپ، جىددىي ئويغا پېتىشتى. قىسىملار ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئەندىشىسىز بۇ ئورۇننى مانا ئەمدى كۆزگە كۆرۈنمەس، ئەمما ئېغىر بىر خىل ۋەھىمە قاپلىۋالغانىدى. كوماندىرلار تاماكا يۆگەپ چېكىشتى ۋە كۆكۈچ تاماكا ئىسلىرىنى ئېغىز - بۇرنىدىن پۇرقىرىتىشىپ ئېغىر

جىملىققا چۆكۈشتى. خېلى ئويلىنىشلاردىن كېيىن، تەكلىپلەر قويۇلۇشقا باشلىدى: بەزىلەر، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، بىر تەرەپنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىش، بەزىلەر قىسىمنىڭ يېرىمىنى چېكىندۈرۈپ، قالغان يېرىمىنى قۇربان بېرىش، يەنە بەزىلەر، بىر ئامال قىلىپ داخېيەنزىگە سىۋەز① ئەۋەتىش تەكلىپلىرىنى بەردى. تېخى بەزى كوماندىرلار قىسىم ھازىرغىچە دۇچ كەلمىگەن بۇ ئېغىر ئەھۋالدىن مەڭدەپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي سۆزسىز جىم ئولتۇرۇشتى.

— ئالدى بىلەن بىز ئۇنۇملۇك بىر چارە تاپايلى، — دېدى بىرىنچى باتالىيون كوماندىرى ئەنۋەر، — بولمىغاندا پايدىسى ئاز بولغان چارىنى قوللىنىمىز. مېنىڭچە، داخېيەنزىگە يوشۇرۇنچە سىۋەز ئەۋەتىش كېرەك. بۇ يەردە داخېيەنزى تەرەپكە كېتىدىغان بىر كۆتۈرمە ئېرىق بار. ئۇنىڭ ئىككى ياقىسىنى ئۆسكىلەڭ ئوت - چۆپلەر، قومۇشلار قاپلاپ تۇرىدۇ. مۇشۇنىڭدىن نېمىشقا پايدىلانغىلى بولمايدىكەن؟...

جىددىي مۇزاكىرىدىن كېيىن يىغىندىكىلەر مۇنداق قارارغا كېلىشتى: كۆتۈرمە ئېرىق ئىچى بىلەن داخېيەنزىگە سىۋەز ماڭدۇرۇش كېرەك، سىۋەز پىيادە دەم ئالماي ماڭسا، ئۇ يەرگە ئون بىر، ئون ئىككى سائەتتە ئاران يېتىپ بارالايدۇ، دۈشمەن ئۇنىڭغىمۇ قاراپ تۇرمايدۇ - دە، شۇڭا ھەم قورقۇمسىز، ھەم پەملىك، ھەم ئاتقا مىختا بىر جەڭچىنى ئەۋەتىش كېرەك.

نىزامىدىن مۇنداق دېدى:

— سىۋەز دەرھال ماڭسۇن، بىز جىددىي جەڭ تەييارلىقىغا كىرىشەيلى! نەيزىلىشىش جېڭى، قوچاقلىما جەڭ مەشقى ئېلىپ بېرىلسۇن! قايتىڭلار.

نىزامىدىن ئەنۋەرنى ئېلىپ قالدى:

— كىمنى ئەۋەتىسەن؟

— باتىرغازىنى، ئۇ ئاتقا چېلىك، بايىقى شەرتلەر ئۇنىڭدىن

---

① سىۋەز — خەۋەرچى مەنىسىدە.

تېپىلىدۇ.
— بولىدۇ، ئۇنى چاقىر !
ئەنۋەر بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇن مىنۇتتىن كېيىن باتىرغازىنى باشلاپ كىردى.
— يولداش پولكوۋنىك ! چاقىرتىشىڭىز بويىچە كەلدىم، — دېدى ئۇ ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ تىك تۇرۇپ.
— راھەت، ۋەزىپەڭنى ئاڭلىدىڭمۇ؟
— ئاڭلىدىم.
— بۇ جىددىي، شۇنداقلا ئۇلۇغ ۋەزىپە، پۈتۈن بىر پولكنىڭ ھايات قېلىشى ياكى تارمار بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەزىپە !
— تەييارمەن، يولداش پولكوۋنىك !
— تەلىپىڭ بارمۇ؟
— بار.
— خوش؟
— بىرىنچىدىن ماڭا ئەڭ ياخشى ماۋزۇر بېرىلسە، ئىككىنچىدىن جىرەن قاشقىڭىزنى بەرسىڭىز.
نىزامىدىن كۈلۈمسىرىدى:
— ئال، ئۇنىڭدىن چوڭراقى بولسىمۇ ئال، قېنى، ئىنىم، ئىشىڭغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن، — نىزامىدىن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ خوشلاشتى.
قومۇش قۇلاقلىق يوغۇرۇك جىرەن قاشقىنى يېتىلەپ چىققان باتىرغازىنى يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن، نادىم ئۇنىڭ بىلەن كۆتۈرمە ئېرىق ياقىسىغا بىللە كەلدى. ئۇلار نېرىدىكى دۈشمەن ئىگىلىۋالغان ئەسكى تاملىق ۋە قويۇق قارىياغاچلىققا نەزەر تاشلىدى. كۆتۈرمە ئېرىق ئۇ يەرنىڭ شەرقىدىن يانداپ ئۆتەتتى.
— كېچىسى بولسىمىغۇ يىلاندەك تولغىنىپ ئۆتۈپ كېتەتتىم، — دېدى باتىرغازى، — ھازىرمۇ ئاشۇ خەتەرلىك جايدىن ئۆتۈۋالسىلا ئاتنى مىنىمەن ـ دە، چاپىمەن، ئۇچقۇر دۇلدۇل مېنى بىر سائەتنىڭ ئىچىدە داخىيەنزىگە يەتكۈزىدۇ.
باتىرغازى ئاتنى يېتىلەپ كۆتۈرمە ئېرىق ئىچىگە چۈشتى.

ئاتنى يېتىلەپ، ئۆزى بېشىنى ئېگىشتۇرۇپ ماڭسا، ئېرىق ياقىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەر، قومۇشلار ئۇنى يوشۇرۇپ قالاتتى. ئىككىسى قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ئاغزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىغىنى بىلەن ئۇلار بۇ خوشلىشىش، بەلكى ئاخىرقى خوشلىشىش بولۇپ قالار، دېگەننى ئويلىماقتا ئىدى.

— ياخشى بايقا، نېرىدىكى تۇزدىن توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلسە مېنى ئۆتۈپ كەتتى دەپ ھېسابلاۋەر، توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلمىسە ...

— قوي، مۇنداق سۆزۈڭنى، — دېدى نادەم، — يولۇڭ خەتەرسىز بولسۇن، مەن ئىشتابقا خۇش خەۋەر ئاپىراي، قېنى ماڭ.

نادەم باتىرغازىنى ماڭدۇرۇۋېتىپ، قارىياغاچقا ئېسىلىپ چىقتى ـ دە، ئۇ كەتكەن تەرەپكە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ناھايىتى ئاستا بىلىنمەكتە ئىدى، دەرەختىن تاشلانغان سايىمۇ قىمىرلىماي تۇراتتى. ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىكى ھاشاراتلارنىڭ چىرىلدىشى — ھەممە ياقنىڭ جىمجىتلىقىدىن، باتىرغازىنىڭ شەپىسىز كېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ شۇ تاپتا نەگە يېتىپ بارغاندۇ؟ ئەسكى تاملىقنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ كەتكەنمىدۇ؟ ياق، تېخى ئۇنچىلىك مۇساپە بېسىلمىدى، بىرەر تىۋىش ئاڭلانمىسىلا، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ۋە توپا ـ چاڭ تۇزۇتقان بولىدۇ. ئاڭلانمىغىنى تۈزۈك ...

بىراق، ئاڭلاندى، مىلتىق، پىلىموت ئاۋازلىرى ئاڭلاندى ! ... نادەمنىڭ ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. بېشى ئايلىنىپ، تۇتۇپ تۇرغان دەرەخ شېخى قولىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىپ، چىڭگىدە يۇمۇۋالغان كۆزىنى ئاچتى ـ دە، شۇ ياققا قارىدى. ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئىچىدە ماۋزۇر ئۈنىمۇ بار ئىدى. نادەمنىڭ تەشۋىشلىك يۈزى ئاقىرىپ كەتتى. «ئەگەر ئۆلگەن بولسا، ئوق ئاۋازلىرى نېمىشقا بېسىلمايدۇ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — جىرەن قاشقا قېنى؟ ئۇنىڭغىمۇ ئوق تەگدىمۇيا؟»... نادەمنىڭ كاللىسىنى

قالايمىقان خىياللار ئورنىۋالدى.

ئوق ئاۋازلىرىمۇ جىمىقىپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئادەمنىڭ يانغان كۆزلىرى يىراققا، ئىككى يانغا تەكشى قادىلاتتى.

نېرىدىكى تۇزدىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى.

— ئەنە، چىقتى! توپا ـ چاڭ! ...

ھاياجانلانغان ئادەم خۇشاللىقىنى يېنىۋالالماي ۋارقىرىۋەتتى. دەرەخ شاخلىرىنىڭ مىدىرلاپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان دۈشمەن ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. ئادەم دەرەختىن يىراقلا چۈشتى ـ دە، يۈگۈردى.

— يولداش كوماندىر، — دېدى ھاسىراپ كەلگەن ئادەم ئەنۋەرگە، — توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلدى! باتىرغازى ئۆتۈپ كەتتى، بىراق ئېتىشىش بولدى، ئاڭلىغانسىز؟ ... ئۇ يارىدار بولغان بولۇشى مۇمكىن ...

ئەنۋەر ئادەمدىن ئاڭلىغان خەۋەرنى نىزامىدىنغا تېز يەتكۈزۈش ئۈچۈن پولك ئىشتابىغا يۈگۈردى.

راست، باتىرغازى ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېتىنى يېتىلەپ ئەسكى تاملىقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، دۈشمەن قوماندانلار ئارىسىدىن چىرەن قاشقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە. ئوق ئۈزدى. باتىرغازى ئاتقا چاققانلىق بىلەن مىندى ـ دە، قارىنىغا چۈشۈۋېلىپ، ئېتىشىپ چاپتى. ئۇلار يوپۇرۈلۈپ كەلگەندە، باتىرغازى ئۈزاپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇنداق تېز چېپىپ بارغىنىچە، داخېيەنزىدە تۇرۇشلۇق پولكنىڭ كوماندىرىغا يىنجۇخۇدىكى ئەھۋاللارنى دوكلات قىلدى. پولك كوماندىرى دەرھال بورتالا، ئارىشاڭ، سىپېتوزا ۋە كەڭسايدىكى قىسىملارغا جىددىي تېلېفون بېرىۋېتىپ، ھايال قالماي ئۆز پولكىنى باشلاپ يولغا چىقتى.

نىزامىدىن پولك ئوفىتسېرلىرى، باتالىيون كوماندىرلىرىنى باشلاپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇردى. باتىرغازىنىڭ كەتكىنىگە ئىككى سائەت بولغانىدى. ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا سائىتىگە قارايتتى، مانا ئۈچ سائەتمۇ ئۆتتى، قارىياغاچقا

www.uyghurkitap.com



چىقىپ، شۇ ياقىنى كۆزىتىپ تۇرغان جەڭچى چاڭ ـ تۇزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرغۇن ئاتلىقلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ كەلدى. ئەسكى تاملىقتا قىسقا ئېتىشىش بولدى. داخېيەنزىدىن چىققان پولك، بۇ يەرنى قورشاپ كەچ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرغان دۈشمەن سەپلىرىنىڭ بىر تەرىپىنى بۇزۇپ يېتىپ كەلدى.

پولك كوماندىرلىرى بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت بىلەن چاس بېرىشىپ كۆرۈشتى. باتىرغازى جىرەن قاشقىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، نىزامىدىننىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، دوكلات قىلدى:

— يولداش پولكوۋنىك ! جىددىي ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلىپ كەلدىم ! — ئۇنىڭ يارىلىنىپ، داكا بىلەن تېڭىلغان سول قولى بوينىغا ئېسىلغانىدى.

— يارايسەن، باتىرغازى ! سەن قوش «باتۇرلۇق» ئوردېنىغا مۇناسىپ جەڭچىسەن ! سېنى يەنە «باتۇرلۇق» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلايمەن ! ...

نىزامىدىن ئالقىش ـ تەنتەنە ئىچىدە ئۆز كۆكسىدىكى «باتۇرلۇق» ئوردېنىنى ئېلىپ باتىرغازىنىڭ مەيدىسىدىكى «باتۇرلۇق» ئوردېنىنىڭ يېنىغا تاقاپ قويدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە پولك كوماندىرى نىزامىدىن باش ئىشتابقا تۆۋەندىكىچە خەت يازدى:

«... يېنجۇخۇدا ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى ھۇجۇم قىلىش ـ *ئىلگىرىلىمەسلىك، تىركىشىش ـ پەسىيىپ قېلىش؛ يەنە ھۇجۇم قىلىش — يەنە ئىلگىرىلىيەلمەسلىك، ئەمما قۇربان بېرىش — جانلىق كۈچلىرىمىزنى خورىتىش بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ يەردە مەلۇم ھەربىي كۈچ قالدۇرۇلسا، يەنە بىر قىسىم ھەربىي كۈچ تاغ ئىچى بىلەن شىخوغا يۈرۈش قىلسا، بۇ دۈشمەنگە ئېغىر ۋەھىمە ھەم تەھلىكە سالىدۇ، بۇ ۋاقىتتا يېنجۇخۇنىمۇ، شىخونىمۇ ئېلىش ئاسان بولۇشى مۇمكىن، بەلكى بىر ۋاقىتتا بولار، تېزرەك ئويلىشىپ بېقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن ھەم بۇيرۇق كۈتىمەن.»*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

# تۆتىنچى باب

ئۇيقۇنىڭ قەدرى جەڭچىلەرگە ئەڭ كۆپ ئۆتۈلىدۇ. ئۇيقۇسىراپ كەتكەندە، سەپتە كېتىۋېتىپ ئۇخلاپ قېلىش — ئادەتتە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئەھۋال. قاش قارايغاندا بىرلا بۇيرۇق بىلەن يولغا چىققان جەڭچىلەر يېرىم كېچىگىچە توختىماي يۈردى. ئەمدى دەم ئېلىشقا بۇيرۇق بېرىلىدۇ، دەپ تۇرغاندا، بىردىنلا يامغۇر يېغىپ قالدى. كۆزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغان ۋاقىتمۇ بېرىلمىدى، راسا تۇتۇپ كېلىۋاتقان تاتلىق ئۇيقۇ خۇمارىمۇ تارقىلىپ كەتتى. ئۈستىباشمۇ، تاشلىق يولمۇ چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ، يۈرۈش قىيىنلاشتى. بىراق، سەپتە تۇرغانلار تېتىكلىشىپ سالقىنلاپ قالغاندى.

يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى. ھېلىلا جەڭچىلەر بىلەن كۆز قىسىشىپ ئوينىغان يۇلتۇزلار يۈزى قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلىنىپ، سەللا نېرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەگەر يول سايلىقنىڭ ئىچى بولمىغاندا، ئادىشىپ كېتىش مۇمكىن ئىدى.

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى.

يامغۇر سىمىلداپ يېغىپ توختاپ قالدى. بىر كېچىلىك قاتتىق يۈرۈش بىلەن پولك تاڭ ئاتقاندا تاقىر تاغلىق — قويتاشقا كەلدى. بۇ يەر قىشلاق ئىدى. تاملىرى تاشتىن قوپۇرۇلغان، ئۈستى ئەگرى - بۈگرى تېرەك، شاخ ۋە قوي قىغلىرى بىلەن يېپىلغان ھاڭغىرقاي ئۇچۇق ئەسكى ئۆيلەر پاكار تاغ باغرىدا غېرىبسىنىپ تۇراتتى. ئالدىدا يېتىپ كەلگەنلەر بەزى ئۆيلەردە ئۈزۈنلۈقى ئۈچ مېتىر، توملۇقى بىلەكتەك يىلانلارنى كۆرۈپ قالمىغان بولسا، جەڭچىلەر مۇشۇ

ئۆيلەرگە كىرىپ ئۇخلاپ كەتكەن بولاتتى، ئۇنىڭسىزمۇ كوماندىرلار هۆل كىيىم بىلەن ئۇخلاشقا رۇخسەت قىلمىدى. ھەممىسى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى سېلىپ سىقتى - دە، تاشلارغا يېيىشتى.

پولكنىڭ ھەمشىرە قىزلىرىمۇ ھېلىقى ۋەيرانە ئۆيلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كىيىملىرىنى سېلىپ سىقتى ۋە شۇ چاغدىلا بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشتى.

— قىزلار، نېمىگە ئوخشاپ قالدۇق؟ — دېدى ھەجەر ئىچ كىيىمى بىلەن دىرىلداپ تىترەپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقان دوستلىرىغا كۈلۈپ قاراپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن قىزنىقچىلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

رەيھان جاۋاب بەردى:

— نېمىگە ئوخشايتتۇق، مايمۇنغا ئوخشاپ قالغاندىمىز.

— مۇشۇ تۇرقىمىزدا بىزنى يىگىتلەر كۆرسە، بەدەر قاچىدۇ، جۇمۇڭلار ...

— ھەرقانداق سەتلىرى بولسىمۇ دېگىنە ...

— ئالۋاستى كۆردۇق دەيدۇ - دە.

— ئادەم دېگەن كىيىم بىلەنلا ئادەم ئىكەن - دە، بولمىسا ئاجايىپلا مەخلۇققا ئوخشاپ قالىدىكەنمىز.

— بەزى بېزەڭلەرغۇ، قاچماق تۇگۇل، — دېدى بىرسى، — ھېجىيىپ قاراپلا تۇرار ...

— چىرايلىرىمۇ بىر قىسما بولۇپ كېتىدۇ - دە.

— تېخى بىزنى ماراۋاتقانلار بارمۇ، كىم بىلىدۇ، — ھەممىسى ئەتراپىغا قاراپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كۈلكە سادالىرى تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ جاراڭلاپ، يېقىن ئەتراپتىكى كەكلىكلەرنى يىراققا قاچۇرۇۋەتتى.

ھەجەر تىنىم تاپماي قىزىق گەپلەرنى قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمىگەن ئىشلارنى سۆزلەپ كۈلدۈرەتتى:

— ئەگەر كىمدىكىم شۇ تاپتا ئوغۇللارغا قارىيالىسا، ئۇنى

www.uyghurkitap.com

باتۇر دەيمىز، ــ دېدى ئۇ رەيھانغا قاراپ، ــ قېنى سەن قاراپ باققىنا، ئۇلار قانداق بولۇپ قالىدىكىن؟

ــ قارىغۇڭ كېلىپ كەتكەن بولسا، ئۆزۈڭلا قاراپ باتۇر بولۇۋالامسەن، قېنى، مەرھەمەت ...

ــ ھېلى بەدەر قاچىدۇ دەۋاتاتتىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ قارىغۇسى كەپتۇ ـ دە...

قىزلار كۈلۈشتى.

رەيھان بىردىنلا چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، ئويچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك مۇنداق دېدى:

ــ بىر زامانلار كېلىپ، بالىلىرىمىزغا بىزمۇ شۇنداق تۇرمۇشلارنى ئۆتكۈزگەن، دەپ سۆزلىسەك، بەلكى ئۇلار ھەيران قالار، ئازادلىق، تەڭلىك، باراۋەرلىك ئۈچۈن مۇشۇنداق ئازابلىق سەپەرلەرنى قىلغانلىقىمىزنى ئۇلار نەدىنمۇ بىلسۇن.

ــ بىز دەيمىز ـ دە، ــ دېدى ھەجەر ئۇنىڭغا ئۇلاپ، ــ كۆرەڭلىمە، ھارىمىلار، سەنلەرنىڭ خاتىرجەم ياشىشىڭغا بىز ئاساس سالغان، ئۇ چاغدا ...

ــ ئۇ چاغدا، بىز ئاشۇ زېمىنلارنى ياد ئېتىپ ـ قويۇپ، جەڭ قىلمىغان بولساق، سىلەر بۇ ئاپپاق، ئازادە ئۆيلەرگە ئىگە بولالمايتتىڭلار، بىز ئاشۇ چۆل ـ ئېدىرلاردىن، تاغ ـ داۋانلاردىن ئاشمىغان بولساق، سىلەر بۇ رەتلىك، باراقسان، چىراغلىق كوچىلارنى كۆرمىگەن بولاتتىڭلار، دەيمىز ـ دە. كېيىنكى ئەۋلادلار ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ تارىخىنى بىلمىسە، خۇددى قارىغۇ ئادەمدەك تەمتىلەپ ماڭالماي قالامدۇ؟! ...

رەيھان ھاياجىنىنى بېسىپ، تاغ شاماللىرى يۈزىگە يايغان چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ كەينىگە سۈردى.

ئادەملەر ئۆزىگە ئىشەنسە، قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ھەقلىقلىقىغا كۆزى يەتسە، ھەرقانچە خەتەرلىك سەپەرلەردىمۇ كەلگۈسىنى ــ كېلەچەكنى ئويلايدۇ.

ھەمشىرە قىزلار كىيىملىرىنى شامالدىتىپ قۇرۇتۇشتى ۋە پۈرلەشكەن يەرلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئالىقانلىرى بىلەن بېسىپ، رەتلىك كىيىۋېلىشتى. بېشىغا ئىسپانكا، ئۇچىسىغا گىمناستوركا — يوپكا، ئايىغىغا ئۆتۈك خوپ ياراشقان جەڭگىۋار ھالەت ئەسلىگە كەلدى.

— قېنى يۈرۈڭلار، — دېدى ھەجەر، — ئەمدى ئادەم سىياقىغا كەلدۇق.

ئۇلار تاملار كەينىدىن چىقىپ، تاغ باغرىدىكى كەڭرى سايغا كەلدى. جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى يانپاشلىغان ـ ئۇخلاشقان، بەزىلىرى ئۆتۈكلىرىنى كىيىشىۋاتقان ۋە بەزىلىرى تۆت ـ بەشتىن بولۇشۇۋېلىپ، قىزىق پاراڭلارغا چۈشكەنىدى.

باتىرغازى ئەتراپىغا يەتتە ـ سەككىز ئادەمنى يىغىۋېلىپ، ئالداركۆسىنىڭ قىزىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ، ئۇلارنى راسا كۈلدۈرۈۋاتاتتى. قىزلار كۈلكە كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۇ توپقا كېلىپ قوشۇلدى.

— قېنى باتىرغازى، قىزلارغا ئاتاپ، قىزىق گەپلىرىڭنى باشلىغىنا، — دېدى بىرسى.

— سۆزلىسەم سۆزلەي، ئەمما قاچمايسىلەر، — دېدى ئۇ گېپىنى باشلاپ، — بىر يېزىدا بىر بەگ ئۆتكەنىكەن، بەگ چار ساقاللىق مەزگىلىدە، خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر خوتۇن ئاپتۇ. ئىككى خوتۇن بىر ـ بىرىدىن بەگنى كۈنلەيدىكەن، بەگ چوڭ خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۇ، كىچىك خوتۇن بۇنىڭغا ئامراق بولۇپ كەتمىسۇن، دەپ ساقىلىنىڭ قارىسىنى يۇلىدىكەن؛ كىچىك خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۇ چوڭ خوتۇن ئۆزىگە قارىتىۋالمىسۇن، دەپ ساقىلىنىڭ ئېقىنى يۇلىدىكەن؛ شۇنداق قىلىپ، بۇ بەگ بىر ئايغا بارمايلا كوسا ئادەم بولۇپ قاپتۇ.

ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. قىزلار قىزىرىپ ئورنىدىن تۇردى.

باتىرغازى كۈلمەي:

— توختاڭلار، توختاڭلار بۇدا ئوغۇللارنى ئوخشىتىمەن... — دېدى.

ھەجەر كەينىگە قايرىلىپ:

— شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بەگ تازا سەت خوتۇنغا ئايلىنىپ قاپتۇ، دەڭە، — دېدى.

جەڭچىلەر ئېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشتى:

— ئۆلە، باتىرغازى، مانا ئوخشاتتى دېگەن ...

بۇ چاغدا ئىزامىدىن تاغنىڭ بېشىدا ئىدى، ئۇ شەرق تەرەپكە نەزەر تاشلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ گەۋدىلىك بەستى، تىك تۇرغان قامىتى شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتىكى، تۆۋەندىن قارىغان ئادەمگە ئۇ تاغ ئاستىدىكى جەڭچىلەرنى ئەمەس، گويا مۇشۇ تاغلارنى يېتەكلەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ مۇرىسىدىكى پاگوندا ئىككى بالداق، ئۈچ يۇلتۇز، پېشانىسىدىكى كاكار، ئۆتكۈر كۆز نۇرىدا ۋالىلداپ تۇراتتى. ئۇ گەۋدىسىنى ئاستا بۇراپ غەربكە نەزەر تاشلىدى ۋە دۇربۇنىنى كۆزىگە تۇتۇپ، ئۇزاق قاراپ تۇردى. ئۇ كېچىدىن تارتىپ ھازىرغىچە — چوش بولاي دېگۈچە ئۆز جەڭچىلىرىنىڭ ئاغزىغا بىر چىشلەم نان سالمىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ غەربكە كۆپرەك نەزەر تاشلايتتى ۋە توق كىشىلەردەك غەمسىز ھالدا قىزىق - قىزىق گەپلەر، كۈلكىلەر بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋاتقان جەڭچىلەرگە زوقلىنىپ قارايتتى.

ئەنە، ھارۋىلار، تۆگىلەر كارۋىنى كۆرۈندى.

گۇرۇپپا - گۇرۇپپا بولۇپ ئولتۇرۇشقان جەڭچىلەر نان بىلەن پىشقان گۆشنى مەززە قىلىپ يېيىشتى.

ھارۋىنىڭ يېنىدىن بىر يىگىتنىڭ ئاۋازى جاراڭلىدى:

— ئاغىنىلەر، خوش خەۋەر! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، خوش خەۋەر، ئابدۇقادىرنىڭ شېئىرى چىقىپتۇ! ...

ئۇنىڭ قولىدا گېزىت پۇلاڭلايتتى، بىرنەچچىسى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. گېزىت قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، بىرسى ئەمدىلا

ئىككى قۇرنى ئوقۇغۇچە، يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ، ئاندىن كۆڭۈلدىن بىلىۋېلىشقا تىرىشىپ، بىرسى تارتىپ كېتىپ، شۇ تەرىقىدە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئاخىر ئۇ ئەنۋەرنىڭ قولىغا تەگكەندىلا ئاندىن توختىدى. جەڭچى ئابدۇقادىر خۇشال بولسىمۇ، لېكىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى.

كوماندىر ئەنۋەر «ئويغان» گېزىتىنىڭ شېئىرلار بېسىلغان بىر بېتىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:

— سىلەر شاۋ ـ شۇۋ قىلماي، دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭلار، مەن ئالدىرىماي ئوقۇپ بېرەي، — ئۇ ئابدۇقادىرنىڭ «كەلدۇق» ماۋزۇلۇق شېئىرىنى زوق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

«بوۋام سادىر دىيارىغا چېلىش بىرلەن يېتىپ كەلدۇق،
رەقىبلەر كۆكسىنى چەيلەپ، يۈرەكىنى مىجىپ كەلدۇق.

‹ئويغان› مەشئىلى بىزنى راسا پەيتىدە ئويغاتتى،
كۈرەشتە ھەممەپەس بولماق ئۈچۈن جاننى تىكىپ كەلدۇق.

ئۇلۇغ جاي ھەم ئۇلانبۇلاق ئېتەكى كەڭ، گۈزەل يايلاق،
ئاشۇ جايلاردىكى جەڭدە نى قۇربانلار بېرىپ كەلدۇق.

رەقىب قۇربانلىرى سانسىز بۇ يولنى توسسىمۇ چەندان،
مۇشەققەت، جەبرۇزۇلمەتنى چېلىش بىلەن يېڭىپ كەلدۇق.

ئاسانغا چۈشمىدى مەقسەت شېھىتلەر قەبرىسىز قالدى،
نىجاتلىق ئىشقىدا يانغاچ قىزىل قانلار كېچىپ كەلدۇق.

بۇ يولدا كۆپ خەتەرلىككە يولۇقساقمۇ پىسەنت قىلماي،
ۋەتەن ئازادلىقىنى دەپ داۋانلارنى ئېشىپ كەلدۇق.

مۇبارەك ئەي ئېلى خەلقى ئازادلىق تۇغى ـ ھۆسنۈڭگە،
قىلايلى جەڭ ئارا جەۋلان، بۇ لەززەتنى تېتىپ كەلدۇق.»

شېئىر ئوقۇلۇپ بولغاندا، جەڭچىلەر ئالقىش ياڭراتتى ۋە ئابدۇقادىرنى تەرىپلەشلەر تەرەپ - تەرەپتىن كۆتۈرۈلدى:

— يېتىشكەن شائىر ئىكەنسەن. قورساقتا ھۆنەر تولا دېگىنە ...

— ئىنقىلابىمىزنىڭ تارىخىنى يازىدىغان ئادەم تېپىلدى.

— يۇرۇشلىرىمىزنىڭمۇ ...

— بۇ شېئىردا يوشۇرۇنغان بىر جەڭگىۋار تارىخ بار ئىكەن، — دېدى جامالىدىن، — بۇنى ئېچىپ بەرمىسە بولمايدۇ - دە.

— توغرا، — دېدى نادەم، — شائىرنىڭ شېئىرى جەڭچىنىڭ ئوقىدەك بولۇش كېرەك، دېگەننى ئاڭلىغانىدۇق، مانا ئابدۇقادىرنىڭ شېئىرىمۇ، ئۆزىمۇ بىز بىلەن جەڭگە قاتنىشىۋاتىدۇ - دە...

— ئابدۇقادىر ئىككى كىشىلىك جەڭ قىلىۋاتىدۇ.

— سۆزلە، ئاداش، تارىخىڭنى تولۇقراق ئۇقۇپ قالايلى.

— مۇنداق بولسۇن، — دېدى ئەنۋەر كۇلۇمسىرەپ، — ئابدۇقادىر ھەممىمىزگە ئايان، مايتاغدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ كەلگەن قىسىمنىڭ جەڭچىسى، بىز شۇنىلا بىلىمىز، ئىسيان كۆتۈرگەن قىسىمنىڭ ئىشلىرىنى تەپسىلىي ئۇقمايمىز، ئۇخلايدىغانلار ئۇخلىسۇن، ئاڭلايمىز دەيدىغانلار ئاۋۇ دۆڭگە يىغىلىپ، يۇرۇش باشلانغۇچە ئۇنىڭ تارىخىنى تولۇق ئاڭلايلى، قانداق ئابدۇقادىر؟

جەڭچى ئابدۇقادىر مەيلى دەپ بېشىنى لىڭشىتىشىغا، باشقىلارمۇ چۇرقىراشتى:

— ئاڭلايمىز! ... ئۇخلىمايمىز...

ئابدۇقادىر بۇرىغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى - دە، ئىككى شورىۋېلىپ، ئۆز قىسسىسىنى سۆزلەشكە كىرىشتى:

« مايتاغدا خىزمەت قىلىۋاتقان چاغلىرىم، شىنجاڭدا

www.uyghurkitap.com

گومىنداڭ پىرقىلىرى پەيدا بولغاندىن كېيىن، پايلاقچىلىق، چېقىمچىلىق، تۆھمەت ئەۋج ئېلىپ، ئادەم تۇتۇش باشلاندى. ئىشپىيونلار شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتتىكى، ئىككى ئادەمنىڭ بىرسى چوقۇم ئىشپىيون بولۇپ چىقاتتى. تونۇغۇن كۆرۈشكەن بۇرادىرىڭنىڭ بۈگۈن تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلايتتىڭ. ئىشەنچلىك ماڭالمايدىغان، قاتتىق يۆتىلەلمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى، بۇنىڭغا بىر مىسال ئېيتىپ بېرەي. ئاقسۇ ئاۋاتلىق ھېلىم دېگەن ئاشپەز بىر گومىنداڭ ئەمەلدارىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قاتتىق يۆتىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن «سەن مەقسەتلىك يۆتەلدىڭ» دەپ سولاپ قويغان. قورقۇش، ۋەھىمە ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالدى. يۇرتۇمغا قايتىپ كېتەي دېسەم، رۇخسەت قىلمايدۇ يا بىرەر ئىشمۇ بەرمەيدۇ. تارتمامنىڭ ئاچقۇسى تارتىۋېلىنغاچقا، ۋەھىمە ئىچىدە شۇمشىيىپ يۈرۈشكە مەجبۇر ئىدىم، گويا قەپەسكە چۈشۈپ قالغان قۇشتەك بولۇپ قالدىم. گومىنداڭ نۇرغۇن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىشتىن توختىتىپ، پوتەي ياسىتىپ، ئاكوپ كولىتىپ، ھەر كۈنى ئېغىر مەجبۇرىي ئەمگەككە سالاتتى، قارشىلىق قىلغانلارنى شۇ يەردىلا ئېتىپ تاشلايتتى، ھەتتا ئۆلگۈچىنىڭ كاللىسىنى سازايى قىلىپ قوياتتى. مىللىيلارنى خورلاش، كەمسىتىش ئەۋج ئالدى. 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە خورلاش، ئىشەنمەسلىك تېخىمۇ چېكىگە يەتتى. كەمسىتىش، ناھەقچىلىك جېنىغا پاتقان ئادەم ھەرقانچە ياۋاش، قورقۇنچاق بولسىمۇ، ئاخىر غەزەپلەنمەي، ئويغانماي قالمايدىكەن. گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ فاشىستلىقى ئاشقانسېرى غەزىپىم ئۆرلەپ ئويغىنىشقا باشلىدىم ... غەزەپلىرىمنى باشقىلارغا ئېيتقۇم، كۆڭۈل دەردلىرىمنى تۆككۈم كېلىدىغان بولدى.

مەن ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئانچە ـ مۇنچە شېئىر يازاتتىم ۋە ئۇنى لۇتپۇللا مۇتەللىپكە كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ماختىشىغىمۇ ئىگە بولغانىدىم. شۇنداق

ھەسرەتلىنىپ، غەزەپلىنىپ يۈرگەن كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە «تۆكمەكتىمەن»، دېگەن بىر شېئىر يازدىم. شېئىرىمنىڭ ئېسىمدە قالغان قۇرلىرى مۇنداق:

دەرد ـ ئەلەم سەھراسىدا يۈرمەكتىمەن،
كۆز يېشىم دەرياسىدا ئۈزمەكتىمەن.
ۋاھ ... ئەجەب جەبرۇ مالامەت ئىلكىدە،
ئىككى يىغلاپ، بىر كۈلۈپ ئۆتمەكتىمەن.

بۇ زېمىننى باستى قاپقارا بۇلۇت،
زۇلمەتنى گۈلخانىدا كۆيمەكتىمەن.
شۇم پەلەكنىڭ گەردىشى قىلدى خاراب،
ھەر دەقىق ئونمىڭ قېتىم ئۆلمەكتىمەن.

ھەق جامالىنى كۆرەلمەي بىر قېتىم،
ئەتە ـ كەچ شېرىن خىيال سۈرمەكتىمەن.
تا ئەزەلدىن تەلىيىم كاجمۇ مېنىڭ،
كۈن ۋە ئاي، يۇلتۇزلىدىن سورىماقتىمەن.

پاتتى زورلۇق جان ـ جېنىمغا بىھېساب،
غەزىپىمدە مۇشتۇمۇم تۈرمەكتىمەن،
تۇر، ئەي قادىر، بولما ھەرگىز نائۈمىد،
تەڭلىك، بەخت نۇرىنى كۈتمەكتىمەن.

شېئىرىمنى ماڭا ئوخشاش گومىنداڭدىن زارلاپ يۈرگەن ئىككى ئادەمگە ئوقۇپ بەرگەنىدىم، نەدىن بىلەي، شۇ كۈنى كېچىسىلا قولغا ئېلىنىپ قالدىم. تۈرمىدە ئۇرۇلدۇم، سوقۇلدۇم، بەدەنلىرىم تىلىندى ... كىملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىسەن؟ كىملەر بىلەن بىرلەشتىڭ ... دېگەن سوئاللار ھەر كۈنى مېنى قىينايتتى. مەن مۇشۇ بىر گەپنى: گۇناھسىز ھالدا خىزمەتتىن

قالغانلىقىمغا نارازى بولۇپ، مۈشۈ شېئىرنى يازدىم، دەپلا تۇراتتىم.

تۇرمىدە ياتقانلارنىڭ قولىقى ئەڭ ئۇزۇن بولىدۇ. بىر كۈنى تۇرمىگە: ئىلىدا «ئالتە ئوغرى پەيدا بوپتۇ، ئۇلار قوراللىق ئىكەن، خېلى ئىش تەۋرىتىۋېتىپتۇ ...» دېگەن خەۋەرلەر تارقالدى. مەھبۇسلار جانلىنىپ كەتتى، مەن ئاۋۋالقى ساۋاقلارنى ئېسىمگە ئېلىپ، ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك، خۇشاللىقىمنى بىلىندۈرمەي يۈردۈم. لېكىن، كېچىلىرى ئۇيقۇم كەلمەيتتى، ھاياجانلىناتتىم ... ئىلىدىن كەلگەن خەۋەر يۈرەك ـ باغرىمنى دولقۇنلىتىپ، يېڭى ـ يېڭى تۇيغۇلارنى قوزغايتتى، شۇ يەرگە بارغۇم، قوراللىقلارغا قوشۇلغۇم كېلەتتى. كۆڭلۈم قاناتلىرىغا مۇنداق مىسرالار تىزىلدى:

زۇلۇمنىڭ دەستىدىن پەرياد، ماڭا ئىسيان كېرەك بولدى،
كەمىنە خەستە ھالىمدۇر، ماڭا غەمخان كېرەك بولدى.

تۇمان باستى بۇ ئۆلكەمنى قەيەردىن كەلدى بۇ ئاپەت،
يۈرەرگە كەڭتاشا ئەركىن، ماڭا دەۋران كېرەك پولدى.

بىزار بولدى خالايىقلار فاشىست قانخور جاڭ①خاقاندىن،
ئىشىمغا چىن ـ ئادالەتلىك، ماڭا سۇلتان كېرەك بولدى.

زۇلۇم ـ كۈلپەت كېلىپ باشقا، مېنى ۋەيرانە ئەتكەچكە،
ھەۋەسنىڭ دامىدىن ياندىم، ماڭا ۋىجدان كېرەك بولدى.

بۇ ياشلىق نەۋباھارىمنى ئاتاپ قويدۇم كۈرەش ـ جەڭگە،
ئىلى ئوغلانلىرى يەڭلىغ، ماڭا پالۋان كېرەك بولدى.

---

① جاڭ ـــ جياڭ جيېشى.

دۆئا ـ تەكبىر بىلەن ھەرگىز نىجاتلىق تاپقىلى بولماس، قىلىۆرمەن جەڭ ئارا جەۋلان ماڭا پەيكان كېرەك بولدى.

3 ـ ئاينىڭ بېشىدا تۈرمىدىن بوشاپ چىقتىم، بۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ مايتاغنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇمچىدىكى مۇستەقىل ئالتىنچى باتالىيونىدىن ئۈچ روتا ئەسكىرى مايتاغقا كەلتۈرۈلگەنىكەن. مەن بۇرۇن بىللە ئىشلىگەن ليۇ باجۈن دېگەن ئاغىنەمنىڭ ياردىمى بىلەن بەشىنچى روتىنىڭ ئاشخانىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتىم، خىزمىتىم: ئوچاققا ئوت قالاش، قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇش ئىدى. ليۇ باجۈن ئاشخانىلارنى باشقۇرغۇچى بولۇپ، گومىنداڭنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئىدى. ئۇ مايتاغقا سىرتتىن چىقىپ ئۆچۈپ كىرەلمەيدىغان ياكى چىقالمايدىغان شارائىتتا شىخوغا كىرىپ، ئاشخانىغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكىلىپ تۇراتتى.

بۇ مەزگىلدە گومىنداڭچىلار ئالاقزادىلىكتە چۈشۈپ قالغانىكەن. ھەممىسىنىڭ بېشى چۈشكەن، روھسىز ـ پەرىشان ئىدى. ئىلىدىن كېلىۋاتقان خەۋەرلەر ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى شۇنداق سۇندۇرۇۋەتكەنىدى. ئەمما، بەشىنچى روتا كوماندىرى سايىتاخۇن بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ، مەغرۇر يۈرەتتى، بۇ ھال مېنى ئەجەبلەندۈرەتتى.

گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەمىناتى بەك ناچار، تاماقنى ئېغىزغا ئالغۇسىز ئوسال ئىدى. كۆك ماتادىن تىكىلگەن كىيىملىرى جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن، ئۇلار ئەتىدىن كەچكىچە تۆت ئوشۇق، ماجاڭ، قارتا ئويناپتتى، جېدەللىشەتتى، تىللىشاتتى ...

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆزۈم يالغۇز ئاشخانىدا قاچا يۇيۇپ ئولتۇرسام، سايىتاخۇن كىردى. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا مەغرۇر، روھلۇق ئىدى.

— قادىر، — دېدى ئۇ، — سېنى شائىر دەپ ئاڭلايمەن، ھېلىقى شېئىرىڭنى ئوقۇپ بەرمەمسەن، شائىرلىقىڭ قانچىلىككىن؟

— قويۇڭ، كوماندىر، — دېدىم مەن، — ئۇ شېئىرىمنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدىم ...

— ئاتاڭ سېنى ئوغۇل بالا دەپ تاپقاندۇ، يېزىشتىن قورقمىغان ئادەم ئوقۇشتىن قورقامسەن ـ ھە؟

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، بېشىمنى تۆۋەن سالدىم.

— مېنىڭدىن قورقۇۋاتامسەن، مەن باشقا كوماندىرلارغا ئوخشامتىميا؟ تۇر، ئورنۇڭدىن قورقۇنچاق ! دەردىڭنى ئادىمىنى تېپىپ ئېيت، ئوقۇ !

سايىتاخۇننىڭ سۆزلىرى ماڭا قورقۇش، ئەندىشىلىك ئەمەس، قانداقتۇر يار ـ يۆلەك، ھېسداشلىق تۇيۇلدى.

شېئىرىمنى يادلاپ بەردىم.

— ھە، بارىكاللا ! تاپقان ئاتاڭغا رەھمەت، تۇگۇلگەن مۇشتنى ئېچىۋەتمەي، تېخىمۇ چىڭ تۈگۈش كېرەك، ئۇنى ئۇرىدىغان چاغ كېلىدۇ، ئەمەسمۇ !

بۇ كۈنلەردە گومىنداڭنىڭ تەشۋىقاتى يۇرۇپ تۇراتتى: غۇلجىدا «ئالتە ئوغرى» پەيدا بولدى، ئۇلار بۇلاڭچىلىق قىلىپ خەلققە ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. خوتۇن ـ قىزلارنىڭ نومۇسىغا تېگىۋاتىدۇ... بىز زەربە بەرگەندىن كېيىن تاغقا قېچىپ كەتتى، يەنە چۈشمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ، يامان ئادەملەرنىڭ، ئوغرىلارنىڭ تەشۋىقاتىغا ئىشەنمەڭلار، ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىڭلار، دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشلار ھەر كۈنى دېگۈدەك بولۇپ تۇراتتى.

بەشىنچى روتا كوماندىرى سايىتاخۇننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە كەچقۇرۇنلۇقى ئۆيىگە كىردىم. ئۇنىڭ ئۆيىدە مۇئاۋىن روتا كوماندىرى نىياز ۋە ۋىزۋوت كوماندىرلىرى ئولتۇرغانىكەن.

سايىتاخۇن گەپ باشلىدى:

— بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى گومىنداڭ ئۇستىدىن قاقشاپ

www.uyghurkitap.com

كېلىۋاتىمىز، ھەربىي باشلىقلىرىنىڭ زوراۋانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ يۈرۈۋاتىمىز؛ ئەسكەرلىرىمىزمۇ ناچار تەمىناتتىن، خورلاش ـ كەمسىتىشلەردىن بىزار بولۇۋاتىدۇ... بىراق قاقشاش، شىكايەت بىلەن ئىش تاڭاتمايدۇ، بىزنىڭ قولىمىزدا قورالىمىز بار، شۇنداق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە تۇرۇپ، ئۈيۈشماي بىرلەشمەي يۈرىۋېرەمدۇق؟ ئەنە غۇلجىدا ھازىر قوزغىلاڭ بوپتۇدەك، قوزغىلاڭچىلار غۇلجىنى ئىشغال قىلدى دېگەن خەۋەرلەر كېلىۋاتىدۇ، ھۆكۈمەت: ئۇ ئالتە توك ـ توكنىڭ ئىشى، دەۋاتىدۇ، قايسىسى راست؟ بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ...

سايىتاخۇن قورقۇمسىز، مەرد، سۆزلىرى ئۆتكۈر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى كۆڭلىمىزگە گويا بىر پارچە ئوت بولۇپ چۈشۈپ، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىمىزنى قىزىتىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ مەردانە ئاۋازى يەنە جاراڭلىدى:

— بىز بۈگۈن بۇ يەردە ئون بەش كىشى باش قوشۇپ يىغىن ئېچىۋاتىمىز، بۇ ئون بەش كىشىلىك تەشكىلات بولسۇن، بۇنىڭ نامىنى «قوزغىلاڭ» دەپ ئاتايلى، كۆتۈرۈلەيلى، ھەرىكەت قىلايلى، نىجاتلىق ئىزدەيلى، سېسىپ پېتىۋۇرمەيلى، بىزمۇ ئىنسانىي غۇرۇرىمىزنى كۆرسىتەيلى، قانداق دەيسىلەر؟

ھەممىمىز ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇللىدۇق.

سىرتتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ قالدى. ھەممىمىز ئالدىمىزدىكى ئوشۇق، ماجاڭ، قارتىلارنى قولغا ئېلىپ ۋارقىراشتۇق:

— قولۇڭنى كۆتۈرۈپ ئات! ...

— سىيا چۈشتى! ...

— ئاتلاتماي ئاچ! ...

ئىشىك ئېچىلىپ، مايتاغنى قوغداش قىسمىنىڭ باش كوماندىرى ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن كىرىپ كەلدى، سايىتاخۇن ئورنىدىن چەبدەسلىك بىلەن تۇرۇپ:

— ھۆرمەت بىلەن دىققەت! — دەپ ۋارقىرىدى. ھەممىمىز

ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا چاس بەردۇق.
— ھە، سا لىيەنجاڭ قىمارغا بەك بېرىلىپ كەتتىڭىز، — دېدى باش كوماندىر، — خوتۇنىڭىزنى ئۇتتۇرۇپ قويماڭ يەنە ...
— بىز مەردانە ئويۇنچى، ھۆرمەتلىك باش كوماندىر، — دېدى سايىتاخۇن كۈلۈمسىرەپ، — ئۇتقۇۋالسا بېرىۋېتىمىز.
باش كوماندىر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:
— مەيلى ـ مەيلى، ئويناڭ، لېكىن ھوشيارلىقىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ، ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ھەرىكىتى يامان، — ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە يىتكەنىدى، — بىخۇدلۇق ئۆلۈم بىلەن تەڭ، قانداق دەيسىز؟
— مېنى ئەۋەتسىڭىز باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، ئالتە توك ـ توكنى پاك ـ پاكىز يوقىتىۋېتەتتىم.
— ئۇرۇشتا باتۇرلۇق ياخشى ئامىل، لېكىن ئەڭ ياخشىسى، ئېغىر تېپىتكى قورال، — ئۇ ئۆيئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، بېشىنى لىڭشىتقان ھالدا چىقىپ كەتتى.
ئاياغ تىۋىشلىرى يىتكەندىن كېيىن بىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق.
سايىتاخۇن مۇنداق دېدى:
— تەشكىلاتىمىزنىڭ مەقسىتى: قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ شىخو خەلقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۇرۇش ۋە شىخونى ئازاد قىلىپ ئىلى قوزغىلىڭىغا قوشۇلۇش. مېنىڭچە، ئىلىدىكى ئىش ئالتە توك ـ توكنىڭ ئىشى ئەمەس. ئۇ زور قوزغىلاڭ بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداق بولمىسا، بۇلار نېمانچە ئەندىشىگە چۈشۈپ كېتىدۇ؟ ھېلى باش كوماندىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدۇقۇ، ھەرىكىتى يامان دەپ، شۇنچە يىراق يەردە تۇرۇپ ئەنسىزلىككە چۈشىدۇ؟ ...
— بۇ قىيىن، — دېدى مۇئاۋىن روتا كوماندىرى، — شىخودا قوشۇن كۆپ ...
سايىتاخۇن دەرھال ئېيتتى:
— شىخوغا ئادەم ئەۋەتىشىمىز كېرەك، ھازىر مايىتاغنى بەك

قامال قىلىنىۋاتىدۇ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقايلى. تارىختا نۇرغۇن زور قوزغىلاڭلار بولغان، لېكىن دەسلەپتە ئۇلار بىرنەچچە كىشى بىلەنلا ئىش باشلىغان، ئاز ـ كۆپلۈكىنى ئويلاپ تېڭىرقاپ تۇرمايلى ...

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئېيتتىم:

— شىخوغا مەن كىرەي، ليۇ باجۇن بىلەن مۇناسىۋىتىم قويۇق، ئۇ شىخوغا كىرىشىمگە رۇخسەت بېرىشى مۇمكىن.

ئەتىسى مەن تېگىتىڭلاش ئۈچۈن شىخوغا كىردىم، قولىقى ئۇزۇن كىشىلەر بىلەن — بىكار تەلەپلەر، ھارۋىكەشلەر، ساتىراشلار، قاسساپلار بىلەن ئۇچراشتىم. سايىتاخۇننىڭ تاپشۇرمىسى بويىچە مەشھۇر زات — ھېلىم ھاجىم بىلەن كۆرۈشتۈم. ھەربىي ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، بۇ يەردە ھەقىقەتەن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئۇقتۇم. شىخو بازىرىدا كېتىۋاتسام، ئالدىمدىن مەن بۇرۇنلا تونۇيدىغان نىنا ئىسىملىك قىز چىقىپ قالدى.

— ھوي ... قادىر، بارمۇ سەن؟ — ئۇ مەن بىلەن خۇشال ھالدا كۆرۈشتى. بۇ دادىسى خەنزۇ، ئانىسى ئورۇس پىروۋوتكا قىز بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىمدا تونۇشقان ۋە يارۇدوست بولۇشقانىدىم. ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچى بولغىنىمدا، يېڭىساردىن چىقىپ، ئۈرۈمچىدە ئاشپەزلىك قىلىۋاتقان دادام يول قويمىغان، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگەن. ئۇ مېنى بىر قاۋاقخانىغا باشلاپ كىردى. دۇكاننىڭ كەينىدە ئۆيى بار ئىكەن، دادىسى مەيپۇرۇشلۇق قىلىدىكەن. نىنانىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ دادىسى بىلەن شىخوغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قاپتۇ. نىنا مېنىڭ ئۈستىبېشىمنىڭ جۇل ـ جۇللۇقىغا، جۈدەپ ئورۇقلاپ كەتكىنىمگە ئېچىندى. مەن مايىتاغدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تارتىۋاتقان ئېغىر كۈنلىرىنى، ئۇلارغا ئىشتىن توختىتىپ تاشىيول، پوتەيلەرنى ياسىتىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم.

— مۇشۇ يەردە قال، ساڭا ئىش تېپىلىدۇ، بىز بىللە ياشايلى، — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن. ئۇنىڭ كونا ئوتلىرى تېخى ئۆچمىگەنىكەن، مېنىڭ بۇ يەردە قېلىشىم ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا:

— هازىر بۇ يەردە قالالمايمەن، ماڭا ئاران تۆت سائەتلا رۇخسەت بەرگەن، قالسام، سوراۋشتۇرۇپ كېلىدۇ، تۇتۇۋالسا، ئېتىپ تاشلايدۇ، مەن كېتىمەن، ئەمما كۆرۈشۈپ تۇرايلى، — دېدىم مەن قايتىپ دۇكاننىڭ ئالدىغا چىققاندا:

— خەير - خوش، نىنا، كۆرۈشكۈچە ئامان بول، — دېدىم قولۇمنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ.

نىنا كۆزۈمنىڭ ئىچىگە بىر قارىدى - دە، دۇكاننىڭ ئالدىدا سېتىش ئۈچۈن ئېسىپ قويغان گېزىتلەردىن ئىككىنى ئېلىپ ماڭا سۇندى:

— مە، تاماكا چېكەرسەن ...

نىنا بىلەن خوشلىشىپ مېڭىپ، كېرەم مەنجاڭنىڭ ئاشخانىسىغا كىردىم. تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، گېزىتنى ئېچىپ قارىسام، بىرسى خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى»، يەنە بىرسى غۇلجىدا چىقىدىغان «ئويغان» گېزىتى ئىكەن! شۇئان يۈرىكىم دۈپۈلدەپ ئۇرۇپ كەتتى، گېزىت ئەمەس، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغان ئادەمدەك خۇشال بولۇپ، گېلىمدىن تاماق ئۆتمىدى. گېزىتنى دەرھال قوينۇمغا سالدىم، هاياجانلانغانلىقىمدىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىپتىمەن. كۆمۈرخانىغا كىرىپ، ئۇنىڭ باش ماقالىسى — «ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلماسلىق جىنايەت، زۇلۇمغا قارشى تۇرماسلىق خىيانەت»نى ئوقۇپ چىقتىم. خىياللىرىم جۇشقۇنلىنىپ، پۈتۈن ئەزايى - بەدەنلىرىم يالقۇنلىنىپ يېنىپ كەتتى ۋە بىردىنلا كۆز ئالدىمغا نىنا كەلدى: «ئۇ ماڭا تاماكا چېكىش ئۈچۈن قەغەز ئەمەس، ئىنقىلاب ئوتىنى بېرىپتۇ، مەشئەل بېرىپتۇ. قايمۇقۇپ قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي يۈرگەنلەرگە نۇرلۇق يول كۆرسىتىپتۇ!... ئۇ ئاڭسىز، بىلمەي

بىرىپ قويغانمىدۇ؟ ... كۆزۈمنىڭ ئىچىگە بەتلىك قارىغىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە، ئۇنىڭ ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىكەن ـ دە، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ خەۋەرلىرى مۇشۇ يەردىن تارىلىدىكەن ـ دە، شىخو خەلقىنىڭ ئاغزىدىكى يېڭىلىقلار ئۇنىڭ دۇكىنىدىن چىقىدىكەن ـ دە، ... ئىسىت ئىسىت، كېتىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالغىنى، يېنىپ بېرىپ ئاشكارا سۆزلىشىش كېرەك ئىدى، بىراق پەيت كېتىپ قالدى، ماشىنا بېكەتتىكە هازىرلا بېرىش ۋاقتى بولۇپ قالدى. ماشىنا بېكەتكە تېز يېتىپ باردىم. ئەمما، گېزىتنى مايتاغقا قانداق يەتكۈزىمەن؟ ئۇچ قەۋەت پوست بار، قاتتىق تەكشۈرىدۇ، گېزىت ئەمەس، قاغىنىمۇ ئۆتكۈزمەيدۇ. بېشىم قېتىپ تۇرغاندا لىۋ باجۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئىككى قولىدا ئىككى سېۋەت بولۇپ، بىرسىدە كۆكتات، بىرسىدە پىنتوزا بار ئىدى. ماڭا خىزىر يولۇققاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. چۈنكى، ئۇ گومىنداڭنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئىدى. (مەن ئۇنىڭغا ئۇرۇمچىدىكى ۋاقتىمدا بىر ئەسقاتقان، خاڭچىڭ كولۇبىنىڭ ئالدىدا قىز تالىشىپ، بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن پەيتتە، ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋالغانىدىم) پىنتوزا بار سېۋەتنى مەن كۆتۈرۈۋالدىم ـ دە، پۇرسەت تېپىپ، گېزىتنى ئۇنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتتىم، ماشىنىدا يۇرۇپ تەكشۈرۈش ئورنىغا كەلدۇق، يۇرىكىم ئەنسىزلىك بىلەن سوقۇۋاتاتتى، تەكشۈرۈلۈپلا قالسا، بېشىم ئامان قالمايتتى. ئادەملەرنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ ماڭا كەلگەندە، لىۋ باجۇن:

— ئۆز ئادەم، ــ دەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن تەكشۈرۈشتىن قالدىم.

ماشىنىدىن چۈشۈپ ماڭدۇق. مەن كەينىدە قالغان بولۇپ، پىنتوزىنىڭ ئاستىدىكى گېزىتنى ئېلىپ قوينۇمغا ئىتتىكلا سېلىۋالدىم.

كېچىسى ئەل ياتار چاغدا، گېزىتنى ئېلىپ سايىتاخۇننىڭ



www.uyghurkitap.com

ئۆيگە كىرسەم، ئۇلار يەنىلا ئوشۇق، قارتىلارنى يېيىپ قويۇپ، جىددىي پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇشقانىكەن، مەن كىرىپ ئىشىمدىن مەلۇمات بەردىم:

— شىخودا هازىر گومىنداڭنىڭ ئىككى پىيادە پولكى، بىر ئاتلىق دىۋىزىيون، بىر ئارتىللېرىيە قىسمى (توپچىلار قىسمى) بار ئىكەن، ئىلىدىكى «ئوغرى»، دېگەنلەر ئوغرى ئەمەس، رەسمىي ئىنقىلابچىلار ئىكەن، ئۇلار غۇلجىنى ئازاد قىلىپ، هازىر بورتالاغىچە كەپتۇ، ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي هۆكۈمەتنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ گېزىتىنى چىقىرىپتۇ، مانا «ئويغان» گېزىتى!

ھەممەيلەن جانلىنىپ كەتتى، سايىتاخۇن قولۇمدىن گېزىتنى ئېلىپ «ئازادلىق ئۇچۇن كۈرەش قىلماسلىق جىنايەت، زۇلۇمغا قارشى تۇرماسلىق خىيانەت»، دېگەن باش ماقالىنى ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ ئوقۇدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى. هاياجانلانغانلىقىدىن قولىدىكى گېزىت تىترەپ تۇراتتى، يۈزلىرىدە ئىشەنچ، شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

— مانا قېرىنداشلار! — دېدى ئۇ هاياجانلىنىپ، — هۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقاتىدىكى بوهتان، ئالدامچىلىق، ئويدۇرمىلارنىڭ سىرى ئېچىلدى. ئىلىدىكى ئىش «ئالتە ئوغرى» نىڭ ئىشى بولماستىن، ئالتە مىڭ، هەتتا ئالتە يۈز مىڭ ئوغرىنىڭ ئىشى ئىكەن، ئىنقىلاب ئىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلابىي هۆكۈمىتىنى قۇرۇپ بوپتۇ! خوش، بىز مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ خۇددى قۇرتتەك مىدىرلاپ يۈرۈپ، ۋىجدان - نومۇسىمىزنى بۇلغاۋېرەمدۇق؟ ياكى بىزمۇ ۋەتەن، خەلقنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىمىزنى ئەمەلدە كۆرسىتەمدۇق؟ ...

ھەممىمىز ئەمدى ئىككىلىنىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى، كۆتۈرۈلۈشنىڭ لازىملىقىنى، پەيتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىشتۇق. يىغىندىكىلەرنىڭ يۈزلىرىدە، كۆزلىرىدە، لەۋلىرىدە ئاجايىپ روهىي جۇشقۇنلۇق،

www.uyghurkitap.com

يورۇقلۇقتا تەلپۈنۈش كەيپىياتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، بەزىلەرنىڭ كىرپىكلىرىگە ياش تامچىلىرى ئىلىنغان ...

سايىتاخۇن تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئەسكەرلىرىمىزنىڭ كىيىمى يېلىڭ ھەم جۇل - جۇل، ھازىر تېخى سوغۇق، بىرنەچچە كۈن تەخىر قىلايلى، 4 - ئاينى كۈرەيلى، شۇنىڭغىچە ھەربىرىمىز ئىككىدىن ئادەم تەربىيەلەيلى، سەگەك يۈرەيلى، قانداق خەۋەر ئاڭلىساق، تەشكىلاتىمىزغا يەتكۈزۈپ تۇرايلى ...

يىغىندىن كېيىن سايىتاخۇن مېنى ئايرىپ قېلىپ، نان قۇرۇتۇپ، يوشۇرۇن بىر يەرگە قاچىلاپ تۇرۇشنى تاپىلىدى ھەم لىۋۇ باجۇندىن ئاسماقچىلاپ گەپ ئېلىشنى جېكىلىدى.

يىغىندىن قايتىپ چىقىپ زادى ئۇيقۇم كەلمىدى. پۈتۈن بەدەنلىرىم ھاياجاندىن يالقۇنلىنىپ يانغاندەك قىلاتتى. خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئاجايىپ قىياپەتلەر — ئارغىماق ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ، گومىنداڭچىلارنى چېپىپ كېتىۋاتقان ھالەتلەر ۋە مايتاغدىكى پوتەيلەرنى پارتلىتىپ كۆمپەيكۈم قىلىۋەتكەن كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنەتتى. «ئويغان» گېزىتى بىر سانىنىڭ «قوزغىلاڭ» ئىچىدە پەيدا قىلغان كۈچ - غەيرىتى، تېڭىرقاشلارنى بەربات قىلىپ، مۇستەھكەم تۇرغۇزغان ئىشەنچ ۋە ئېچىپ بەرگەن نۇرلۇق يولى مېنى ئاجايىپ ئىلھاملاندۇرۇۋەتكەنىدى. قەلبىمدىن — يۈرەك - باغرىمدىن مانا مۇنداق مىسرالار خۇددى فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى:

كىرىپ شىخو بازىرىغا ۋىسال جانانىنى تاپتىم،
كۈرەش سىگنالىنى چالغان يۈرەك دەرمانىنى تاپتىم.

يۈزى گويا تولۇن ئايدۇر، كۆزى چولپان، تىلى ئۆتكۈر،
قېشى قۇندۇز، چېچى سۇمبۇل، شېرىن - پەرھادىنى تاپتىم.

قاراپ ھۆسن ـ جامالىغا يۈرىكىمگە تۇتاشتى ئوت،
كۆرۈشكە ئىنتىزار بولغان گۈلى رەيھاننى تاپتىم.

كېچە ـ كۈندۈز ئاسارەتتە، قارايتتىم تەلمۈرۈپ ھەر يان،
تەسەددۇق جان، سائەتلىك بەخت ـ ئىقبالىنى تاپتىم.

ئۇنىڭ نامى ئىكەن «ئويغان»، ئازادلىق نۇرىنى چاچقان،
زۇلۇم تەختىنى ئۆرتەرگە جازا گۈلخاننى تاپتىم.

ئوقۇغاندا خۇشاللىقتىن تېنىم تولدى جاسارەتكە،
ئۆزۈمنى ئاتىدىم جەڭگە، چىقىپ ھەمراھلىنى تاپتىم.

«ئويغان» بەردى كۈچ ـ ئىدراك، كۈرەش ـ جەڭ باشلىنىپ كەتتى،
قۇتۇلدۇق تېگىرقاشلاردىن باھار ئەيىامىنى تاپتىم.

ۋەتەن ئازادلىقىنى دەپ، ئۆلۈمدىن قورقمىدى مەردلەر،
شۇ مەردلەرنىڭ قاتارىدا بۈيۈك جەڭگاھىنى تاپتىم.

قادىرمۇ جان پىدا ئەيلەپ، قوشۇلدى جەڭگىۋار سەپكە،
ئازادلىق تۇغى كۆتۈرگەن ئىلى گۈلزارىنى تاپتىم.»

ھېكايە ئاخلاپ ئولتۇرغان باتىرغازى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى:
— ئوغۇل بالا ... يارايسەن!

ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ھەقىقەتەن ھاياجانلانغانىدى، ئۆزلىرىنى شۇ ۋەقە ئىچىدە سېزىپ، ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتكەنلىكىنى، كەچ كىرىپ قېلىۋاتقانلىقىنىمۇ تۇيماي قېلىشقانىدى.

ئابدۇقادىر ھېكايىسىگە يەنە چۈشتى:
«بىراق، ئىشىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، 4 ـ ئاي كىرىشى بىلەنلا كۈيتۇن ئايرودۇرۇمىنى ساقلاۋاتقان ئابلىز

ئالدىراپ ـ تېنەپ تەشكىلاتنىڭ رۇخسىتىسىزلا چېدىرغا ئوت قويۇۋېتىپ، ئۆز ۋىزۋوتىنى باشلاپ، غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇيرۇق بويىچە سايىتاخۇن ئۆز قىسمىدىن تەشكىلات ئەزالىرىدىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن، تاپالمىدىم، دەپ قايتىپ كەلدى. ئەسلىدە قوغلاپ يەتكەنىكەن، لېكىن ئىش پۈتكەن، ئۇنىڭ رۇخسەتسىز كېتىشى خاتالىق بولسىمۇ، «قوزغىلاڭ» كۆتۈرۈلۈشكە بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرسىمۇ، ئۇنى قويۇپ بەرمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىش چاتاقلاشقىلى تۇردى. گومىنداڭ سايىتاخۇن قىسمىدىن گۇمانلىنىپ، يەنىسخەي كۆۋرۈكنى ساقلاۋاتقان ئۇنىڭ بىر گۇرۇپپا ئادىمىنى مايتاغقا قايتۇرۇپ كەلدى ۋە گومىنداڭنىڭ سايىتاخۇن قىسمىغا بولغان نازارىتى كۈچەيتىلدى. بىزنىڭ تەقدىرىمىز قىلنىڭ ئۈستىدە تۇرغان شۇ ئېغىر كۈندە، تۇيۇقسىز لىيۇ باجۇن مېنى چەتكە تارتىپ:

— سىلەرنىڭ ئاشخانىدىن تاماق يەۋاتقان بەشىنچى روتا گۇمانلىق بولۇپ، ئۇلارنى ماناسقا يۆتكەپ ئەكەتمەكچى ھەم ئۇ يەرگە ئاپىرىپ قورالسىزلاندۇرماقچى، سەن شۇلار بىلەن كېتەمسەن ياكى سېنى باشقا ئاشخانىغا يۆتكەپ قويايمۇ؟ — دېدى.

مەن:

— جېنىم ئاداش، ئاغىنىدارچىلىققا يەتسەڭ، مەن ئۇياققا كەتمەيمەن، سېنىڭ بىلەن بىللە قالىمەن، قىلغان ياخشىلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، مېنى يۆتكەپ قوي، — دېدىم يىلىنغان قىياپەتتە.

ئۇ ماقۇل بولدى ـ دە، بۇ سۆزنى ئاغزىمدىن چىقارماسلىقنى جېكىلەپ قويۇپ كەتتى.

مەن بۇ سىرنى سايىتاخۇنغا يەتكۈزدۈم. ئۇ شۇ كۈنى كەچتە تەشكىلاتنىڭ جىددىي يىغىنىنى ئاچتى:



www.uyghurkitap.com

— ئەھۋال ئېغىر، بۇرادەرلەر، بۇگۈن قوزغالمىساق، ئەتە تۇتۇلىمىز، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى. ئۇ ئىنتايىن ھوشيار، تەدبىرلىك كوماندىر بولغاچقا، بىر مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شۇنچە مۇھىم، جىددىي ۋەزىپىلەرنى پۈختا، ئېدىتلىق ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى، — بۇگۈن كېچە جەنۇبىي پوتەيلەرگە پوستتا تۇرۇش بىزنىڭ روتىغا كەلگەن، ئۇ يەرگە تەشكىلات ئەزالىرىدىن قويۇڭلار، كېچىدە قوزغىلىمىز، شۇنىڭغىچە قادىر بىلەن نەجمىدىن مايتاغ ـ شىخو تېلېفون سىمىنى كېسىپ تاشلىسۇن، پوتەيلەردە پوستتا تۇرغانلار كېچە سائەت بىردە باتالىيون ئىشتابىغا قارىتىپ ئوت ئاچسۇن. «ئالتە ئوغرى» كېلىپ قاپتۇ، دېگەن تۈيغۇ پەيدا قىلىپ، ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، بىز بۇ يەردىن ئۇزۇلۇپ چىقىپ كېتىشىمىز كېرەك. بىراقلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن ئۈچ كىشى داۋاملىق ئوت ئېچىپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ كېيىن بىزگە يېتىشىۋېلىشى، ئۈچۈن، ئاشخانىنىڭ ئىككى ئېتى تەخ قىلىپ قويۇلۇشى كېرەك، تەييارلىققا كىرىشىڭلار. بۇگۈن ئۇيقۇ يوق!

بۈگۈنكى كېچە سۈرلۈك كېچە بولدى، ئورغاق شەكىللىك ئاي تېزلا ئولتۇرۇپ كەتتى. كەينىدىنلا يۇلتۇزلار يۈزىنى قارا بۇلۇتلار توسۇپ، مايتاغ دەھشەتلىك قاراڭغۇلۇق ئاستىدا قالدى. ئەنسىز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان كېچىدە، ھەرقايسىمىز تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشقا كىرىشتۇق. بىرنەچچىسى قۇرۇتۇلغان نانلارنى تەشكىلات ئەزالىرىغا تارقىتىشقا، ئىككىسى ئاشخانىنىڭ ئېتىنى ئوغرىلاشقا، بىز نەجمىدىن ئىككىمىز تېلېفون سىمىنى كېسىشكە ماڭدۇق. سايىتاخۇن ئەسكەرلەرنى بۇگۈن كېچە بۇيرۇق كۈتۈپ، قورالنى مەھكەم تۇتۇپ، يېشىنمەي يېتىشقا بۇيرۇدى.

دەل سائەت بىردە جەنۇبىي پوتەيلەردىن مايتاغ باتالىيون ئىشتابىغا قارىتىپ ئوت ئېچىلدى! سايىتاخۇن قىسمى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئالتە ئوغرى» كەلدى! چاپسان تۇرۇڭلار!...

‹ئالتە ئوغرى› كەلدى ! .. دەپ ۋارقىرىشىپ ‹قايتۇرما ھۇجۇم› غا ئۆتتى. پۈتۈن مايتاغ ئىچى ئەنسىز ۋارقىراشلار، نالىلەر بىلەن پاتىپاراق بولۇپ كەتتى...»

ھېكايە ئۈزۈلدى:

تۇيۇقسىزلا يورۇش سىگنالى چېلىنىپ قالدى. ئابدۇقادىرنىڭ ھېكايىسىگە بېرىلىپ كەتكەن جەڭچىلەر كەچ كىرىپ كۆز باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قېلىشقانىدى. شۇنداقتىمۇ، ھېچقايسىسىنىڭ ئورنىدىن تۇرغۇسى، ھېكايىنى ئۈزۈپ قويغۇسى كەلمەيتتى.

— يامان ۋاقىتتا چېلىنىپ قالدى ـ دە، تازا جىددىي يېرىگە كەلگەندە، — دېدى نادەم، — بۇرۇنىراق باشلانغان بولسىغۇ ئۈزۈلۈپ قالمايتتى.

ئەنۋەر ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— قېنى دەرھال سەپكە !

باتىرغازى ئورنىدىن قوزغالماي:

— بىز سۆرەلمىلەردىن ئەمەس، ئاخىرىنى ئاڭلىۋېتەيلى، سەپكە كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يېتىشىۋالىمىز، — دېدى.

ئەنۋەرنىڭ كۆزى ئالايدى:

— نېمە؟ ... يورۇش سىگنالى ھەرقانداق مۇھىم ئىشنى تاشلاپ، سەپكە ئېتىلىشنى بۇيرۇيدۇ، بۇ ئىنتىزام، بىلەمسەن، ھەربىي ئىنتىزام قوشۇننىڭ جېنى !

قوشۇن ئاياغ ئاستىدىكى ئۆششاق تاشلارنى شىرىقلىتىپ يورۇپ كەتتى. لېكىن، جەڭچىلەرنىڭ ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاش تەقەززاسى يېنىپ قالدى.

# بەشىنچى باب

ئۈرۈمچى ئاسمىنى كۆمۈردەك قارايغان، سىرلىق كېچە.

شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابى شۇ كۈنلەردە تازا ئەسەبىيلەشكەن ۋە ھەرقانداق تىۋىشتىن گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، كىشىلەر كېچىسى كوچىغا چىقمايتتى ۋە چىراغلىرىنىمۇ ئۇزاقراق ياقالمايتتى. مىللىي قىسىملار شەرقتە ئىلگىرىلەپ، جىڭ ناھىيەسىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇۋاتقانلىقىدىن شەھەر ئەنسىزلىككە چۈشكەن، كېچىلىرى گويا ئۆلۈم جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرۈپ، كوچىلار سۈرلۈك تۈس ئالغان. ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ بىر خىل ئاۋازدا شارقىرىشى ۋە قەيەرلەردىدۇر ئىتلارنىڭ زاۋاللىق تىلىگەندەك ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ھۇۋلىشى بۇ سىرلىق كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

بۇ قاراڭغۇ سۈرلۈك كېچىدە شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابىنىڭ ئازادە ئۆيى يورۇق ئىدى. دېرىزىلەرگە ئېغىر رەڭ دۇخاۋا پەردىلەر تارتىلغان، پولغا يېشىل گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئۈستىگە ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىر، كەڭلىكى بىر يېرىم مېتىر ئۈستەل قويۇلغان؛ تاملارغا خەرىتىلەر ئېسىلىپ، پەردىلەر بىلەن يېپىلغان ۋە كۈنچىقىش تەرەپتىكى تامغا يۆلەپ بىرقانچە دىۋانلار قويۇلغان. گارنىزون ئىشتابىنىڭ قوماندانى گېنېرال جاڭ بىلەن دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىغا بىر سائەتتىن ئاشقان. دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ بېرىۋاتقان مەلۇماتلىرى قوماندانىنى بىردە جىددىيلەشتۈرسە، بىردە روھسىزلاندۇراتتى. ئۇ پۈتۈن جەريانىنى — «ئوغرىلار» پەيدا بولدى دېگەندىن تارتىپ،

ھازىرغىچە ئۆتكەن سەل كەم بىر يىللىق جەرياننى ئەسلەيتتى. بۇرۇنقى قوللانغان تەدبىرلىرىگە: سىلىق - يۇمشاق، رەھىمدىل، ئاددىي، دېگەن گۇناھلارنى ئارتاتتى.

— بىز دەسلەپتىلا ئېغىر خاتالىق سادىر قىلدۇق، — دېدى گېنېرال جاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، — نىلقىدا «ئوغرىلار» پەيدا بولدى، دېگەندە، نېمە قىلاتتۇق نەسىھەت قىلىش ئۆمىكى ئەۋەتىپ، بىرنەچچە پولك ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بىراقلا بېسىقتۇرۇۋېتىش ھەتتا «ئوغرىلار»نىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، بالىچاقىلىرى، تونۇش - بىلىشلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىۋېتىش كېرەك ئىدى.

دۇۋزىيە كوماندىرى ئۆزىگە قوماندانىنىڭ بىرنەچچە گۇناھ ئارتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ:

— ئىلى ۋەقەسىنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن لىيۇ بىندېمۇ① ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىدى، — دېدى.

— ئۇ قاپاقباش شۇڭا ئۆلدى، ئۆلگەندىمۇ، شەرمەندىلەرچە ئۆلدى، — گېنېرال تېرىكىپ قالدى ۋە ئۆيئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا تېز - تېز مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ تىك تۇرغان دۇۋزىيە كوماندىرى قوماندانى قاياققا ماڭسا، شۇ ياققا يۈزلىنىپ ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە ئىدى.

— ئاددىيلا بىر تەرجىمان، خۇشامەتچى شۇنچە چوڭ ئەمەلگە ئۆستۈرۈلدى، كۆردىڭىزمۇ بىزدىكى ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان ئادەتنى. ھەرقانداق خۇشامەتكە مەستلىكىمىز كېلىدۇ، بىلىمچانلىقنى، ئەقىللىقلىكنى، تەدبىرچانلىقلىقنى خۇشامەت بېسىپ كېتىدۇ ...

ئۇ بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە ئىشنىڭ بېشىغا ئەنسىزچىلىكىنىڭ تۇغۇلۇش سەۋەبىگە كۆچتى:

— كىچىك ئىشقا ھەرگىز سەل قارىماسلىق كېرەك، ھەممە

---

① لىيۇ بىندې — ئۆلكىلىك قورچاق ساقچىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۇ ئەسلىدە غۇلجىلىق خۇيزۇ ئىدى.

مەغلۇبىيەت سەل قاراشتىن تۇغۇلىدى، ــ دېدى گېنېرال توختاپ، ــ ئەۋەتكەن قوشۇنلىرىمىز قايتمىدى، گېنېرال شى يىگمۇ يۈزگە يەتمەيدىغان ئادىمى بىلەن ئارانلا قېچىپ كېلەلىدى. قانداق، مەسىلە كىچىكمىكەن؟

ــ رەھىمدىللىكنى تاشلىشىمىز كېرەك ...

ــ ئەمدى ۋاقتى ئۆتتى، ئۇچقۇننى ئۆچۈرمەك ئاسان ئىدى، هازىر يالقۇنغا ئايلىنىۋالدى.

ــ ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى ۋە باشقا يەرلەردىكى قوشۇنلاردىن بىر قىسمىنى ئالدىنقى سەپكە تېز يۆتكىسەك ...

دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ، قوماندان ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

ــ يۆتكەش قىيىن، بولمىغاندا ئاز يۆتكەش مۇمكىن، هازىر جايلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، قۇتراش ئېغىر ... ئۇرۇمچى، تۇرپان، پىچان، توقسۇنلار، ھەتتا قەشقەرلەردىمۇ «ئوغرىلار»نى قوللاش، ھەرىكەت قىلىش، ئۇيۇشۇش، ئىلىغا قېچىش يۈز بېرىۋاتىدۇ، مۇنداق شارائىتتا ئۇ يەرلەردىكى قوشۇنلارنى يۆتكىسەك، بۇزۇقلارغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەن بولىمىدۇق؟! ...

گېنېرال كۆن قاپلانغان يۇمشاق دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە يانچۇقىدىن ناۋات رەڭ تاماكا قۇتىسىنى چىقاردى. دىۋىزىيە كوماندىرى سەرەڭگە چاقتى. ئۇ تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە قېتىم قاتتىق شوراپ چەكتى ـ دە، مۇنداق دېدى:

ــ ۋەزىيەت ياخشى ئەمەس، كوماندىر، مايتاغدىن، كۈيتۇن ئايرودرومىدىن ئىسيان كۆتۈرگەن قىسىملىرىمىز تۇتۇق بەرمەي قېچىپ كەتتى، كەينىدىن قوغلىدۇق، ئالدىنى توستۇق، لېكىن بوي بەرمىدى، مۇنداق ئەھۋاللار چۆچەك تەرەپلەردىمۇ يۈز بەردى. ئۇرۇمچىدىكى ئوفىتسېرلار مەكتىپىدىنمۇ گومانلىق ئوقۇغۇچىلارنى قولغا ئالدۇق، قەشقەر، تۇرپانلاردىمۇ شۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىلدۇق، لېكىن بۇزۇقلار ھەرىكىتى پەسەيمىدى. «ئوغرىلار» ئورۇمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلغانسېرى، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى شۇنچە ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ ... قېنى، ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ.

گېنېرال قولىنى پۇلاڭلاتتى، يۇمشاق دىۋانغا كېلىپ ئولتۇرغان دىۋىزىيە كوماندىرىغا پۇراقلىق تاماكىسىدىن تۇتتى. ھەر ئىككىسى سۆزسىز ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئەنسىز خىياللارغا بېرىلىشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى: ئورۇمچىنىڭ كېچىسى سۈرلۈك، جىمجىت بولغىنى بىلەن ۋە ھەر كۈنى كېچىسى ھەربىر كوچىلاردا بەشلەپ ـ ئونلاپ قاراۋۇللار يۈرگىنى بىلەن، تاڭ ئاتقاندا كىشىلەر كوچىلارنىڭ كۆرۈنەرلىك يەرلىرىگە يېپىشتۇرۇلغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى كۆرۈشۈپ تۇراتتى. شۇڭا، قوماندان مۇشۇ سىرلىق كېچىلەردە كىملەرنىڭ قەيەرلەردىدۇر ئىلى ئىنقىلابىنى قوللاپ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى بېسىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، چوڭقۇر خىياللارغا بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭغۇ ئۇچقۇن دەپ ھېسابلاپ، يالقۇنغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

گېنېرال جاڭ خىيالدىن بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى ۋە شىنجاڭ خەرىتىسى يېپىلغان ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ئۈستەل يېنىغا كەلدى. دىۋىزىيە كوماندىرىمۇ ئۈستەل يېنىغا كېلىپ خەرىتىگە ئېڭىشىپ قارىدى. خەرىتىدە شىمالىي شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى يەرلەردىن ئون ئىككى قىزىل بايراقچىلار ئېلىپ تاشلانغانىدى. شۇڭا، ئۇلار خەرىتىگە كۆڭۈلسىزلىك بىلەن قاراشتى. گېنېرالنىڭ كۆزى جەنۇبىي ناھىيەسىگە تىكىلدى، ئۇ ئۇزاق قارىغاندىن كېيىن، خەرىتىدىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ سوئاللارنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى:

— ھازىر بۇ يەردىكى ئورۇش ۋەزىيىتى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

— جىددىي تىركىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز.

— «ئوغرىلار»نىڭ ئەسكىرىي كۈچى قانچىلىك؟

— ئىككى پولك ئەتراپىدا ئىدى ...

— بۇياققا ئاتلانغىنىچۇ؟
— تەخمىنەن بىر پولك.
— ئۇلار جىڭنى ئىشغال قىلماي، نېمىشقا يەنە بۇياققا يۈرۈش قىلىۋاتىدۇ؟
— كەينىمىزگە ئۆتۈۋېلىپ، تەھلىكە سېلىشنى قەستلەۋاتسا كېرەك.
— ياق! — گېنېرال خەرىتىدىن باش كۆتۈردى. ئۇنىڭ پېشانىسى پارقىراپ كەتكەنىدى، — چۈشىنىۋاتامسىز، ئۇلار بىزنىڭ كۈچلىرىمىزنى بۆلۈپ - بۆلۈپ يوقاتماقچى.
دىۋىزىيە كوماندىرى قوماندانىنىڭ دېگىنىنى چۈشەنمىدى، شۇڭا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.
— ئۇلار تاغ باغرى بويلاپ كېلىۋاتامدۇ؟
— شۇنداق.
ئۇ خەرىتىگە تىكىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:
— ئۇلارنىڭ ھازىرقى يۈرۈش يۆنىلىشى ئوخشىمىغان ھالدا تاشيولدىن بىرقانچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتا، مۇشۇ يۆنىلىشتە ئۇلار ئاۋۋال چەپەيزىگە كېلىدۇ، ئاندىن شىخوغا شىمالدىن ھۇجۇم قىلماقچى. دېمەك، ئىككى ئورۇنغا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلماقچى. «ئوغرىلار»نىڭ رازۋېدكىسىنى بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ، قاراڭ، ئۇلار بىزنىڭ ئاجىز يېرىمىزنى بىلىۋالغان. مۇشۇ ئەھۋالدا جىڭغا قوشۇن ئەۋەتىشتىن مەھرۇم قالىمىز - دە، ئارقا سەپنىڭ قاتنىشى ئۈزۈلىدۇ ...
گېنېرالنىڭ قاتتىق تىكىلىشى ۋە جىددىي سوئالىدىن دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ يۈرىكى تىترەپ كەتتى. لېكىن، ئۇ كۆزىنى قاچۇرالمايتتى. بىرنېمە دېمەي، شۇك تۇرۇشمۇ ئەپسىز ئىدى:
— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، گېنېرال جانابلىرى!
— بۆلۈپ - بۆلۈپ يوقىتىش دېگەن مۇشۇ، دېمەك، چەپەيزىگە مۇستەھكەم قورغان ياساش كېرەك، مۇستەھكەم

قورغان ! چۈشىنىۋاتامسىز، مۇستەھكەم !
ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چىڭقىلىپ ۋارقىراپ ئېيتتى.
دىۋىزىيە كوماندىرىمۇ قاتتىق ئاۋازدا جاۋاب بەردى:
— تولۇق چۈشەندىم، ھۆرمەتلىك گېنېرال !
تەرلەپ كەتكەن گېنېرال باياتىن بېرى تۇتۇپ تۇرغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى ـ دە، قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكەپ دېرىزىنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭ قاناتلىرىنى ئېچىۋەتتى. سالقىن شامال ئىسسىپ كەتكەن ئۆيئىچىگە يېنىك شىۋىرلاپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇ كۆكسىنى كۆتۈرۈپ دەم ئالدى ـ دە، ئۈرۈمچىنىڭ قاراڭغۇ كېچىسىگە سوغوق نەزەر تاشلىدى. سىرلىق كېچىنىڭ جىمجىتلىقى ئۇنىڭغا سۈرلۈك تۇيۇلدى، پەردىلەرنىڭ لەپىلدىشىدىن بەدىنى شۈركۈندى. لېكىن، تاماكىسى كۆيۈپ تۈگىگۈچە قىمىر قىلماي تۇرۇپ، ئاندىن دېرىزىنىڭ قاناتلىرىنى ياپتى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلدى.
دىۋىزىيە كوماندىرى ئىستاكانلارغا چاي قۇيۇپ قويغانىدى. گېنېرال دىۋانغا كېلىپ ئىككى پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئىككى يۇتۇم چاي ئىچتى، ئاندىن يەنە تاماكا چەكتى.
— شىخو بەك مۇھىم — ئىستراتېگىيەلىك جاي، ئۈرۈمچى ـ ئىلى ـ چۆچەكنىڭ قاتناش تۈگۈنى، — دېدى ئۇ كوماندىرغا قاراپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — بارلىق كۈچ بىلەن شىخونى قوغدىشىمىز كېرەك. قوغداشلا ئەمەس، بۇ قازاندەك چوڭقۇرلۇقتا ئوغرىلارنى چۈشۈرۈۋېلىپ، قاپساپ، قانچىلىك چىقىم تارتساقمۇ، بىرىنىمۇ قويماي، پاك ـ پاكىز يوقىتىشىمىز كېرەك. جاننى تىككەندىلا جاننى ساقلاپ قالالايمىز، بولمىسا، جەسىتىمىزنى قويىدىغان يەرمۇ تاپالماي قالىمىز.
ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۆزى قانائەت ھاسىل قىلمايتتى، نېمىدۇر، بىرنېمە كەملىك قىلىۋاتقاندەك ئۇھ تارتىپ قوياتتى ۋە ئۆزلۈلدۈرمەي تاماكا چېكەتتى، سۆھبەتدىشىدىن يۈرەكنى تىنچلاندۇرغۇدەك سۆزلەرنى ئاڭلاشنى خالايتتى.

— بۇ يەرنى تامامەن قوغداپ قالغىلى بولىدۇ، — دېدى دىۋىزىيە كوماندىرى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ھېلىغۇ بىر پولك ئىكەن، ئىككى - ئۈچ پولك بولسىمۇ، سۆزسىز قوغداپ قالغىلى بولىدۇ، بىزنىڭ ھازىر ئۇ يەردە ترانسپورت چوڭ ئەترىتىمىزدىن باشقا، سەككىز مىڭ ئەسكىرىي كۈچىمىز بار، بىرنەچچە تانكا، چوڭ تىپتىكى زەمبىرەكلىرىمىزمۇ بار، بەلكى ...

دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ تەنتەنىلىك سۆزى گېنېرالنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى - دە، سۆزىنى بۆلدى:

— سىزنىڭ سۆزىڭىزدىن قانائەت ھاسىل قىلغىلى، خاتىرجەم بولغىلى بولامدۇ؟ — ئۇ قولىدىكى ئىستاكاننى ئاچچىقى بىلەن «تاق» قىلىپ قويدى، — قوغداش - قوغداش ... ھازىرقى ئۇرۇشتىكى ئورنىمىزنى قانداق ئالاھىدىلىكتە دەپ بىلىسىز؟

سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچىلا ئەيىبلەشكە ئۇچرىغان دىۋىزىيە كوماندىرى، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمەي، مەڭدەپ قالدى.

— بىر ھەربىي باشلىق، — دېدى ئۇ ئاچچىقى بېسىلمىغان ھالدا، — يۈز بېرىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلىشى شەرت، — ئۇ ئەمدى ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى، — بىزنىڭ ھازىرقى ئالاھىدىلىكىمىز پەقەت مۇداپىئە كۆرۈشلا بولۇۋاتىدۇ، ئويلاپ بېقىڭا، يۈز مىڭ ئەسكىرىي كۈچىمىز تۇرۇپ مۇداپىئەگە ئۆتۈپ قالساق قانداق بولغىنى، بۇ يولۇۋاسنىڭ بۆرىدىن قورققىنىدەك ئىش ئەمەسمۇ؟ ... بىلىپ قويۇڭ، بۇ قوشۇننىڭ يېڭىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئۈستۈنلۈكنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

— ئۇلارنى تولۇق يوقىتىش ئۈچۈن، مېنىڭچە، ئۈنۈملۈك تەدبىر، ئاكتىپ چارە كېرەك بولۇۋاتىدۇ، ھازىرقى مۇھىم ئىش مۇشۇمىكىن دەيمەن؟

www.uyghurkitap.com

— ھەببەللى ... — گېنېرال جانلاندى، — دەل مۇشۇ!
بىردەم قىزىرىپ، بىردەم تاتىرىپ ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېس قىلىۋاتقان دىۋىزىيە كوماندىرى بىرەر ئاكتىپ چارە كۆرسىتىپ، ئۆزىنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇندى:
— ئوغرىلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن ئەمدى خىل قوشۇن ئەۋەتىش كېرەك، بىراق ... — ئۇ ئەلەم بىلەن باشلىقىغا تىكىلدى.
— خوش؟
— بەك قىرىلىپ كەتتۇق ...
— قىرىلىش قاچان بولمىغان! ... — گېنېرالنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇرۇش جەريانى «لىپ» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى، — قىرىلدۇق، دۈشمىنىمىزنى «ئالتە توك - توك» دەپلا قارىدۇق. لېكىن، «ئالتە توك - توك»لا ئەمەس ئىكەن، ھەربىي تەلىم كۆرگەن، يېتىشكەن مۇنتىزىم قوشۇن ئىكەن ...
قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇۋالغان دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈردى:
— بۇمۇ دۈشمىنىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى ...
— ئەلۋەتتە، بۇ ئالاھىدىلىكنى ھېسابقا ئېلىش كېرەك، دۈشمىنىڭنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھېسابقا ئالماي ئاتقان ئوقۇڭ، ئاسمانغا ئاتقان بىلەن باراۋەر!
ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ سۆزسىز تۇرۇپ قېلىشتى، ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايىدىن جىددىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ھەربىي تۇرمۇش ئوق ئاۋازىدىن يىراق يەردىمۇ شۇنداق جىددىي، ئويچان ئۆتەتتى. گېنېرالنىڭ پېشانىسىدە، كۆز ئەتراپىدا ئەلەملىك ئۇششاق قورۇقلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى.
— ھازىرقى ۋەزىيەتتە شىنجاڭنىڭ ئورنى قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە؟ — بۇ سوئالنى گېنېرال ئۆزىگە قويدىمۇ ياكى سۆھبەتدىشىغىمۇ، دىۋىزىيە كوماندىرى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى، لېكىن شۇ ھامان يەنە بىر قىيىن ئەھۋالغا دۇچ

كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. سوقۇشۇشتىن چىققان خورازدەك ھالغا كېلىپ قالغان كوماندىر، شۇ تاپتا قوماندانىنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى نەدىنمۇ بىلسۇن، ئۇ نېمىلەرنى قىياس قىلىشى مۇمكىن؟ ...

گېنېرال ئۆز سوئالىغا ئۆزى خۇددى باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەندەك ئاستا جاۋاب بەردى:

— بىلەمسىز، شىنجاڭ — بىر ئالتۇن تاۋاق. بۇ ئالتۇن تاۋاقنى جاننى تىكىپ تۇرۇپ ساقلاش كېرەك! شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، گېنېرال جانابلىرى.

— خوش، شىنجاڭ قولدىن كەتسە نېمە بولىدۇ؟

— ئالتۇن تاۋاق قولدىن كېتىدۇ.

— ئالتۇن تاۋاق قولدىن كېتىپلا ئىش تىنچلىنىپ قالمايدۇ، مۇھىمى، يەنئەن بىلەن مۇنۇ قىزىل ھۆكۈمەتنىڭ① تۇتىشىپ كېتىشى ئاسانلىشىدۇ، يول ئېچىلىدۇ.

دىۋزىيە كوماندىرى قوماندانىنىڭ دەلىللىرىگە قايىل بولدى، بىراق چۆچۈپ كەتتى.

— مۇلاھىزىڭىزگە قايىلمەن، گېنېرال جانابلىرى، ئۇنداقتا ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالىمىز.

— ئەلۋەتتە ... شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى جان كەتسە كەتسۇنكى، قۇرۇق تاۋاق بولسىمۇ ساقلاپ قېلىش كېرەك!

دەل شۇ چاغدا چارروسىيەدە ياسالغان سېرىق مىس زەنجىرلىك يوغان تام سائىتى ئۈچنى ئۇردى. سائەتنىڭ داراڭلىغان ئاۋازى خۇددى تۇيۇقسىز ئۇرۇش باشلانغاندەك ياكى بىرەر ئەنسىزچىلىكتىن خەۋەر بەرگەندەك قورقۇنچلۇق ئاڭلاندى، ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىماسلىققا تىرىشتى. گېنېرال دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، يەنە تاماكا چەكتى ۋە ئۇنى ئىككى قېتىم قاتتىق شوراپ ئېيتتى:

— ھازىرقى ئەڭ ياخشى چارە: يۇرۇشتىكىلەرنى بومباردىمان

① سوۋېت ئىتتىپاقىنى دېمەكچى.

قىلىپ خورىتىش، ئاندىن ئوبدان ھالسىرىغان پولكنى چەيزىدە كۆچلۈك بىر پولك كۈچ بىلەن كۆتۈۋېلىش ... — قوماندان دىۋىزىيە كوماندىرىغا قاتتىق تىكىلىپ سورىدى:

— ئۇلار ھازىر قەيەرگە يېتىپ كەلدى؟

ئۇ يەنە دۇدۇقلاپراق جاۋاب بەردى:

— تېخى ئۇلگۇرەلمىدۇق ...

— ئېيتتىمغۇ، سىزنىڭ بىلىدىغىنىڭىزدىن بىلمەيدىغىنىڭىز كۆپ، ھەرقاچان شۇنداق ! — قوماندانىنىڭ تەرى تۇرۇلدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ تاماكا تۇتقان ئوڭ قولى تىترەۋاتاتتى ۋە قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ئايروپىلان ئەۋەتىش كېرەك، ئايروپىلان !...

*    *    *

شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابىنىڭ قوماندانى گېنېرال جاڭ تېرىكىپ، ئۆز دىۋىزىيە كوماندىرىنى ئەيىبلىگەن كېچىسى، نىزامىدىن پولكى توختىماي يول يۈرۈپ ئەتىگەنلىكى ئۆزۈنبۇلاققا يېتىپ كەلدى.

ئۆزۈنبۇلاق — يايلاق، ئىككى تەرىپى چىمەنلىك كەڭ ساي، قىسما - قىسما تاغ گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلغان، كۆمۈش بۇلاقلار قايناپ تۇرغان ۋە سايدا ئانچە چوڭ بولمىغان تاغ سۈيى تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ئېقىپ تۇرغان جاي. سالقىن تاغ شاماللىرىنىڭ خۇشبۇي پۇراقلارنى دىماقلارغا ئۇرۇشى، تۇرلۇك قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، سۇلارنىڭ بىر خىل شارقىراشلىرى جەڭچىلەرنىڭ يول ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ ھېسسىياتلىرىنى قوزغىغۇەتكەنىدى. ئۇلار ئۇيقۇنى ئۇنتۇدى، يۈزلىرىنى مۇزدەك ئارامبەخش تاغ سۈيىدە يۇيۇشۇپ، ئۆزۈنبۇلاقنىڭ گۈزەللىكىگە مەستلىكى كېلىپ، ھېسسىياتلىق گەپلەرگە چۈشۈپ كەتتى.

تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە زوقلانمايدىغان كىشى بولمىسا كېرەك، ھەممىنىڭ كۆزى گۈللەردە، ياپيېشىل قاپتاللاردا، ئويناق سۇلاردا، قەلبلەردە ھاياجان ... گۈزەللىكنى تاماشا قىلىش، جىرالارنى كېزىش، ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە ئېغىناش ... كۆكۈللۈك. بۇ يەردىكى چارۋىچىلار قوي - كالا سويۇپ، قازان - قازانلاردا گۆش پىشۇرۇۋاتاتتى، لېكىن شورپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ھېچكىمنىڭ ئاغزىغا سۇ كەلتۈرگىنى يوق، بولمىسا، كېچىچە يول يۈرۈپ ھەممىنىڭ قورسىقى ئاچقان.

ئەنۋەر كۈنچىقىش تەرەپكە گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن تاغ قاپتىلىغا چىقىپ يانپاشلاپ ياتتى. تۆۋەندە قىي - چۇۋ قىلىشىپ يۈرگەن جەڭچىلەرگە قارىدى، ئەنە شوخ ۋە گەپدان ھەجەر كىمدۇر بىرسىگە سۇ چېچىپ قاچتى. ئەنە نېرىراقتا رەيھان بىلەن نادەم ئوچۇملاپ سۇ ئىچىشىپ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۈلۈشمەكتە، ئەنۋەرنىڭ كۆز ئالدىغا ھامان ھۆرلىقا كەلدى. ئۇ گەلەپى شىمىنىڭ يانچۇقىدىن بۇياققا ماڭىدىغان چاغدا ھۆرلىقا يوللۇق تۇتقان تاماكا خالتىسىنى، تۆش يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئالدى، ياغلىققا بىر جۈپ پورەكلىگەن گۈل كەشتىلەنگەنىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە ئوت كەتكەندەك بولدى. ئۇ ياغلىققا تىكىلدى، ھۆرلىقا قاچۇرۇۋەتكەن ھېلىقى كېچىنى ئويلىدى ... شۇ ئاندا ياغلىققا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى بىرسى كۆرۈپ قالغاندەك قىزىرىپ كەتتى - دە، ئۇنى ئىتتىك يانچۇقىغا سېلىۋالدى. لېكىن، ئۇنىڭ يېنىغا ھېچكىممۇ كەلمىگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ ئىشىدىن شۇئان كۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى بىئارام قىلىدىغان، قىينايدىغان خىياللار ئۇنى ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئۇ يىنجۇخۇدىكى ۋاقتىدا ھۆرلىقادىن خەت تاپشۇرۇۋالغان، خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «قىممەتلىكىم، مېنى سېغىندىڭىزمۇ؟ مەن ئۆلگۈدەك سېغىندىم، دۇنيادا مېنىڭ سىزدىن باشقا قىممەتلىك ھېچنېمەم يوق، سىز مېنىڭ بەختىم، ھاياتىم ... دۇنياغا كېلىپ تاپقان بايلىقىم پەقەت سىز ...

www.uyghurkitap.com
كىتاب نۇر بېكىتى

ئۇرۇشلارمۇ تۈگەر، سىز بىلەن ياشىساملا، دۇنياغا كەلگىنىمگە مىنىڭ رازىمەن.» ئەنۋەر مەيۈسلەندى، ئېغىر تىندى: «بىچارە قىز! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — ماڭا كۆيگەن، ئىشەنگەن پەرۋانە قىز، كۆزىڭىزدىكى ياشلارنى ئاخىر بىر كۈن قۇرۇتىمەن، غۇلىچىمنى كەڭ يېيىپ، ئالدىڭىزغا غالىب كوماندىر بولۇپ بارىمەن، بىز مەڭگۈ بىللە ياشايمىز!» ...

ئەنۋەرنىڭ قىزغا بېرىۋاتقان غايىبانە قەسەملىرى ئۈزۈلدى، تاماق يېيىش سىگنالى چېلىنىپ قالدى.

ئۇ تاماقنى ئىشتىھاسىزلىق بىلەن يەپ ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز ئايروپىلان ئاۋازى ئاڭلاندى. شەرق تەرەپتىن غارقىراپ كېلىۋاتقان ئىككى ئايروپىلان كۆرۈندى.

— مۆكۈنۈڭلار، يولداشلار!

— دۈشمەننىڭ رازۋېدكا ئايروپىلانلىرى كەلدى!

كىيىملىرىنىڭ رەڭگى خۇددى ئوت - چۆپلەرنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان جەڭچىلەر جىم يېتىۋالدى، ئىككى ئايروپىلان ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئىككى ئايلىنىپ، ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدى - دە، كەلگەن تەرەپكە — شەرق تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

بىر توپ جەڭچىلەر ئابدۇقادىرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئۈزۈلۈپ قالغان ھېكايىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاش ئۈچۈن سۇ بويىغا كېلىشتى. ئەنۋەرمۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بىز ئون - ئون بەش مىنۇت ئىچىدىلا مايتاغدىن ئۈزۈلۈپ چىقىپ كەتتۇق، — دەپ ئابدۇقادىر ھېكايىسىنى باشلىغاندى، — شامالدەك تېز ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان قىسىمغا ئوق ئاۋازلىرى بارغانسېرى سۇس ئاڭلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ خاتىرجەملىنىپ، كەينىمىزگە قارىماي ماڭىدىغان بولدۇق. ئۇنىڭغىچە پوتەيدە ئوق ئۈزۈپ قالغان ئۈچ ئادىمىمىز ئىككى ئاتقا مىنگىشىپ يېتىپ كەلدى.

سۇبھى ئۈزۈلگەندە تاغ ئېتىكىدىكى بىر جىلغىغا يېتىپ

كەلدۇق، بۇ چاغدا مايتاغدىن ئون كىلومېتىر دەك يىراقلاپ كەتكەنىدۇق. قىسىم ھارغانىدى، دەم ئالدۇق. بەزىلەر ياتاتتى، بەزىلەر يانپاشلىدى، قاتتىق - قۇرۇق نانلىرىمىزنى يېيىشتۇق. قىسىمنىڭ كۆپچىلىكى بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىپ قالغانلىقىمىزنى ئۇقمايتتى. ئۇلارنىڭ مۆلدۈرلىگەن كۆزلىرى دەممۇدەم سايىتاخۇنغا تىكىلەتتى. كوماندىر سايىتاخۇن خۇشخۇي، مەغرۇر ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىدە غەلىبە شادلىقى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. «قوزغىلاڭ»نىڭ ئەزالىرىدىمۇ شۇنداق جۇشقۇن ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئۇ قاتتىق جىگموممىدىن بىرنى يەپ بولۇپ، ئىككى يۇتۇم سۇ ئىچتى - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— بۇرادەرلەر، قېرىنداشلار، قوزغىلاڭچىلار! — دېدى ئۇ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق «قوزغىلاڭچىلار» دېگەن گەپ چىقمايتتىغۇ، ئۇ ھەر قېتىم بۇنداق كۆتۈرەڭگۈ، يالقۇنلۇق سادا بىلەن سۆزلىمەيتتىغۇ. ئۇنى شۇنچە ھاياجانغا، دولقۇنلۇق يۈرەك ساداسىغا سېلىۋاتقان قانداق كۈچتۇ؟ ئۇ نېمىدىن شۇنچە غۇرۇرلىنىپ كەتكەندۇ؟ سىرلىق تۇيغۇدا ئەندىككەن ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قېلىشتى. سايىتاخۇننىڭ جىددىيلىك، قەيسەرلىك جىلۋىلەنگەن لەۋلىرى ئېچىلدى، — بىز نىجاتلىق ئىزدەپ يولغا چىقتۇق، گومىنداڭدىن قول ئۈزدۇق. ئۇنىڭ قانخور ھاكىمىيىتىگە ئوق ئاتتۇق!... ۋىجدانىمىزنى ساتقان، ئۆز خەلقىمىزگە خائىنلىق قىلىپ، شەرمەندىلىكتە قالغان ھاياتىمىز ئاخىرلاشتى، ئەمدى باشقىچە ھاياتقا كۆچتۇق!

ئالدىدا، ئىككى يىلدا ئولتۇرغانلارغا تەكشى قاراپ، جىددىي ھەرىكەت بىلەن سۆزلەۋاتقان كوماندىرنىڭ يۈزىدە يېگىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۈننىڭ شولىسى جىلۋە قىلاتتى. ئولتۇرغانلار ئۆز ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقان بۇ يېڭى گەپلەردىن ھەيران قېلىشىپ، قىمىرلىشىپ ئولتۇرالماي

قېلىشقان ۋە خۇددى قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشلاردەك جانلىنىپ ئەركىن نەپەس ئېلىشماقتا ئىدى. ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان يېڭى يولغا ئۆزلىرىنى باشلاپ چىققان بۇ ئىدراكلىق كوماندىرىغا قايىل بولۇشۇپ ئىچ - ئىچىدىن يانماقتا ئىدى...

سايىتاخۇن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— كۈننى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولامدۇ؟ بىز ئاڭلاپ كېلىۋاتقان «ئىلى ۋەقەسى»، ھەرگىزمۇ «ئالتە ئوغرى»نىڭ ئىشى ئەمەس ئىكەن، ئۇ گومىنداڭغا قارشى مەردانىلىك بىلەن باش كۆتۈرۈپ چىققان يۈز مىڭلىغان خەلقنىڭ ئىنقىلابى ئىكەن، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بوران ئىكەن! ... ئۇلار ھازىر ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ بوپتۇ. مانا پاكىت، مانا ئۇلارنىڭ گېزىتى، — ئۇ قوينىدىن «ئويغان» گېزىتىنى ئېلىپ پۇلاڭلاتتى: ئويغان! ئويغىنىڭلار، قېرىنداشلار! ... — بۇ جاراڭلىق، ئۆتكۈر سادا ھەممىنىڭ يۈرەك قاتلاملىرىغا خۇددى نۇردەك قۇيۇلدى ۋە بۇ ئويغاتقۇچى سادا ھەممىنىڭ يۈرەك - باغرىنى دولقۇنلىتىپ، كۈچلۈك ھاياجانغا سالدى، — بىز ئويغان بىلەن ئويغاندۇق، — دېدى سايىتاخۇن غەيرەتلىنىپ، — ئەمدى ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى تاپامدۇق ياكى كەينىمىزگە چېكىنىپ، گومىنداڭغا شەرمەندىلەرچە تەسلىم بولامدۇق؟ قېنى ئويلاڭلار، قېرىنداشلار! ... كېتىمىز دەيدىغانلار، كەتسۇن، يول ئوچۇق، دەخلى قىلىنمايدۇ!

ھەممىسى ئەسىرلەپ جىم ياتقان بۇ تاغ باغرىنى زىلزىلىگە سېلىپ، ئۈنلۈك ۋارقىراشتى:

— تاپىمىز! جەزمەن تاپىمىز! ...

— گومىنداڭدىن تويدۇق! ...

— نىجاتلىق ئىزدەيمىز، چېكىنمەيمىز! ...

قىزغۇچ تاغ باغرى تەنتەنىلىك سادالار، قىزغىن ئالقىشلار بىلەن دولقۇنلاندى، بۇ سادالارغا تۈمەنمىڭ سادالار جور بولغاندەك يىراق - يىراقلاردا ئۇنىڭ ئەكس سادالىرى گۈلدۈرلەيتتى.

قىسىم يولغا چىقىپ، كۆن ئۆلتۈراي دېگەن مەزگىلدە گومىنداڭنىڭ ئىككى ئايروپىلانى بىزنى ئىزدەپ كەلدى. بىز يوغان تاشلار ئاستىغا، كامارلارغا، جىرا ئىچىدىكى چاتقاللىقلارغا يوشۇرۇنۇۋالدۇق. ئايروپىلان ئۈستىمىزدىن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ كېتىپ قالدى. ئايروپىلان بىزنى كۆرمىدى دەپ خاتىرجەم بولغاندۇق، ئەمما كوماندىر تاغ ئۈستىگە ئابارۇن قۇرۇشقا — تاش پارچىلىرىدىن ئىستىھكام ياساشقا ۋە ئۇنىڭغا چاۋار ـ چاتقاللارنى سانجىشقا بۇيرۇق بەردى. يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بىزگە ئوشۇقچە ھېس قىلىنغان جىددىيلىكنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۇق، گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ مايتاغدىن چىققان ئىككى روتىسى بىزنى قوغلاپ، پو ـ پوغا يۇگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، كۆز باغلىناي دەپ قالغان چاغ ئىدى.

— مۇداپىئەدە تۇرغان قىسىم ئۈچۈن ئۆزىدىن بىر ھەسسە ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ ھېچ گەپ ئەمەس، — دېدى سايىتاخۇن دۇربۇنىنى كۆزىدىن ئېلىپ، — ئالدى بىلەن ئالدىدا كېلىۋاتقان ئاتلىقلىرىنى ئېتىڭلار!

ئوچۇقچىلىقتا ئالدىڭغا كېلىپ بەرگەن دۈشمەننى ئېتىش، ئاتقاندىمۇ زايە قىلماي ئېتىش ناھايىتى كۆڭۈللۈك. بىراقلا ئوق ئۈزدۇق، پىلىموتلىرىمىز سايراپ كەتتى (بىزدە توققۇز دانە پىلىموت بار ئىدى) ئالدىدىكىلىرى يىقىلىشقا باشلاپ، كەينىدىكىلىرى ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، سايىتاخۇن ئاتاكىغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردى. قىيقاس ـ چۇقان بىلەن ئابارۇندىن چىقتۇق. ئۇلارنىڭ بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقى ئۆزىگە ئايان بولسىمۇ، قايسىدۇ بىرىنىڭ «ئوغرىلار، ئوغرىلار كەپتۇ ...» دېگەن سۆزى بىلەن تەڭلا پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى، قوغلاپ يۈرۈپ قىردۇق ... ئۇلار ھۇجۇمدا گال بولغان بىلەن قېچىشتا ئىتتىك ئىكەن، تىرىك قالغانلىرى قېچىپ، بىزنى يەتكۈزمەي قويدى.

سايىتاخۇن:

— ۋاي، ئىسىت، بىر ۋىزۋوت ئاتلىق ئەسكىرىم بولسا، قويماي قىرىپ تاشلايتتىم - دە، — دەپ تىت - تىت بولۇپ كەتتى.

ئىككى جەڭچى گومىنداڭنىڭ مايتاغنى قوغداۋاتقان قىسىملىرىنىڭ باش كوماندىرىنى ھەيدەپ كەلدى. بۇ چاغ كۆز ياغلىنىپ قالغان چاغ بولغاچقا، سايىتاخۇن تاپانچىسىنىڭ ئۇچى بىلەن، ئۇنىڭ كۆزىگە چۇشۇرۇۋالغان شەپكىسىنى كەينىگە سۇرۇپ قويۇپ:

— باش كوماندىر، مېنى تونۇغانسىز؟ — دېدى. ئۇ سايىتاخۇننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، — قەيىرىڭىزگە ئاتاي، — سايىتاخۇننىڭ تاپانچىسى ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىغا تىرەلگەنىدى.

ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ:

— ھەربىي قانۇندا يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ئەسىرگە چۈشسە، ئاتمايدۇ، سەن بىلمەيتتىڭمۇ، — دېدى ئۇ تېرىكىپ.

— مېنىڭ قانۇنۇمدا ئاتىدۇ، — دېدى سايىتاخۇن ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — مەن «ئوغرىلار»نىڭ بىرى تۇرسام، ھەربىي قانۇننى بىلەمدىمەن.

باش كوماندىر ئۆز قول ئاستىدىكى قولدەك يۈرگەن بىر ئادەمنىڭ مانا ئەمدى ئۆزىنى ئەخمەق قىلىپ ئويىنىتىۋاتقانلىقىدىن تېرىكىپ، چىچاڭشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ سايىتاخۇننىڭ تاپانچىسىدىن ئۈزۈلگەن ئىككى پاي ئوق ئۇنى يەرگە يىقىتتى.

سايىتاخۇن دەرھال يۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى.

دۈشمەندىن ئولجا ئېلىنغان قورال، ئوق - دورىلارنى ئىككى - ئۈچ ئاتقا ئارتىپ، كېچىلەپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئۇ دەممۇ ئالمىغان، قورساقلىقمۇ بىرنېمە يېمىگەن ئۆز قىسمىنى ئىلداملىق بىلەن يۈرۈشكە دالالەت قىلىپ، سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتاتتى. پۈتۈن تۈنبويى ئارىلىقتا پەقەت ئون مىنۇتلا توختاپ

دەم ئالغان قىسىم، شامالدەك تېز ئىلگىرىلەپ تاڭ بىلەن تەڭ تاغ ئارىسىدىكى بىر موڭغۇل بۇتخانىسىغا يېتىپ كەلدى.

بۇتخانىنىڭ لاماسى بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ بىزنىڭ نىجاتلىق ئىزدەپ ئاتلانغانلىقىمىزدىن تەسىرلىنىپ، بىزگە ئەللىك ئات، ئون ئېگەر - توقۇم، يىگىرمە قوي سوۋغا قىلدى. بەش - ئالتە قوينى سويدۇق - دە، پىشۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، چاراسلاپ يېنىۋاتقان ئوتلارغا قاقلاپ كاۋاپ قىلىپ يېدۇق. موڭغۇل ياشلىرىدىن ئون نەچچىسى بىزگە ئاتلىرى بىلەن قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوفىتسېرلار، بىر قىسىم جەڭچىلەر ئاتلىق بولۇپ قالدۇق. كوماندىرىمىز ئىككى كۈن ئويقۇسىزلىقىمىز، توختىماي يول يۈرگەنلىكىمىزگە قارىماي، بىزنى يەنە يۈرۈشكە باشلىدى.

بۇتخانا لاماسى ۋە موڭغۇل چارۋىچىلار ئۇزىتىپ قالدى.

ئۈچ ئاتلىق جەڭچى ئەمدى ئالدىمىزدا، بىزدىن ئۇزاپ ماڭىدىغان بولدى. ئەللىك - ئاتمىش كىشى ئاتلىق بولساقمۇ، بەرىبىر پىيادىلەر بىلەن تەڭ ماڭاتتۇق. شۇ تاپتا بىزگە ئەڭ ئېغىر كېلىۋاتقىنى ئۇيقۇ ئىدى. كىشى ھېرىپ - چارچاشقىمۇ، ئاچلىققىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدىكەن، بىراق ئۇيقۇغا بەرداشلىق بېرىش ئىنتايىن تەس ئىكەن، بىرنەچچە كوماندىر - جەڭچىلەر ئۇخلاپ قېلىپ، ئات ئۈستىدىن يىقىلىپمۇ چۈشتى. مۇنداق چاغلاردا يىقىلغۇچىنىڭ ئازابىغا قارىماي، ئۇنىڭ پالاقلاپ يىقىلىشى ۋە ئۆندەرىشىگە كىشىنىڭ كۈلگۈسى كېلىدىكەن.

ئالدىمىزدا كەتكەن ئۈچ ئاتلىق جەڭچىمىزنىڭ بىرسى خۇش خەۋەر ئەكەلدى.

— جانابىي كوماندىر ...

سايىتاخۇن كۈلۈۋەتتى:

— تۈز گەپ قىل!

— يولداش كوماندىر، — دېدى ئۇ ئۆزىمۇ كۈلۈپ، — ئالدىمىزدا ئۇلۇغجاي دېگەن قازاقلار ئولتۇراقلاشقان جاي بار

ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى بىزنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بىزنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىپ، قويلارنى سويۇۋاتىدۇ.

— بۇرۇن بىز بىر يەرگە بارساق خەلق قانداق قارشى ئالاتتى؟ — دېدى سايىتاخۇن جىددىي هالدا.

ئۇ ئەمدى چاقماقتەك جاۋاب بەردى:

— خەلق قارشى ئالمايتتى، بىزدىن قاچاتتى يا تەرسىلىرىنى تىقاتتى، يولداش كوماندىر.

— هازىرچۇ؟

— هازىر ... هازىر باسقان يولىمىزنى خەلق ئالقىشلاۋاتىدۇ، هەتتا يەۋاتقان نانلىرىنىمۇ بېرىۋاتىدۇ ...

— يارايسەن!

ئەتراپتىكىلەرنىڭ هەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئۇلۇغجايغا يېتىپ كەلگەندە، بىزگە ئەڭ دەسلەپ يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلغىنى دىماققا ئۇرۇلغان شورپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بولدى، ئاغزىمىزغا سېرىقسۇ كەلدى. بىرنەچچە چوڭ قازانلاردا گۆش قايناۋاتقانىكەن، شادلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلەر، تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەن يۈزلەر بىزنى قارشى ئالدى. يەرلىكلەرنىڭ ئاقساقىلى قىرىق - قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى قىزىل يۈزلۈك، قاشلىق، ئۆتكۈر كۆزلۈك، گەۋدىلىك نورپاي دېگەن كىشى ئىكەن. نورپاي كوماندىر سايىتاخۇن، مۇئاۋىن كوماندىر نىياز ۋە باشقىلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. شۇنچە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، تاۋىدا قىزىرىپ پىشقان نان، سېرىق ماي ۋە قۇرۇتلارنى قويدى. ئاۋۋال چاي ئىچتۇق، ئاندىن مەززە قىلىپ گۆش يېدۇق، شورپا ئىچتۇق. بۇ بىرنەچچە كۈنلۈك ئېغىر هەربىي يۈرۈشتىن كېيىنكى ئەركىن - بەھۇزۇر تاماقلىنىش ئىدى ... بەدەنلىرىمىز بوشاشتى، كۆزلىرىمىزنى ئۇيقۇ باستى، كېرىلدۇق، ئەسنەشكە باشلىدۇق ... بولارسىزمۇ كوماندىرىمىز ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئۇيقۇسىزلىقىمىزنى ئوبدان

بىلەتتى. ئۇ بىرنەچچە ئورۇنغا پوستىلارنى قويۇپ بولۇپ، جەڭچىلەرگە ئۇخلاشنى بۇيرۇدى. ئۆزىمۇ ئۇخلاش ئۈچۈن بىر كىگىز ئۆيگە كىرىپ كەتتى.»

ئابدۇقادىر ھېكايىسىنى توختىتىپ تاماكا يۆگىدى ــ دە، تۇتاشتۇرۇپ، بىرنەچچە قېتىم كەينى ــ كەينىدىن شورىدى. ئاڭلىغۇچىلارنىڭمۇ ھازىر ئۇخلاش مەزگىلى ئىدى، كەچ كىرسىلا يۇرۇش باشلىناتتى، لېكىن ھېكايە ۋەقەلىكى ئۇلاردىن ئۇيقۇنى تامامەن قاچۇرۇۋەتتى.

ئۇ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى:

«بىز ئۇيقۇدىن تۇرساق ...»

— ئۇيقۇنىڭ گېپىنى قىلما، ئاداش، — دېدى ئاڭلىغۇچىلاردىن بىرسى چاقچاق قىلىپ، — خۇمارى تاتلىق نېمىنى ئادەمنىڭ ئېسىگە سالىدىكەنسەن ...

« — ماقۇل، — دېدى ئابدۇقادىر، — ئۇيقۇ كەلتۈرمەيدىغان يېرىنى سۆزلەي، — شۇنداق قىلىپ قازانلاردا يەنە گۆش قايناۋېتىپتۇ. نۇرپاي بىلەن كوماندىرىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

نۇرپاينىڭ بوم ئاۋازى ئاڭلاندى:

— شېڭ شىسەي، گومىنداڭ بىلەن كۆپ ئېلىشتىم، مېنى تۇتۇشقىمۇ كۆپ قېتىم كەلدى، تۇتۇق بەرمىدىم، لېكىن چوڭراق ئىش قىلالمىدىم، — ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى يېنىشقا باشلىدى، — مانا ئىلى ئىنقىلابچىلىرى چوڭ ئىش قىلدى، گومىنداڭنىڭ جاجىسىنى بېرىۋاتىدۇ، مەن قىلغان ئىشلىرىمنى ئويلىسام، يىغىم كەلگەندە، يالغۇز باتۇرلۇق قىپتىمەن، مېنىڭچە، — ئۇ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى سايىتاخۇنغا تىكىپ، يوغان قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى، — سېنىڭ بۇ يۈرۈشۈڭ — ئۇلۇغ يۈرۈش، تاغدا يولۋاسمۇ ياشايدۇ، توشقانمۇ ياشايدۇ، توشقاندەك قورقۇپ ياشىغاندىن كۆرە، يولۋاستەك ھۆركىرەپ ئۆلگەن مىڭ ئەلا ! —

ئۇ سەل توختىۋېلىپ، ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ دېدى:

— خوش، سەن قانداق ماڭماقچىسەن؟
— تاغ بىلەن.
— ھەي ... بۇ قىيىن.
— مۇنۇ تاغنى ئېشىپ قاش بېشىغا چۈشسەك، ئەلى ئىنقىلابچىلىرىنى تاپىمىز ئەمەسمۇ؟
— بەشىنچى ئايدىن كېيىن بولسا، بۇ بولاتتى ھەم يېقىن، ھەم خەتەرسىز يول ئىدى، بىراق ھازىر تېخى قار كەتمىدى، چارۋىچىلارمۇ تاغقا كەلمىدى.
سايىتاخۇن ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى:
— بورتۇڭگىدە گومىنداڭنىڭ بىر ئىسكادرون ھەربىي كۈچى بار، بۇ ئىسكادروننىڭ ئاتلىرىمۇ، ئېگەر - توقۇملىرىمۇ خىل، شۇنى قولغا چۈشۈرۈپ تاغ ئېشىشنى ئويلاۋاتىمەن.
— قولغا چۈشۈرگەن تەقدىردىمۇ، — دېدى نۇرپاي قىيىنچىلىق، تۇسالغۇلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ، — بىرىنچىدىن، قارلىق يول ئۇزۇن، قار ئاتنىڭ قارنىغا كېلىدۇ، بەزى يەرلەردە چوكۇپمۇ كېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئېلى يوق، ئۇزۇقلۇقتىن، يېتىپ - قوپۇشتىن قىينىلىپ قالىسىلەر. تېخى جۇدۇن باشلىنىپ قالسا، پۈتۈنلەي قىرىلىپ كېتىسىلەر. ئۈچىنچىدىن، ئەگەر ئايروپىلان بىلەن قوغلاپ قالسا، موكونۇشكە ئۆلگۈرەلمەي قالىسىلەر ...
سايىتاخۇن كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە ئويلىنىپ قالدى. سوغۇق تاغ شامىلى ئۇنىڭ يۈزىگە يىڭنىدەك سانجىلاتتى، لېكىن ئۇ بۇنى تۇيمايتتى، قىسمىنىڭ ھاياتى، قايسى يول بىلەن يۈرۈش كېرەكلىكى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادىنى چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ بىردىنلا ئەقىل تاپقاندەك بىر قارارغا كەلدى - دە، نۇرپايغا ئىتتىك قارىدى:
— خەتەرلىك بولسىمۇ ئوي بىلەن ماڭايلى.
— دۇرۇس، ئەقلى بولۇپ، دىتى بولمىسا بىكار، — نۇرپاينىڭ قىزىل يۈزى نۇرلاندى، — بۇ يول — توغرا يول، ئەمدى مېڭىش

نىشانىڭلارنى كۆرسىتىپ بېرەي: كۆيتۈن بىلەن يەنىسخەي ئارىلىقىنى بۆسۈپ، ئۇيغا چۈشۈڭلار، شىمالىنى ياقىلاپ، چەپەيزىنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن مېڭىپ، ئۇلانبۇلاققا يۈزلىنىڭلار، ئەمما چەپەيزىگە يېقىنلاشماڭلار، كېگەنچىگە چۈشىسىلەر، ئات يەڭگۈشلەپ، سوكسۇۋۇللۇق بىلەن ماڭساڭلار بولىدۇ، ئۇ يەرلەردە ئېل بار ...

سايىتاخۇن يۈرۈشنىڭ خەرىتىسىنى سىزىۋالدى.

بۇ چاغدا كىچىك تۈزلەڭلىك جانلىنىپ كەتكەنىدى: سايىتاخۇننىڭ بۇيرۇقى بىلەن موڭغۇل، قازاق ياشلىرى ھەربىي تېخنىكا ئۆگىنىۋاتاتتى، گىرانات تاشلاش، يەر بېغىرلاپ يۈرۈش، چېكىنىش، ئاتاكىغا ئۆتۈش، قورال تۇتۇش، پوستتا تۇرۇش، قوراللارنى ئىشلىتىش ... مەشىقلىرى كۆرسىتىلىۋاتاتتى.

مېڭىشقا ھازىرلاندۇق. نۇرپاينىڭ ئېلىدىن بىزگە ئوتتۇزدىن ئوشۇقراق ياشلار ئاتلىرى بىلەن قوشۇلغانىدى. نۇرپاي ئوتتۇز ئات تەقدىم قىلدى. بەللىرىمىزگە پىششىق گۆش تۈگۈشتۇق. ئات يېتىشمىگەنلەر مىنگىشىپ، ھەممىمىز تولۇق ئاتلاندۇق.

— خەير نۇرپاي ئاغا، — دېدى سايىتاخۇن، — جېنىمىزغا جان قوشۇلدى، ئەمدى بوزەك بولمايمىز، بىرىمىز قالساقمۇ ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى تاپىمىز! ...

— خەير - خەير، — دېدى نۇرپايمۇ، — يۈرۈشۈڭلار ئوڭۇشلۇق بولسۇن، غەلىبە سىلەرگە يار بولسۇن.

سايىتاخۇن بىلەن نۇرپاي قۇچاقلاشتى.

قاش قارايغاندا يۈرۈش باشلاندى. چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش، قۇچاقتىكى باللارمۇ بىزنى ئۇزىتىپ قالدى.

ئۇزۇن سەپ تۆۋەنلەپ چۈشمەكتە ئىدى. يۇلتۇزلار يۈرۈشىمىزنى ئالقىشلاۋاتقاندەك، ئالتۇن كىرپىكلىرىنى چىمچىقلىتىپ تەبەسسۇم ياغدۇراتتى. كېچە سوغۇقى، نە يولسىز تاقىر تاغ ئازابى قىلچىمۇ بىلىنمەيتتى. ئات تۇياقلىرىنىڭ تاشلارغا تېگىشىدىن چاچراپ چىقىۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرى

توختىماي ياناتتى.

تاك ئالدىدا تاشيولغا چىقتۇق، مىلتىق ئېشتىكى بىلەن شىم تاناب تۇۋرۇكلىرىنىڭ ئاستىنى كولاپ ئون نەچچىسىنى ئۆرۈۋەتتۇق. يۈرۈشىمىزنى چاپسانلىتىپ كېگەنچىگە كەلدۇق. بۇ يەردىكى ئاھالىلەرمۇ بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بىراق، «بەشخورجا» دېگەن يەردە قىسقا ئېتىشىش بولدى. گومىنداڭچىلار بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنى قوراللاندۇرۇپ قويغانىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەرنى ھۇجۇم بىلەن ئالدۇق. يەيدىغىنىمىز تۈگىگەنىدى، جەڭچىلەر ئۇزۇقلۇق بۇلاشقا كىرىشتى. بىر جەڭچى بىر تاغار گۈرۈچنى بۇلاپ چىققاندا، ئىگىسى ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالغان، جەڭچى مىلتىقنىڭ قوندىقى بىلەن ھېلىقى دېھقاننى ئۇرۇپ، بېشىنى يېرىۋەتكەن. نەق مۇشۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالغان سايىتاخۇن:

— سەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىق - زورلۇقىنى تېخىچە ئۆزۈڭدە ساقلاپ يۈرەمسەن! — دېدى - دە، ئۇنى ئېتىپ تاشلىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن ئاھالىلەر تەسىرلىنىپ، ئۆزلۈكىدىن بىزگە ئۇن، گۈرۈچ تەقدىم قىلدى ۋە بەشخورجا، كېگەنچىدىن نۇرغۇن ياشلار سېپىمىزگە قوشۇلدى. بىز كېگەنچىدە ئات يەڭگۈشلىدۇق ھەم ھەممىمىز تولۇق ئاتلىق بولدۇق. كېچىسى يولغا چىقتۇق، بىراق مۇشۇ يەردە مۇئاۋىن كوماندىرىمىز نىياز ئىككى جەڭچىنى ئازدۇرۇپ، قېچىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. سايىتاخۇن ئىككىلىنىپ تۇرماستىن:

— ئۇلارنى قوغلاش خەتەرلىك، قوغلايمىز دېسەك، دۈشمەننىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىمىز، مۇھىمى تېز يۈرۈپ كېتىشىمىز كېرەك، — دېدى جىددىي ھالدا.

ئىككى سائەت چامىسى يۈرگەندىن كېيىن، كەينىمىزدىن نۇرغۇن ئاتلىقلارنىڭ ئوپۇر - توپۇرى ئاڭلىنىپ قالدى. بىز ئۆزىمىزنى ئوڭشىغۇچە كەينىمىزدىن، ئىككى يېنىمىزدىن تاراسلاپ ئوق چىقتى. بىرنەچچە جەڭچىمىز ئات ئۈستىدىن غۇلاپ

چۈشتى.

— بۇ چوقۇم نىيازنىڭ ئىشى، — دېدى سايىتاخۇن. ئۇ چەپەيزىدىن قىسىم باشلاپ كەلدى - دە، مۇداپىئەلىنىشكە بۇيرۇق بەردى، نالىنىشلار ئاڭلاندى:

— ۋايجان ... قان ! ...

— پۇتۇم ئۈزۈلۈپ كەتتى ...

— ئۇچەي - باغرىم چۇۋۇلدى ...

ئاتلاردىن چۈشۈپ ئورۇن ئىگىلىدۇق، ئات ئۈستىدە ئوق ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلارغا قارشى بىزمۇ ئاتتۇق ۋە گىرانات تاشلاپ، ئۇلارنىڭ بىسىپ كېلىشىنى توستۇق، ئېتىشىش كۈچەيدى.

— بىھۇدە ئاتماڭلار، ئوقنى ئاياڭلار ! ...

سايىتاخۇننىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ تۇراتتى، ئۇ قىسىمنى ئۇچكە بۆلدى. بىرىنچى بۆلەك ئورنىدا قالدى، ئىككى بۆلەك ئوڭ - سول بۇرۇلۇپ، بەش يۈز مېتىردەك يۈرۈپ، ئالغا بۇرۇلۇپ، جەنۇب بىلەن شىمالدىن بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى ئالدى.

سايىتاخۇننىڭ يېشىل بەلگە ئوقى ئېتىلدى.

ئۇچ تەرەپتىن تەڭلا ئوت ئاچتۇق ۋە شىپقىپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق، سەپ بويىچە بىر گىرانات تاشلاپ، بىر ئىلگىرىلەش جېڭى باشلىدۇق، بۇ جەڭ ئىككى قېتىم قىلىنغاندىن كېيىن، ئاتلارنىڭ تاراسلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى — دۈشمەن قاچقانىدى، قوغلاپ قىرىپ تۈگەتمەكچى بولدۇق، بىر ئاز قوغلىغاندىن كېيىن، سايىتاخۇن يول قويمىدى:

— شۇ تاپتا، بىر ئىسكادرون ھەتتا بىر دىۋىزىيونىنى قىرىپ تۈگىتىۋەتسەكمۇ، دۈشمەن ئۇچۇن ھېچقانچە ئىش ئەمەس، مۇھىمى بىز بۇ يەردىن يىراقلاپ كېتىشىمىز كېرەك.

ئۆلگەن يەتتە جەڭچىمىزنى ئايدالاغا تاشلاپ، ئۈستىنى سوكسۆۋۈل، چاتقاللار بىلەن يېپىپ قويدۇق - دە، ئون ئىككى يارىدارنى ئات ئۈستىگە ئېلىپ يولغا چىقتۇق. تاڭ ئاتقاندا گومىنداڭنىڭ ئىككى ئايروپىلانى قوغلاپ كەلدى. دەشت -

قۇملۇق دالادا كېتىۋاتاتتۇق، مۆكۈنگۈدەك يەرمۇ يوق ئىدى. ئايروپىلانلار غارقىراپ ـ پەسلەپ كېلەتتى ـ دە، پىلىموتتىن ئوق ياغدۇراتتى، بومبا تاشلايتتى. يەنە قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى ... ئايروپىلانلار كۆنۈپ ئارام بەرمىدى، ئىككىسى كەتسە، يەنە ئىككىسى كېلەتتى، ئەتىسىمۇ خۇددى شۇنداق بولدى. ئەمما، بىز مىنۇت ـ سېكۇنتنىمۇ قولدىن بەرمەي، بۇ سۇسىز دەشتتە ئولانبۇلاققا قاراپ مېڭىۋەردۇق. جەڭچىلىرىمىزنىڭ چىرايلىرى ئاپپاق ئاقىرىپ، لەۋلىرى قورۇپ كەتتى، ئاتلىرىمىز ئاياغلىرىنى ئاران ـ ئاران ئالاتتى. يارىدارلار ئۇچۇنمۇ بىر يۇتۇم سۇ يوق ئىدى. ئوتتۇزغا يېقىن ئۆلگەن ئادەملىرىمىزنىمۇ، قانسىراپ ئۆلگەن يارىدارلارنىمۇ يول بويى تاشلاپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق. قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن ئۇسسۇزلۇق يامان ئىكەن، ئاغزىمىزغا سىلىۋالغان ئۇششاق تاشلارمۇ ئۇسسۇزلۇققا دال بولالمىدى.

ئالدىمىزدا كەتكەن ئىككى جەڭچى قايتىپ كەلدى.

— سۇ ! ... سۇ ! ... — ئۇلارنىڭ پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرى يېنىپ كەتكەنىدى.

ئازگالغا يىغىلىپ قالغان لاي ـ توختام سۇنى ئاتلار بىلەن تالىشىپ ئىچتۇق.

كەينىمىزدىن يەنە ئاتلىق گومىنداڭ قىسىملىرى قوغلاپ كەلدى، ئۈستىمىزدە ئايروپىلان كۆرۈندى. دۆڭلۈك كەرگە جايلىشىپ ئېتىشتۇق، ھەممىمىزدىنمۇ كۆپرەك سىيرىلىپ، جۇدەپ، ياغاچتەك قېتىپ قالغان سايىتاخۇن يەنىلا تېتىك ئىدى، ئۇ:

— كۆچمە جەڭ قىلىمىز، — دېدى بۇيرۇق قىلىپ.

بىر قىسمىمىز قوغلاپ كەلگەنلەر بىلەن جەڭ قىلاتتۇق، يەنە بىر قىسمىمىز يۈرۈش قىلاتتۇق، شۇ ئۇسۇل بىلەن دۈشمەندىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇق.

ئولانبۇلاققا يېقىنلىشىپ قالدۇق، ھەممىمىزدە جانلىنىش

www.uyghurkitap.com

پەيدا بولدى. بىراق، ھېرىپ ئاياغلىرىنى ئارانلا يۆتكەپ كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ يۈرۈشى تەكشى ئەمەس، سەپ رەتسىز، ئىلگىرى ـ كېيىن، چېچىلاڭغۇ ئىدى. جەڭچىلەرنىڭ چىرايلىرى شۇنداق ئۆزگىرىپ كەتكەنكى، كىشى قارىسا قورققۇسى كېلەتتى، خۇددى ئادەم ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ روھى چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەللىكتىن ئوشۇق يارىدارنى ئەكېتىۋاتاتتۇق، بەزىلىرى ئاتتا ئولتۇرالمىغاچقا، نۆۋەتلىشىپ ھاپاش قىلىشقا ياكى ئۆزىمىز توقۇۋالغان زەمبىللەردە ئېلىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. يارىدارلارنىڭ: «قىيىنىلىپ كەتتىڭلار، بىزنى دەپ پۈتۈن قىسىم ھالاك بولۇپ كەتمىسۇن، بىزنى ئېتىۋېتىپ، تېز ئىلگىرىلەڭلار ...» دېگەن سۆزلىرى كۆڭلىمىزنى بۇزاتتى، كۆزلىرىمىزدىن ئىسسىق ياش تامچىلىرى بۇلدۇقلايتتى. بىزنى مۇشۇنچىلىك چىقىمغا، ئوڭۇشسىزلىققا، روھىي ئازابقا سېلىۋاتقان كىشى ئەلۋەتتە، ئارىمىزدىن چىققان خائىن — مۇئاۋىن كوماندىرىمىز نىياز ئىدى. قورغاننىڭ ئىچىدىن چىققان دۈشمەن ھەقىقەتەن قورغاننىڭ تېشىدىكى دۈشمەندىن نەچچە ھەسسە يامان ئىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە نىياز بىلەن ئۇچرىشىپ قالساق، ئۇنى نېمىمۇ قىلىۋېتەرمىز، پۈتۈن بەدەنلىرىنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتسەكمۇ دەردىمىز چىقمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى...

يول ئۈستىدە سايىتاخۇن يىغىن چاقىردى، ھەممىمىز جەم بولدۇق، يارىدارلىرىمىزنى قوشقاندا، بىزنىڭ بارلىق ئادىمىمىز ئىككى يۈز ئەللىك ئىدى. ئۇنىڭدىن ئالتە روتا تۈزدۇق. جەڭچىلىرىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقى، يول بويى دۈشمەننىڭ بىرقانچە روتا، ئىسكادرونلىرىنى تارمار قىلغانلىقىمىز ۋە چېكىندۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن قىسمىمىزنى «قوزغىلاڭچىلار پولكى» دەپ ئاتىدۇق، پولك كوماندىرلىقىغا سايىتاخۇننى سايلىدۇق.

يۈرۈشىمىز باشلاندى.

قىسىمىمىزنىڭ ئالدىدا يەتتە ئادەم ماڭدۇق، ئىككىمىز ئېتىمىزنىڭ تۆش بېغىنى تۈزەپ كەينىدە قالغاندۇق. ئالدىمىزدىكى بەش ئادىمىمىز بىر كىچىك جىرادىن ئۆرلەپ چىقىشىغا: تا ـ تا ـ تات، تا ـ تا ـ تا ـ تات ... قىلىپ پىلىموت ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭلا بەش ئادىمىمىز يىقىلدى، ئىككىمىز دەرھال يېتىۋالدۇق.

جىرا ئىچىدىن:

— مېنى ئېتىۋېتىڭلار! ... جېنىم قىينىلىپ كەتتى... — دېگەن ئاۋاز كەلدى. بىز ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇدۇق، بۇ غېنىنىڭ ئاۋازى ئىدى، بۇ ئازابلىق ئاۋاز نەچچە قېتىم تەكرارلىنىپ ئۆچتى.

سايىتاخۇن بىز يېتىپ كېلەي دەپ قالغان تاغقا نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن بىر قارىدى ـ دە:

— دېمەك، نىياز ئۇلانبۇلاقتا دۈشمەن قىسىمىنى باشلاپ كەلگەن، ئۇنىڭ بىز سىزىۋالغان خەرىتىدىن خەۋىرى بار ئىدى، — ئۇ ئۆز پولكىنى دۆڭلۈكلەر، قىرلىق يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى، بىزمۇ دۈشمەن قوشۇنى ئورۇنلاشقان تاغنى قورشىۋالدۇق. ئېتىشىش ئەۋج ئالدى، پەقەت ئىلگىرىيەلمىدۇق، ئاخىر تەدبىرلىك كوماندىرىمىز بۇيرۇق قىلدى:

— كۈچلىرىمىزنى خوراتماسلىقىمىز كېرەك، مۇداپىئەدە تۇرغان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ تاغنى تارتىۋېلىش قىيىن، كۈچىمە جەڭ ئۇسۇلى بىلەن يۇرۇش باشلانسۇن، — ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتكەنىدى.

يۇرۇشىمىز كۈچىمە جەڭ ئۇسۇلى بىلەن يەنە باشلاندى. زۇلمەتلىك كېچىلەر، قانلىق كۈندۈزلەر بىلەن تولغان ئون توققۇز سوتكا ئازابلىق، ئەمما جەڭگىۋار مۇساپىنى بېسىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ شۇ چاغدىكى ئالدىنقى قىسمى تۇرغان جاي — قىزىلتۇزغا يېتىپ كەلدۇق!

يول ئازابى، ئېغىر كۈنلىرىمىز بىردىنلا ئۇنتۇلۇپ،

ھەممىمىز جانلىنىپ كەتتۇق، ئارانلا يەر دەسسەپ قالغان ئاتلىرىمىزمۇ شۇ ھېسسىياتىمىزنى سەزگەندەك، قەدەملىرىنى چاققان يۆتكەپ كېتىۋاتاتتى. ئىككى يېنىمىزدىكى پاكار قومۇشلۇق، چاتقاللىقلار ئارىسىدا بىزگە مارىشىپ قاراۋاتقان مىللىي ئارمىيەنىڭ قاراۋۇللىرىنى كۆردۇق، يۈرەكلەر ئۇرۇشقا باشلىدى ...

ھەممىمىز ئاتتىن چۈشتۇق، سايىتاخۇننىڭ بۇيرۇقى بىلەن قوراللىرىمىزنى كەينىمىزگە — شەرق تەرەپكە قارىتىپ قويدۇق ـ دە، قورالسىزلىنىپ تىزىلىپ ماڭدۇق.

ئالدىمىزدا ماڭغان چەبدەس قەدەملىك سايىتاخۇن كىچىك دۆڭلۈكتە بىزگە قاراپ تۇرغان كاپىتان ئۇنۋانلىق موڭغۇل كوماندىرنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى ـ دە، ئوڭ قولىنى چېكىسىگە ئېلىپ، دوكلات قىلدى:

— يولداش كوماندىر، بىز — گومىنداڭنىڭ مايتاغنى قوغداۋاتقان قىسمى ئىدۇق، ۋەتەن ئالدىدا، خەلق ئالدىدا ۋىجدانىي بۇرچىمىزنى تونۇپ، مۇستەبىت گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈردۇق. نىجاتلىق ئىزدەپ، ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا تەلپۈنۈپ، ئون توققۇز كۈن ئازابلىق يول بېسىپ، كەينىمىزدىن قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىپ، ئىككى يۈز قىرىق تۆت نەپەر جەڭچى ئاخىر بۇ يەرگە — ئازاد رايونىغا غەلىبە بىلەن يېتىپ كەلدۇق، قوزغىلاڭچىلار كوماندىرى سايىتاخۇن !

— مەن ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى نامىدىن سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىمەن !

شۇ سۆزدىن كېيىنلا، ئىككى كوماندىر غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ كېلىپ قۇچاقلاشتى، بىزمۇ مىللىي قىسىم جەڭچىلىرى بىلەن قېرىنداشلارچە قۇچاقلاشتۇق، ھەممىمىزنىڭ كۆز بۇلاقلىرىدىن ئىسسىق، مۇھەببەتلىك ياش تامچىلىرى خۇددى يامغۇردەك

ئاقتى ...

— بىز سىلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىڭلاردىن خەۋەر تېپىپ ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن بىر ۋىزۋوت جەڭچىنى ئالدىڭلارغا ئەۋەتكەنىدۇق، — دېدى مىللىي قىسىم كوماندىرى مەڭزىگە تېمىپ چۈشكەن ياشلىرىنى ئېرتىۋېتىپ، — ئۇچرىشالماي قاپسىلەر، لېكىن سىلەرنىڭ بۇ مۇشكۇل سەپىرىڭلار مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىي تارىخىمىزنىڭ جەڭگىۋار بىر بېتى بولۇپ قالغۇسى ! ...

ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قەيسەر كوماندىرىمىز سايىتاخۇننى مىللىي ئارمىيە پولكوۋنىكى دەپ تونۇدى ۋە ئۇنىڭغا پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن ‹باتۇرلۇق› ئوردېنى، قالغانلىرىمىزغا ‹پىدائىي› لىق مېدالى بەردى».

خۇددى ئابدۇقادىر بىلەن مەسلىھەت قىلىشىۋالغاندەك، ئۇنىڭ ھېكايىسى تۈگىشى بىلەنلا، يۈرۈش سىگنالى چېلىندى.

# ئالتىنچى باب

— كۈندۈزى دەم ئېلىش — ئۇخلاش ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن! كېچە - كۈندۈز توختىماي يۈرۈش باشلانسۇن!

بۇ پولك كوماندىرى ئىزامىدىنىڭ يۈرۈشتىكىلەرگە بەرگەن بۇيرۇقى، بۇ بۇيرۇقتىن ئۇنىڭ چەپەيزىگە تېز يېتىشكە ئالدىراۋاتقانلىقى، قىسىمنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى پەيدىنپەي ئاشۇرۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

كېچىسى يول يۈرۈپ، تاڭ ئالدىدا ئىككىلا سائەت ئۇخلىغان قوشۇن، تېز يۈرۈش بىلەن ئۇلانبۇلاققا يېتىپ كەلدى. ئۇلانبۇلاق — قوڭغۇراق تىكەنلىك، تېۋىلغا — يۇلغۇنلۇق، سۆكسۆكلۈك، جىگدىلىك، قۇمساڭغۇ توپىلىق، كەڭ تۈزلەڭلىك يەر. قوشۇن مۇشۇ تۈزلەڭلىكتە كېتىۋاتقاندا شەرق تەرەپتىن بىر ئايروپىلان كەلدى. پۈتۈن قىسىم جىگدە، يۇلغۇنلارنى دالدا قىلىپ مۆكۈندى، لېكىن دۈشمەننىڭ بۇ رازۋېدكا ئايروپىلانى ئارقا سەپتىكى ئات - هارۋىلارنى كۆرۈپ قالدىمۇ، تېزلا كەينىگە يېنىپ كەتتى. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتەر - ئۆتمەيلا، دۈشمەننىڭ بىرقانچە ئايروپىلانى غارقىرىشىپ يېتىپ كەلدى - دە، قىسىمنى بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى.

بۇ بىرنەچچە كۈن تىنىچ يول يۈرگەن قوشۇننىڭ رەسمىي جەڭگە كىرگىنى بولدى. لېكىن، پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بۇ قېتىم باشقىچە، ئايروپىلانلارغا توختاپ قارشىلىق قىلىش ئەمەس، توختىماي يۈرۈپ قارشىلىق قىلىش بۇيرۇلدى.

بۇمۇ قىزىق جەڭ ئىدى، ئايروپىلانلار يىراقتىن شۇڭغۇپ كېلىدۇ - دە، بومبا تاشلايدۇ، جەڭچىلەر ئايروپىلان يېقىنلاپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەندە، ئىككى يانغا تېز چېكىنىپ يېتىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ تاشلىغان بومبىسى نىشانلاپ كەلگەن يەردە — ئادەمسىز بوش ئورۇندا پارتلايدۇ. ئايروپىلانلار يەنە ئايلىنىپ، يېتىپ كەلگۈچە جەڭچىلەر يۈرۈپ بولىدۇ، مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يۈرۈش داۋاملىشىۋەردى.

جانغا تەگكەندەك تېگىلىشىۋاتقان ئۇرۇشتا كۆلكىنىڭ چىقىشى قىزىق ئىش، دەسلەپ جەڭچىلەر بېشىنى كۆتۈرۈپ بوش ئورۇندا كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانغا، ئايروپىلانلارغا قاراپ كۈلۈشتى. كېيىن ئىككى ياققا كۈلكە بىلەن چېكىنەتتى ـ دە، يېتىۋالغاندا كۈلكە بېسىلاتتى، بېشىنى كۆتۈرگەندە يەنە بىردىنلا تەرەپ ـ تەرەپتىن كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر ئويۇنغا ئايلىنىپ قالغان قارشىلىق كۆرسىتىش جېڭى بولدى.

ئايروپىلانلار ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلدى، قاچىلاپ كەلگەن بومبىلىرىنى تاشلاپ بولۇپ كەتتى.

قىسىم نامازدىگەر بىلەن چەپەيزىگە يېقىنلاپ كەلدى.

چەپەيزىنى رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن ئۈچ نەپەر رازۋېدكىچى ماڭدۇرۇلدى. قىسىم توختاپ دەم ئالدى ۋە ئۆزۈقلىنىشقا ئولتۇردى. چەپەيزىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى، دۈشمەننىڭ مۇداپىئەلىنىش ئەھۋالىنى، قانچىلىك ئەسكىرى كۈچىنىڭ بارلىقىنى پولك ئىشتابى بىلمەيتتى. شۇڭا، ھۇجۇمنىڭ قايسى يۆنىلىشتە بولىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشمۇ تەس ئىدى. سىرلىق جىمجىتلىق ھەممە كىشىدە ئەندىشە قوزغايتتى. جەڭچىلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويىدى. رەيھان ئىتتىك قوزغالدى ـ دە، پارتلاش ئاۋازى چىققان تەرەپكە مۆلدۈرلەپ قارىدى. بۇ جىمجىتلىقنىڭ كۆڭۈلگە بولغان ئېغىر بېسىمىنى كۈچەيتىپ، ئاستا ـ ئاستا ئەتراپنى ئۆنسىز قاراڭغۇلۇق ئوراشقا باشلىدى.

كۆز ئوبدانلا باغلانغان چاغدا، ئىككى نەپەر رازۋېدكىچى قايتىپ كەلدى ـ دە، باتالىيون كوماندىرى ئەنۋەرگە تۆۋەندىكىچە مەلۇمات بەردى:

— چەپەيزىگە مۇستەھكەم پوتەيلەر ياسالغان، جەمئىي بەش، ئوتتۇرىدا گېنېرالنى پوتەي[1] بولۇپ، تۆت تەرىپىگە ئىتتىش تۆشۈكلىرى ئېچىلغان. پوتەينىڭ ئەتراپىدىكى سۆكسۆك، يۇلغۇنلار قومۇرۇپ تاشلىنىپ، تەخمىنەن پوتەيدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتىچە تاقىر مەيدان ياسالغان ۋە گېنېرالنى پوتەينىڭ ئەتراپىغا كەڭ ھەم چوڭقۇر خەندەك كولانغان. يەنە تاقىر مەيداننىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئادەتتىكىچە تۆت پوتەي تۇرغۇزۇلغان. ئۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا، سۆكسۆكلەرگە يىپ باغلاپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى كۆمۈپ قويغان بومبىلارغا باغلاپ قويغانلىقىنى بىلدۇق. بۇنى بىر رازۋېدكىچىمىز قۇربان بولغاندىلا، بايقىۋالدۇق. مانا ئۇ يەرنىڭ مۇداپىئەلىنىشتىن سىزىۋالغان خەرىتىمىز، — نادەم سىزىپ كەلگەن خەرىتىسىنى ئەنۋەرگە ئۇزارتتى، خەرىتىدە ھېلىقى سۆزلەنگەن مەلۇماتلار تېگىشلىك شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن كۆرسىتىلگەنىدى. ئەنۋەر خەرىتىگە تېز كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە، مەمنۇنلۇق بىلەن:

— بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇڭلار، — دەپ خەرىتىنى پولك كوماندىرىغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدى ۋە پولك كوماندىرىنىڭ ئالدىدىن ئانچە ھايال قالماي قايتىپ كېلىپ، يەنە نادەم باشلىق بەش نەپەر رازۋېدكىچىنى پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كونا شىخوغا ماڭدۇردى.

نادەمنىڭ خەرىتىسىنى كۆرۈپ خېلى ئۇزاق ئويلانغان تىزامىدىن ئالدىدا ھازىر بولغان باتالىيون كوماندىرلىرىغا مۇنداق دېدى:

— چەپەيزىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئىككىنچى باتالىيون بۇ يەردە قالدۇرۇلىدۇ، يۇرۇش يۈنىلىشى ئۆزگەرتىلىدۇ، چەپەيزىگە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىنىدۇ. ھۇجۇم بىلەن تەڭ، قالغان

① گېنېرالنى پوتەي — مىللىي قىسىملار بىرنەچچە قەۋەتلىك پوتەيلەرگە «گېنېرالنى پوتەي» دەپ ئىسىم قويۇشۇۋالغانىدى. شۇ ۋاقىتلاردىكى ئۇرۇشنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بۇ ئىسىم ئەينەن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

باتالىيونلار كونا شىخوغا يۇرۇش قىلىدۇ، دېمەك، ھۇجۇممۇ، يۇرۇشمۇ بىرلا ۋاقىتتا بولىدۇ. ئەمما، ھۇجۇمدىن بۇرۇن چەپەيزى بىلەن كونا شىخونى تۇتاشتۇرغان تېلېفون سىملىرى كېسىپ تاشلىنىشى كېرەك! قانداق، قارشى پىكىر بارمۇ؟

— بار، رازۋېدكىچىلارنىڭ كۆزىتىشىچە، — دېدى ئەنۋەر، — چەپەيزىدە دۈشمەننىڭ كۈچى ئاز ئەمەستەك قىلىدۇ، مېنىڭچە، بىر باتالىيون ئازلىق قىلىدۇ، پۈتۈن كۈچ بىلەن بىراقلا ھۇجۇم قىلساق ...

ئىزامىدىن بېشىنى سىلىكىدى:

— بولمايدۇ! ئادەتتىكىچە ياسالغان تۆت پوتەينى ئېلىش ئاسان، لېكىن بىز ئوتتۇرىدىكى گېنېرالنى پوتەيگە بىر كىلومېتىر تۈزلەڭلىكتىن ھۇجۇمغا ئۆتىمىز، بۇ ھالدا ئادەم قانچە كۆپ بولسا، چىقىم شۇنچە زور بولىدۇ. بۇنى ھېسابقا ئېلىش كېرەك. بەلكى ھۇجۇمغا ئۈلگۈرۈپ موڭغۇل دىۋىزىيون بىلەن بارات تۆمۈرچىنىڭ پارتىزانلىرى كېلىپ قالار.

— چەپەيزىنى ئىشغال قىلماي، كونا شىخوغا يۈرۈش قىلساق، كۈچ بۆلۈنۈپ كەتمەمدۇ؟

— مۇشۇ ئەھۋالدا كۈچنى بۆلۈش زۆرۈر، ۋاقىت پايدا ئالىمىز. گومىنداڭ قىسىملىرى تېخى ئويلاپ ئۈلگۈرمىگەن چاغدا، يېڭى شىخودا پەيدا بولىمىز. چەپەيزى بىلەن كونا شىخودىكى دۈشمەنلەر ئالاقىلىشىشتىن مەھرۇم قىلىنسا، ھەر ئىككى ئورۇننى ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ئىگىلەشكە بولىدۇ. بەلكى كونا شىخونى قانسىز ئىشغال قىلىشىمىز مۇمكىن.

ئىزامىدىن باتالىيون كوماندىرلىرى بىلەن شىخو يۈرۈشى ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىۋاتقاندا، جەڭچىلەر قوغۇنلۇقتا قوغۇن يەۋاتاتتى.

جەڭچىلەر ئىستروىغا تىزىلىشتى.

تېلېفون سىملىرى كېسىپ تاشلانغاندىن كېيىن، چەپەيزىگە

هۇجۇم باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئىزامىدىن قالغان باتالىيونلارنى باشلاپ كونا شىخوغا يۈرۈش قىلدى. شۇ چاغدا نادەممۇ رازۋېدكىچىلارنى باشلاپ كونا شىخودىن بۇياققا ماڭغانىدى.

پايانسىز دەشت ـ دالا جىمجىتلىقىدا شىمال شامىلى چەپەيزىدىكى ئېتىشىش ئاۋازلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى.

— ئاڭلاۋاتامسەن، جامالىدىن، — دېدى نادەم، — هۇجۇم ئەۋجىگە چىقتىمۇ نېمە، قارا ...

— ئاڭلىمايچۇ ...

ئۇلار شۇنداق دەپ تۇرۇشقا بىردىنلا هۆررا، قىيقاس ـ چۇقان ئاۋازلىرى، ئاتلارنىڭ دۈكۈرلەشلىرى ئاڭلاندى.

— هۇجۇمغا ئۆتتى! ... — جامالىدىن جانلىنىپ كەتتى، — ئاڭلا، ئاتلىقلارمۇ بارمۇ نېمە ...

— موڭغۇل دىۋىزىيون يېتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

رازۋېدكىچىلار كۆرگەنلىرىنى پولكقا تېز يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاتلىرىنى ئىلداملىتىپ يۈرمەكتە ئىدى. ئۇلار تېز يۈرۈشتە كېتىۋاتقان پولك بىلەن يولدا ئۇچراشتى. نادەم پولك كوماندىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، تىك تۇرۇپ دوكلات قىلدى:

— يولداش پولكوۋنىك! دۈشمەن كونا شىخونى بوشىتىپ قويۇپتۇ، ئۇلار شۇنداق ئالاقىزادە بولۇپ قېچىپتۇكى، ئۈستەل ئۈستىگە كەلتۈرۈلگەن تاماقلىرى هور چىقىپ پېتى شۇنداقلا قاپتۇ. بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزچە، ئەتراپنى مىنالاشقا، تورلۇك هىيلىلەرنى ئىشلىتىشكە ئۈلگۈرمەپتۇ.

ئەنۋەر ئىزامىدىننىڭ بايا بەرگەن يوليورۇقلىرىنىڭ مەنىسىنى مانا ئەمدىلا تولۇق چۈشەندى.

ئىزامىدىن كەينىدە تۇرغان ئاقىلبەككە قايرىلىپ قاراپ:

— قىسىملارغا ئېيت، كونا شىخوغا كىرگەندە، دۈشمەننىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن تاماق ـ نانلىرىنى يېيىشكە، سۇلىرىنى ئىچىشكە قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ! — دېدى.

www.uyghurkitap.com

— خوپ بولىدۇ !

پولك كونا شىخونى ئىشغال قىلدى. تاڭ سۈزۈلگەندە، چەپەيزىدىن يولغا چىققان ئىككىنچى باتالىيون، ھۇجۇمغا ئۈلگۈرۈپ كەلگەن موڭغۇل دىۋىزىيون، بارات تۆمۈرچىنىڭ پارتىزانلىرى يېتىپ كەلدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن رازۋېدكىچىلار بۇيرۇق بويىچە يېڭى شىخوغا مېڭىشقا تەييارلاندى.

*　　*　　*

سۆكسۆكلۈك ئارىسىغا يوشۇرۇنغان كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ گەپلىرى ھەر خىل: بەزىلىرى ئاتا ـ ئانىسىدىن كەلگەن خەتلەر، بەزىلىرى كۆزلىرى ياشلىنىپ قالغان ئاشنا ـ يارلىرىدىن كەلگەن خالتىلار، بىرلىرى نامەلۇم تېخى ئۆزلىرى كۆرمىگەن قىزلاردىن كەلگەن تېپىشماقتەك مەنزىرە كەشتىلەنگەن ياغلىقلار ياكى تاماكا خالتىلىرى توغرىسىدا ۋە بىرلىرى ئۆتكەن ئۇرۇشلار توغرىسىدا قىزىق، مۇھەببەتلىك پاراڭلارغا چۈشكەندى.

— بايا نېمىگە چېچىلىپ كەتتىڭ، گايتكا؟ — دەپ سورىدى ۋارىسجان ئۇنىڭدىن.

بېشىنى ئالىقىنىغا قويۇپ، جەينىكى بىلەن يەرنى تىرەپ ياتقان گايت بېشىنى سىلكىدى:

— قويە، ئۇكا، ئۇ ئىشنى ...

— شۇ ئەنۋەركام گېپىڭنى ئىلىك ئالمىغاندۇ؟

— شۇ گەپ.

— باتالىيون كوماندىرى مەن تۇرسام، ماۋۇنىڭ مەمەدانلىق قىلىۋاتقىنىنى دەپ ئويلىدى ـ دە...

— شۇنداقمىكىنتاڭ ...

— نىزامىدىنكام بەك ئۆستۇرۇۋەتتى، شۇنىڭلا گېپىنى ھېسابقا ئالىدۇ ئەمەسمۇ.

— ياق، ئۇنى يىغىندا نەچچە قېتىم قېقىۋەتكەن.

ۋارىسجان ئەتراپىغا بىر قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ شىپقىپ كەلدى ـ دە، پىچىرلىدى:
ــ ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ گېپىنى زادى ئىلىك ئالماس بولۇۋالدى، بايقاۋاتقانسەن؟
ــ مېنى ھېچنېمىنى سەزمەيدىغان كالا دېۋىدىڭمۇ ... ئۇغۇ بىر نۆرى، مۇنۇ نادەم دېگەننىڭ ئاقساقاللىقى جېنىمغا تەگدى.
ــ سېنىڭ راست دەپ قويسا، تاپىنى يەرگە تەگمەيدىغان بوپتۇ ئۇنىڭ.
ــ ماڭا قارا، ــ دېدى گايىت بېشىنى كۆتۈرۈپ، ــ شىخوغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن بىرەر ۋىزۋوت جەڭچىنى پۇقراچە كىيىندۇرۇپ، خەلق ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتەيلى، ئۇلار يەرلىك ئادەملەرنى ئويغىتىپ، ئارقىسىدىن ھەرىكەت قىلسا، شىخونى ئىشغال قىلىشىمىز ئاسانلاشامدۇ، دېسەم، ئەنۋەر پىكرىمگە قوشۇلمىدى.
ــ سېنىڭ پىكرىڭ توپتوغرىكەنغۇ !
ــ توختا، ئۇ: ئەگەر دۈشمەن تۇيۇپ قالسا، شىخو خەلقىنى بەك پاراكەندە قىلىۋېتىدۇ، بەلكى چىقىمغا ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن، دېدى. بۇياقتىن نادەم قوپۇپ: ئۇنداق يېنىكلىك بىلەن ئىش قىلساق، نۇرغۇن ئادەمنىڭ قىرغىن قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىمىز، دەپ، قاراپ تۇرۇپ ئىشنى يوغىنىتىۋاتىدۇ، شۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلىپ چىچىلدىم.
ــ ھازىر نادەمنىڭ گېپى گەپ.
شۇ كۈنلەردە گايىت ۋارىسجاننىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىپ، ئۇ سىزغان سىزىقلاردىن چىقماي مېڭىۋاتاتتى. ئۇ گايىتنىڭ ئېسىگە ئۇزۇنبۇلاقتا بولغان مۇنۇ گەپنى سالدى:
ــ ئۇزۇنبۇلاقتا سەن: خوتۇنلارنىڭ كۆڭلىكىمۇ ئادەمنىڭ كۆزىگە ئوت بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولدى، بۇگۈن مۇشۇ يەردە بىر كېچە قونساق كېلىنچەكلەرمۇ كۆپ ئىكەن دېۋىدىڭغۇ؟
ــ ھە، ھە ...

www.uyghurkitap.com

— نادەم شۇ گېپىڭنى ئەنۋەركامغا يوشۇرۇنتىپ دوكلات قىلىۋاتامدۇ ... مەن ئۆزاقتىن بېرى ئۇنىڭ مۇنداق مىجەزىنى بايقىمىغانىكەنمەن.

— ۋاھ ... ئۇ مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ تۇرسا، ئۇنىڭ چاقىدىغان نېمە يولى بار؟ ... — گايىتنىڭ سېرىق بۇرۇتلىرى تىكەنلىشىپ، كۆك كۆزلىرى يېنىپ كەتتى.

— شۇ ئەمەسمۇ، مەنمۇ ھەيران قالدىم، ئەسلىي ئۆزلىرى رەسۋالىشىپ يۈرسە، ھېچكىمنىڭ گېپى يوق.

— رەيھان بىلەن ئۆزى خان تاھىر، خان زۆھرە بولۇپ يۈرىدۇ، چاتىقىمىز يوق، بىزنىڭ چاقچىقىمىز دوكلات قىلغۇدەك ئىش بولامدىكەن؟ ... — گايىت ئويلىنىپ قېلىپ دېدى، — ئۆزىنىڭكىنى يېپىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ يا؟

— تازا ساددا نېمە ئىكەنسەن، ئۇنىڭ نىيىتى باشقا.

— قانداق دەيسەن؟

— سېنىڭ روتا كوماندىرلىقىڭغا كۆزى قىزىرىۋاتىدۇ جۇمۇ ئۇنىڭ، بولمىسا نېمىشقا شۇنچە پايپاسلايدۇ؟ .. بىزدەك تىنچ يۈرمەمدۇ، كىم گەپ قىلسا ئېسىلىپ ...

— نېمە ! ... — گايىت تاس قالدى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكىلى، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، تۈكۈرۈكىنى زورغا يۇتتى ... — مېنىڭ ئالدىمدا قانچىلىك نېمە ئىكەن ئۇ ! ... مەن كىم، ئۇ كىم ! ...

— ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، مەن ئاڭلىغىنىمنى دەپ قويدۇم.

سۆكسۆكلۈكنىڭ بىر يېرىدە نادەم بىلەن رەيھانمۇ گەپكە چۈشكەن، بىراق رەيھاننىڭ گەپلىرىدىن ئەنسىرەش سېزىلىپ تۇراتتى:

— مۇنداق چاغدا رازۋېدكىغا چىقىش خەتەرلىك، كېچىسى چىقساڭلار بولمامدۇ؟

— ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان ئادەمدەك گەپ قىلمىسىزغۇ؟

— يا ئۇ يەرنىڭ ئويى - چوڭقۇرىنى بىلمىسەڭلار ...

— يەرلىكلەرنى تاپىمىز.
— كۆپكۆندۈزى ...
— قورقماڭ، تۇماقنى تەتۈر كىيىمىز، جۇل - جۇل بولۇۋالساق، كىمنىڭ كۆزى چۈشەتتى بىزگە. بىزنىڭ ھۈنەرلىرىمىزنى ئۇقمايسىز - دە، پولك يوشۇرۇنغان، نادەم باشلىق رازۋېدكىچىلارغا شىخونى رازۋېدكا قىلىش تاپشۇرۇلغان، ئۇلار دۈشمەننىڭ مۇداپىئەلىنىشىنى كۆزىتىپ كەلسە، پۈتۈن پولك كېچىسى يولغا چىقماقچى.

نادەم بىلەن رەيھان ئالىقانلىرىنى پېشانىسىگە قويۇپ ئاسمانغا قارىدى. جەنۇب تەرەپتىن ئىككى ئايروپىلان غارقىراپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتتى - دە، ھايال قىلماي قايتىپ كەلدى ۋە يەنە ئايلىنىپ غەرب تەرەپكە كەتتى. ئون مىنۇتتىن كېيىن، ئۇياقتىنمۇ قايتىپ كېلىپ تۆۋەنلەپ يەنە بىر قېتىم ئايلاندى، ئوق ئۈزدى، بومبا تاشلىدى ... تىرىكلىكنىڭ ھېچقانداق شەپىسى سېزىلمىگەندىن كېيىن كېتىپ قالدى.

— كۆردىڭىزمۇ تېپىرلاۋاتقىنىنى، — نادەم ئايروپىلاننىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن رەيھانغا قارىدى، — بىزنىڭ بۇ يەردىلىكىمىزدىن شەپە ئالالىغان بولسا، ھازىرلا بىر توپ قاغىلىرى ئۇچۇپ كېلىدۇ، بىراق سېزەلمىدى.

— مۇشۇ ئىكەنغۇ زامانىۋى ئۇرۇشلىرى، ئاتقان پولىرى پوجاڭزىدەك تۇزۇپ كېتىدۇ، كۆردۈققۇ توپ - توپ كەلگەن ئايروپىلانلىرىنىڭ كارامىتىنى ... — دېدى رەيھان. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى نادەمگە تىكىلگەنىدى.

— بىزنىڭ ئۇرۇشقا كىرگەن كۈنىمىز — بۇلارنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرگە يۈزلەنگەن كۈنى بولدى، ھەرقانچە زامانىۋى قوراللىرى بولسىمۇ، ئەمدى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلالمايدۇ! يەر قاتتىق تەۋرىسە، ئۆي ئۆرۈلىدۇ - دە!

نادەمنىڭ مەنىلىك سۆزلىرىدىن رەيھاننىڭ كۆزلىرى ئوت ئېلىپ، يېقىملىق ئۇچقۇنلار چاقنىدى ۋە نادەمگە تەلمۈرۈپ

قارىدى. بۇ قاراشتىن نادەم ئۇنىڭدا قانداق ھېسسىياتلار قوزغالغانلىقىنى سەزدى، بىراق ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— ۋاقىت توشتى، بىز مېڭىشىمىز كېرەك، — دېدى ئۇ، — بىزگە ئاقىۋول تىلەڭ.

— قاچان قايتىسىلەر؟

— كۈز باغلانغاندا.

— چارلىشىڭلار غەلىبىلىك بولسۇن.

رەيھان ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغانىدى، ئەگەر بايىقىدەك ئولتۇرۇشقان بولسا، ئۇ ئۆزىنى نادەمنىڭ قۇچىقىغا ئاتقان، قانغۇدەك خوشلاشقان بولاتتى، شۇ تاپتا ئەتراپتىكى سۆكسۆك، يۇلغۇنلۇقلار ئارىسىدىن قانچە ئونلىغان كۆزلەرنىڭ ئۇلارغا تىكىلگەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىش كېرەك - دە! يۈرەكلەر تەشنالىقىنى، ھاياجانلىق تۇيغۇلارنى بېسىپ تۇرۇپ، ئايرىلماي مۈمكىن ئەمەس ئىدى.

ئاتلىق يولغا چىققان رازۋېدكىچىلار چۈش بولاي دېگەندە، «مۇسىراخۇننىڭ بېغى» دەپ ئاتىلىدىغان شىخو بويىچە داڭلىق باغنىڭ كەينىدىكى چوڭقۇر يارلىققا كەلدى. ئاتلىرىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى بۇ چوڭ باغقا كىردى. شۇ يىلى باغدىكى شاپتۇل، ئۈزۈملەر ئوخشىغانىدى. رازۋېدكىچىلار قورسىقىنى شېرىن مېۋىلەر بىلەن راسا تويدۇرۇپ، يەنە مۇشۇ باغدا ئۇچرىشىدىغان بولۇپ، ئەتراپقا تارقىلىشتى.

ھاۋا ئوچۇق ئىدى. ئاۋغۇست قۇياشى بۇ قازاندەك چوڭقۇرلۇقنى ئوبدانلا قىزىتىۋەتكەن، يارلىق ئىچىدە قاقىلدىشىپ، ئۇچۇشۇپ يۈرىدىغان توقۇناق قاغىلار شۇ تاپتا سايلىق يەرلەرگە مۆكۈنگەن، تىكەنلىك - شىۋاقلىق ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەردىن چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ، ئەمما ئاسماندا ئۇچار قاناتلار كۆرۈنمەيدۇ. قىشتا قارا سوغۇقى، يازدا تونۇردەك قىزىق ئاپتىپى بىلەن مەشھۇر بولغان

بۇ يەر بىرنەچچە كۈندىن بېرى قالايمىقانچىلىق، ئەنسىزلىك ئىچىدە قالدى. قىزىق ئاپتاپتا چۈشلۈكى سۈرۈنلىشىپ قالىدىغان كوچىلاردا چىرقىرىغان ماشىنىلار ئۈزۈكسىز چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈپ چاپاتتى. شەھەرگە تىنىپ كەتكەن گومىنداڭ قىسىملىرىغا شۇ كۈنلەردە چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقتى بېرىلمەيدىغان بولدى. ماشىنىلار قانچە كۆپ چىرقىرىغانسېرى، شىخو خەلقىمۇ كوچىلارغا شۇنچە كۆپ چىقىدىغان بولۇۋالدى ... ھاۋانىڭ شۇنچە ئىسسىقىدا بېشىغا ئەسكى تۇماق، ئۇچىسىغا جۇل ـ جۇل چاپانلارنى كىيىشىپ، شىخو بازىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن بەش نەپەر رازۋېدكىچى ھېچكىمنىڭ كۆزىگە چېلىقمايتتى.

رازۋېدكىچىلار ئۈچ سائەتلىك كۆزىتىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، باغقا قايتىپ كېلىشتى.

ــ ئىمىش ئىزدەپ يۈرگەن مۇساپىرلارنىڭ دەل ئۆزى بوپتىمىز، ــ دېدى نادەم كۈلۈمسىرەپ، ــ شۇ تۇرقىمىزدا قولىمىزنى كۆتۈرسەك، كىشىلەر جەزمەن پۇل بېرىدۇ.

ــ ئىشمۇ تاپتۇق، ــ دېدى جامالىدىنمۇ، ــ مەن چوڭ يول بويىدىكى بىر ئۆيگە بىر سوملۇق كىرا قىلدىم، يوغان ساندۇقنى يۈدۈپ، سېپىل ئىچىگە ئەكىرىپ بەردىم.

ــ ئاراشنى كۆرگەنلەر نېمە دەپ قالغاندۇ؟

ــ دادىسى مانجۇ دېۋانىكەن دېگەندۇ.

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى، ئاراش:

ــ ياق، ياق، ماڭا تازا سەپسېلىپ قاراڭلارچۇ، كۆچالىققا ئوخشامدىم نېمە؟

ــ ھەي، قارىي، بۇياققا ئۆت، ماشىنا كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى بىرسى.

ھەممىسى يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى.

ــ راست، يۈزۈڭنىڭ دۈگىلەكلىكىگە قارىغاندا، كۆچالىققا ئوخشاپ كېتىسەن، ــ دېدى يەنە بىرى. شۇ چاقچاقلاردىن كېيىن نادەم مۇنداق دېدى:

— قېنى ئاغىنىلەر، بۇ گەپلەرنى ئەمدى قويايلى، ئىشىمىزغا كېلىپ، ئۇققانلىرىمىزدىن مەلۇمات بېرەيلى.

— هازىر شىخو خەلقىمۇ ئويغىنىپ كېتىپتۇ، بىز ئۇياقتىن هۇجۇم باشلىساق، خەلق دۈشمەن كەينىدىن تاياق - توقماق كۆتۈرىدىغاندەك، بىراق گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن خەلق ئەنسىرەيدىكەن، — دېدى ئاراش سۆزگە كىرىشىپ، — پولك كوماندىرى تاپىلىغان پىرووۋوتكا قىز بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ ئىنتايىن تۈيغۇن، يۈرەكلىك قىز ئىكەن، ئۇنىڭ دېيىشىچە، هازىر شىخودا گومىنداڭنىڭ بىر ئاتلىق بىرىگادىسى[1]، ئۈچ پىيادە پولكى، تىرانسپورت ئەترىتى، بەش تانكىسى، ئون بىرونېۋىك، چوڭ تىپتىكى ئون نەچچە زەمبىرىكى بار ئىكەن، ئۇ قىزنىڭ مۆلچەرلىشىچە، سەككىز - توققۇز مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچى بولسا كېرەك، چەپەيزىنى تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، گومىنداڭ قىسىملىرى تازا ئەنسىزلىككە چۈشۈپتۇ. شۇڭا، ماناستىن قوشۇن يۆتكىمەكچى بولۇپ، هازىر ئورۇن هازىرلاۋېتىپتۇ.

ئادەم ئاراشنىڭ دېگەنلىرىنى تېز - تېز يازاتتى، سوئال قوياتتى، يەنە يازاتتى، ئېلىپ كېلىنگەن مەلۇماتلاردىن مەمنۇن بولۇپ، قولىدىكى قېرىندىشىنى ئادەتتىن تاشقىرى تېز هەرىكەتلەندۈرمەكتە ئىدى.

— گومىنداڭچىلار شەهەردە يامان كەيپىيات پەيدا قىلغان، — دېدى ئاراش سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئىلى ئوغرىلىرى خەنزۇلارنى قويماي قىرىپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ تەشۋىقات يۈرگۈزگەن، ئازادلىقكە چۈشكەن خەنزۇ پۇقرالار هە دەپ سېپىل ئىچىگە كۆچۈۋېتىپتۇ ...

ئادەمنىڭ يۈزىدە جىلۋىلەنگەن شادلىق تۈيغۇلىرى يېتۈپ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى - دە، قېرىنداش تۇتقان قولى تىترەشكە

---

① ئاتلىق بىرىگادا — ئۈچ ئاتلىق پولكتىن تەشكىل تاپقان قىسىم.

باشلىدى:

— مۇنداق ئەھۋال غۇلجىدىمۇ يۈز بەرگەن ئەمەسمىدى، — دېدى نادەم ئاراشىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپ، — بىز ئىلىقىدىن يۇرۇش قىلىپ غۇلجىغا يېقىنلاپ قالغان چاغدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى: بۇ قوزغىلاڭ خەنزۇلارنى يوقىتىشقا قارىتىلغان، يۇقرالارمۇ مۇداپىئەلىنىشى كېرەك، دەپ خەنزۇ پۇقرالارغىمۇ قورال تارقىتىپ، قوزغىلاڭچىلارنىمۇ، باشقا مىللەت پۇقرالىرىنىمۇ ئېتىڭلار، دېگەن. ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتىغا ئالدانغان بەزى خەنزۇ پۇقرالار، باشقا مىللەت پۇقرالىرىنىمۇ ئاتقان. بىز شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، بۇنداقلارغا قارشى ئوق چىقاردۇق، زەربە بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن ئەكسىيەتچىلەر: قوزغىلاڭچىلار خەنزۇ پۇقرالىرىنىمۇ ئوققا تۇتتى، دېگەن گەپلەرنى چىقاردى، بۇنى پۈتۈنلەي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ياساپ چىققان، تەتۈر تەشۋىقات دېگەن مانا شۇ، بۇنداق تەشۋىقاتلار بەزىلەرنى ئالداپمۇ كېتەلەيدۇ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئورۇق يۈزى جىددىي تۈس ئالغان جامالىدىن، — بىز ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن، شىخو بازىرى ئىچىگە تەشۋىقات ۋەرەقىسى تاشلىشىمىز، ئىنقىلابىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك.

— بۇ ئىشنى رەھبەرلىككە مەلۇم قىلىمىز، — دېدى نادەم، — گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى نىيىتىنى ئېچىپ تاشلىماي بولمايدۇ. خوش، مەنىمۇ كۆزىتىشلىرىمنى سۆزلەي: مۇسىراخۇنىنىڭ بۇ بېغى ناھايىتى چوڭ، باغنىڭ ئورنى ئىنتايىن مۇھىم يەردە، شىخوغا ھۇجۇم قىلىشتا بىز ئۇچۇن تەبىئىي قورغان. چېكىنىشكە توغرا كەلسە، كەينىدىكى يارلىققا چۈشۈپ تارقىلىپ كېتىشكىمۇ بولىدۇ. دېمەك، بۇ باغ بىزنىڭ قىسىملار ئورۇنلىشىدىغان مۇھىم جاي. بۇ يەردىن ئىلگىرىلەپ، كىچىك مەھەللە — قارادۆڭنى ئىشغال قىلىش ئاسان. قارادۆڭنىڭ ئورنى بىزگە پايدىلىق — ئېگىز يەر، ئالدى سازلىق، دۈشمەن

www.uyghurkitap.com

ھۇجۇم قىلىپ چىقسا، پەسلىكتىن چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

— بىز مۇشۇ يۆنىلىشتە ئىلگىرىلىسەك، — دېدى جامالىدىن ئادەمنىڭ كۆزىتىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سازلىققا چۈشىمىز، سازلىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە — شىخو شەھىرى تەرەپتىكى ئېگىز دۆڭگە سېلىنغان بۇتخانىغا دۇچ كېلىمىز. بۇتخانا گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، مۇستەھكەم قورغىنى بولسا كېرەك، بۇتخانىنى مەركەز قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سان - ساناقسىز پوتەيلەر تۇرغۇزۇلغان، بۇتخانىنىڭ ئىككى تەرىپىدە — بىر تەرىپىدە تۇگمەن، بىر تەرىپىدە گېنېرالنى پوتەي بار ...

— يەر ئاستى يوللىرىچۇ؟ — يېزىقتىن باش كۆتۈرمەي سورىدى ئادەم تاقەتسىزلىك بىلەن.

— ئىگىلەشكە مۇمكىن بولمىدى، ئەلۋەتتە يەر ئاستى يوللىرى ئارقىلىق قورغانلىرى بىر - بىرى بىلەن تۇتاشسا كېرەك. چاشقان ئۆۋىسى ياساش گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسىغۇ ...

— تۇگمەن، گومىنداڭنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇستەھكەم قورغىنى، — دېدى ئابدۇۋەلى سۆزىنى باشلاپ، ئۇنىڭ نېرىسىدا «شىڭ شىڭنىڭ بېغى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاڭزا بار ئىكەن، بىر قىسىم كۈچ شۇ يەرگىمۇ ئورۇنلاشسا بولىدۇ. ئۇ يەردىن تۇگمەنگە يېقىنلىشىشقىمۇ بولىدۇ، پەقەت ئالدىدا بىر پوتەي بار، ئۇ گۇم قىلىنسا، تۇگمەنگە يول ئېچىلىدۇ.

رازۋېدكىچىلار ئۆز كۆزىتىشلىرىدىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى توختىماي سۆزلەيتتى. ئۇلار دۈشمەننىڭ مۇداپىئەلىنىشىدىن يېڭى، روشەن خەرىتە سىزماقتا ئىدى، ئادەممۇ بىر پارچە قەغەزنى ھەر خىل بەلگىلەر بىلەن تولدۇرماقتا ئىدى. ئۇ مۇنداق خەرىتىلەرنى كۆپ سىزغان، ھەربىي بەلگىلەر قويۇشقىمۇ ماھىر بولۇپ كەتكەن. شۇ تاپتا شىخونىڭ تۆت تەرىپى، مەھەللە، دەل - دەرەخ، كوچىلار،

پەسلىك ـ ئېگىزلىكلەر، سازلىقلار، يارلىق ـ چوڭقۇرلۇقلار، پوتەي ـ ئاكوپكىلار ... دەل ئورنىنى تېپىپ، قەغەز يۈزىگە چۈشمەكتە ئىدى.

نادەم سىزىشنى تۈگىتىپ، بېشىنى كۆتۈردى:

— ئىشىمىز تۈگىدى، ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ بولدۇق، — دېدى ئۇ پېشانىسىدىن يۇژۇلداپ چىققان تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، — ئەمدى قايتىمىز، كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرايلى.

رازۋېدكىچىلار باغدىن چىقتى ۋە سىيرىلىپ يارلىققا چۈشتى. يارلىق ئاستىدا بولدۇقلاپ چىقىۋاتقان، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان بۇلاقلار كۆپ ئىدى. ئۇلار بۇلاق سۈيىدىن ئوچۇملاپ قانغۇدەك ئىچىشتى، بەزىلىرى تاماكا يۆگەشتى. ئاندىن ھېلىقى جۇل ـ جۇل كىيىملىرىنى سالدى، ئىگىلىرىنى خوپلا سېغىنغان ئاتلىرىنى مىندى ـ دە، تاراسلاپ يۈرۈپ كەتتى.

* * *

ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغانلار يىراقتىن بەش ئاتلىقنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تولۇق بەش ئاتلىق! يۈرەكلەر تىنىدى، ئەنسىرەش پۈتتى. رەيھان ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان نادەمنى تونۇپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇۋالدى. ئۇلار كەلمىگەنسېرى ھەر خىل ئوي ـ خىياللار ئۇلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى مۇجۇغان، ھەتتا ئېغىر، قايغۇلۇق ئاقىۋەتلەرنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنىدى ... ئۇلارنىڭ يىراقتىن بىردىنلا كۆرۈنۈشى، خۇددى قاپقاراڭغۇ كېچىدە تاغ كەينىدىن تولۇن ئاي ئۆرلەپ چىقىپ، ئەتراپنى يورۇتۇپ گۈزەل تۇسكە كىرگۈزۈۋەتكەندەك، قىز قەلبىدە ئاجايىپ نازۇك تۇيغۇلارنى پەيدا قىلدى. ئۇ خۇشاللىقىدا، ئۇلارنىڭ يولىغا تەقەززا بولۇپ تۇرغان پولك كوماندىرىغا خەۋەر ئېلىپ كىرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ قالدى.

رازۋېدكىچىلار شۇنداق تېز چىقىپ كەلدى - دە، ئاتلىرىدىن ئىرغىپ چۈشۈشتى. نادەم ھۆرمەت قەدەم بىلەن ئەنۋەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوڭ قولىنى چېكىسىگە ئېلىپ:

— يولداش باتالىيون كوماندىرى! پولك تاپشۇرغان ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلدۇق! دۈشمەننىڭ مۇداپىئەلىنىش خەرىتىسىنىمۇ سىزىپ كەلدۇق، — دېدى.

— راھەت! — دېدى ئەنۋەر ھاياجانلىنىپ، — يارايسىلەر! سىلەر يۈرۈشىمىزنىڭ يولىنى ئاچتىڭلار! سىلەر خۇددى قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئاچقاندەك ئىش قىلدىڭلار، شۇڭا سىلەرنى قىسمىمىزنىڭ كۆزى دەيمىز - دە.

نادەم سىزىپ كەلگەن خەرىتىنى ئەنۋەرگە ئۇزارتتى. ئۇ خەرىتىنى ئېچىپ كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى، بىرنەچچىسى يانىدىن خەرىتىگە بويىنىنى سوزۇپ قاراشتى.

— ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ كەلگەنلەرگە قوغۇن ئېلىپ قويدۇق، — دېدى رەيھان ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي، — تەلىيىڭلار بولسا، تاتلىق چىقىدۇ.

بىر جەڭچى كۆزىنى قىسىپ:

— سىزنىڭ قولىڭىز تەگكەندىكىن تاتلىق چىقىدۇ - دە، — دېدى.

— مەن تۇتۇپ قويغانغا تاتلىق بولۇپ قالسىلا، ھەممە قوغۇننى تۇتۇپ چىقاي.

— بىزمۇ قۇرۇق كەلمىدۇق، — دېدى جامالدىن كۈلۈمسىرەپ، — قولىمىزغا قاراپ قالمىسۇن دەپ مانا شاپتۇل - ئۈزۈملەرنى ئەكەلدۇق، — ئۇ شاپتۇل - ئۈزۈملەرنى جەڭچىلەرنىڭ ئالدىغا تۆكتى.

— خېلى ئوقەت قىپسىلەر - دە ...

— ھە، بىرىمىز ھامال، بىرىمىز باققال بولدۇق.

ئەنۋەر نادەمگە قاراپ:

— قېنى، يۈر، ئىزامىدىنىكامنىڭ ئالدىغا كىرەيلى،

خەرىتەڭنى چۇشەندۇرۇپ بەرگىن.

قوغۇن تىلىۋاتقان جەڭچى ۋارقىرىدى:

— توختا، نادەم، رەيھاننىڭ قوغۇنىدىن يېمىسەڭ ئارماندا قالىسەن، مانا بىر تىلىم ...

ئەنۋەر كۈلدى.

— راست، نېكەم ساقلىغىلى ...

رەيھان قىزىرىپ كەتتى:

— مەن نادەمگىلا ساقلىمىدىم، ھەممىسىگە ساقلىدىم.

مۇنداق گەپلەر ۋارىسجاننىڭ چىشىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى، ئۇ ھازىر رەيھانغا قىلىدىغان سىلىق ـ سىپايە گەپلەردىن كەچكەن، خېلىدىن بېرى قىزغا قىرىچە، يېنىچە تېگىدىغان بولۇپ قالغان.

— نادەمنىڭ رەيھانغا ئاتاپ ئەكەلگەن شاپتۇلىلىرىدۇ بۇ، رەيھاننىڭ تەمەخورلۇقىنى نادەممۇ بىلىدۇ ـ دە...

نادەمنىڭ قارا كۆزلىرى يېنىپ، قىسقا قاشلىرى تىك ـ تىك بولۇپ كەتتى، ئۇ بىرنېمە دەي دېگۈچە، يۈزىگە تەپرەت ئۇچقۇنلىرى يېيىلغان رەيھان:

— تەمە قىلساممۇ نادەمدىن تەمە قىلدىم، نادەمگە ساقلىغان قوغۇنۇمنى يەۋاتقىنىڭىزغا ھەيرانمەن! ... — دېدى زەردە بىلەن.

قىزنىڭ نومۇسچانلىقىنى ئاچچىقى كەسكەنىدى.

— يوغان ئادەمگە ساقلاپسىز، — دېدى گايىت جۇدۇن بىلەن، — نومۇستىنمۇ ئازراق ساقلىسىڭىزچۇ! ...

ۋارىسجان قولىدىكى شاپاقنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى ـ دە، نېرى كەتتى.

— ۋىيەي ... ماۋۇ گايىتكامنىڭ گېپىنى ... — رەيھانمۇ، باشقىلارمۇ گايىتنىڭ بوراندەك گۈركىرەپ ئېيتقان سۆزىگە ھەيران بولۇپ قېلىشتى.

— ھۇي، نېمانچىلا گۈركىرەيسەن، گايىتكا، — دېدى باتۇرغازى كۈلۈمسىرەپ.

— مۇشۇنداق گۈركىرەپ ئۇرۇش قىلىۋاتىمەن، قولۇڭدىن كەلسە، سەنمۇ قىلىشىمامسەن!

— بىزغۇ چىرقىراپ قىلىۋاتىمىز، ئەمما بۇگۇن سىنىڭ سوغۇقۇڭ ئېشىپ قاپتۇ ـ دە...

— ھە، ھەممە نېمەم ئېشىۋاتىدۇ، كۆزۈڭ قىزىرىۋاتامدۇ؟

— يوق ـ يوق، — دېدى باتالىيون كوماندىرى ئەنۋەر، گايىتقا قاراپلا قالغان نادەمگە، — بۇگۇن مىجەزى قوداڭشىپ قاپتۇغۇ بۇنىڭ.

باتالىيون كوماندىرى نادەمنى باشلاپ رازۋېدكىچىلارنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان پولك ئىشتابىغا ماڭدى.

گايىتنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسماندەك بىر دەمدىلا ئۆزگەرگەن روھى ھالىتى، تورۇڭ ـ تورۇڭ گەپلىرى جەڭچىلەرگە غەلىتە تۇيۇلدى. باتىرغازى يەنە كۈلۈمسىرەپ:

— ئۇمسەلا گەپلەرنى قىلىسەنغۇ، گايىتكا، چۇشۇڭ بۇزۇلمىغاندۇ؟ — دېدى.

— ھە، ھەرقايسىڭنىڭ نىيىتى بۇزۇلغاندۇ، مەن باتۇرلۇق قىلىپ كوماندىر بولغان، لەڭشاڭنى كىم ئالغان، ھەرەمباغنىچۇ؟ باش ساقچىدا گومىنداڭچىلارنى سايىنىڭ تېشىدەك ياتقۇزۇۋەتكەن كىم؟ يىنجۇخۇدا دۈشمەن قولىدىن ساق كېلەلىگەن كىم؟ شۇ چاغدا قانداق ھالەتتە ئىدىم؟... باتۇر بىز، شۆھرىتى سەنلەرنىڭ، — ئۇنىڭ كۆزلىرى يېنىپ، پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى تىترەپ كەتكەنىدى.

باتىرغازىنىڭمۇ چىرايىدىكى تەبەسسۇم يىتتى:

— ھەي، گايىتكا، سەن غېنى باتۇرمۇ؟... سەنمۇ باتۇر، لېكىن قايسى باتۇر يالغۇز شەھەر ئالغان؟... ئۆنچىلىك كۆپسەپ كەتمە!

— ئەڭ بولمىسا، مېنىڭ قىسمىم ئالغان!

— جەڭنى جەڭچىلەر قىلىدۇ، جەڭچىلەرنىڭ بىلەن باتۇرسەن، غېنى باتۇرمۇ بورتالا، ئارشاڭلارنى پارتىزانلىرى

بىلەن ئالغان يا ئۇنداق ئەمەسمۇ؟ ... بۇ گەپلەرنى قويغىنا، يۈرە رەيھاننىڭ قولى تەگكەن قوغۇندىن يەيمىز، يا شاپاق يەمسەن ...

گايىتقا بىكمۇخەممەت دېگەن تاتار باينىڭ جاڭزىسىدا يىلقىچى بولۇپ ئىشلىگەن چېغىدا سىڭىپ قالغان «موزاي» دېگەن لەقەم جەڭچىلەرنىڭ يادىغا كېلىپ پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئەمما، قوپال، لېكىن ئاق كۆڭۈل دېھقان كوماندىرنىڭ بۈگۈن نېمىشقا كۆپۈپ كەتكەنلىكى ھەممىنىڭ كۆڭلىدە تېپىشماق بولۇپ قالدى.

پولك كوماندىرى نىزامىدىن نادەمنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سىزىپ كەلگەن خەرىتىسىنى ئۇزاق كۆردى. خەرىتىدىكى بەلگىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىزاھاتلارنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭى ئۇرۇش مەيدانى گەۋدىلەندى. ئەنۋەر بىلەن نادەم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، نىمىلەرنىدۇ ئويلاپ، ئۆيئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى، يەنە خەرىتىگە تىكىلدى. ئۇرۇش ھەققىدىكى كىتابلاردىمۇ ئۇچرىمايدىغان يېڭى ئەھۋال ئۇنى قىينىماقتا ئىدى. ئۇ ئويلايتتى: «مۇداپىئەدە تۇرغان دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىككى ھەسسە، ئۈچ ھەسسە، ھەتتا تۆت - بەش ھەسسە ئۈستۈن ئەسكىري كۈچنى توپلاش لازىم. قەھرىمانلىقلا يۆلىنىپ ئۇرۇش قىلغاندا، پۈتۈن پولكىمىز تۈگەپ كېتىشى مۇمكىن ... ھېچبولمىغاندا دۈشمەن ئەسكىري كۈچىنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولساقمۇ مەيلى ئىدى ... تېخى دۈشمەن ئىستراتېگىيەلىك ئورۇندا. بۇنىڭ ئۈچۈن كۈچ يۆتكەش، ئەڭ كەم بولغاندا بىر پولك يۆتكەش كېرەك ئىدى، بىراق نەدىن يۆتكەش مۇمكىن؟ ... شىمالىي فرونتتىنمۇ؟ جەنۇبىي فرونتتىنمۇ؟ ئۇ يەرلەردىمۇ جىددىي ئېلىشىشلار بولۇۋاتىدۇ ... دۈشمەننىڭ ئارقا سەپ قاتنىشىنى ئۈزۈپ تاشلاش زۆرۈر ئىدى». نىزامىدىن ئېغىر تىنىدى، ئۇششاق قورۇقلار پەيدا بولغان پېشانىسىدە، قىزىرىپ كەتكەن قولاق چۆرىلىرىدە تەر تامچىلىرى پارقىرىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى يەنە داۋاملاشتى:

دۈشمەننىڭ ياردەمگە كېلىدىغان يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك. بىز ئۈچۈن قانداق پايدىلىق ئامىل بار؟ ئۇرۇش جىددىيلەشكەندە، دۈشمەن ئارقىسىدىن خەلقنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى كۆتۈرۈلۈشى كېرەك، ھازىرغىچە ئۇلار يېغىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەۋەتكەن قوشۇنلىرى قايتمايۋاتىدۇ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئېغىر ۋەھىمە. كەينىدىكى خەلقتىن ئەنسىرەيدۇ، چۆچۈيدۇ، بىرى ئىككى بولۇپ كۆرۈنىدۇ، بۇمۇ ئېغىر ۋەھىمە. ۋەھىمە ئىچىدە قالغان قوشۇن چىڭ دەسسەپ تۇرالمايدۇ. ھۇجۇمدىن كۆرە قېچىشنى ئويلايدۇ. چەپېيزىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تەسلىم بولۇشى، كونا شىخودىن قىسىملىرىنىڭ ئۇرۇشمايلا قېچىشى، بۇ يەرلەرنىڭ يېنىدىلا تۇرغان يېڭى شىخو ئۈچۈن تېخىمۇ ئېغىر ۋەھىمە. قىسىملىرىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، جەڭگىۋار قوشۇن ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. بىزنىڭ قوشۇنىنى شىخو خەلقى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ھەتتا دۈشمەنمۇ بىلىدۇ. مۇشۇنداق پايدىلىق ئامىللار بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسكىرىي كۈچىمىز يەنە بىر ھەسسە ئېشىپ، دۈشمەننىڭ يېرىمىغا تەڭلىشەلىسەك، بىز چوقۇم ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلەيمىز، غەلىبە قىلالايمىز...

چوڭقۇر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرگەن ئىزامىدىن ئاقىلبەكنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

— باش ئىشتابتىن كەلگەن ئالاقىچىلەرگە ئېيت: قوماندانلىق بىزگە ئىككى پولك، بولمىغاندا بىر پولك يۆتكەپ بەرسۇن، ئىككىنچى، كۈيتۇن دەرياسى كۆۋرۈكىنى ئىشغال قىلىپ، دۈشمەننىڭ ياردەمگە كېلىدىغان يولىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا دەرھال ئايرىم قوشۇن ئەۋەتسۇن!

— خوپ يولداش پولكوۋنىك!

ئاقىلبەك بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

ھايال ئۆتمەي، باش ئىشتابتىن ئەۋەتىلىپ، بۇ يەرگە تېخى يېڭىلا يېتىپ كەلگەن ئالاقىچىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىزىل پاگونىدا ئىككى بالداق بىر يۇلتۇز

چاقناپ تۇراتتى.

— سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى باش قوماندان، يولداش گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك ئويلاشقان ھەم ئورۇنلاشتۇرغان. سىزگە ياردەمگە پەقەت بىرلا پولك — تارباغاتاي پولكى كېلىدۇ، ئۇلار ئەتە سەھەر، كېچىككەندە، كەچتە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن. دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، كۆيتۈن دەرياسىنى ئىگىلەشكە راقىمجان پارتىزانلىرى ئەۋەتىلگەن، ئۇلار بۈگۈن يېتىپ بارغان بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى، — دېدى نىزامىدىن تېخىمۇ جىددىيلىكتە تۇرۇپ، — شىخوغا تەشۋىقات ۋەرەقلىرى تاشلىنىشى كېرەك، بۇ ئاتقان ئوقىمىز بىلەن تەڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى بار ئىش.

— ئەلۋەتتە، — دېدى مايور، — بىز تەشۋىقات مەزمۇنىنى يېزىپ قويغان، ھازىر كۆپەيتىشكە كىرىشىمىز.

— بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشقا بولمايدۇ، يولداش مايور، دۈشمەن بىزنىڭ ئورنىمىزنى بىلىپ قالسا مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرىدۇ. كەچ كىرىپ قالدى، قاراڭغۇ چۈشكەندە نىشانلانغان ئورۇنلارغا بېرىپ جايلىشىشىمىز كېرەك.

— پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن.

نىزامىدىن باتالىيون كوماندىرلىرىنىڭ ئون مىنۇتلۇق يىغىنىنى چاقىردى. ھەربىر باتالىيونغا تېگىشلىك ۋەزىپە يۈكلەندى.

يۈرۈش باشلاندى.

* * *

مۇسىراخۇن بېغىنىڭ غەربىگە پولك ئىشتابى جايلاشتى. قىسىملار شىخونىڭ شىمالىدىن، ئاز بىر قىسمى غەربىدىن ئىلگىرىلەش ۋەزىپىسىنى ئالدى. شەپىسىز ئىلگىرىلەش —

مۇشكۇل ۋەزىيە، كىچە جىمجىتلىقىدا «تىرىق» قىلغان ئاۋازمۇ دەھشەتلىك ئاڭلىنىدۇ. پۈتۈن دىققەت ـ نەزىرىڭنى ئىلگىرىلەشكە قارىتامسەن ياكى باسقان قەدىمىڭدىن تۈۋىش چىقارماسلىققىمۇ؟ «كۆرمىگەن يەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرى تولا» دېگەن گەپ بار، كىم بىلىدۇ، بىرەر چوڭقۇرلۇققا پالاقلاپ چۈشۈپ كېتەرسەن ياكى بىرەر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلارسەن، سۆنى شالاپلىتارسەن ... قىيىن يۇرۇش ـ قىيىن ئىلگىرىلەش، ئېھتىيات قىلىشقا، پۈتۈن دىققىتىڭنى ھەممە ئېھتىماللارغا تەكشى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

جەڭچىلەر ئوقلار ئارىسىدا ئىلگىرىلەشكە قارىغاندا، شەپىسىز ئىلگىرىلەشنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلىشتى. كۆمۈردەك قارىيىپ تۇرغان جىمجىت كېچە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. نە ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازلىرى، نە ئۇچار قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، نە ھاشاراتلارنىڭ چىرىلداشلىرى ئاڭلانمايتتى.

ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىغاندىن كېيىن، پوتەيلەرنىڭ تۆشۈكلىرىدىن بېرىلىپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر پىروژېكتور نۇرلىرىمۇ ئۆچۈپ قالغان، ئېھتىمال ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرغانلار ئۇخلاپ قالغاندۇ ... بۇ پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ تېز ئىلگىرىلەش كېرەك.

پاقىنىڭ كۇركىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قەدەملەرنىڭ ئېلىنىشى تېزلەشتى.

قاراسۇنى بويلاپ كېلىۋاتقان ئۈچىنچى روتا سۇغا چۈشتى، سۇنىڭ ئاستى پاتقاق بولۇپ، پۇتنى يۇلۇپ ئېلىشمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى، ھەر يۆتكىگەندە سۇ شالاپلايتتى، ئىلياس ئالدىدىكى جەڭچىنى تۇرتۇپ قويدى. ئۇ يەنە سايرىدى ـــ پاقىنىڭ كۇركىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاۋاز خاتىرجەملىكتىن دېرەك بېرەتتى. بۇ قاراسۇ شىخونىڭ ئىچىدىن ئېقىپ كېلەتتى، جەڭچىلەر سۇنىڭ ئىچىدە، ئۇلار كوركىرىغان سادا بىلەن سۇ ياقىسىدىكى كىچىككىنە مەھەللىگە يېتىپ كەلدى ۋە مېڭىشتىن

توختاپ قولاق سالدى: جىمجىتچىلىق.

ئىلياسنىڭ پىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بۇ يەردىكى ئائىلىلەرنى گومىنداڭچىلار كۆچۈرۈۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، تىرىكچىلىكتىن ئەسەرمۇ يوق.

— شۇنداق، — دېدى يەنە بىر جەڭچىمۇ پىچىرلاپ، — ئەڭ بولمىغاندا ئىتلار هاۋشىغان بولاتتى ـ دە...

مەهەللە گۆرىستاندەك جىمجىتلىقتا چۆمگەنىدى، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى هاڭغىرقاي ئوچۇق، قوتانلىرى بوش، توخۇ كاتەكلىرى ئۆرۈلگەن، بەزى ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى سۇنغان، ۋەيرانچىلىق ...

سۇدىن چىقماي ئىلگىرىلەش يەنە باشلاندى، سۇنىڭ بەزى يەرلىرى پاچاقتا كەلسە، بەزى يەرلىرى يانپاشقىچە كېلەتتى. پوتىنى سۇنىڭ ئىچىدە سىيرىپ يۆتكەشكە توغرا كېلەتتى. جەڭچىلەر تۇزلەڭ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، نەدىندۇر پەيدا بولغان ئۆتكۈر نۇر ئەتراپنى بىردىنلا يورۇتۇۋەتتى، يالت ـ يۇلت قىلغان تۇز سىزىقلىق نۇرلاردىن جەڭچىلەر ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى. لېكىن، نەگە قاچۇرغىلى بولسۇن، سۇدىن چىقساڭ، يانپاش شەكىلدە تۇزلەڭلىك، سۇغا چۆكۈۋالاي دېسەڭ، تېز پاناهلانغۇدەك تۇزۇك جايمۇ يوق، چېكىنىش كېرەكمۇ؟ ئىككى ياققا تاشلىنىش كېرەكمۇ؟ ... سۇلار شالاپلاپ كەتتى ... جەڭچىلەر سەپسىلىپ قاراپ، ئالدىدا تۇرغان چوڭ پوتەينى ۋە ئۇنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈر نۇر بېرىلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، پوتەينىڭ تۆشۈكلىرىدىن تاراسلاپ ئوق ئۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈكتەك سۈرلۈك كېچىنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلدى. ئالدىدا كېتىۋاتقان جەڭچىلەردىن بىرنەچچىسى يىقىلدى. ئۇلار مۇمكىنقەدەر سۇغا يىقىلماسلىققا تىرىشاتتى. ۋىڭىلدىغان ئوقلار توختىماي ئۇچۇپ كېلەتتى، كەينىدىن توپلار چۇشۇشكە باشلىدى.

جەڭچىلەر تارقالدى، دەهشەتلىك ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى، كىچىك گۇرجەكلەر هەرىكەتكە كەلدى، هەممىسى يەر قېزىشقا كىرىشتى.

دۈشمەن پوتەيلىرىدىن ئالدىدا نۇر چۈشۈرۈلەتتى، ئاندىن ئوقلار ئۇچۇپ كېلەتتى. جەڭچىلەر ئوڭۇشسىز ئۇرۇش ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. چېكىنىشكىمۇ، ئالغا ئىلگىرىلەشكىمۇ بولمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ئۆلۈكلەر، يارىدارلار كۆپىيىشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا پۈتۈن ئۇرۇش سەپلىرىدە، يېقىن - يىراقلاردىمۇ دەھشەتلىك ئېتىشىش ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. بۇ قازاندەك چوڭقۇرلۇقتا ئېتىشىشلار، ئېلىشىشلار، ئەسەبىي ۋارقىراشلار، جان تالىشىشلار ئاسماننىڭ قەرىگە ئۇچاتتى.

شىخو خەلقى ئاللىقاچان ئويغىنىپ كەتكەن، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ بۇ يەرگە كۆپلەپ يۆتكىلىشى، كوچىلاردا ھەربىي ماشىنىلارنىڭ ئەنسىز چىرقىراپ ئۇياق - بۇياققا چېپىشى، تۇتقۇن قىلىنىشلارنىڭ كۆپىيىشى، شەھەردە كۆرۈلمىگەن جىددىيلىكلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سىرى بۈگۈن ئېچىلدى. كىشىلەر تېخى ئۆزلىرى كۆرمىگەن، ئىككى يۈز كىلومېتىرغا يېقىن يولنى پىيادە بېسىپ، بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن جەڭچىلەرگە ئۆيلىرىدىن چىقماي، نۇسرەت تىلەپ ئولتۇرۇشاتتى...

بىرىنچى باتالىيون مۇسىراخۇننىڭ بېغىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ ئۆتۈپ، قارادۆك مەھەللىسىگە يېقىنلاپ كەلدى.

يىنجۇخۇدا يارىدار بولغان قولى ساقايماي، ئۇرۇشقا كىرەلمەي، تىت - تىت بولۇپ كەتكەن باتىرغازىغا باتالىيون كوماندىرى ھېلىراقتا باتالىيون بىلەن پولك ئىشتابى ئارىلىقىدا سىۋەزلىك قىلىشقا ئاران رۇخسەت قىلدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئەكەلدى:

— قارادۆڭنى ئىگىلەپ، ئابارۇن تۇتۇلسۇن، ئۇ يەرنىڭ ئېگىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇستۇنلۇك قولغا كەلتۈرۈلسۇن!

ئەنۋەر ۋارقىرىدى:

— ئالغا! يۆنىلىش بويىچە ئالغا! ...

بىرىنچى روتا ئولڭ تەرەپتىن، ئىككىنچى روتا سول تەرەپتىن، ئۈچىنچى روتا ئوتتۇرىدىن ئالغا سىلجىدى، روتا كوماندىرى گايىت ئەڭ ئالدىدا ئۆمىلەپ باراتتى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئوقلار ۋىڭىلداپ ئۇچاتتى.

— يولداش كوماندىر، يەر بېغىرلاش كېرەك!

نادەم چەتتە — ياتپاش يەردە بىر يوگۇروپ، بىر ئۆمىلەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارىسجان قالماي ماڭاتتى ۋە ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن قارايتتى. جەڭچىلەر بىردە قوپۇقلاپ، بىردە شالاڭلاپ قالاتتى. ئۇ يوغان دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتتى ـ دە، يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالدى. ئوقلار كېچىنى ۋال ـ ۋۇل يورۇتۇپ ئۇچۇپ قالاتتى. ئۇ كەينىدىن ئېتىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى، شۇڭا جەڭچىلەردىن ئۆزاپ، ئالدىغا ئۆتىۋالغانىدى. دۈشمەن ئوقلىرى جەڭچىلەرنى توختىتىپ قويدى.

ۋارىسجان ئاپتوماتىنى تەڭلەپ ياتاتتى. يەر بېغىرلىغۇچىلار ئۆتۈشكە باشلىدى، جامالىدىن ئۆتۈپ كەتتى، يەنە بىر جەڭچى ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىن نادەم ئۆتۈشكە باشلىدى «ئەمدى ئېتىش كېرەك، ياماندا كەلسە، ئۇچىلىسىنى ئاتامدىم ...» دەپ ئويلىدى ئۇ. پەقەت بىر سېكۇنت، ئاپتومات نادەمگە توغرىلاندى، بىراق كۇتۇلمىگەندە، يوقىرىدىن يومىلاپ بىرسى ۋارىسجاننىڭ ئۈستىگە چۈشتى، بۇ رەيھان ئىدى. ۋارىسجان چۆچۈپ، ھودۇقۇپ يۆتىلىشنىمۇ ئۆزگەرتەلمەي قالغانىدى.

— سىز قاياققا ئىلگىرىلىمەكچى؟ — قەھرى بىلەن سورىدى رەيھان.

— ئالغا ...

— ئىلگىرىلەش نىشانىڭىز قاياق؟

— بېشىم تەۋرەپ قالغان ئوخشايدۇ ...

نادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئالغا! جەڭچىلەر ئالغا! ...

www.uyghurkitap.com

رەيھان غەزەپ بىلەن خۇددى كوماندىردەك ۋارىسجانغا بۇيرۇق قىلدى:

— قېنى، بۇرۇلۇپ ئىلگىرىلەڭ!

چاڭ ـ توزان، ئىس ـ تۈتەكلەر دەستىدىن كۆزلىرىلا پارقىراپ قالغان جەڭچىلەر ھەدەپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى، يۇمىلايتتى، يەر بېغىرلايتتى، بەزىلىرى گوداڭلارغا چۈشۈپ كېتەتتى، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ چىقاتتى، بەزىلەر چىقالماي قالاتتى .. ھەممىنىڭ نىشانى قارادۆڭ ئىدى.

باتالىيون قارادۆڭ ئېگىزلىكىنى ئىگىلىدى.

دۈشمەن ئوقلىرى ۋىژىلداپ، يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. ئۈرۈش پادىشاھلىرىنىڭ① ئېغىر ئوقلىرى ئېگىزلىككە توختىماي چۈشەتتى. مانا ئەمدى ئالغا ئىلگىرىلەش ئەمەس، پاناھلىنىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. قىسىمنىڭ شەپقەت ھەمشىرىلىرى ئۆلۈكلەر، يارىدارلارنى توشۇپ قارا تەرگە چۆمۈلدى. زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ئاسكولكىلىرى نۇرغۇن ئادەمنى سەپتىن چىقىرىۋاتاتتى.

يارىدار قولى بويىنىغا ئېسىلغان ياتىرغازى پولك كوماندىرىنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كەلدى ـ دە، باتالىيون كوماندىرىغا يەتكۈزدى:

— زەمبىرەكلەرنى ئىشقا سېلىشقا بولمايدۇ!

ئەنۋەر تىت ـ تىت بولماقتا ئىدى: پولك كوماندىرى نېمىنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ؟ نېمىشقا رۇخسەت قىلمايدىغاندۇ؟ ...

قارادۆڭنى ئىگىلىگەن قىسىم دەھشەتلىك بومباردىمان قىلىشىنىڭ ئاستىدا قالدى.

---

① ئۈرۈش پادىشاھى — جەڭچىلەر زەمبىرەكنى ئۈرۈش پادىشاھى دەپ ئاتايتتى.

# يەتتىنچى باب

تارباغاتاي پولكى تېخى يېتىپ كەلمىگەن، ئۆلۈش، يارىلىنىش كۆپىيىۋاتقان، قان كېچىپ ئىگىلىگەن ئورۇنلاردىن چېكىنمەكتىن ئۆزگە ئامال بولمىغان خەۋپلىك، ئېغىر پەيت ... پولك كوماندىرى ئىزامىدىن نادەم تەرىپىدىن سىزىلىپ، چوڭايتىلغان خەرىتىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىكىلگەنىدى، ئۇنىڭ قولىدا قىزىل قېرىنداش، شەپكىسى كەينىگە سۈرۈلگەن، پېشانىسىنى ئەلەملىك قورۇقلار قاپلىغان، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى دەھشەتلىك يانغان ... ئۇ خۇددى ئىچىدىن تۇتۇن چىقىۋاتقاندەك تولغىناتتى، لەۋلىرى چۈشىنىكسىز پىچىرلايتتى. قولىدىكى قېرىندىشى خەرىتە ئۈستىدە ئېغىر ھالدا سىيرىلاتتى: قاراسۇنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ پوتەي بەلگىسى قويۇلغان يەرگە بېرىپ تىرىلەتتى، تۈگمەنىنىڭ ئالدىدا توختايتتى، قارادۆڭدىن پەسلەپ سازلىققا چۈشەتتى ۋە ئەلەملىك ھالدا ياناتتى...

ئاقىلبەك پولك كوماندىرىنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ، چۆچۈپ قالدى. كوماندىرنىڭ سۇرلۇك، جىددىي تۇس ئالغان چىرايى تاتىرىپ، چېكە تومۇرلىرى تىنىمسىز لىپىلدايتتى. كوماندىر ئۆزىنىڭ ئۇزۇلدۇرمەي تاماكا چېكىۋاتقانلىقىنى، يۈزلىرىدە، قۇلاق چۆرىلىرىدە قوناقتەك ـ قوناقتەك تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانلىقىنى سەزمەيتتى.

ئۇ قولىدىكى قېرىنداشنى خەرىتە ئۈستىگە تاشلاپ چوڭقۇر تىندى ـ دە، ئاقىلبەككە قاراپ:

— باتالىيون كوماندىرلىرىنى چاقىر، — دېدى.

ئاقىلبەگ چىقىپ كەتتى.

ئېتىشىشلار ئەۋج ئېلىۋاتاتتى، بولۇپمۇ «گۇمباڭ ــ گۇمباڭ...» قىلغان زەمبىرەك ئاۋازلىرى قۇلاق ـ مېڭىنى يەيتتى، ئۇ يەنە تاماكا يۆگەپ چەكتى. ئۇ ئويلايتتى: ئۇرۇش دەھشىتى ھازىرقىدەك تۈس ئالمىغان، مۇنداق شارائىتتا، خەۋپلىك مەيداندا تۇرۇۋېرىش ــ پۈتۈن جانلىق كۈچلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. دۈشمەن مەغلۇبىيەتلىرىدىن ئەقىل تاپقان: ئۈزۈلدۈرمەي ئېتىش، ئوت توچكىسى كۆرۈنگەن يەرگە زەمبىرەك ئېتىش، سەل چاغلىماسلىق، قىرىش، چېپىش، كۆيدۈرۈپ تۈگىتىشكە ئۆتتى. تاڭ ئاتسا، ھاۋادىن بومباردىمان قىلىشى مۇمكىن، ھازىرقى پەيتتە، جانلىق كۈچلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش مۇھىم يا باشقا چارە بارمۇ؟...

باتالىيون كوماندىرلىرى كىردى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قارىداپ، كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالغانىدى.

ــ ئەھۋال ئېغىر، يولداشلار، ــ دېدى ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ، ــ خەۋپلىك پەيتتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تېپىشىمىز كېرەك، تاڭ ئاتسا، تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالدا قالىمىز...

ــ چېكىنىش كېرەك، ــ دېدى بىرىنچى باتالىيون كوماندىرى ئەنۋەر، ــ باشقا چارە يوق.

ــ چېكىنسەك، تېخىمۇ چاتاق، ــ دېدى ئۈچىنچى باتالىيون كوماندىرى، ــ قارشىلىق تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، دۈشمەن تېخىمۇ ئۈستۈنلۈككە چىقىۋالىدۇ...

ــ ھازىرقى ئەھۋالدا چېكىنمىسەك، ھەممە جانلىق كۈچلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، ــ ئەنۋەرنىڭ ئاۋازى قەتئىي ئىدى. ئۈچىنچى باتالىيون كوماندىرى ئېتىراز بىلدۈرەتتى:

ــ چېكىنسەك، كەينىمىزدىن قوغلاپ چىقسا، رەسۋالارچە مەغلۇپ بولمامدۇق؟

— چارىسىنى ئويلىشىمىز.

— ھازىرقى ئورۇنلارنى ئىگىلەش — نۇرغۇن قۇربانلار بەدىلىگە كەلدى.

— قۇربانلار بەدىلىنى قۇربان بېرىش بىلەن تۆلەمدۇق، بۇنداق قىلىش ھازىرقى پەيتتە پۈتۈنلەي يوق بولۇشتىن دېرەك بېرىدۇ.

نىزامىدىن ئۇزۇلدۇرمەي تاماكا چەكمەكتە. باتالىيون كوماندىرلىرى كىرگەن پېتى ئۆرە تۇرۇشۇپ جىددىي تالاشماقتا ۋە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭماقتا، قىيىن ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلماقتا ئىدى. چېكىنىش ئۇنۇم بېرىدىغان ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرمۇ، قەتئىي قارشىلىق قىلىشمۇ؟ ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى، ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى ئېيتىشاتتى.

— چېكىنىشنىڭ خەۋپلىك يېرى شۇ يەردىكى — دېدى ئۇ، — بۇ يەردىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئاتلىق پولكلىرى بار، شۇڭا چېكىنگەندىن كۆرە، ئېلىشقان تۈزۈك ...

— بىزنىڭ ھۇجۇممىز ئۇرۇش قانۇنىيىتىدىن تاشقىرى بولۇۋاتىدۇ، بۇ يەردىكى دۈشمەن قاتتىق مۇداپىئەلەنگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، شۇڭا بىز ئوقۇشسىزلىققا دۇچ كېلىۋاتىمىز. ئەمما، بىز ھازىرغىچە غەلىبە قىلىپ كېلىۋاتىمىز، دۈشمەن يېڭىلىپ كېلىۋاتىدۇ، بىزدە غەلىبىگە ئىشەنچ بار، دۈشمەننىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك، بۇ ئۇرۇشتا مۇھىم ئامىل، شۇڭا دۈشمەننىڭ قوغلاپ چىقىشى ناتايىن، چۈنكى ئۇ مۇداپىئەدە تۇرسىلا، بىز ھۇجۇم قىلىپ كەلمىسەكلا كۆڭلى تىنىدۇ ...

— تاڭ ئېتىپ كەتسە، بىز تېخىمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايمىز، — دېدى نىزامىدىنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئۆتكەنكى ئۇرۇشلارنى ئېسىڭلەرگە ئېلىڭلار، ھازىرقى مۇھىم ئىش نېمە؟ ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەنۋەر پولك كوماندىرىنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا، ئىتتىك جاۋاب بەردى:

— جانلىق كۈچىمىزنى ساقلاپ قېلىش!

— توغرا! — ئىزامىدىنىنىڭ ئاۋازى ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق چىقىپ كەتتى، — جانلىق كۈچلىرىمىزنى قانداق قىلغاندا ساقلاپ قالالايمىز؟ بىز بىلەن بىر يىلدىن بېرى قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتقان گومىنداڭچىلارنىڭ: «شىخو قولدىن كەتسە، شىنجاڭ قولدىن كېتىدۇ» دەپ پۈتۈن تەقدىرىنى شىخوغا باغلاپ قويۇشى — بۇ يەرگە قاتتىق مۇداپىئەلەنگىنىدىن ئېيتىلغان. بىز قىيىن ئەھۋالدا، تارباغاتاي پولكى تېخى يېتىپ كەلمىدى، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا بىز تولىمۇ تۆۋەن ئورۇندا. بۇنداق ئەھۋالدا پۈتۈن پولكىمىز يەم بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، چېكىنىشتىن ئۆزگە چارە يوق، كىچىك تېپتىكى زەمبىرەكلىرىمىز بولسىمۇ، بۇ ئەھۋالدا ئىشقا سېلىشقا بولمايدۇ، دۈشمەن ئۇنىڭ ئورنىنى بىلىپ قالماسلىقى كېرەك، ئىشلىتىش ۋاقتى تېخى كەلمىدى. چېكىنگەندە، ھەربىر باتالىيون بىردىن ۋىزۋوت قالدۇرۇشى، ئۇلار چېچىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ھەربىر ۋىزۋوتتا ئىككىدىن ئىستانكوۋۋي پىلىموت قالدۇرۇشى كېرەك، شۇ ھالدىمۇ دۈشمەن بىزنى قوغلاشقا مۆۋەپپەق بولالىسا، ئېلىشىمىز، بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە ئېلىشىشىمىز كېرەك! ...

باتالىيون كوماندىرلىرى، ئىشتاب خىزمەتچىلىرى ئۇنىڭ سۆزىنى تىك تۇرۇپ ئاڭلىدى.

— تاڭ ئاتقۇچە قىسىملار سەزدۈرمەي چېكىنىپ بولۇشى كېرەك! — دېدى ئىزامىدىن قەتئىي ھالدا، — باشقا گەپ يوق، قايتىڭلار!

تۆكۈلگەن قانلار دەل - دەرەخلەرگە چاچرىغان، توپىلارغا سىڭگەن، ئوت - چۆپلەرنىڭ رەڭگىنى بېغىر رەڭگە كىرگۈزگەن، ئۆي تاملىرى، قورۇق تاملىرىنى ئالا - بۇلىماچ

قىلىپ بويىغان ... كۆتۈرۈلگەن كۈن شولىسىدا بۇ يەر مەنزىرىسىنى باشقىچە — قورقۇنچلۇق، ئېچىنىشلىق تۈسكە كىرگۈزۈپ قويدى. ئۇيۇپ قالغان قانلارنى يەپ دەندىگەن قاغا ـ قۇزغۇنلار بۇ يەر ئاسمىنىدا كۆرۈنمەيدۇ، ئاشۇلارمۇ چۈشىنىۋاتامدىغاندۇ، بۇ قانلار ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ ئىشقا ئاتىغان ۋە بۇ يولدا مەردلىك بىلەن قۇربان بولغانلارنىڭ قانلىرى ئىكەنلىكىنى شۇلارمۇ بىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ...

تاڭ ئالدىدا مۇسىراخۇن بېغىنىڭ ئاخىرى ۋە باغنىڭ كەينىدىكى يارلىقتا چېكىنگەن قىسىملار يورۇق چۈشكۈچە يارلىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئىستىھكام ياساپ ئۈلگۈردى.

خۇددى گەپ قىلىش مەنئى قىلىنغاندەك، پۈتۈن جەڭچىلەر جىمجىت، غەمكىن ھالدا ئولتۇرۇشاتتى. بەزىلەر ئېڭىكىنى ئالىقىنىغا ئېلىشىپ، بەزىلەر بېشىنى ساڭگىلىتىشىپ، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىدىن ئالماي قېتىپ قالغاندەك تۇرۇشاتتى، بەزىلەر يانپاشلاپ يېتىپ، ئۆزى سەزمىگەن ھالدا كوكات غوللىرىنى چاينايتتى ... كۆڭۈل غەملىرىنى، غەشلىكلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن تېتىك ھالەت، جەڭگىۋار سەپ كېرەك ئىدى، لېكىن ھازىر ئۇنىڭدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ ـ دە ! قورساق ئاچلىقى، ھارغىنلىق ئۇنتۇلغان، ئىشتىھا تۇتۇلغان، ھەممىنى قانداقتۇر كۆزگە كۆرۈنمەس روھىي ئازاب قىيىنىماقتا ... بەللىرىگە تۈگۈلگەن نانغا، تۆۋەندە شىرقىراپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك بۇلاق سۈيىگە، باغدا مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈم ـ شاپتۇللارغا ھېچكىمنىڭ مەيلى يوق، رايى كېسىلگەن ...

رەيھان پىچىرلىدى:

— ۋارىسجانغا سەگەك بولمىسىڭىز بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

نادەم ئۈنسىز ئولتۇراتتى.

— سىزگە دەۋاتىمەن، — دېدى رەيھان تىكىلىپ.

— قانداق؟

— سىز تۇيمىدىڭىز، مەن ئاجايىپ خۇپىيانە بىر ئىشنى

بايقاپ قالدىم، دەڭە.

— ھە ...

— ئېرەنسىزلىك قىلماڭ.

— گەپ قىلىڭ.

— ئاخشام قارا دۆڭگە ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، ئاپتوماتنى سىزگە تەڭلەۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدىم، مەن يۇقىرىدا ئىدىم، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئاتتىم ...

— قاراڭغۇدا شۇنداق كۆرۈنگەندۇ؟

ئادەم ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي، غەمسىز ئولتۇراتتى، رەيھان تېرىكىپ قالدى:

— نېمانداق تۇزلۇك قىلىسىز؟ ... كىمگە تەڭلەۋاتىسىز دېسەم، ھودۇقۇپ قاپتىمەن، دەيدۇ.

— سىز ۋارىسجانغا ئۆچ ئەمەسمۇ.

— ئۆچلۈكۈمغۇ ئۆچ ...

— شۇڭا، سىزگە شۇنداق بىلىنىدۇ ـ دە.

— توۋا، دەۋاتقىنىنى ... — رەيھاننىڭ يۈزىدە نارازىلىق، ھەيرانلىق ئالامەتلىرى ئۇچقۇندىدى، — مەن ۋارىسجانغا ئىشەنمەيمەن، ئۇ قارا كۆڭۈل، مۇنداق تۇزلۇك قىلىۋەرسىڭىز، ئاخىر بېشىڭىزغا چىقىدۇ، جۇمۇڭ، ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي: ھەممە ئادەمنىڭ قورالى دۈشمەنگە قارىتىلىۋاتسا، ئۇنىڭ سىزگە ... بۇمۇ ھودۇقۇپ قالغانلىقى بولامدۇ؟ ... ھۇجۇم پەيتى — ئەڭ جىددىي، ئەڭ سەگەك پەيت ئەمەسمۇ؟ ... ئىككىڭىزنىڭ مۇناسىۋىتى، ۋارىسجاننىڭ ئوي ـ خىيالى، ئۆزىنىڭ كىملىكى، سىزنىڭ كىملىكىڭىز ھەم باشقا ئىشلارنى تازا چوڭقۇرراق ئويلاپ بېقىڭا؟

ئادەمنىڭ ئېرەنسىزلىكى — تۇزلۇكىدىن جىلە بولغان رەيھان دېمەيدىغان گەپلەرنىمۇ دەۋەتتى، ئادەم ئويلىنىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى.

ئالدىنقى سەپتىن ئېتىشىش ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ھەممىسى شۇ يەردە قالغان جەڭچىلەرنى ئويلىماقتا ئىدى، ئۇلارمۇ خۇددى بىر پولك جەڭچىدەك دۈشمەن ئوت توچكىلىرىغا توختىماي ئېتىۋاتقاندۇ، سەپداشلىرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمەيۋاتقاندۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۇتۇنلەي قۇربان بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندۇ؟ ... ئېتىشىش بىردە پەسلەپ، بىردە ئەدەيتتى.

چۈشتىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ بىر تۈركۈم ئايروپىلانى يېتىپ كەلدى. پولك تېز ھەرىكەتكە كېلىپ مۆكۈنۇۋالدى. لېكىن، ئايروپىلانلار بۇياققا كەلمىدى، كېچىدىن بېرى ئۇرۇش بولۇۋاتقان مەيدانلارنى بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى. شەرقتىن غەربكە، غەربتىن ـ شەرققە ئايلىنىپ يۇرۇپ ئۇزاق بومباردىمان قىلدى ـ دە، كېتىپ قالدى.

ئېتىشىش توختىمىغان بولسىمۇ، توپا ـ چاڭ، ئىس ـ تۈتەكلەر ئارىسىدا قالغان جەڭچىلەرنىڭ ئاتقان ئوقلىرى ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. گومىنداڭ قىسىملىرىمۇ بۇ ھالنى بايقاپ قالدى. بىراق، ھۇجۇم قىلىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، چۈنكى كەچ كىرىپ قالغانىدى.

جەڭ مەيدانىدا ھايات قالغان جەڭچىلەر ھالىدىن كەتكەن چاغدا، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى.

* * *

شىخو ئۇرۇش مەيدانىغا پولكوۋنىك نىزامىدىنىنىڭ قوماندانلىق قىلىشى توغرىسىدىكى باش ئىشتابنىڭ بۇيرۇقىمۇ تارباغاتاي پولكىغىمۇ يېتىپ كەلدى.

نىزامىدىن ھۇجۇم ئىستراتېگىيەسىنى تۈزۈپ چىقتى: بىر پولك شىمالىي غەربتىن، يەنە بىر پولك شىمالىي شەرقتىن، موڭغۇل دىۋىزىيونى مەركىزىي قىسىمدىن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ،

زەمبىرەكچىلەر ئەترىتى جەڭگىۋار ھالەتتە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ.

— بىز مۇشۇ يۆنىلىشتە ھۇجۇمغا ئۆتىمىز، — دېدى نىزامىدىن كوماندىرلارغا چۈشەندۈرۈپ، — بىرنەچچە سائەتلىك، بەلكى بىر كۈنلۈك ھۇجۇمدا دۈشمەن ئەلۋەتتە ھالسىرايدۇ، ئەمدى ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ، چۈنكى كۈيتۈن دەرياسى كۆۋرۈكىنى راقىمجان پارتىزانلىرى ئىشغال قىلىپ بولدى. ئۇلارنىڭ قاتنىشى ئۈزۈلدى، دۈشمەن ياردەمگە موھتاج بولۇپ تۇرغاندا، زەمبىرەكچىلىرىمىز ئۈزۈلدۈرمەي ئاتىدۇ، بىز شىددەت بىلەن باستۇرۇپ بارىمىز.

پىلان ماقۇللاندى.

ھۇجۇم پۈتۈن سەپ بويىچە بىراقلا باشلاندى. قوماچ قورۇغاندەك ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى، يەرلەر تىترىدى، دېرىزىلەر جالاقلىدى، دەل - دەرەخلەر قاراسلاپ سۇندى، ھەتتا قومۇرۇپ تاشلاندى، شىخو دەرياسى ۋادىسى زىلزىلىگە كەلدى. ئاسمان بىردە يورۇپ، بىردە قاراڭغۇلىشىپ، خۇددى سەھنە پەردىسىدەك تۈسكە كىرىپ قالغانىدى. غۇلجا - ئۈرۈمچى - چۆچەككە سوزۇلغان ئۈچ مۇھىم تاشيولنىڭ تۈگۈنى بولغان بۇ جاي دەھشەتلىك ئۇرۇش قاينىمىدا قالدى.

ئەنۋەر جەڭچىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ۋارقىراپ تۇراتتى:

— ئازگاللارغا چۈشۈپ پاناھلىنىڭلار ! ...

دۈشمەن زەمبىرەكلىرىنىڭ ئوقىدىن پەيدا بولغان ئازگاللار جەڭچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى پاناھلىنىش جايلىرى ئىدى. چۈنكى، بۇ ئەڭ ئىشەنچلىك جاي، توپ ئىككىنچى يېنىپ بۇ يەرگە چۈشمەيدۇ. بىر پارچە چولاق تام، ئېرىق قىرى، كىچىككىنە زومچەك يەر ياكى ئادەم پاتقۇدەك گوداڭلىق — جەڭچىلەر ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك، نۆۋىتى كەلگەندە، كىشىلەر ئېتىبارمۇ قىلمايدىغان بىر پارچە خام كېسەكنىڭ پۈتۈن سۇرۇك بىر جاننى — ھاياتنى ساقلاپ قېلىش رولى بولاتتى.

يۇلغۇنلۇق، تېكەنلىك دالالاردا، قاتچە - قاتچە يىللار

تىرىكچىلىك بىلەن مىدىرلاپ كەلگەن شەھەردە، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاقلارغا سوزۇلغان ۋادىلاردا ئاجايىپ شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر، كۈشۈلدىغان توپ سادالىرى، سېكۇنت توختىماي ئۈزۈكسىز ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. بۇ دالالار ئۆز تارىخىدا بىر پارچە ئۇزۇنچاق قىپقىزىل ئوتنىڭ چاقماق تېزلىكىدە ئۇچۇشىنى، چۈشكەن يېرىدە بىرنەچچە ئادەم پاتقۇدەك گوداڭلار پەيدا قىلىشىنى، ھەتتا بەزىدە ئادەم، دەل ـ دەرەخلەرنى ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىشىنى كۆرمىگەن بولغىيدى؟ ! ... كۆرمىگەن، مانا ئەمدى كۆرۈۋاتىدۇ. بۇ ئالامەتلەرنىڭ بىر يېڭى ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئەمدى سېزىۋاتىدۇ.

جەڭچىلەر ئاتاتتى، يەر بېغىرلايتتى، ئۆرىگە چىقاتتى. پەسكە چۈشەتتى، ئوڭدا بولاتتى، دۈم ياتاتتى...

قارادۆڭ مەھەللىسىنى ئىگىلىگەن قىسىملار شىددەت بىلەن ئالغا سىلجىماقتا ئىدى. ئىس ـ تۈتەكلەر، كۆيۈندىلەر قونۇپ، يۈزلىرى قارىدىغان ۋە پۇرۇشكەن ئەنۋەر ۋارقىرىدى:

— كۆۋرۈكنى ئىگىلەڭلار !...

ئۇنىڭ كۆزلىرى خاك ئاستىدىن يېڭىلا چىققان كىشىدەك پىلدىرلاپ، چىشلىرى پارقىراپ قالغانىدى.

جەڭچىلەرنىڭ بىر قىسمى قارادۆڭ مەھەللىسى بىلەن شىخو ئارىلىقىدىكى كۆۋرۈككە ئۆملەپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يۈگۈرۈشتى، ئۈچىنچى بولۇپ ئابدۇۋەلى يۈگۈردى، ۋېڭىلدىغان ئوقلار ئىچىدە، ئۇ بىردىنلا مەيدىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قالدى، سەنتۈرۈلۈپ توختىدى، بولمىدى ... يىقىلدى ... رەيھان ھېچنېمىگە قارىماي ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۇنى سۆرەپ كۆۋرۈك ئاستىغا ئەچۈشتى. ئابدۇۋەلىنىڭ كۆزى يۇمۇلغان، بىراق تىناتتى. قەيەرلەردىندۇر بېرىلىۋاتقان ئۆتكۈر نۇر، ئۇچۇۋاتقان سانسىز توپلارنىڭ قىزغۇچ شولىلىرىدا ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزى بىردە يورۇپ، بىردە ئۆچەتتى. ئۇ بىر تولغىنىپ قولىنى گىمناستوركىسىنىڭ يانچۇقىغا ئەكىلىۋىدى،

بىراق تۇگىمىسىنى يەشكۈچە قولى سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشىغا يېتىپ كەلگەن جامالىدىنىنىڭ كىرپىكىگە ياش ئېلىندى ... ئابدۇۋەلىنىڭ تەشنالىقتا يەتمىگەن ئارزۇسى، تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ ئۈزۈلۈپ قالغان مۇھەببەت قىسسەسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلگەنىدى. رەيھان ئابدۇۋەلىنىڭ مەيدە يانچۇقىغا قول سېلىپ، «پىدائىي» لىق مېدالىنى ئالدى. جان ھەلقۇمغا كەلگەندە بىر تۈزۈلۈش بولىدۇ، دېگەن راستمىدۇ، ئابدۇۋەلى كۆزىنى ئېچىپ بېشىدىكىلەرگە سەپسالدى، جامالىدىنىنى تونۇپ:

— سەن بىلىسەن .. مەن ئۆيلەنمىگەن ... ئەختەربۇۋىگە ئېيت، ئەرگە تەگسۇن ... ئوغۇل تۇغۇپ .. ئىسمىنى ئابدۇۋەلى قويسۇن ... ئۇنىڭغا ... مۇشۇ ... مېدالنى تا... تاقاپ قوي ... سۇن، — دېدى.

جامالىدىنىنىڭ كىرپىكىدىكى ياش ئابدۇۋەلىنىڭ يۈزىگە تېمىپ چۈشتى، شۇئان ئابدۇۋەلىدە يەنە قانداقتۇر بىر جانلىنىش — تۈزۈلۈش كۆرۈلدى:

— يىغلىما، — دېدى ئۇ يەنە، — خۇشال بول ... تۇرمىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولسام ... يىغلىساڭ بولاتتى، كۆكسۈمگە «پىدائىي» لىق مېدالى چىقىقۇچىلىك ئۇرۇشلارنى قىلدىم ... ئازادلىق تېڭىنىڭ ئېتىشىغا مەنمۇ بىرنەچچە پاي ئوقنى بۇرۇنراق ئاتتىم...

جان ئۈزگەنلەرنى كۆپ كۆرۈپ، باغرى ئېزىلىشتىن توختاپ قالغان رەيھانىنىڭمۇ نازۇك كىرپىكلىرى نەملەندى...

— مەيلى ... ئارمىنىم يوق ... ئاپامغا سىلەر ... ئىگە، — ئۇنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ ئۆزگىرىۋاتاتتى، — ھۆكۈمەت ... ئىگە...

ئۇنىڭ تىنىقى ئاستىلاپ كەتتى ـ دە، نۇرسىز كۆزلىرى ئاستا يۇمۇلدى...

بىردىنلا قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ نېرىدىكى پوتەيدىن تۇزانلار، ئىس ـ تۈتەكلەرنىڭ

بۇرۇقتۇرما بولۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن جامالىدىن جانلىنىپ:

— ئابدۇۋەلى ! ... ئابدۇۋەلى ! ... ئەنە، ئاۋۇ گېنېرالنى پوتەي گۇم بولدى، قارىغىنا ... ئابدۇۋەلى ! ...

ئۇ كۆزىنى قايتا ئاچمىدى.

بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن جەڭچىلەر كۆۋرۈكنىڭ ئاستى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا، ئېرىق قىرلىرىغا يوشۇرۇندى. رەيھان يارىدارلارنىڭ يارىسىنى تېڭىشقا كىرىشىپ كەتتى. بەزى يارىدارلارنى يۈدۈپ - ئۆمىلەپ كۆۋرۈك ئاستىغا ئېلىپ چۈشەتتى. ھەجەرمۇ چوڭ يانپىشىدىن تېڭىلغان يارىدارنى يۈدۈپ ئەكەلدى. كۆۋرۈك ئاستى ھەمشىرە قىزلارنىڭ يارىدارلارنى ئەملەيدىغان تېببىي پونكىتىغا ئايلىنىپ قالدى.

مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئارىسىدا ئىلگىرىلەش داۋاملىشىپ، جەڭچىلەر سازلىققا چۈشتى. قىرىق - ئەللىك مېتىر كەڭلىكتىكى، ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا كەتكەن قومۇش - يېكەنلەر بىلەن قاپلانغان سازلىق قاراسۇغا چىلىشىپ تۇراتتى. سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى تەكشىسىز، بەزى يەرلىرى ئوشۇققىچە، تىزغىچە كەلسە، بەزى يەرلىرى بەلگىچە، مەيدىگىچە كېلەتتى. سازلىقنىڭ دۈشمەنلەر تەرىپىدىكى قىرغىقى ئېگىز، ئېگىزلىككە سېلىنغان بۇتخانا گومىنداڭچىلارنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك مۇستەھكەم قورغىنى. بۇتخانىنى ئاساسىي غول قىلىپ سانسىزلىغان پوتەيلەر تۇرغۇزۇلغان؛ ئاكوپكىلار قېزىلىپ، يەر ئاستى يوللىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلغان.

ھۇجۇمنىڭ ئوڭۇشسىزلىقى مانا ئەمدى تېخىمۇ بىلىندى.

ۋەزىپە ئېلىپ دۆڭگە ياماشقان جەڭچىلەر (ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئۈچتىن - بەشتىن بىر قىلىپ چىگىلگەن گىراناتلار بار ئىدى.) خۇددى يىلاندەك تولغىنىپ، يەر بېغىرلاپ ئالغا سىلجىيتتى، لېكىن ئوق تېگىپ دومىلاپ چۈشەتتى ياكى شۇ يەردە يېتىپ قالاتتى. شۇ تەقلىدتە ئالغا سىلجىش، ئوق تېگىپ

ئۆلۈش بىرنەچچە قېتىم قايتىلاندى. سازلىقنىڭ ئىچىدىمۇ ئۆلۈش، يارىلىنىش كۆپىيىپ كەتتى، شىددەت بىلەن تۈرتۈپ ـ سىقىپ كېتىۋاتقان قوشۇن بۇ يەردە ئىلگىرىلەشكە پەقەت ئېرىشەلمىدى. سازلىق سۈيى قان بىلەن بويىلىشقا باشلىدى... دۈشمەن قىسىملىرىمىزنى مۇشۇ سازلىققا قاپسىۋېلىپ قىرىپ تۈگىتىشنى قەستلەيتتى. شۇڭا، پۈتۈن قوراللىرىنى بىراقلا ئىشقا سېلىپ، ئەجەل ئوقلىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى ياغدۇرماقتا ئىدى، شۇنداق جىددىي توپقا تۇتۇش بىلەن پولك چامىسىدىكى دۈشمەن سەپ تارتىپ، جېنىنى تىكىپ ھۇجۇم بىلەن ۋارقىرىشىپ چىقىپ كەلدى. ئۇلار مىلتىقلىرىنىڭ ئۇچىغا ئىشتىكلىرىنى بېكىتىشىۋالغان، بۇ ئۇلارنىڭ ئىككى كۈندىن بېرى ئۈچىنچى قېتىم ھۇجۇمغا چىقىشى ئىدى. نىزامىدىنىنىڭمۇ، ئەنۋەرنىڭمۇ، باشقا كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭمۇ كۈتۈۋاتقىنى مۇشۇ! ئۈزۈلمەي مۇشۇنداق قىلىپ تۇرسا، خوپ ياخشى بولار ئىدى ـ ھە! ... كەلسۇن، يېقىنراق كەلسۇن!

جەڭچىلەر دۈشمەننى كۆرمەي ئېتىشتىن، كۆرۈپ ئېتىشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. پىلىموتلار خۇشاللىقتىن سايراپ كەتتى، گىراناتلار جۇشقۇنلۇق بىلەن تاشلاندى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىراشلار كۆتۈرۈلدى:

— ئامەت كەلدى! ئامەت! ...

— ئات! سايرىتىۋەت! ...

— ئوڭ يانغا قارا! گىرانات تاشلا! ...

دۈشمەننىڭ بىرىنچى قاتارى يىقىلدى، ئىككىنچى قاتارى يىقىلدى ... لېكىن تەن بەرمىدى، كۆچىنىپ يەنە ھۇجۇم بىلەن كەلدى، يىقىلدى ... بولالمىدى، چېكىندى ... ئىستىھكاملىرىغا چۈشۈپ كەتتى، جەڭچىلەرنىڭ ئامىتى كەتكەنىدى. پوتەيلەردىن ئوقلار ئىتتىك ياغقان يامغۇردەك يېغىشقا، زەمبىرەكلەردىن ئېتىلغان توپلار كۆشۈلداپ كېلىپ پارتلاشقا باشلىدى...

تاڭ ئېتىپ قالدى، ئېتىشىشلار پەسلىدى. قىسىملار قومۇش،

يىپەكلەرنىڭ دالدىسىدا سۇغا چىلىشىپ ياتاتتى. جەڭچىلەر تىنىش چىقارماسلىققا تىرىشاتتى، ھەتتا جان ئۈزۈۋاتقانلارمۇ شەپىسىز يىقىلىشنى ئىستەيتتى. ئۆلگەن جەڭچىنى ئەكېتىشكە ياكى نېرىراق سۆرەپ قويۇشقا بولمايتتى. سۇ تولۇپ قورسىقى كۆپكەندىن كېيىن يېنىڭدا لەيلەپ تۇراتتى ياكى چۆكۈپ كېتەتتى. شۇنداق ئېچىنىشلىق ھاللار كۆرۈلمەكتىكى، سۇدا جان ئۈزۈۋاتقان سەپدىشىڭنى ئەركىنىگىنە ياتقۇزۇپ قويالمايسەن، سۇنى شالاقلىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنى خۇددى بوغۇۋاتقاندەك مەھكەم قۇچاقلاپ تۇتۇۋالىسەن، ئىككى ئېغىز ياخشى گېپىنى — يۈرىكىڭدە ساقلىنىپ قالغۇدەك سۆزىنى ئاڭلىيالمايسەن، ئۇنىڭمۇ ئارمان، ۋەسىيەتلىرى بار ئىدىغۇ ... نېمىدېگەن ئەلەملىك بۇ! ھەتتا جان ئاچچىقىدا ۋارقىرىۋەتمىسۇن دەپ ئاغزىنى چىڭگىدە تۇتۇۋالىسەن ... ئاھ ... نېمىدېگەن ئېغىر مىنۇتلار بۇ - ھە! ...

* * *

قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن ھۇجۇم يەنە باشلاندى.

بىر نەچچە سائەتكىچە بىرقەدەممۇ ئىلگىرىلەش كۆرۈلمىدى. كۆرۈلۈۋاتقىنى جەڭچىلەرنىڭ سەپتىن چىقىۋاتقانلىقىلا ئىدى.

يېرىم كېچىدىن ھالقىغان مەزگىلدە، ئىزامىدىن قولىدىكى قىزىل قېرىنداشنى خەرىتە ئۈستىگە تاشلىدى. ئۇ قىسىملىرىمىزغا ئوت ئېچىۋاتقان دۈشمەن توچكىلىرىغا قارشى ھۇجۇم ئىستىرېلكىلىرىنى قويۇپ بولغانىدى.

ئۇنىڭ چاقىرىشى بىلەن كىرگەن ھەرقايسى قىسىملارنىڭ كوماندىرلىرى ئىزامىدىننىڭ چىرايىنىڭ سۇرلۇك تۈس ئالغانلىقىنى، قويۇق قاشلىرى تىكلىشىپ، كۆزلىرىنىڭ يانغانلىقىنى كۆرۈشتى. ئۇ كوماندىرلارغا مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى:

— ئېگىزلىكتىكى بۇتخانا دۈشمەننىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك

جاھىل قورغىنى، ئۇياقتىكى تۈگمەن، بۇياق دوقمۇشتىكى گېنېرالنى پوتەي دۈشمەننىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك قورغانلىرى، بىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز مۇشۇ جاھىل قورغانلارنى ئېلىشىمىزغا باغلىق.

ئۇنىڭ قوغۇشۇندەك ئېغىر سۆزلىرى كوماندىرلارنىڭ ئۈستىگە مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنى يۈكلىمەكتە ئىدى، ئۇ سۆزىنى تېز ـ تېز داۋاملاشتۇردى:

— ئەتە ھېيت، شىخو خەلقى ھېيتنى خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن ئازادلىق نۇرى ئاستىدا ئۆتكۈزسۇن، بۈگۈن ئالىي باش قوماندانىمىز گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك يولغا چىقتى، ئۇمۇ ئەتە مۇشۇ خۇشاللىقتا — تەنتەنىگە ئۇلگۇرسۇن، بىز بىلەن، شىخو خەلقى بىلەن ھېيت نامىزىنى بىللە ئوقۇسۇن! ...

ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى جاراڭلاپ ـ جۇشقۇنلىنىپ چىقماقتا ۋە ئالدىدا تىك تۇرۇشقان كوماندىرلارغا غەلىبە ئىشەنچ ئاتا قىلماقتا:

— بىرىنچى باتالىيون كوماندىرى ئەنۋەر ئاپتومات بىلەن قوراللانغان ئەللىك كىشىلىك قاۋۇل زەربىدارلار ئەترىتىنى باشلاپ بېرىپ بۇتخانىنى كۆمپەيكۇم قىلىدۇ!

— تەييارمەن! — دېدى ئەنۋەر قەتئىيلىك بىلەن.

— روتا كوماندىرى يولداش گايىت، يىگىرمە جەڭگىۋار جەڭچىنى باشلاپ بېرىپ گېنېرالنى پوتەينى گۇم قىلىدۇ!

— تەييارمەن، يولداش پولكوۋنىك!

— ۋىزۋوت كوماندىرى يولداش نادەم، يىگىرمە جەڭچىنى باشلاپ بېرىپ تۈگمەننى ئالىدۇ!

— تەييارمەن، يولداش پولكوۋنىك!

— خەلقىمىز نامىدىن ئېيتىمەنكى، نىشانلانغان ئورۇنلارنى سۆزسىز ئېلىشىڭلار كېرەك، زەمبىرەكچىلىرىمىز ئەمدى ئۇزۇلمەي ئاتىدۇ، بۈگۈن ھەممىمىز — پولك رەھبەرلىرى، ئىشتاب خىزمەتچىلىرى، ئارقا سەپ خادىملىرى ھۇجۇمغا

كىرىمىز، قىرىلىپ بىرىمىز قالساقمۇ، تالڭ ئاتقۇچە شىخونى ئالغىنىمىز ئالغان!

كوماندىرلار يەر ئاستى گەمە ئۆيىدىن بىر - بىرلەپ چىقىپ كەتتى، نىزامىدىنمۇ قولىغا ئاپتوماتىنى ئېلىپ ماڭدى. كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قالغان ئاقىلبەك:

— يولداش پولكوۋنىك ... — دەپلا قالدى.

قەدەملىرىنى چوڭ ئېلىپ، گەمە ئىشىكىدىن بېشىنى ئېگىشتۇرۇپ چىققان نىزامىدىن:

— باشقىلارنىڭ جېنىمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاش ... — دېدى - دە، ئالدىنقى سەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئاقىلبەكمۇ قورالىنى قولغا ئېلىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

زەربىدارلار ئەترەتلىرى تېزلا سەپ بولۇپ، ھۇجۇمغا ئۆتتى.

گايىتنىڭ گېنېرالىنى پوتەينى پارتلىتىشقا ئەۋەتكەن ئۇچىنچى قېتىملىق جەڭچىلىرىمۇ قۇربان بولدى. ئۇنىڭ سېرىق بۇرۇتلىرى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، كۆزلىرى ياندى ... ئاخىر غەزىپىگە پايلىماي، بىرنەچچە جەڭچىنى باشلاپ ئۆزى يەر بېغىرلاپ كەتتى.

گايىتنىڭ روتىسىغا كېلىپ قوشۇلغان نىزامىدىن دۈشمەن پوتىيىنىڭ ئوت توچكىسىغا ئاپتوماتتىن ئوق ياغدۇرماقتا ھەم ئېتىش تۆشۈكىنىڭ ئەتراپىغا ئېتىپ، توپا توزۇتماقتا ئىدى. بۇ چاغدا گايىتنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككىدىن تۆت نەپەر جەڭچىمۇ يەر بېغىرلاپ كەلمەكتە ئىدى. گايىت يىلاندەك تولغىنىپ، تېز يۈرۈپ، پوتەيگە ئوتتۇز مېتىر چامىسى قالغاندا، يېنىچە يېتىپ تۇرۇپ گىراناتنى ئاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا پوتەيدىن بىر بومبا ئۇچۇپ كەلدى. گايىتنىڭ گىراناتى پوتەينىڭ بىر تەرىپىنى گۈمۈرۈپ چۈشتى. ئەمما، دۈشمەن بومبىسى گايىتنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ پاچىقىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشىنى يۇلۇپ كەتتى.

جەڭچىلەر ۋارقىراشتى:

www.uyghurkitap.com

— گېنېرالنى پوتەي گۈمۈرۈلدى ! ....

— جېنى چىقىپ كەتتى ! ...

لېكىن، پوتەيدىن پىلىموت ئوقلىرى قاقشاپ چىقىۋاتاتتى. هالسىراپ، ئازابلىنىپ ياتقان گايىت كەينىدىكى هەم ئوڭ يېنىدىكى جەڭچىلەرگە ۋارقىرىدى:

— ئات، جېنى تۈمشۈقىغا كېلىپ قالدى ! ...

ئۈلار قولىدىكى بىر قىلىپ چىگىلگەن ئۈچ گىراناتنى كەينى - كەينىدىن ئاتتى. دەھشەتلىك چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

نىزامىدىن هاياجانلىنىپ ۋارقىرىۋەتتى:

— يارايسەن گايىت ! ئوغۇل، ئوغۇل ! ... — ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى:

— ئالغا ! ئالغا ! ...

ئۇنىڭ قولىدىكى ئاپتومات كۈچلۈك سىلكىنەتتى، جەڭچىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرۈشتى.

دەھشەتلىك ئۇرۇش سېپىنىڭ بىر يېقى غەلىبە شادلىقىغا چۆمۈلگەن چاغدا، ئىككىنچى يېقىدا — تۆگمەنگە هۇجۇم قىلىنىۋاتاتتى، بىراق تېخىچە نەتىجە يوق، ئادەمنىڭ جەڭگىۋار ئەترىتى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ، ئوڭۇشسىزلىقتىن باش كۆتۈرەلمەي ياتاتتى. دۈشمەن بارلىق كۈچىنى ئىشقا سالاتتى، جاهىللىق بىلەن ئاتاتتى ... ئون بىر ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەمنىڭ يۈرلىرى پۈرۈشكەن ۋە قارىدىغان ... پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى، خەتەرلىك ئۆرلەشلەردە قۇربان بولغان جەڭچىلىرىنىڭ ئەلەملىك ئاۋازلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى. ئۇ ئويلايتتى: «توققۇز جەڭچىنى باشلاپ، بىراقلا يۈرۈش قىلاي، بىراق بۇ خەتەرلىك ... چېچىلىپ سىلجىيلى، هېچبولمىغاندا بىرىمىز بولساقمۇ ساق قالارمىز...» ئۇ توققۇز جەڭچىسىنى باشلاپ، ئايەت ئۇرۇقى چېچىۋاتقان تۆگمەنگە قاراپ سىلجىشقا باشلىدى. ئەتىنگىنەي ... تۆگمەن تەرەپتىن بىر بومبا

ئۈچۈپ چىقتى، ئۇ چاقماق تېزلىكىدە ئويلاپ ئۈلگۈردى: «ھەممىمىز تۇگەيدىغان بولدۇق، ھامىنى بىر ئۆلۈم ...» ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يېتىپ كەلگەن بومبىنى تۇتۇۋالدى ۋە ياندۇرۇپ ئاتتى، بومبا تۇگمەننىڭ ئۇستىگە چۈشۈشكە بىر غېرىچتەك قالغان چاغدا پارتلاپ كەتتى، تۇگمەننىڭ ئۇستى گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى.

— ھۇررا ! ھۇررا ! ...

نادەم توققۇز جەڭچىسىنى باشلاپ جاھىل قورغان — تۇگمەننىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىردى. گومىنداڭ قىسمىنىڭ ئۆلمەي قالغان ئىككى پىلىموتچىسى بىلەن كوماندىرى خۇددى تويىنىڭ ئاستىدىن لۆمۈلدەپ چىققان چاشقاندەك بېشىنى كۆتۈردى. شىردەك ئېتىلىپ كىرگەن ئابدۇقادىر تاپانچا تۇتقان نىيازنى تونۇپ قالدى:

— ھە، ليەنجاڭ ! ...

ئۇ ئابدۇقادىرنى تونۇپ چۆچۈپ كەتتى.

— ئىپلاس، خائىن ! ... ئېيتقىنا، مۇشۇنداق يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئويلىمىغانمىدىڭ؟

— مەن ئازدىم ... — ئۇ ئابدۇقادىرنىڭ ئايىغىغىچە ئۆمىلەپ، بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلاتتى.

نىيازنىڭ قوزغىلاڭچىلار سېپىدىن يوشۇرۇنچە قېچىپ كېتىپ، قوشۇن باشلاپ كېلىپ، ئۇلانبۇلاقتا سايىتاخۇن قىسمىنى ئوققا تۇتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ كاساپىتىدىن ئون نەپەر سەپدىشىنىڭ قۇربان بولغانلىقى ئابدۇقادىرنىڭ كۆز ئالدىغا دەرھال كەلدى:

— قىساس قۇشى قاناتىسىزمىكەن؟ ... كۆردۇڭمۇ بۇ يەرگە ئۇچۇپ كەلگىنىنى ...

— بەندىچىلىك ... بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي ...

نىياز بېشىنى كۆتۈرەلمىسىمۇ، لېكىن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئابدۇقادىرنىڭ قولىغا قارايتتى.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇقادىرنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى جاراڭلىدى:

— ساڭا جاننىڭ نېمە لازىمى، يەنە قانچىلىك ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىشنى ئويلاۋاتىسەن، خائىن، غېنى ئۇچۇن! ئەخمەت ئۇچۇن! نەمتۇل ئۇچۇن! ...

ئۇنىڭ قەھر – غەزىپى ئاپتوماتتىن گويا ئوق بولۇپ چىقتى. ئون نەچچە پاي ئوق نىيازنىڭ كۆكرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى.

تۇگمەننىڭ ئېلىنىشى دۇشمەننىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورنى بولغان شىخوغا بىرنەچچە كۈندىن بېرى ھۇجۇم قىلىۋاتقان مىللىي قىسىملارنىڭ ئىككىنچى غەلىبىسى ئىدى.

ئەمما، دۇشمەن تېخىمۇ جاھىللاشتى، قاننى قان بىلەن يۇيۇشنى ئويلىسا كېرەك. يەنە ۋارقىرىشىپ، ھۇجۇمغا چىقىپ كەلدى. بۇ قېتىم ئەلپازى يامان، ھەممىسى قىرىلىپ كەتكۈچە ئېلىشىدىغاندەك قىلاتتى ھەم ھەيۋە بىلەن چىققانىدى: تانكىلىرى خۇددى قارىغۇ ئېيىقتەك بىر ئۇياقتا، بىر بۇياقتا تاشلىنىپ، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ۋە ھەممىنى چەيلىۋېتىدىغاندەك كېلەتتى، بىرونېۋىكلىرى بىقىنلىرىدىن ئوت چېچىپ، خۇددى ئەجدىھادەك ئەلپازدا كېلەتتى.

گومىنداڭ قىسىملىرى مىللىي قىسىملارنى بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئوبدان ھالسىرىدى، ئەمدى تىرىپىرەن قىلىۋېتىمىز دەپ چىققاندۇ ياكى مۇھىم قورغىنىنى تارتقۇزۇپ قويغىنىغا چىدىماي، جان ئاچچىقىدا تېپىرلاپ – پۇلاڭلاپ كېلىۋاتقاندۇ، نېمىلا بولسۇن ئۇلارنىڭ ئوچۇقچىلىقتا چىقىشى، جەڭچىلەرنىڭ كۈتكىنىدەك ئىش بولدى.

پۇتۈن فىرونت بويلاپ نىزامدىنىنىڭ بۇيرۇقى ئېغىزدىن – ئېغىزغا ئۆتۈپ جاراڭلىدى:

— زەمبىرەكلەر ئېتىلسۇن! ...

— تانكا ئاتارلار ئېتىلسۇن! ...

توپلار دەھشەتلىك پارتلىماقتا، ئوقلار توختاۋسىز ئېتىلماقتا، پىلىموتلار سايرىماقتا...

ئەنە تانكىلار ئىرغاڭلاپ يېقىنلاپ كەلمەكتە، زەنجىر تاپانلىرى شاراقلىماقتا...

— ئات ! ! !

تانكا ئاتارلار ئېتىلدى...

تانكىنىڭ بىرسى قىيسىيىپ توختاپ قالدى، ئەنە ئىككىنچىسى ... ئۇنى يانداپ كېلىۋاتقان بىرونېۋىككە ئوت تۇتاشتى، يالقۇن كۆتۈرۈلدى، خۇددى زور ئەجدىھا ئېغىز - بۇرنىدىن ئوت چېچىۋاتقاندەك يالقۇنلار تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ ئاسمانغا ئۇچماقتا ئىدى.

جەڭچىلەرنىڭ تەنتەنە، قىيقاس - چۇقانلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى...

قالغان تانكىلىرى كەينىگە پىرقىرىدى.

يەنە كۈچلۈك چۇقانلار: ھۇررا ! ھۇررا !

دۈشمەن چېكىندى، بىراق ئاتاكىغا ئۆتكىلى بولمايتتى. جاھىل قورغاندىن قاقشاپ چىقىۋاتقان ئوقلار قۇلاق - مېڭىنى يەيتتى، ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ ئىمكانىيەت بەرمەيتتى.

ئەنۋەر گاھ ئوڭدىن، گاھ سولدىن يەر بېغىرلاپ باراتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى قارىدىغان، ئىس - تۈتەكلەردىن يۈزلىرىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرلىرىمۇ، تاش تىلىۋەتكەن مەڭزىدىن تامچىلاۋاتقان قانلىرىمۇ قاپقارا بولۇپ كەتكەن، گىمناستوركىسىنىڭ يەڭلىرى تىتىلىپ، قولىنىڭ جەينىكىدىنمۇ قان ئېقىۋاتىدۇ، ئۆتۈكىنىڭ ئۆكچىسىنى، بېشىدىكى شەپكىسىنى ئوق ئۇچۇرۇپ كەتتىمۇ، نەلەردە قالدى؟ ئۇ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيدۇ. ئەمما، پىلىلداپ قالغان كۆزلىرى بىلەن نەگە بېقىشنى، قاياققا يۈزلىنىشنى ياخشى بىلىدۇ، كۆزىدىن يەقەت نېرى قىلمايۋاتقان پىلىموت تۆشۈكىنى جىمىقتۇرالىسا، كەينىدىكى مىڭلىغان جەڭچىلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ. قەدەمدە بىر سۇنايلاپ ياكى ئىككى پۇكلىنىپ يېتىپ قالغان

جەڭچىلىرى ئۇچراۋاتىدۇ، بەزىلىرىنىڭ قولىدا قورالى، ئېتىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن گىراناتلىرى شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنچىلىك توختاپ قالغانكى، دۈشمەنگە ئۆلۈم ئاتا قىلىدىغان قوراللىرى ئەھمىيەتسىز نەرسىدەك كۆرۈندى. جەسەتلەر بارغانسېرى كۆپىلەپ يولۇقماقتا. ئاۋۇ بەلگىلەنگەن يەرگە بارالمىغان ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئىستەك ئىگىلىرىنىڭ جەسەتلىرى ئەمدى ئاددىي ھالدا ئۇنىڭغا پاناھلىنىش قورالى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا. ئۇ دۈشمەن ئوقلىرى بىلەن ئوينىشىۋاتقاندەك بىردەم ئۇياقتا، بىردەم بۇياقتا تاشلىناتتى ۋە كۆزىنى تۇتۇپ بېرىدىغاندەك ئوت تۆشۈكىگە قارايتتى. كىشى بىر مىنۇت ئىچىدە نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ نۇرغۇن مىنۇتلار ئىچىدە ئويلاۋاتقىنى ئاشۇ ئەجەل ئۇرۇقلىرى چېچىۋاتقان ئوت تۆشۈكىگە يېتىپ بېرىش.

باشلاپ كېتىۋاتقان جەڭچىلىرى بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ، ئەللىك نەپەر قاۋۇل جەڭچىسىدىن ئارانلا ئون ئۈچى قالدى ۋە ئۇلار تارقالدى.

ئەنۋەر بۇتخانىغا يېقىنلاپ بېرىپ بولغانىدى، كۆزىگە بۇتخانىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. بۇتخانا تۇۋىگە بېرىپ، سانسىزلىغان ئوقلار چىقىۋاتقان تۆشۈكتىن بىر باغلام قىلىپ چىگىلگەن بەش دانە گىراناتنى تاشلىۋەتتى. ئەتراپنى تىترىتىپ، كۆچلۈك پارتلاش «گۈمباڭ !» قىلغان ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا پىلىموت ئۈنىمۇ بىراقلا ئۆچتى !

يۈرەكلەر دولقۇنلىدى، كۆزلەر ياندى، سۇدا ياتقان جەڭچىلەر ھاياجان ھېسلىرىنى باسالماي، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى ـ دە، ئاتاكىغا ئۆتتى. يېقىندىن ــ ياندىن، يىراقلاردىن، تەرەپ ـ تەرەپتىن قىيقاس ـ چۇقانلار خۇددى گۈلدۈرمامىدەك دەھشەتلىك جاراڭلاشقا باشلىدى...

گومىنداڭچىلار پۈتۈن تەقدىرىنى باغلىغان بۇتخانىغا جەڭچىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بېسىپ كىردى.



www.uyghurkitap.com

— جىنىم ئاكىلار بىز مۇسۇلمان...

بۇتخانا ئىچىدە بارى - يوقى گومىنداڭنىڭ ئالتە نەپەر پىلىموتچىسىلا قالغان، ئۇلار جىنىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، ئەنە شۇنداق يالۋۇرماقتا ئىدى.

— سەنلەر مۇسۇلمانمۇ، — دېدى جامالىدىن پۈتۈن غەزىپىنى تۆكۈپ، — سەنلەر ئۆز خەلقىگە مىلتىق ئاتقان، خەلق ئىنقىلابىغا زەھەر چاچقان ۋەھشىيلەر ! ... قانچىلىك قېرىنداشىمىزنىڭ قېنىنى تۆكۈشتۈڭ، ئېيتىنشە ! ...

— خۇدا ھەققى...

مۇشۇلارنىڭ ئاتقان پىلىموت ئوقلىرىدىن قانچە يۈزلىگەن جەڭچىلەر ئۆلگەندۇ؟... ئاشۇ يالۋۇرۇۋاتقانلار ھېلىلا بۇتخانىغا بىرىنچى بولۇپ بېسىپ كىرگۈچىلەرنىمۇ ئاتقانىدى. شۇ دەھشەتلىك مەنزىرىلەر جەڭچىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇۋېتۇ:

— سەنلەرگە ئوق زايە ئىدى، خەير ...

شۇ سۆز بىلەن تەڭلا بىرنەچچە جەڭچىنىڭ ئاپتوماتلىرى تاراسلاپ ئېتىلدى.

بۇتخانىنىڭ ئالدىدا پولك كوماندىرى نىزامىدىن ھەم بىرنەچچە جەڭچى قايغۇلۇق ھالدا ئۆرە تۇرۇشاتتى، نادەم، جامالىدىن، ئاراش، ۋارىسجانلارمۇ بۇ يەرگە كېلىشتى ۋە ۋارقىرىۋەتتى:

— ئەنۋەركا ! ...

— ئاھ ... قەدىردان كوماندىر ! ...

ھايات بىلەن مەڭگۈگە خوشلاشقان ئەنۋەر ھېلىقى پىلىموت تۆشۈكىنىڭ تۈۋىنىدە قىيسىيىپ ياتاتتى. ئاپتومات قولىدىن ئاجرىمىغان، پوتەينىڭ گومۇرۇلۇپ چۈشكەن كېسەكلىرى ئۇنى بەلگىچە باسقان، غەزەپلىك كۆزلىرى ئوچۇق پېتى قېتىپ قالغانىدى. ھەممىنىڭ بېشى چۈشتى، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئېچىنىش، ئەلەم بىلەن تولغانىدى ... رەيھان ئۇنىڭ بېشىنى ئاۋايلاپ تىزىغا ئالدى ۋە بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ قاپىقىنى ئاستا

باستى. لېكىن، كۆزلىرى يۇمۇلمىدى، ئۇ خۇددى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. نىزامىدىننىڭ كۆزىدىن ئۇرۇشقا قاتنىشىۋاتقان بىر يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم ياش تامدى.

دۇنيادا ئۆلۈش - يوقىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۆلۈمنىڭ سەۋەبلىرى ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئۆلۈككە قاراپ تۇرغۇچىلاردا قوزغالغان ھېس - تۇيغۇمۇ بىر خىل بولمايدۇ، پولك كوماندىرىدىن تارتىپ، ئاددىي جەڭچىگىچە ئەنۋەرنىڭ جانسىز گەۋدىسىگە قاراپ تۇرغۇچىلار قايغۇرۇۋاتىدۇ، ئېچىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا كەلگەن ئەجەلگە نەپرەتلىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ قانداق ياشىغانلىقى، كۆرەشكەنلىكىنى ئويلاۋاتىدۇ... «نىزامىدىن قايسى ئۆلۈمنىڭ بېشىدا شۇنداق ئۇزۇن تۇرۇپ قالغان؟! ئەي رەھىمسىز ئەجەل، كىملەرنىڭ بېشىغا چىقتىڭ، دەپ يىچىرلايتتى ئۇ، — سەن بېشىغا چىقساڭ بىزدە خۇشال بولىدىغان ئادەملەر ئازمىدى، بىزنىڭ قايغۇلىرىمىز، ئازابلىرىمىزنى ئاز دەپ ئويلىدىڭمۇ ... ئەنۋەر! تەڭسىز جەمئىيەتنى ۋە ئۇنى غۇلىتىشنى ئەڭ بالدۇر چۈشەنگەن ئوقۇغۇچىم! مەن سېنى ئۆزۈمنى بىلگەندەك بىلەتتىم، مەخپىي خىزمەتتە ھوشيار ئىدىڭ، نادانلارنى تەربىيەلەش - ئويغىتىشتا چېۋەر ئىدىڭ، جەڭ - كۆرەشتە قەيسەر، پاراسەتلىك كوماندىر ئىدىڭ. ساڭا ۋەدە بېرىمەنكى، ساڭا ۋە ساڭا ئوخشىغانلارغا بىمەھەل كېلىۋاتقان، كەلگەن رەھىمسىز ئەجەلنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتمىگۈچە قالغانلىرىمىزغا ھاياتلىق يوق، ياخشىلىق يوق!»

ئەمما، نادەمنىڭ كۆز ياشلىرى — ئۇستازى — كوماندىرىغا بولغان ئېچىنىش، مۇھەببىتى، ھۆرمىتى — توختىماي تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق: سېنىڭ پۇتۇڭغا كىرگەن تىكەن، مېنىڭ كۆزۈمگە كىرسە، ساڭا تەگكەن ئوق ماڭا تەگسە بولماسمىدى، مەن كەتسەم — ئاددىي



www.uyghurkitap.com

بىر جەڭچى كېتىمەن، سەن كەتتىڭ — بەش - ئالتە يۈز جەڭچىنىڭ كوماندىرى، يېتەكچىسى كەتتى. ئانامنىڭ، ئائىلەمنىڭ قايغۇسى، ئازابى، ئەتراپىدا تەمتىلەپ، ئايلىنىپ يۈرگەن مېنى خەلقنىڭ — ۋەتىنىمنىڭ قايغۇسىنى قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرگەن سەن ئەمەسمىدىڭ، قولۇمغا قورال تۇتقۇزغان ۋە مۇشۇ قورال ئاناڭنىڭ، مىليونلىغان جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ غېمىنى قىلىدۇ، ئارزۇسىنى قاندۇرىدۇ، بىزنى باشقىلارنىڭ قاپقىنىغا قاراپ ياشاشتىن ئازاد قىلىدۇ، دېمىگەنمىدىڭ، دەل سەن دېگەندەك يېڭىچە دۇنيانى كۆرۈۋاتاتتۇقۇ...مېھرىبان ئوقۇتقۇچىم، قەدىردان كوماندىرىم، سېنى ئاتقانلارغا خۇددى تۈلكىنى ئېلىشقا ئېتىلغان بۈركۈتتەك ئېتىلىمەن!

ئەنە كوماندىرنىڭ بېشىنى تىزىغا قويغان رەيھاننىڭ كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە تېمىپ چۈشمەكتە. قايغۇنىڭ، دەھشەتلىك يوقىتىشنىڭ ئازابىدىن يۈرىكى مۇجۇلغان ھېسسىياتلىق قىز، ئۇنىڭ قەبرىسىگە گۈلدەستە قويۇشنى، كەلگۈسى ئەۋلادلارمۇ خۇددى ئۇنىڭ قېنىدەك قىپقىزىل گۈلدەستىلەرنى قويىدىغانلىقىنى ئارانلا ئويلىيالىدى. قىز ئۇنىڭ كۆكسىدىكى ئوردېنلارنى سىلىدى، مەيدە يانچۇقىدىن ئىككى پارچە خەت ئالدى. خەتنىڭ بىرى، «قەدىرلىك ئەنۋەر، دۇنيادا مېنىڭ سىزدىن باشقا ھېچنېمەم يوق، سىز مېنىڭ ھاياتىم، بايلىقىم ...» دەپ يېزىلغان ھۆرلىقانىڭ خېتى ئىدى. يەنە بىرى ئەنۋەرنىڭ: «غەلىبىلىك كۈنلەر بايرىمىدا ئالدىڭىزغا غالىب كوماندىر بولۇپ بارىمەن، سىزنى قۇچاقلايمەن، كۆز ياشلىرىڭىزنى مەڭگۈ قۇرۇتىمەن» دەپ ھۆرلىقاغا يازغان خېتى ئىدى.

بۇ قايغۇلۇق يەرگە ئىس - تۈتەكتىن يۈزلىرى قارىداپ، چىشلىرىلا پارقىراپ قالغان، يىرتىلغان گىمناستوركا، گەلەپى شىملىرىدا قان داغلىرى قاتقان، ئاچلىق، ھارغىنلىقى ئەمدىلا بىلىنگەن جەڭچىلەر يىغىلىشقا باشلىدى.

— باتالىيون كوماندىرى ئەنۋەرنىڭ ۋە نەچچە يۈزلىگەن

كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ قېنى بىكار كەتمىدى، ــ دېدى پولك كوماندىرى خۇددى بوراندەك گۈركىرەپ سۆزلەپ، ــ جاھىل قورغان ئېلىندى، دۈشمەنىنىڭ بېلى ئوشتۇلدى. ئەمدىكى جەڭلىرىمىز مەرد كوماندىر، شانلىق قۇربان ئەنۋەر ئۈچۈن، ئەنۋەرنىڭ نامى بىلەن باشلانسۇن!



www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب

سىز ئۆمرىڭىزدە قان دەرياسىنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ ئېھتىمال، بەزى ھېسسىياتلىق شائىرلارنىڭ: «ئېخ ... قان دەرياسى ...» دېگەن مىسرالىرىنى ئوقۇپ، قىياسمۇ قىلغان بولغىيدىڭىز، مانا كۆرۈڭ، ئۈچ كۈندۈز، تۆت كېچە ئۇرۇش قىلىپ، جەڭچىلەرنىڭ ئىسسىق قېنى تۆكۈلگەن ھېلىقى كەڭلىكى قىرىق ـ ئەللىك مېتىر كەلگۈدەك قاراسۇ ـــ قان دەرياسىغا ئايلانغان!

قىزىرىپ چىققان كۈن نۇرىدا بېغىر رەڭ، قېنىق قىزىل رەڭگە كىرگەن سۇ ئاجايىپ سىرلىق چىمىرلاپ، كۆڭۈللەردە ئاللىقانداق ئېچىنىشلىق، قايغۇلۇق تۇيغۇلارنى قوزغايدۇ... ئاندا ـ ساندا ئۆرە قالغان قومۇش ـ يېكەنلەرمۇ، كىشىگە گويا قاندىن قاتۇرۇلغان تاياقچىلاردەك كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭ يېنىك شامالدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىرغاڭلىشى ئادەمدە قورقۇنچ ياكى سەسكىنىش پەيدا قىلىدۇ، ئۇ ئۆزىدە قانچىلىك ئېغىر قىسمەتلەرنى يوشۇرغاندۇ ـ ھە! ... سۇلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىككى يېقىمۇ، قان بىلەن بويالغان، شۇ يەرلەرگە قانچىلىك قانلار سىڭگەندۇ؟ بەزى يەرلەردە قانلار ئۇيۇپ ـ ئۇيۇپ قاپتۇ، ئۇ خۇددى يېڭىۋاتقان يالقۇندەك ۋىلىلدايدۇ، بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ھەرقانچە باغرى تاش ئادەممۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلايدۇ، غەزەپتىن تىترەيدۇ...

ئىزامىدىن بىرقانچە كوماندىرلار بىلەن قان دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا كەلدى. ھەممىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، بەزىلەر ئۆپكىدەپ يىغلىدى، بەزىلەر كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياش تامچىلىرى قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەي، خۇددى ياغاچتەك قېتىپ تۇرۇپ

قالدى. ئىزامىدىنچۇ؟ ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنىنى تىترەك باسقانىدى. ئۈسۈپ كەتكەن چاچ ـ ساقاللىرى تىكەنلەشكەن. ئىختىيارسىز ھالدا مۇشتۇملىرى تۈگۈلگەن ... ئۇ قان دەرياسىدىن كۆزىنى ئالماي، خىيالغا كەتتى.

بۇ قان — تەڭلىك ـ ئازادلىق ئۈچۈن سۇغا چۈشكەن، ئوتقا كىرگەن، جان پىدا جەڭچىلەرنىڭ قېنى! ئون گۈلىنىڭ بىر گۈلىمۇ ئېچىلمىغان نۆۋەر يىگىتلەرنىڭ قېنى!

بۇ قان — قان تۆكۈلمەيدىغان بەختىيار زامان يارىتىش ئۈچۈن تۆكۈلگەن قان!

ئىسىت ... شۇنداق خاسىيەتلىك بۇ قاننى ساقلىغىلى بولسىچۇ كاشكى، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز كۆرگەن بولسا بولماسمىدى، شۇ چاغدىكى گۈزەل دەۋرنىڭ قەدرىگە تېخىمۇ چوڭقۇر يەتمەسمىدى...

ئىزامىدىننىڭ خىياللىرى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى: ئېھتىمال، شۇ چاغلاردا بۇ قانلار خاسىيىتىنى تەرىپلەشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى قارىلايدىغان، قارغايدىغانلار چىقىپ قالار، شۇنداقلا مۇشۇ قاننى، مۇشۇ مەنزىرىنى كۆرسە، ئاشۇ ھۆر دەۋر ئۈچۈن قانچىلىك ساپ قانلارنىڭ تۆكۈلگىنىنى كۆرسە ـ ھە... ئامال قانچە، ساقلىغىلى بولمايدۇ ـ دە، ئەمىسىچۇ؟ بۇ قانلارنىڭ نېمىشقا، قانداق قىلىپ تۆكۈلگەنلىكىنى يېزىش كېرەك، يازايلى، يازغاننى ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولماس، ئۆچۈرۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ، مىليونلىغان كۆڭۈل قاتلىرىدىن چىقىرىۋەتكىلى بولماس! ئەمما، بۇ قانلارنىڭ قىممىتى ھەرقانداق تەتۈر قۇيۇنلاردىمۇ يىقىلماس مۇنار بولۇپ تىكلىنىدۇ! ...

ئىزامىدىن كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئالدى، ئەتراپتا تۇرغانلار ئۇنىڭ كۆزىدىن مەيۈسلۈك ـ غەمكىنلىك ئۇچقۇنلىرىنى ئەمەس، بەلكى غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈشتى.

يىراقتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ كىچىك ماشىنا كۆرۈندى. ھەممىسى شۇ ياققا قاراشتى. ماشىنا بۇلاردىن يۈز

مېتىردەك نېرىدا توختىدى ـ دە، ئىچىدىن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى — كۆزلىرى كىچىك، ئەمما ئۆتكۈر، ئىنچىكە قارا بۇرۇتلۇق، گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك چۈشتى.

نىزامىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىك ماڭدى. گېنېرال بۇياققا ماڭدى. لېكىن، يېتىپ بېرىشقا ئون نەچچە قەدەم ئارىلىق قالغاندا، نىزامىدىندىن بۇرۇنلا:

— سالام، يولداش نىزامىدىن! ئۇلۇغ غەلىبەڭلەرنى تەبرىكلەيمەن! — دېدى باش قوماندان كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن.

— رەھمەت، يولداش گېنېرال لېيتېنانت!

ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، بۇ كۆرۈشۈش ئىككىسىدىن باشقىلارنىڭ كۆز چاناقلىرىغا ئىسسىق ياش تامچىلىرىنى تىزدى...

— يولداش نىزامىدىن، كېلىشتۈرۈپ جەڭ قىلدىڭلار، غەلىبىلىك جەڭ قىلدىڭلار، ياش ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت نامىدىن، مىللىي ئارمىيە باش ئىشتابى نامىدىن رەھمەت سىلەرگە، — دېدى ئىسھاقبېك ھاياجان بىلەن، — سىلەرنىڭ پولكقا «باتۇرلۇق» ئوردېنى بېرىش كېرەك!

— رەھمەت، يولداش گېنېرال لېيتېنانت!

— شىخودىكى ئۈچ سوتكىلىق جەڭ غەلىبىسى — بىر ئەسىرگە تەڭ غەلىبە، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن، قوراللىرى خىل، مۇداپىئەدە تۇرغان دۈشمەننى يېڭىش — تارىختا ئاز كۆرۈلگەن، ئۇلار شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرۇش تەقدىرىنى شىخوغا باغلىغانىدى، ئەمدى ئومۇرتقىسى ئوشتۇلدى!

باش قوماندانىنىڭ يالقۇنلۇق، چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى نىزامىدىنىنىلا ئەمەس، بۇ يەردە تۇرغان كوماندىر، جەڭچىلەرنىمۇ ھاياجانغا سالدى.

— جەڭچىلىرىمىز ئۆلۈمدىنمۇ، جاپا ـ مۇشەققەتتىنمۇ قورقماي جەڭ قىلدى، — مۇنداق روھمۇ تارىختا ئاز كۆرۈلىدۇ، — دېدى نىزامىدىن دوكلات قىلىپ، — چىقىممۇ ئاز



www.uyghurkitap.com

ئەمەس، ھەرھالدا قان بىكار ئاقمىدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى باش قوماندان، — ئۇرۇشتا جەڭچىلەر ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، غەلىبە قانسىز قولغا كەلمەيدۇ، بىراق ئۇرۇشقا كونكرېت رەھبەرلىك قىلغۇچىنىڭ پىلانى، تاكتىكىسى توغرا بولمىسا، تۆكۈلگەن قان بىكار كېتىدۇ.

ئۇلار ئۇرۇش قۇربانلىرى ياتقۇزۇپ قويۇلغان يەرگە كەلدى. مەيداننى بىردىنلا ئېغىر سۈكۈت باستى. سەككىز يۈزگە يېقىن ئۇرۇش قۇربانلىرى ئوڭدا ياتقۇزۇلۇپ، رەتلىك تىزىپ قويۇلغان ۋە قۇربانلارنىڭ يۈزىگە شەپكىسى يېپىلغانىدى. يۈزلەر يېپىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كىملىكى ۋە قانداق جەڭلەرنى قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان، نادەم ئەنۋەرگە يېنىپ - يېنىپ قارايتتى، ئۇ قۇربانلارنىڭ ئەڭ بېشىدا ياتاتتى. ئاھ ئېغىر مىنۇتلار، قارىماي دېدى - يۇ، لېكىن قارىماسلىقتا قانداق كۆڭلى چىدىسۇن ! ؟...

نادەمنىڭ كۆز ئالدىدا ئەنۋەرنىڭ يېزىغا چىقىپ ئۆزىنى ئوقۇتقانلىقى، ئىنقىلاب يولىغا باشلىغانلىقى «لىپ» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئىككى پارچە خېتىنى ساقلاۋاتقان رەيھان ئۇنىڭغا قانچە قارىغانسېرى تېخى قۇرۇمىغان كىرپىكلىرىگە ئىسسىق ياش تامچىلىرىنىڭ ئىلىنىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە. ئۇ ئۆزىنى ھۆرلىقا ئالدىدا ئەيىبلىك ھېس قىلماقتا، ئۇنىڭغا دەيدىغان، كۆڭلىنى بەزلەيدىغان، تىندۇرىدىغان سۆزلەرنى ئويلىماقتا. ئويلىغان گۈزەل ئويلارنىڭ، شېرىن خىياللارنىڭ تەتۈرىسى يۈز بەرسە — ئۇنىڭ ھاياتتا ئەڭ ئېغىر ئېچىنىش، ئازاب بولىدىغانلىقىنى ئۇ بىرىنچى قېتىم بىلىپ يەتمەكتە.

ئاشۇ ياتقانلارنىڭ يانچۇقلىرىدا يەنە قانچىلىغان مۇھەببەت - ئەقىدىگە، قايناق ۋەدە - ئىشەنچكە، ۋاپادارلىق ئەھدىسىگە تولغان خەتلەر باردۇ؟ ... بەش دۈشمەننى يەر چىشلەتسىڭىز مەن سىزنىڭ، دېگەن خەتلەر كەشتىلەنگەن ياغلىقلار، بىر تال چېچىنى، بىر چېتى چىشلەنگەن ئۈششاق توقاچلار سېلىنغان

خالتىلارنى ئەۋەتكەن قىزلار بۇ يەردىن يىراق ـ يىراق يەرلەردە ئاجايىپ گۈزەل ئۈمىدلەر بىلەن مۇشۇ جەڭچىلەرگە يول تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاندۇ؟... مۇشۇ ئۇرۇش قۇربانلىرىنىڭ ئاتىلىرى ــ ئوغلۇم سادىر پالۋاندەك جەڭلەرنى قىلىۋاتىدۇ، پات يېقىنىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا، ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ، دەپ تەلمۈرگەن مومايلار ـــ شۇ كۈنلەردە نېمىلەر چۈشەۋاتقاندۇ؟ ... ئۈمىد دېگەن يۈز ئاچىدىغان نەرسىمۇ؟ ئەسىرلەردىن بېرى ئۈمىد قىلىنىۋاتقان نەرسىلەر ئەمدى ئاران ـ ئاران يۈز ئېچىۋاتقاندا، سېغىنغان يىگىتلەرنىڭ بىرلىرىنىڭ يەتتە ـ سەككىز پاي ئوق بىلەن قارىغايدەك يىقىلغانلىقىنى، بىرلىرىنىڭ بەدەنلىرىنىڭ نەچچە پارچىغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى، بىرلىرىنىڭ تامىلارنىڭ ئاستىدا قالغانلىقىنى ياكى ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتكەن يوغان دەرەخلەرنىڭ يېنىپ چۈشۈپ باشلىرىنى قانداق يانجىۋەتكەنلىكىنى، بىرلىرىنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، ئۆلىغان سەپداشلىرىنىڭ جېنىغا كەلگەن ئۆلۈمنى ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىپ قۇربان بولغانلىقىنى، ھەتتا بىرلىرىنىڭ ئاۋۇ جاھىل قورغاننى ئېلىپ بولۇپ، ئۇرۇش غەلىبىسى تەنتەنە قىلىنىۋاتقان چاغدا، قايسىدۇر بىر ئاكوپكىدا ئۈزۈلگەن ئوق بىلەن خۇشاللىقتا چاقنىغان كۆزى يۇمۇلغانلىقىنى شۇ تاپتا ئۇلار نەدىنمۇ بىلسۇن ... ئۇرۇشتا ھېچكىم ئۆزىنى ئويلىمايدۇ، باشقىلارنى ئويلايدۇ، بىراق ئۇرۇشقا كىرگەندىن كېيىن، گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەيدىغان دۈشمەننى، ئۇنىڭ ئوقلىرىنى ئويلايدۇ، ئۇ ئوقلارنىڭ باشقىلاردىن كۆرە، ئۆزىگە تېگىشىنى ئويلايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى باشقىلار ئويلايدۇ، ئويلاۋاتىدۇ ... تېخى تارىخ بەتلىرىگە مەردلىك ـ جان پىدالىقنى قانداق يېزىشنى ئويلاۋاتىدۇ، مۇشۇ قۇربانلارنى ئاجايىپ سېغىنىش، ئىسسىق مېھىر بىلەن كۈتۈۋاتقانلارغا قانداق جاۋاب بېرىشنى ئويلاۋاتىدۇ، بۇنى ھەممىدىن كۆپرەك گېنېرال لىيىتنانت ئىسھاقبېك بىلەن پولكوۋنىك نىزامىدىن ئويلاۋاتىدۇ.

تىل بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدىغان بۇ قايغۇلۇق،

دەھشەتلىك مەنزىرىلەر جەڭچىلەردە، كوماندىرلاردا — ھەممىدە
ئېچىنىش، ئەلەم قوزغىدى ۋە ئۆزلىرى بىلەن ئۈچ كۈندۈز، تۆت
كېچە تىركەشكەن دۈشمەنگە، دۈشمەن ئەسىرلىرىگە، ھەتتا ئەنە،
ئاۋۇ نېرىدىكى پەسلىككە دۆۋىلەپ قويۇلغان دۈشمەن
ئۆلۈكلىرىگە غەزەپ - نەپرەت قوزغىدى...
ھەممىنىڭ كۆزى ھاياتتىن مەڭگۈ خوشلاشقان سەپداشلىرىدا
ئىدى، ئىنزامىدىن پاراسەتلىك، چوڭقۇر پىكىرلىك كوماندىرىمىدىن
ئايرىلىپ قالدىم دەپ ئويلاۋاتامدىكىن، ئۇ پات - پات ئەنۋەرگە
قارايتتى. جەڭچىلەر شۇ غەلىبىلىك مىنۇتلاردا ئۇلار بىلەن بىللە
بولالمىغىنىغا ئېچىناتتى... ئۇرۇشنى ھەممىدىن كۆپرەك كىم
قىلىدۇ؟ جەڭچى قىلىدۇ. مۇشۇ مەنزىرىگە تىكىلگەن جەڭچىلەر
ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقىنى ھېس قىلىشتى... ئۆتكەن ئۆمۈر ئۆتۈپ
كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ياشىغىلى بولمايدۇ - دە، ئۇرۇشنىڭ
تۆمۈر تىرناقلىرى ئۇلارنىڭ باغرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن
تىلماقتا... شۇ ئېغىر مىنۇتتا جەڭچىلەر شۇنداق ئويلاپ
قالدىكى، ھاياتى ئۆچكەن سەپداشلىرىغا شۇنچىلىك چىڭ
باغلىنىپ قاپتىكەن، ئەمدى ھايات يوقتەك، ياشاشنىڭ قەدرى
يوقتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بىراق، تىرىكلىك، ئۈمىدۋارلىققا باي
بولاتتى، يەنە ياشاشنىڭ لازىملىقى — كۈرەش قىلىشنىڭ،
سەپداشلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى يارىتىشنىڭ كېرەكلىكى
سېزىلەتتى...
سۈرلۈك تۈس ئالغان مەيداندا، خۇددى ئۆز - ئۆزىگە
سۆزلىگەندەك ئېغىر، ئاستا سۆزلىگەن باش قوماندانىنىڭ سۆزى
جاراڭلاپ كەتكەندەك ئاڭلاندى!
— خەير يولداشلار ... شانلىق قۇربانلار... سىلەر ئارزۇ
قىلغان زامانىنى — كەمبەغەللەر ھاكىمىيىتىنى ئاخىرقى
نۆۋەتتە مۇستەھكەم قىلىپ قۇرۇپ چىقالىساق، يۈزلىرىمىزدىن
نۇر ياغقۇسى ... ئەگەر قۇرۇپ چىقالمىساق، سىلەرنىڭ
ئالدىڭلاردا خەلق ئالدىدا... شەرمەندە - قارا يۈز بولىمىز...

www.uyghurkitap.com

لېكىن سۆز بېرىمىز: جەزمەن قۇرۇپ چىقىمىز!

باش قوماندانىنىڭ سۆزى ئۈزۈك ـ ئۈزۈك چىقاتتى...

ئىزامىدىن قۇربانلاردىن، يەنە ئاۋۇ باش تەرەپكە ياتقۇزۇپ قويۇلغان ئوقۇغۇچىسى، ياخشى كوماندىرى ئەنۋەردىن كۆزىنى ئالماي، مۇنداق دېدى:

— قۇربانلارنى ئىنقىلابىمىزنىڭ بۆشۈكى بولغان ئىلىغا قويۇش كېرەك ئىدى...

گېنېرال ئۇنىڭغا بۇرۇلدى:

— ھېسسىياتىڭىز چۈشىنىشلىك، يولداش پولكوۋنىك... خوش، ھازىرچۇ؟

— ھازىر... تاشيولىنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭلۈككە يەرلىك كولىتىۋاتىمىز.

— مەيلى، ھازىر قويۇپ تۇرايلى، كەلگۈسىدە بۈيۈك قەھرىمان مۇنارىسى تىكلىنىدۇ!

ئىككىسى جىم بولۇپ قالدى. شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا چېلىنىۋاتقان ناغرىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاڭلاۋاتامسىز؟ — دېدى ئىسھاقبېك.

— ئاڭلاۋاتىمەن، ھېيت ناغرىسى!

— يۇرۇڭ، بۈگۈن قوش بايرام، شىخونىڭ ئازادلىقىنى، ئازادلىققا ئۈلگۈرۈپ كەلگەن ھېيتنى خەلق بىلەن بىللە تەنتەنە قىلايلى.

ئۇلار مەيداندىن چىقىشتى ـ دە، ماشىنىغا چۈشتى. ماشىنا تېز بۇرۇلۇپ، خۇشاللىق، تەنتەنە، قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈلۈۋاتقان شىخو شەھىرى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

بۈگۈن ھېيت!

بۈگۈنكى ھېيت شىخو تارىخىدا كۆرۈلمىگەن ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. كىشىلەر بىر يىلدىن بېرى مۇشۇنداق ئازادلىقنى كۈتكەن، يۈرەكلىرى تېپچەكلەپ ئۇنىڭ ئىشقىدا يانغان ... مەرھابا، ئاشۇ كۈن كەلدى! پەشتاقلاردا ناغرا ـ

سۇنايلار چېلىنماقتا، «شادىيانە» كۈيى ياڭرىماقتا، ئۇنىڭ ئاستىدا شوخ ئۇسسۇللار ئويىنالماقتا... ئەمما شۇنچىلىك خۇشاللىق ئىچىدە يىغا - زار قىلىشىۋاتقان ئائىلىلەر، بويىنىنى قىسىپ قالغان بالىلارمۇ يوق ئەمەس، گومىنداڭچىلار گۇمانلىنىپ تۇرمىلەرگە تاشلاپ، قىيناپ ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى سېپىل ئاستىدىن تېپىپ داد - پەرياد كۆتۈرۈۋاتقان كىشىلەر ھەربىر كوچا، مەھەللىدىن بەشلەپ - ئونلاپ تېپىلاتتى. پاجىئەگە ياكى بىرەر خېيىم - خەتەرگە ئۇچرىمىغان ئائىلىلەرمۇ شىخو ئازادلىقى يولىدا جان پىدا قىلغان مەردلەرگە ئاتاپ، قۇيماق سېلىپ قويغان، شۇڭا ھەربىر ئائىلىلەردىن ئوقۇلۇۋاتقان مۇڭلۇق ئايەتلەر ۋە ھايات قالغانلارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئېيتىلىۋاتقان دۇئا - تەلەپلەر ئاڭلىناتتى.

*　　*　　*

سېپىل تۈۋىگە بىر توپ ئادەملەر يىغىلغان، ئۇ يەردىن ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان ئايالنىڭ ئاۋازى كېلەتتى. ئابدۇقادىر قەدەملىرىنى ئىلدامىلىتىپ، ئۇ يەرگە يېتىپ باردى - دە، توپنىڭ ئارىسىنى يېرىپ ئىچىگە كىردى. ئايال ئابدۇقادىرنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئۆپكىدەپ كەتتى.

ئوتتۇرىدا بىر ئۆلۈك ئوڭدا ياتقۇزۇپ قويۇلغان، ئۇنىڭ قۇلاق - بۇرۇنلىرى كېسىلگەن، كۆزلىرى ئويۇلغان، بەدەنلىرى قىيما - چىيما قىلىنغان ... كىملىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، بىراق ئۇ يىغلاۋاتقان ئايالنىڭ ئېرى بولسا كېرەك، بەلكى كىيىملىرىدىن تونۇۋالغاندۇ، ئولىشىپ تۇرغانلار ئۇنىڭغا ئېچىنىپ، قايغۇرۇپ، تەسەللى بېرەتتى. لېكىن، ئايال يىغىسىنى توختىتالايدىغاندەك قىلمايتتى:

— كۆردۈڭلارمۇ ئىت ئۆلۈكىدەك قويغىنىنى، — دەيتتى

www.uyghurkitap.com

ئايال مۆلدۈرلەپ يىغلاپ، — دۇنيادا مۇنداقمۇ ۋەھشىيلىك بولامدۇ، بۇنىڭغا ئادەم قانداق چىدايدۇ...

جەسەت ھېلىلا سېپىل ئاستىدىن كولاپ ئېلىنغانىدى.

— بۇلارنىڭ قىلمىغىنى قالمىدى، — دېدى توپ ئىچىدىن بىرسى، — بۇ ۋەھشىيلىككە سىزلا ئۇچرىغىنىڭىز يوق، ئۇچرىمىغان ئادەم ئاز، تارتقۇلۇقلا بولسا تارتتۇق، كۆرمىڭلىغان ئادەم بىئەجەل، بىگۇناھ ئۆلدى، ئىت غالجىرلاشقاندا، كۆرگەنلا ئادەمنى چىشلىگەندەك ئىش بۇ...

— بولدى قويۇڭ، — دېدى يەنە بىرسى ئابدۇقادىرنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — مانا بۇ ئەزىمەتلەر ئۆچمىزنى ئېلىپ بەردى، يۇخادىن چىقتۇق، قالغانلار ئامان بولسۇن ئەمدى...

ئايالنىڭ قۇچاقتىكى تېخى يېشىغا تولمىغان بالىسى بىر ئانىسىغا، بىر يەردە ياتقان دادىسىغا ۋە كىم گەپ قىلسا شۇنىڭغا كىچىك كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قارايتتى.

— نېمىدەپ ئەكىرىپ كەتكەن؟ — دەپ سورىدى توپ ئىچىدىن بىرسى ئايالدىن.

— نېمە گۇناھى بارلىقىنى بىلمەيمەن، ئالدىدا ئىككى چېرىك ئۆيىمىزگە بېسىپ كىرىپ، قويىمىزنى، يېرىم خالتا گۈرۈچىمىزنى، ئازراق ئۇنىمىزنى بۇلاپ چىقىپ كەتتى، ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇن نەچچىسى يەنە بېسىپ كىردى، بۇ قېتىم ئۇلار شۇنچىلىك ۋەھشىيلىشىپ كېتىپتۇكى، چىرايىغا قارىغىلى بولمايدۇ، ئۆيلەرنى، قوتان، ھاجەتخانا، ھېچ يەرنى قويماي ئاختۇردى، يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئەستەر - پاختىلىرىنىمۇ ئۆرۈۋەتتى... نېمىنى ئىزدەيتتىكىن، ھېچ نەرسە تاپالمىدى، ئاخىر ئېرىمنى باغلاپ ئاچىقىپ كەتتى.

— ئېرىڭىز نېمە ئىش قىلاتتى؟

— ۋاي ... قويدىن ياۋاش، چىۋىنىنىمۇ رەنجىتمەيدىغان ئادەم ئىدى، مۇئەللىملىك قىلاتتى، بالىلارنى ئازدۇردۇڭ دەپ

مەكتەپتىن چىقىرىۋەتكەن، شۇنىڭدىن بىرى ئانچە ـ مۇنچە تىجارەت قىلاتتى.

— سىيىت ئەپەندىمۇ يا؟

— شۇنداق، خەقلەر «سىيىت ئەپەندى» دېمىسە بىلمەيتتى.

— سىيىت ئەپەندىنى بىلىمىز، — دېدى توپ ئىچىدىن بىرسى، — نېمىشقا تۇتۇلغانلىقى ھەم ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكى چۈشىنىشلىك، ياۋاش بولغان بىلەن ئىچى كۆچلۈك ئادەم ئىدى...

— مۇشۇ يېقىندىن بىرى كېچىسى تىنماي خەت يازىدىغان بولۇۋالغان، — دېدى ئايال، — بەزى ـ بەزىدە قويىنىغا گېزىت سېلىپ چىقىپ كېتەتتى.

شۇ چاغدىلا ئابدۇقادىر سىيىت ئەپەندىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى چۈشەندى ۋە يۈرىكىدىن ئەلەملىك ئېچىنىشلىق ھېسلار قوزغالدى.

زەمبىل كۆتۈرۈپ ئىككى ياش كەلدى، ئۇلار جەسەتنى زەمبىلگە ئاۋايلاپ سالدى ـ دە، ئەكېتىشتى. ئايال ئۇن سېلىپ يىغلاپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

شىخو بازىرىدا كۆرگەن پاجىئەدىن غەزەپلىنىپ كېتىۋاتقان ئابدۇقادىر يان كوچىدىن چىقىپ كەلگەن ھەربىي قىزنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ھەربىي قىزمۇ ئابدۇقادىرنى كۆرۈپ شۇنداقلا داڭ قېتىپ قالغانىدى. ئىككىسى تەئەججۈپتە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيتتى... ھەيران قېلىشقا سەۋەب بولۇۋاتقان نەرسە — ھەر ئىككىسىنىڭ ھەربىي كىيىمدە ئىكەنلىكى، قىز ھەربىي يىگىتكە ھەيران قالسا، يىگىتمۇ ھەربىي قىزغا ھەيران ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىلىسى ئوقۇتسىز، ئۇنۋان ـ دەرىجىسىمۇ ئوخشاش، ئوخشىمايدىغان يېرى قىزنىڭ كۆكسىدە «ساداقەت»، يىگىتنىڭ كۆكسىدە «پىدائىي» ئوردېنلىرى چاقناپ تۇراتتى.

ھەر ئىككىلىسى ھاياجانلىق ھېسلىرىنى باسالماي تەڭلا

ۋارقىرىۋەتتى:

— قادىرمۇسىز؟

— نىنامۇ سىز؟

ئىككى ئۇفىتسېر قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— سىز تېخى يېقىندىلا مايتاغدىكى بىر قارا ئىشچى ئىدىڭىز، قانداق قىلىپ مىللىي ئارمىيەنىڭ پورۇچىكى بولۇپ قالدىڭىز؟

— سىزمۇ بىر ئائىلە قىزى ئىدىڭىز، قانداق قىلىپ پورۇچىك بولۇپ قالدىڭىز؟ مېنىڭ ئۆتكەندىكى گۇمانىم توغرا ئىكەن - دە!

ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشۇپ، شۇنچىلىك يېقىن — كىيىملىرى تېگىشىپ تۇرغان هالدا، هەيرانلىقلىرىنى باسالماي، سۆزلىشىپ كېتىشتى. كوچىلاردىكى كىشىلەرمۇ، ئىككىسىنىڭ شۇ هالىتىگە هەيران قېلىشىپ، تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشاتتى.

— يۈرۈڭ، بىزنىڭ ئۆيگە، — دېدى نىنا، — پاراڭلىشىمىز، هەممە گەپلەرنى دېيىشىمىز، بىر - بىرىمىزگە هەيران قېلىشىمىزنىڭ سىرلىرىنى يېشىمىز.

ئابدۇقادىر نىنا بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدى، كىشىلەر ئىككىسىگە زوقلىنىپ قارىشاتتى. تۈرلۈك ئوقەتچىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاۋازلىرى بازارنى بىر ئالغانىدى:

— يە ئاغىنە - باللار، ئازادلىقتا چىققان ئەكەك قوينىڭ قۇيرۇقىدا ئەتكەن مانتىدىن يە ...

— ماي چاپىنىۋال، ئاغىنە - باللار، بىرنى يېسەڭ، يەنە دەيسەن، ئىككىنى يېسەڭ تېك تۇرىسەن، ئۈچنى يېسەڭ شۇك تۇرىسەن...

— ئىلىخونىڭ باللىرى ئىچمىدىغان ناۋاتىنىڭ سۈيى بۇ! ...

— جەڭچى باللار يەيدىغان قوغۇن دېگەن مۇشۇ! ...



www.uyghurkitap.com

ئىككىسى بىر- بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ قويدى.

ئابدۇقادىر بۇنىڭدىن تۆت ئاي بۇرۇن كىرگەن دۇكانغا يەنە كىردى. نىنانىڭ دادىسى ئۆتكەنكىدەك تەرىنى تۇرۇپ ئەمەس، خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۇنى قارشى ئالدى ۋە ئىچكىرىكى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

نىنا داستىخان سېلىپ چاي قىلدى، ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى. ئابدۇقادىرنىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇر ئۇرۇشقا باشلىدى ... كونا ئوتلىرى قوزغالدىمۇ يا قىزنى شۇ هالدا كۆرۈپ هاياجانلاندىمۇ، هەرهالدا تامىقى بوغۇلۇپ نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشقاندەك بولدى. بىراق، نىنانىڭ شۇ تاپتا قانداق هېسسىياتتا ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. قانداقلا بولسۇن بۇ ئۇچرىشىش تاسادىپىي يۈز بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىسىنىڭ بىر سەپتىن چىقىشى — خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك خىيالىي ئىشلارنى ئەسلىتەتتى.

— قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەر بولدى - هە، نىنا؟ — دېدى ئابدۇقادىر گەپ باشلاپ، نىنا يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى:

— بۇ ئۆزگىرىش شۇڭا ئىككىمىزنى يېڭى تۇسكە كىرگۈزۈپ قويدى - دە، — دېدى قىز يېقىملىق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، — شىخو قارىماققا تىنچ تۇرغاندەك قىلغان بىلەن، تىنچ ياتقىنى يوق، نۇرغۇن ئادەملەر ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ تۇردى...

— هە راست، — دېدى ئابدۇقادىر، — مەن هېلى گومىنداڭچىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر ئادەمنىڭ جەسىتىنى كۆردۇم، ئەهۋالدىن قارىغاندا، ئۇ يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا كېرەك.

— كىم ئىكەن ئۇ؟

— سىيىت ئەپەندى دەيدىكەن.

— هە، ئۇمۇ مىللىي قىسىم رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ بۇ يەرگە

كىرگەن ئادەملىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇراتتى، ئۆزى تەشۋىقات ۋەرەقىسى تاشلايتتى، ئىلىدا چىقىدىغان گېزىتلەرنى خۇپىيانە تارقىتاتتى، ئەپسۇسكى، سىلەر ھۇجۇم قىلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئىشىنى بىر تەرجىمان سېزىپ قېلىپ، تۇتۇپ بەردى. ھە، راست سىزمۇ ھېلىقى مەن بەرگەن «ئويغان» گېزىتى بىلەن تۇتۇلۇپ قالمىغانسىز!

— سىزنىڭ بەرگەن شۇ گېزىتىڭىز ھەقىقەتەن يۈرىكىمىزگە ئىنقىلاب ئوتىنى ياقتى، — دېدى ئابدۇقادىر شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ، — بىراق بىز ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق ئويغىنىشقا باشلىغان، لېكىن نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي تەمتىرەپ تۇرغاندا، شۇ گېزىتىڭىز بىزگە پارلاق يول كۆرسەتتى، زۇلۇمغا قارشى تۇرماسلىقنىڭ، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلماسلىقنىڭ ھەربىر ۋەتەن پەرزەنتى ئۈچۈن جىنايەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، ئويغىنىشىمىزغا جۈرئەت قوشتى، گېزىت چىقىرىۋاتقان ئىنقىلابچىلارنى تېپىش قارارىغا كەلدۇق ھەم مايتاغدىن قوزغالدۇق، — ئابدۇقادىر قوزغىلاڭچىلار تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى، مايتاغدىن قوزغىلىپ ئون توققۇز كۈنلۈك ئازابلىق سەپەر بىلەن ئاخىر ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن غەلىبىلىك ئۇچراشقانلىقىنى، مىللىي ئارمىيە تەركىبىگە قوشۇلۇپ، بۇياققا يۈرۈش قىلىش جەريانلىرىنى تولۇق سۆزلەپ چىقتى.

— ھەر ئىككىمىز بىر سەپتە كۈرەش قىپتىمىز، لېكىن بىر - بىرىمىزنى چۈشەنمەپتىمىز، — دېدى نىنا ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، — بۇگۈن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇچرىشىپ قالدۇق، بۇ ئىنتايىن مەنىلىك ئۇچرىشىش بولدى، بۇنىڭ شەرىپىگە، كېلىڭ، بىر ئاز ئىچەيلى.

— ئەلۋەتتە ئىچىمىز، ئىچمىسەك بۇ مەنىلىك ئۇچرىشىشقا قەرزدارمۇ بولۇپ قالارمىز، — دېدى ئابدۇقادىر

ھاياجانلىنىپ، — ئۇچرىشىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتىنى قەدىرلىشىمىز كېرەك - دە!

نىنا يېنىككىنە ئىرغىپ تۇرۇپ، بىر تەخسە سوغۇق سەي بىلەن ھاراق ئېلىپ كەلدى ۋە ئىككى رومكىغا قۇيدى - دە، بىرىنى ئابدۇقادىرنىڭ ئالدىغا قويدى، بىرىنى قولىغا ئالدى:

— شىخو ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۇچۇن!

ئابدۇقادىر گەپنىڭ مەنىسىنى بۇرىدى:

— ئىككىمىزنىڭ ئىناقلىقى ۋە مەڭگۇ بىرلىكىمىز ئۇچۇن! ...

نىنا «يالت» قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە يۈزلىرى بىردىنلا ئوت ئالدى - دە، مۇنداق دېدى:

— ئۇيغۇرلار ئاياللار ھاراق ئىچسە يامان كۆرىدىغان، سىزمۇ مېنى يامان كۆرۈپ قالامسىزكىن؟ ...

ئۇ نىنانىڭ مەنىلىك سۆزىنى چۈشەندى:

— ياق، نىنا، سىزنى ھەرگىز يامان كۆرمەيمەن... ئۇ كونا ئىشلارنى قويۇڭ ... مەن ھازىر باشقىچە ئادەممەن، — دېدى ئابدۇقادىر قىزىرىپ.

ئىككىسى كەلگۈسىدىكى ئىشلار توغرىسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

* * *

ئۈرۈمچى ھېچقاچان مۇنداق ۋەھىمە ۋە ئەنسىزلىككە چۈشمىگەن، كوچىلاردا كىچىك ھەربىي ماشىنىلار چىرقىرىشىپ ئۇچقاندەك چاپاتتى، كىشىلەر يول بوشاتتىمۇ، بوشاتمىدىمۇ، ئۇنىڭغا قارىغۇدەك كىم بار دەيسىز؟ ئىنساب، قاتناش تۈزۈمى دېگەنلەر ئاسماننىڭ قەرىگە چۆرۈۋېتىلگەن. دۇكانلارنىڭ ئۇرغۇنلىرى تاقالغان، بازار - رەستىلەردە سودا - سېتىق قىلىۋاتقان ئادەمنى كۆرگىلى بولمايدۇ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ

ئۆكسۈلى ئۆچكەن، بىر ـ بىرىگە قاراشمايدۇ، سىپىل دەرۋازىلىرىنىڭ ئاخشىمى ئېتىلىپ، ئەتىگىنى ئېچىلىشى ئۆزگىرىپ، ئەنسىز ماشىنىلارنىڭ ھېلىدىن ـ ھېلى كىرىپ ـ چىقىشىغا قارىماي، ھەر قېتىمدا ئېچىلىپ ـ يېپىلىپ تۇراتتى. دەرۋازىغا سەللا تىكىلىپ قارىغان ئادەمگە قاراۋۇللارنىڭ مىلتىقلىرى تەڭلىنەتتى.

ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلار كوچىلاردا كەم كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغان، چۈنكى ئۇلار ئالدىلىرىغا دۆۋىلەنگەن قەغەز ـ ماتېرىياللارنى رەتلەش بىلەن ئاۋارە، بەزىلىرىنى يەشىكلەرگە قاچىلايتتى، بەزىلىرىنى يىرتىپ تاشلايتتى، بەزىلىرىنى كۆيدۈرەتتى... بولۇپمۇ ھەربىي ئەمەلدارلار كىچىككىنە ئىشلارغا چېچىلىپ، قىلىدىن قىيىق كەتسىلا، قوللىرىنى ناگانلىرىغا ئۈزىتىدىغان بولۇپ قالدى...

ئۆي بىساتلىرىنى ئۈچ ئات قوشقان ھارۋىلارغا، ماشىنىلارغا بېسىپ، ئۈرۈمچىدىن كۆچۈۋاتقانلارمۇ نۇرغۇن، تېخى چەت ئەللەرگە قېچىشنىڭ كويىغا چۈشكەنلەرمۇ بار... كىشىلەر ھەر كۈنى سەھەردە ئىلى ئىنقىلابىنى قوللايدىغان مىڭلاپ ـ مىڭلاپ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنىڭ تاملارغا چاپلىنىپ قالغانلىقىنى ياكى كوچىلارغا تاشلانغانلىقىنى كۆرۈشۈپ تۇراتتى. گومىنداڭ ساقچىلىرى ئۇنى يىغىپ ـ يىرتىپ ھېرىپ قالدىمۇ، ھازىر ئانچە پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۈرۈمچى ھاۋاسىنى ئىلى ئىنقىلابىنى قوللايدىغان سۆزلەر يېرىپ تۇراتتى.

ئەسلىدە بۇ ۋەھىمە ۋە ئەنسىزلىكلەر شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابى گېنېراللىرىنىڭ بالىچاقىلىرىنى ئىچكىرىگە ئالدىراپ يولغا سېلىشىدىن باشلانغان. ھازىر بولسا كېڭىيىپ، دىۋىزىيە دەرىجىلىك كوماندىرلارنىڭمۇ بالىچاقىلىرىنى كۆچۈرۈشى ئەۋج ئالدى. تېخى يول تاپقان پولك دەرىجىلىك كوماندىرلارمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۆتتى.

ھەممىدىن ئېغىرراق ۋەھىمە شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابىنى

ئورنىۋالدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئەنسىز، قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر، تېلېفوننىڭ ھېلىدىن ـ ھېلىغا جىرىڭلاشلىرى قولاق ـ مېڭىنى يەيتتى، باش قوماندانىنىڭ سەپراسىنى ئۆرلەتتى، ئۇ بارغانسېرى تېرىكىپ، تېلېفونغا چاقىرماسلىقنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىرئاز ئارام ئالغاندەك بولۇپ، نېمىدۇر بىرنېمىنى كۈتۈپ، ئۆيئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

گېنېرالنىڭ ئېغىر ۋەھىمىگە چۈشكىنىگە بىرنەچچە كۈن بولدى. ئۇ بىرىنچى كۈنىلا مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە جياڭ جيېشىغا ئالاقزادىلىك ئىچىدە مۇنداق جىددىي تېلېگرامما يوللىغان: «مىللىي قىسىملار ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا شىددەت بىلەن يېتىپ كەلدى، ئۈرۈمچىگە پەقەت يۈز كىلومېتىردىن ئوشۇقراقلا ئارىلىق قالدى. ئەھۋالىمىز ئېغىر... كىشى ئاخىر ئۆلىدۇ، مەن ۋەتەن ئۈچۈن شەرەپ بىلەن قۇربان بولۇشقا تەييار.» جياڭ جيېشى دەرھال جاۋاب تېلېگرامما يوللاپ، ئىلى تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى، سۆھبەتكە بەي چۇڭشىنى ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. گېنېرال جاڭ بۇ جاۋاب تېلېگراممىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن، تېخىمۇ ئالاقزادىلىككە چۈشكەن ۋە جياڭ جيېشىغا: بەي چۇڭشىنىڭ مىجەزىنىڭ يېنىكلىكى، ئۇ كەلسە، ئىشنى بۇزىدىغانلىقى، تەمكىن، سالماق باشقا بىرەر ئادەمنى ئەۋەتىشنىڭ كېرەكلىكى توغرىسىدا يەنە جىددىي تېلېگرامما بەرگەن. شۇ تاپتا ئۇ ئاجايىپ تەقەززالىق ئىچىدە جاۋاب تېلېگرامما كۈتمەكتە ئىدى.

قوماندان شىخو ئۇرۇشتا قوشۇنلىرى تارمار قىلىنىپ قېچىپ كەلگەن تاتۇق كوماندىرنىڭ (ئۇنىڭ ئوڭ قېشىنىڭ قۇيرۇقىدا تاتۇقى بار ئىدى) بۇ يەردە ـــ يۇمشاق دىۋاندا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا توختىماي ماڭاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ يانچۇقىدىن تاماكا قۇتىسىنى ئالدى. تاتۇق كوماندىر ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، سەرەڭگە چاقتى.

ــ قەيەرگىلا قارىساڭ، كۆرۈنىدىغىنى ئوت، ــ دېدى قوماندان تاماكىسىنى ئەلەم بىلەن قاتتىق شوراپ، ــ دەسسىگەن يېرىڭ قوقاس... «ئىلى ۋەقەسى» پەيدا بولغاندا، بۇ شىنجاڭدىكى سوقۇر ئۇچەي بولغان، مانا ئەمدى زورىيىپ، غەربىي شىمالدىكى سوقۇر ئۇچەيگە ئايلاندى، جاڭ ۋېييۇەنجاڭ بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالماس ئەمدى...

ــ گېنېرال جانابلىرى، ئەھۋال شۇنچىلىك يامانلىشىپ كەتتىمۇ؟ ــ دېدى تاتۇق كوماندىر كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ۋە دېگەن سۆزىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

ــ سىز نەدە يۈرىسىز ! ــ ئۇ سۆزلىگەنسېرى ئاچچىقلىنىپ ئاتتى، ــ ئىلى ئوغرىلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن خۇددى يۇگەنسىز ئاتتەك چېچىپ كېلىۋاتسا، يامان بولماي نېمە بولاتتى؟ ...

تاتۇق كوماندىرنىڭ كۆز ئالدىغا مىللىي قوشۇنلارنىڭ شىخودا ھۇجۇمغا ئۆتكەن چاغدا، چىرايلىرى ئاپپاق تاتىرىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قالغان ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ ئالاقزادە بولۇپ قاچقان قىياپىتى كەلدى. ئۇ ئېغىر تىنىدى ـ دە، گېنېرالغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى. گېنېرال مېڭىشتىن توختاپ ھەسرەتلىك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ جىڭ ناھىيەسىنى ساقلاۋاتقان بىر دىۋىزىيەمىز پۈتۈنلەي تارمار قىلىندى. سىزنىڭمۇ ئىككى مىڭدەك ئەسكىرىي كۈچىڭىز ساق قالغىنى بىلەن، ئاساسىي كۈچىڭىز تۈگىتىلدى، مايتاغ، يەنىسخەي، شىخەنزىلەردىمۇ شۇنداق بولدى. ئوتتۇرا يۇنىلىشنىڭ ئەھۋالى سىزگە ئايان، ــ ئۇ ئۆچۈپ قالغان تاماكىسىنى ياندۇرۇپ چەكتى ـ دە، داۋام قىلدى، ــ جەنۇبقىمۇ ئەندىشە چۈشتى، ئوغرىلار خەتەرلىك تەگرىتاغ داۋىنىدىن ئېشىپ ئاقسۇ

كوتىشەھەر، باي ناھىيەلىرىنى ئىشغال قىلدى، بۇنىڭ بىلەن قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەر بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتىمىز قىيىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ...

گېنېرالنىڭ پاكىتلىق مىساللىرى تاتۇق كوماندىرنىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك سانجىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدا پەيدا بولۇۋاتقان مەنلىمىدىم، دېگەن تۇيغۇلارنىمۇ قوزغايتتى.

— ئەمدى شىمالىي لىنىيەگە كېلەيلى، — دېدى قوماندان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئوغرىلار ئالتاينىمۇ تارتىۋالدى، ئۇ يەردە تېخى شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدۇق.

— گېنېرال ۋەنىڭ تەقدىرى نېمە بولغاندۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى تاتۇق كوماندىر.

— سىز ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئويلاۋاتامسىز؟ تۆت مىڭ ئەسكىرىي كۈچىمىزنىمۇ؟ شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدۇق دېگىنىم شۇ ئەمەسمۇ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي قوماندانى، ئۆزى گېنېرال تۇرۇقلۇق ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپتۇ، ئۇ توخۇ يۈرەك تېخى بىر يۈز ئون بىر ئوفىتسېر، بىر مىڭ ئالتە يۈز سەكسەن تۆت نەپەر ئەسكىرىمىزنى ئۆزى باش بولۇپ قول كۆتۈرگۈزۈپتۇ.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇگىشىپتۇ - دە؟ ...

— ھەممە يەردە تۇگىشىۋاتىدۇ... تۇگەشتى... پەقەت سارسۇمبە پولكىدىن پولك كوماندىرى پەن گوۋېي ئەللىككە يەتمىگەن ئادىمى بىلەن گۇچۇڭغا قېچىپ كەپتۇدەك.

— ئۇ ياش، جۈرئەتلىك كوماندىر ئىدى...

— ياشلىقى قۇرۇسۇن، ھەممىسى قورقۇنچاق... گېنېرال ۋەنىڭ غۇرۇرى نەگە كەتتى - ھە! غۇرۇرى يوق ئادەمنى ھايۋان دېسىمۇ بولىدۇ، قولىنى كۆتۈرگۈچە، بىر پاي ئوق بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋالسا بولمامدۇ...

گېنېرالنىڭ راسا كەلگەن ئاچچىقىدىن تاتۇق كوماندىر

www.uyghurkitap.com

ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇ قاياققا ماڭسا، شۇ ياققا يۈزلىنىپ تىك تۇردى.

گېنېرالنىڭ خىياللىرى چېچىلغان، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قوشۇنلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولۇشى ئۇنى ئەندىشىلىك خىياللارغا سالاتتى، ئۇ يەرلەردىكى خەلقلەر ھەرىكىتى ئۇنىڭ نەزىرىدە ھامان زورىيىپ بارماقتا ئىدى ... بۇنداق بولۇشىنى كىم ئويلىغان؟!

ئىشىك چېكىلدى.

قوماندان سەل تۇرۇۋېلىپ رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، ئىشىكتە ئىككىسى ھېلىلا گېپىنى قىلىشقان پەن گوۋېي پەيدا بولدى ۋە ئۇ قولىنى چېكىسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ كېلىشىنى دوكلات قىلماقچى بولدى:

— ھۆرمەتلىك قوماندان...

گېنېرال قولىنى سىلكىدى، ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي تەڭقىسلىقتا تۇرۇپ قالدى.

— ھەممىڭ توخۇ يۈرەك! ... يا قول كۆتۈرىسەن، يا قاچىسەن ...

— ھۆرمەتلىك قوماندان، — دېدى ئۇ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلىپ، — تەسلىم بولغاندىن كۆرە، قېچىش — قارشىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىق ئەمەسمۇ...

باش قوماندان ئۇنىڭ بېشىدىن - ئايىغىچە قاراپ چىقتى، ئۆڭگەن كىيىم - كېچەكلىرىگە، جۇدەپ سارغايغان يۈزىگە سەپسالدى ۋە ئۇنىڭ «جۈرئەت قىلىش» دېگەن سۆزىنى ئويلاپ قالدى - دە، چىرايى سەل ئېچىلدى:

— كەل، ئولتۇر، ھەرھالدا سېنىڭ بىر ئاز غورۇرۇڭ بار ئىكەن.

پولك كوماندىرى پەن گوۋېي تاتۇق كوماندىرغىمۇ چاس بەردى - دە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە يېنىغا كېلىپ، كۆن قاپلىق يۇمشاق دىۋاننىڭ بىر چېتىدە ئولتۇردى. ئۇ قوماندانىنىڭ

پىشانىسىدىكى ھەسرەتلىك قورۇقلارغا سەپسېلىپ، گۆچۈكىدا ئاغلىغاندەك ۋەزىيەتنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاندىن تاتۇق كوماندىرنىڭ چىرايىغا سەپسالدى، ئۇنىڭ چىرايىمۇ غەمكىن ۋە مەيۈس ئىدى. ئەمما، ياش پولك كوماندىرى شۇنچىغا قارىماي ئۆزىنى يېنىك سېزىپ ئولتۇراتتى. بۆلۈم ئىچىدە بىرپەس ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— سىنىڭ قېچىشىڭنى گېنېرال ۋەن بىلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى قوماندان ئۇنىڭدىن.

پولك كوماندىرى ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئەلۋەتتە بىلمەيدۇ، ھۆرمەتلىك گېنېرال، بىلسە يول قوياتتىمۇ، ئېتىپ تاشلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى ... ئۇ تەسلىم بولۇشقا ئۇندىگەندە، پۈتۈن قوشۇنىنىڭ تەگدىن تولىسىدىن ئايرىلىپ بولغانىدۇق، باشقا پولك كوماندىرلىرى ماقۇللىدى، مەنمۇ ماقۇللىغان بولدۇم، يىرىم كېچىدە قاچتىم، تەسلىم بولۇشقا ۋىجدانىم يول قويمىدى...

— شۇنچىلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، نېمىشقا تاكتىكا ئۆزگەرتىلمىدى؟ يۆنىلىشنى بۇرىۋەتسە بولماتتى؟

ياش پولك كوماندىرى شۇ چاغدا ھېس قىلغانلىرىنى توغرىدىن - توغرا ئېيتتى:

— خەلق ئىچىدە «ئوغرىلار»نى قوللايدىغانلار كۆپ ئىكەن، ئارقا سەپ ئىشەنچلىك بولمىسا، ئالغا خاتىرجەم قارىغىلى بولمايدۇ - دە، قەيەرگە بارساڭ چۇقان، ئۇر - ئۇر ...

تاتۇق كوماندىر باياتىن بېرى ئېيتالمىغان گېپىنى ئەمدى ئېيتىشقا مۇۋەپپەق بولدى:

— خۇددى مۇشۇ ئەھۋال بىزدىمۇ بولدى، كەينىمىز ئىشەنچلىك بولمىدى، يەنىسخەي كۆۋرۈكىدە پاراكەندىچىلىك ... تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى ئۇزۇلمەي چاپلىنىپ تۇردى. نۇرغۇن ئادەملەرنى تۇتتۇق، ئىبرەت قىلىپ كالىسىنى ئاستۇق، لېكىن بېسىلمىدى... بىز ئاخىرقى تىركىشىۋاتقان كۈنىمىز

كەينىمىزدىن خەلقنىڭ چۇقانلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇردى، ئالدىمىزغا قارامدۇق، كەينىمىزگىمۇ... قىسىملار دەككە ـ دۈككىدە قالسا، مۇشۇكنىڭ شەپىسىنى سەزگەن چاشقانلاردەك ئۇۋىسىدىن چىقالمايدىكەن...

ئەمدى قوماندانلىق نېمە دېيىشى كېرەك، بۇلارغا قايسى گۇناھلارنى ئارتىدۇ؟ ئۆتكەندە ئۇ، باي ناھىيەسىدە بىر پولك ئەسكىرىي كۈچى ئاساسەن تارمار قىلىنغاندا: ئۆزىدىن ئون ھەسسە تۆۋەن كۈچتىن يېڭىلگەن نەدە بار؟ دەپ تېرىكىپ سەكرەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا قارىغاندا بۇ مەغلۇبىيەتلىرى ئورۇنلۇقتەك بىلىندى. شىنجاڭدا پەيدا بولغان سوقۇر ئۈچەيلەرنى يوشۇرۇشنىڭمۇ ئورنى قالمىدى ـ دە.

ئۇ دىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، تومشۇقىنىڭ ئاستىغا كېلىپ قالغان خەۋپلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— «ئوغرىلار»نىڭ ئۈچ يول بويلاپ قىلىۋاتقان ھۇجۇملىرىدا ئوشۇقى ئالچۇ چۈشۈۋاتىدۇ، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ، شۇنچە كەڭ زېمىن بىر پۈتۈن ئۇيۇل تاشقا ئايلىنىۋاتىدۇ. بىز ئىگىلەپ تۇرغان رايونلاردىمۇ ئەھۋال ئېغىر... شەرقىي شىنجاڭمۇ تىنچ ئەمەس، تۇرپان، توقسۇن، پىچانلاردا پارتىزانلار ھەرىكىتى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، بۇ ئىنتايىن مۇھىم يەر ئىدى، بىزنىڭ تومۇرىمىزغا قان يەتكۈزۈپ بېرىدىغان يەر ئىدى، — گېنېرال يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — تاشقورغاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، قوزغىلاڭچى قاراقچىلار تاشقورغاننى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىۋالدى... ئاقتۇنى ئىگىلىدى، تېخى تاشقورغان مەمۇرىي مەھكىمىسى قورۇشقىمۇ ئۈلگۈردى. بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالغىنى يوق، قاراقچىلارنىڭ سانى ئىككى مىڭدىن ئېشىپ، قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، پوسكاملارغا يۈرۈش قىلدى، ھازىر قەشقەردە كىشىلەر بېشىغا غۇلجىنىڭ قىزىل مانچېستېر دوپپىسىنى كىيىشىپ يۈرىدىغان بولۇۋالدى، بۇ ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ئاشكارا

قوللىغانلىق... مەن سىلەرگە ئاساسلىقلىرىنى سۆزلەۋاتىمەن، ئۇ يەر - بۇ يەردە يېنىۋاتقان ئۇچقۇنلار تېخىمۇ كۆپ. قوماندانلىق مەركىزىمىز بولغان ئۇرۇمچىدە ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر ...

گېنېرالنىڭ سۆزلىرى ئىككى ئوفىتسېرنىمۇ ئېغىر ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى. تاتۇق كوماندىر بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، ئېغىر خورسىنىش ئىچىدە مۇنداق دېدى:

— 1945 - يىلى — بىز ئۇچۇن ئەڭ ئاپەتلىك يىل بولدى.

ئىشىك ئېچىلىپ قوماندانىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى كۆرۈندى.

— گېنېرال جانابلىرى، تاماق ۋاقتى بولدى.

ئۇ مۇھاپىزەتچىسىگە ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ:

— مۇشۇ يەرگە ئەكىرىڭلار، — دېدى.

ئۇستەل ئۈستىگە ھەش - پەش دېگۈچە زىما سېپىلگەن ئاق نان، تىلىنىپ تەخسىلەرگە تىزىلغان سانجىنىڭ قوغۇن - تاۋۇزلىرى، نەنسەننىڭ ئاق مېيى، تۇرپاننىڭ سوزۇق ئۈزۈمى، كورلىنىڭ سۇلۇق نەشپۈتى ۋە باشقا سوغۇق يېمەكلىكلەر ھەم ئىككى بوتۇلكا چىڭداۋ ۋىنوسى قويۇلدى. بايىتىن بېرى ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ ئولتۇرغانلارنىڭ بۇ يېمەكلىكلەرنى كۆرۈپ، ئاغزىغا سۇ كەلدى.

— قېنى ئېلىڭلار، — دېدى قوماندان ئۈزۈمگە قول ئۇزىتىپ، — يەرلىكلەردەك ئوزۇقلىنىشنىڭ تەمىنى تېتىپ قالدۇق، قاراڭلار، ئەڭ پايدىلىق، قۇۋۋەتلىك نەرسىلەرنى ئادەتتىكىدەك ئۈچ ۋاخلىق تاماق قىلىدىكەن.

— شۇڭا، بۇلار قېيىنچىلىقتا، ئاچلىقتا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ئاتاكىغا ئۆتكەن چاغلاردا، قوچاقلىما جەڭلەردە كۈچىگە ھەيران قالدىم، — دېدى ياش پولك كوماندىرى كۆرگەنلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ، — بىر ئادەمنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇش، بۇلارغا ھېچ گەپ ئەمەس.

ئۇنىڭغىچە ئۈچ قاچا گاڭپەن ۋە بىرنەچچە تەخسە ھەر خىل سەيلەر كەلتۈرۈلدى.

گېنېرال قاچىدىكى دانە ـ دانە گۆرۈچلەرگە قاراپ:

— سەندۇبا① نىڭ گۆرۈچىمۇ داڭلىق، مەملىكەتتە كەم تېپىلىدۇ، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى تاتۇق كوماندىر، — قانداقتۇر تەمى، قۇۋۇتىدە بىر ئالاھىدىلىك بار.

— مۇشۇ ئېسىل نازۇنېمەتلەردىن ئايرىلىپ قالامدۇق ـ قانداق؟

تاتۇق كوماندىر بىلەن پولك كوماندىرى بىر ـ بىرىگە قاراشتى، «ئايرىلمايمىز» دەيلى دېسە، ھەر ئىككىسى — بىرسى ئوتتۇرا فىرونتتىن، بىرسى شىمالىي فىرونتتىن قېچىپ كەلگەنلەر، نېمە دېيىش، قوماندانىنىڭ سوئالىغا قانداق جاۋاب بېرىش ئىككىسىنى تەڭلىكتە قويدى، بىر ـ بىرىگە يەنە ھەسرەتلىنىپ قاراشتى.

— بىز بۇ نازۇنېمەتلەرگە خوپلا ئۆگىنىپ قالغاندۇق، — دېدى تاتۇق كوماندىر ئەلەم بىلەن، — قىيىن بولۇۋاتىدۇ، گېنېرال جانابلىرى...

— ئايرىلماسلىق ئۈچۈن جاننى تىكىپ كۆرەش قىلىش كېرەك!

— بۇنىڭ ئۈچۈن ئېچكىرىدىن كۈچ يۆتكەش كېرەك، — دېدى پولك كوماندىرى جۈرئەتلىك بىلەن تەكلىپ بېرىپ، — ھازىر ئۇرۇش بولۇۋاتقان جايلارغا باشقا رايونلاردىن كۈچ يۆتكەش خەتەرلىك. چۈنكى، ئۇ يەرلەر تىنچ ئەمەس، ھازىر شىنجاڭدا يۈز مىڭ ئەسكىرىي كۈچىمىز بار دېگەن بىلەن، بىر مىليون ئالتە يۈز مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان بىر پايانسىز زېمىنغا تارقىلىپ كەتكەن، شۇڭا بۇ چەكلىك ساندىكى ھەربىي كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەربىي كۈچ بىپايان چۆللۈك، قۇملۇق، تاغلىق يەرلەردىن ئايرىلغان، بوستانلىقلار، شەھەرلەر بىر ـ بىرى بىلەن تۇتاشمايدۇ ـ دە، شۇڭا ئېچكىرىدىن كۈچ يۆتكەلمىسە،

① سەندۇبا — مىچۇەن ناھىيەسى دېمەكچى.

ئۇستۇنلۇكتى ئىگىلىگىلى بولمايدۇ.
بۇ ياش پولك كوماندىرىنىڭ مۇلاھىزىسى قوماندانغا ياقتى:
— سىنىڭ ئېيتقىنىڭ توغرا، — دېدى ئۇ جانلىنىپ، — مەن بۇنى بۇرۇنلا ئويلىغان ھەم مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئېيتقان، ئەمما نېمىشقىدۇر، مەركىزىي ھۆكۈمەت بۇ تەلىپىمگە سەل قارىدى، بۇ قېتىم يەنە جىددىي ئېيتماقچىمەن.
ئىشىك ئېچىلدى:
— مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن جىددىي تېلېگىرامما !
ئۇچىلىسى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، گېنېرالنىڭ كۆتكەن سائىتى كەلگەنىدى. ئۇ ئىتتىك بېرىپ تېلېگىراممىنى ئالدى - دە، ئوقۇدى. تېلېگىرامما جياڭ جيېشىدىن كەلگەنىدى.
— ياخشى ... ئىنتايىن ياخشى ! ... — دېدى ئۇ تېخىمۇ جانلىنىپ، — ئىلى تەرەپ بىلەن تىنىچ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى كېلىدىكەن. ئۇ ئىنتايىن تەمكىن، سالماق، يىراقنى كۆرەر ئادەم، دىپلوماتىيە ماھىرى، ئالدى بىلەن ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىش توغرىسىدا ئىلى تەرەپكە گەپ يېگۈزۈشى مۇمكىن، مانا ئەمدى ئىچكىرىدىن ھەربىي كۈچ يۆتكەشنىمۇ جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئارقىلىق ھەل قىلىشىمىز مۇمكىن...
تاماقلار تاماقلىنىپ قالدى، ئۇچىلىسى بۆلۈمىدىن چىقىپ كېتىشتى. گېنېرالنىڭ تەقەززالىقى ئېشىشۋاتقان شۇ كۈنلەردە تىنىچ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنىڭ يولىنى ئىزدەپ، چۇڭچىڭدىن ئايروپىلان بىلەن جاڭ جىجۇڭ كەلدى. يول بويى ئىلى تەرەپ بىلەن بىزنى كىم ياراشتۇرۇپ قويار، دەپ ئويلاپ كەلگەن جاڭ جىجۇڭ ئۇرۇمچىگە كېلىپلا ھېچنېمىگە قارىماي، ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى باش كونسۇلخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# توققۇزىنچى باب

ئوتتۇرا يۈنىلىش جەڭ مەيدانىنىڭ مەركىزى — يەنىسخەي، بۇ قىلىن قارىياغاچلىق يەرگە سان ـ ساناقسىز زېمىلانكىلار كولانغان. ئۇنىڭ ئالدى چەكسىز كەتكەن ئوچۇق دالا، قۇمساڭغۇ ياكى سېرىق توپىلىق، شېغىللىق، قۇملۇق يەرلەر ... ئۇ يەر ـ بۇ يەردە تۇپلەپ ئۆسكەن قىزىل يۇلغۇنلار، قىيسىيىپ ياتقان سۆكسۆكلەر ۋە ئاربلاپ چوقچىيىپ تۇرغان كىچىك ـ كىچىك قۇم بارخانلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. تۆۋەنلىگەنسېرى تەرەپ ـ تەرەپكە كەتكەن ئوتتۇنچىلار هارۋا يوللىرىنىڭ ئىزناسى ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ يەرنىڭ شىمالىي تەرىپى خۇددى كونىدىن ـ كونىگە پەسلەۋاتقاندەك ئېگىز ـ پەس ئېدىرلىقلار بىلەن ئورالغان.

يەردىن ئانچە ئېگىز بولمىغان زېمىلانكىلاردا ئوتتۇرا فىرونتىنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى تۇرىدۇ، پولك ئىشتابلىرى، ياتاقلار، كۆلۈبلار، دوختۇرخانىلار، خوجىلىق بۆلۈملىرى، تاماقخانىلارغىچە هەممىسى يەر ئاستىغا جايلىشىپ كەتكەن. هەربىي دەرسلەر، ئۇرۇش تاكتىكىسى هەققىدىكى لېكسىيەلەر، ئاددىي مەشقلەر، كۈندىلىك گېزىت خەۋەرلىرىنى ئاڭلاش، كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىرى ئۆتكۈزۈش، ئاڭلىغان گەپ ـ سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈشلەرنىڭ هەممىسى مۇشۇ زېمىلانكىلاردا بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۇقسىز تىنچ هالەتكە كۆچكەن جەڭچىلەر گەپنى هە دەپلا غۇلجىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن باشلىغانىدى:

— هازىر هۆكۈمىتىمىز كەمبەغەللەرنىڭ غېمىنى قىلىۋېتىپتۇ، — دېدى ئېگىز بويلۇق بىر جەڭچى، — قىشلىق

كۆمۈر، پاختىلىق كىيىم، كىگىز - كېچەكلەرنى تارقىتىپ بېرىپتۇ.

— ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان ئائىلىلەرگە، — دېدى يەنە بىر جەڭچى، — ئۆي، قۇتقۇزۇش ئاشلىقى تارقىتىپتۇ.

— بۇلا ئەمەس، — دېدى يەنە بىرسى، — يېتىم بالىلارنى تەربىيەلەيدىغان دارىلئېتام، ئىگە - چاقىسىز قالغان قېرى - چۆرىلەرنى باقىدىغان دارىلئاجىزىنلارنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىنىۋېتىپتۇ.

— تېخى ئۆز ئالدىغا دېھقانچىلىق قىلىشقا چامى يەتمەيدىغان دېھقانلارغا قىلىنىۋاتقان ياردەمچۇ، — بايىقى ئېگىز بويلۇق جەڭچى يېنىدىن بىر پارچە خەت چىقاردى، — مانا قاراڭلار، دادامدىن مۇنداق خەت كەپتۇ.

ھەممىسى ئۇنىڭ قولىدىكى خەتكە قىزىقىپ قاراشتى. ئۇ قاتلانغان خەتنى ئاۋايلاپ ئاچتى - دە، ئوقۇشقا كىرىشتى، خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

*«... بالام، ئۆمرۈم كىشىلەرگە يالىنىپ ئىشلەپ، بىر پارچە يېرىمنىمۇ تېرىيالماي ئۆتكەن. ھۆكۈمەت يېقىندا بىزدەك گادايلارغا ئۆسۈمسىز پۇل تارقاتتى. بىر ئات، بىر سوقا سېتىۋالدىم. ئىرگىلو ھارۋىنىڭ سۇنغان ئوقىنى يېڭىلاۋاتىمەن، ئۇششاق - چۈششەك جابدۇقلىرىنى تۈزەۋاتىمەن، قىشىچە خالىغىنىمچە كۆمۈر ئەكېلىپ ساتماقچىمەن. ئەتىيازدا ھاياتىمدا بىرىنچى بولۇپ ئۆز ئالدىمغا دېھقانچىلىق قىلماقچىمەن. قارا، بىزدەك كەمبەغەللەرنى يۆلەيدىغان ھۆكۈمەتمۇ بولىدىكەن، مۇنداق ھۆكۈمەتنى ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن، مەنلا ئەمەس، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ كۆرمەپتىكەن. بۇ ھۆكۈمەت، بالام، كۆكلەيدۇ، گۈللەيدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۇنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىدۇ... مانا قارا، كۆڭلىمىزدىكىدەك ھۆكۈمەتنى بىز ئەمدىلا كۆرۈۋاتىمىز، تېخى ئالدىمىزدا*

*بۇنىڭدىنمۇ ياخشى كۈنلەر بولغۇدەك...»*

جەڭچىلەر بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى. خەت ئۇلارغا قاتتىق تەسىر قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا قۇربان بولغان سەپداشلىرى كەلگەنىدى.

بۇ جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ باتۇرغازى بۇزدى:

— ئاغىنىلەر، بىزنى خۇشال قىلىۋاتقان يەنە بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۈرۈمچىدىكى سۆھبەتتە ۋەكىللىرىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇۋاتقانلىقى. گومىنداڭ ئۇرۇشتا بىزدىن قانداق يېڭىلگەن بولسا، ھازىر سۆھبەتتىمۇ شۇنداق يېڭىلىۋېتىپتۇ!

ئەمدى گەپ ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ئۆتكۈزۈۋاتقان سۆھبەتكە كۆچتى.

شۇ كۈنلەردە جەڭچىلەر ئىچىدە قانداقتۇر بىر بۇرۇقتۇرمىلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. شامالدەك تېز ئىلگىرىلىگەن قوشۇننىڭ ئۈرۈمچىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە توختاپ قېلىشى ئۇلارنى جىلە قىلاتتى، تىت-تىت قىلاتتى... ئالغا ئىلگىرىلەشكە تېزرەك بۇيرۇق بېرىشلىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

— ئەخمەتجان ئەپەندىم: «گومىنداڭنىڭ ۋەھشىي سىياسىتى بىزنى قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلىشقا مەجبۇر قىلدى» دېگەنىدى، شۇڭا ئۇرۇشتا بولسۇن، تىنچ سۆھبەتتە بولسۇن، ئەلۋەتتە بىز ئۈستۈنلۈكتە تۇرىمىز-دە، — دېدى جامالىدىن.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆھبەتكە ئەخمەتجان ئەپەندىمنىڭ بېرىشى بىزنى خاتىرجەم قىلىدۇ، — دېدى نادەممۇ، — شىنجاڭدىن مۇنداق يېتىشكەن ئادەمنىڭ چىققانلىقىغا ئۇلار ھەيران قالغاندۇ ...

— ئەلۋەتتە ھەيران قالىدۇ، — رەيھاننىڭ لەۋلىرى غەزەپتىن تىترىدى، — قانچىلىغان مەشھۇر ئادەملىرىمىز، ئىنقىلابچىلىرىمىزنى — بىرسىنى ئەمەل بېرىپ ئالداپ،

بىرسىنى ياغلىما سۆزلەر بىلەن ماختاپ ئۇچۇرۇپ، بەزىلەرنىڭ ئارىسىغا پىتنە سېلىپ، ھەمجايغاقلىرى تولكە بولۇپ، قاپىقى يامانلىرى بۆرە بولۇپ يوقىتىپ بولدى ... ئەمدى شىنجاڭ خەلقى ئالدام خالتىغا چۈشمەيدۇ!

— تارىخ كەلمەسكە كەتتى، — دېدى رەيھانىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن باتىرغازى، — ئۇ ئىشلار بىزگە ساۋاق بەردى، ئەقىل بەردى.

زېمىلانكا ئىچىدە ئولتۇرۇشقان ياكى يانپاشلىغان جەڭچىلەر قىزىق پاراڭغا بېرىلگەن. ئادەم بويىدىن بىر غېرىچلا ئېگىزلىكتىكى بۇ يەر ئاستى ئۆيى قىزغىن سۆھبەتلەر بىلەن ھەر كۈنى مۇشۇنداق جانلىنىپ تۇراتتى.

پاراڭ بارغانسېرى قىزىشقا ئۆتتى، بولۇپمۇ بىر مەن، بىر سەن بولۇپ سۆزلەۋاتقان نادەم بىلەن باتىرغازىنىڭ يېنىغا جەڭچىلەر شىپقىپ كېلىشكە باشلىدى. پەقەت ۋارىسجانلا ئۇياقتا قاراپ، كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. كۆزىنى يۇمۇپقۇ ئۇخلاۋاتقىنى يوق، ئۇ ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىپ سۆزلەۋاتقان نادەم توغرۇلۇق ئويلاپ ياتاتتى. شىخو ئۇرۇشىدا نادەمنىڭ شۇنچىلىك خەتەرلىك ۋەزىيەتكە بۇيرۇلغاندا، ئۆلۈم ئاغزىغا بېرىپمۇ ساق قالغانلىقىغا ئىچى ياناتتى. تىت ـ تىت بولاتتى... ھېچبولمىغاندا ئەنۋەر ئەپەندى ئۆلگۈچە، مۇشۇ مۇناپىق ئۆلسە بولماسمىدى، دەپ تولغىناتتى. ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قارىتىپ تېخىچە بىر پاي ئوق ئاتالمىغىنىغا جىلە بولاتتى: گايىتكام ئۇندەككە كېلىپ قالدى، ئاشۇ زەربە بەرمىسە مەن ھېچنېمە قىلالمايدىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلايتتى. رەيھانىچۇ؟ ئۇنىڭغىمۇ ئۆچلۈكى يانغان، ئۇ ئىزا تارتماي، نېمانچىلا: سۆزلەڭلا نادەم، ئاڭلىغانلىرىڭىزنى قويماي دەڭ، دەپ كېتىۋاتىدۇ؟ شۇ تاپتا نادەمگە قانچىلىك تەلمۈرۈپ قاراۋاتقاندۇ؟ قانداق خۇلقلارنى كۆرسىتىۋاتقاندۇ؟ ...ئۇنىڭ خىياللىرى ئازابلىق، ھەسرەتلىك... ئۇ ئۇخلىغاندەك قىمىر قىلماي ياتقان بىلەن ئىچىدىن يېنىپ كۆيۈۋاتىدۇ،

ئۆرتىنىۋاتىدۇ...

شۇ سۆزدىن كېيىن زېمىلانكا ئىچىدە كۈچلۈك مەسخىرىلىنىڭ كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. كۈلكە ساداسى بېسىلماي تۇرۇپلا زېمىلانكىغا بىرىنچى باتالىيون كوماندىرى پورووپۇرچىك گايىت كىرىپ كەلدى. ھەممىسى قوزغىلىپ، دىققەتتە تۇرۇشۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

— راھەت، راھەت، قېنى ئولتۇرۇڭلار، — دېدى گايىت، ئۆزىمۇ ئولتۇردى، — گېپىڭلار قىزىپتۇ - دە.

— ئۇرۇمچىدىكى سۆھبەتنىڭ گېپى.

— يولداش كوماندىر، سۆھبەت، سۆھبەت دەپ يېتىۋېرىمىزمۇ، ئىككى ئايدىن ئاشتى، بۇيرۇق بېرىلمىشىنى شۇنچە تەلەپ قىلساقمۇ، نېمىشقا قۇلاق يوپۇرۇپ يۇرىۋېرىسىلەر؟

ئاران تۇرغان جامالىدىن:

— خۇددى دەرياغا ئاپىرىپ، سۇغارماي ئەكەلگەندەكلا بىر ئىش بولۇۋاتىدۇ، يولداش كوماندىر، — دېدى.

پورووپۇرچىك كۈلۈمسىرەپ ئېيتتى:

— قۇلاق يوپۇرۇۋالىدىغان ئىش يوق، سۆھبەتكە قارايمىز، ئەگەر كۆڭلىمىزدىكىدەك كېلىشىم ھاسىل قىلالىساق، ئەلۋەتتە قورال ئىشلەتمەيمىز، ئۇنداق بولمىسا، ئاخىرغىچە ئېلىشىمىز، بىز ئېلىشمىغان خۇنپەرلەرمۇ بۇ...

— بىز ئاز قان تۆكمىدۇق، يولداش كوماندىر، — جامالىدىننىڭ ئورۇق يۈزى جىددىي تۈس ئېلىپ تاتاردى، — نى - نى يىگىتلىرىمىزنى قۇربان بەردۇق، ئۇلار دەشت - چۆللەردە قەبرىسىز قالدى، ئۇلارنىڭ ئارمانلىرى نېمە ئىدى؟ ... بىز خۇددى ئېتى ھېرىپ قالغان يولۇچىدەك يېرىم يولدا توختاپ قالساق، شۇ قۇربانلىرىمىزغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز، ئۇلار گۆرىدە تىنچ ياتالامدۇ، بىزنىڭ مەقسىتىمىز شۇمىدى؟ ...

— «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايتماس» دېگەن گەپ بار، — كەم سۆزلۈك نادەممۇ قايناپ كەتتى، — نەنجىڭ

ھۆكۈمىتى بىزنى نېمىشقا تىنچ سۆھبەتكە چاقىرىدۇ؟ نۇرغۇن قان تۆكتۇڭلار، سىلەرگە ئۇۋال بولدى، دەپ ئويلاۋاتامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرۇشقا كۆزى يەتمەي قالدى، بىراقلا گۇم بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالدى، ئارام ئېلىشنى، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشنى ئويلاۋاتىدۇ، قوراللىق توقۇنۇشتا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، تىنچلىق، سۆھبەت نەيرىڭىنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇرۇمچىدە قاچ ـ قاچ بولۇۋاتىدۇ، شىنجاڭنىڭ شۇنچە كەڭرى زېمىنىغا ئوت تۇتاشتى، گومىنداڭنىڭ نېمىسى قالدى؟ ئۇر ـ ئۇرغا قالغان چاشقاندەك ھالى قالدى! ... بىز ھازىر گويا ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان شىر، دۈشمەن ئالدىمىزدا تىترەپ تۇرغان توشقان. بىراق، شىرنىڭ پۇت ـ قولى باغلاقلىق، مانا شۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىمىز...

نادەمنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن رەيھاننىڭ قوي كۆزلىرى يېنىپ غەزەپلىرى تۆكۈلدى:

— بىز نېمىشقا ئاتلىنىپ چىقتۇق، نېمىشقا تىنچ سۆھبەت جوزىسىغا كېلىمىز؟ گومىنداڭ بۆرە ئىدى. ھازىر تۈلكە بولۇۋال-دى، سۆھبەت، بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكىدەك ئىمزالانغان تەقدىر-دىمۇ، ئۇ شۇنى ئىجرا قىلارمۇ؟ بىز دەم ئېلىۋېلىشنى ئويلاۋاتىد-ىمىزمۇ، گومىنداڭ ئويلاۋاتامدۇ؟ بىز ئىلگىرىلەۋاتاتتۇقمۇ، گومىنداڭمۇ؟... ئۇنىڭ تىنچ سۆھبەت ئالدامچىلىقىنى رەھىم-سىزلىك بىلەن پاش قىلىش كېرەكمۇ ياكى باش ئېگىش، نەيرەڭ-لىرىنى ماختاش كېرەكمۇ؟ ... بىزنىڭ تىنچ سۆھبەت جوزىسىغا كېلىشىمىز — مەغلۇبىيىتىمىز! بۇ تەسلىم بولۇش بىلەن باراۋەر! ...

زېمىلانىكا ئىچى سۈرلۈك جىمجىتلىقتا چۆكۈپ كەتتى، ھەممىسى چوڭقۇر خىيالدا ئىدى، نادەمنىڭ، جامالىدىنىنىڭ، باتىرغازىنىڭ، رەيھاننىڭ يۈرەكلىرىدىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىققان سۆزلىرى جەڭچىلەرنىمۇ، باتالىيون كوماندىرى

گايتتىنىمۇ ئويلاندۇرماقتا ۋە ھاياجانلاندۇرماقتا ئىدى. قايسى كۈنى ئۇ بۇ ھەققتە ئىنزامىدىن بىلەن جىددىي سۆزلەشكەن، ھەتتا تىركەشكەن ... ھازىرچۇ؟ ئۇنىڭ يادىغا مۇنۇ ناخشا كەلدى:

ئاڭلا ئەي ۋەتەن بالىلىرى،
شاماللاردىن خەۋەر بارىدۇ.
قەھرلىك، كۈچلۈك باتۇر ئەرلەر،
شىر ۋە يولۋاسلار بارىدۇ.

ئۇ بۇ ناخشىنى ئالاي – ئالاي قىيتىم ئېيىتقان، ئۇنلىرى بوغۇلۇپ كەتكۈچە ئېيتقان، مەيدانلارنى جانلاندۇرۇپ، پۈتۈن خەلقنى ئۈمىدلەندۇرۇپ ئېيتقان... ھازىر ئېيتالامدۇ؟ ... ئۇ ئۈنچىقمىدى، شۇ ناخشىنى تەڭ ئېيتقان جەڭچىلىرىنىڭ يۈزىگىمۇ قارىيالمىدى، قولىنى بىر سىلكىپ زىيمىلانكىدىن چىقىپ كەتتى.

كۆزنىڭ سالقىن ساپ ھاۋاسى ئۇنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى. ئۇ چوڭقۇر بىر تىندى – دە، ئېرىدىكى بىلىنداژلارغا[1] قارىدى. قارىياغاچلار ئاستىدىكى بىلىنداژلار ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. شەرققە قارىتىپ تىكلەپ قويۇلغان زەمبىرەكلەر، ھاۋاغا ئاتقۇچ پىلىموتلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگەندەك قىلىسىمۇ، زىيمىلانكا ئىچىدە ھېلىلا بولۇنغان گەپ – سۆزلەر ئۇنى يەنە مەيۈسلەندۈرەتتى.

ئۇ نەگە، نېمە مەقسەت بىلەن ماڭغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. شۇ بىلمەسلىكى بىلەن بېلىدىن تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئاسمانغا قارىتىپ بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىۋەتتى. بۇنداق

---

① بىلىنداژ — يەردىن قويۇرۇپ ياسالغان لەمپە، لەمپىنىڭ قېلىنلىقى بىر بېرىم مېتىر چامىسىدا بولۇپ، ھاۋادىن بولىدىغان ھۇجۇمغا — بومباردىمانغا مۇداپىئەلىنىپ ياسىلىدۇ. بۇ يەرگە زەمبىرەك ياكى چوڭ تىپتىكى پىلىموتلار ئورنىتىلغان بولىدۇ ۋە ماسكاروپكا («نىقاب») قىلىنىدۇ.

قىلىشىنىڭ ھازىرقى پەيتتە خاتالىق ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىدى. يەردىن مۇشتۇمدەك بىرنەچچە تال تاشنى ئېلىپ گويا بېسىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە گىرانات تاشلىغاندەك، تاشلارنى بىرمۇبىر كۆچىنىپ ئاتتى. ئاخىر ئۇنىڭ يادىغا يەنە پولك كوماندىرى نىزامىدىن كەلدى ـ دە، قايرىلىپ پولك ئىشتابىغا كەتتى.

ئۇ كىرگەندە پولك كوماندىرى يالغۇز ئولتۇرۇپ خەت يېزىۋاتاتتى. ئۇ ئوڭ قولىنى چېكىسىگە ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ:

— يولداش پولكوۋنىك ! سىزدىن سوئال سوراشقا كىردىم، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بوراندەك گۈركىرەپ چىقتى.

نىزامىدىن خېتىنى توختىتىپ گايىتقا قارىدى: ئۇنىڭ سىرىق بۇرۇتلىرىنىڭ دىردىيىپ، كۆزلىرىنىڭ يېنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ـ دە، قولى بىلەن ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى.

— يولداش پولكوۋنىك ! بىز ئالدام خالتىغا چۈشۈۋاتىمىزغۇ ! تىنچ سۆھبەت دېگەن بىزنىڭ بېشىمىزغا سېلىنغان نوقتا ئەمەسمۇ؟ ...

نىزامىدىن بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇنتۇشقا تىرىشىۋاتقان بۇ ئىشنى گايىت ئۇنىڭ يادىغا يەنە سالدى. ئۇ يەنە ئازابلىنىشقا، ئىچىدىن يېنىشقا باشلىدى. بۇ سوئال پەقەت گايىت تەرىپىدىنلا قويۇلۇۋاتقىنى يوققۇ. نەچچە قېتىم جەڭچىلەر، باشقا كوماندىرلار ئۇنىڭ ئالدىنى تورىۋېلىپ، غەزەپلىنىپ تۇرۇپ، خۇددى مۇشۇنداق سوئاللارنى سوراشقان.... ئۇ نېمە دېيىش كېرەك؟

نىزامىدىن ئۇنچىقمىدى، لېكىن خىيالغا كەتتى: كېلىشىم قىلىنغان تەقدىردىمۇ، يېزىلغاننىڭ قارىسى — سىياھ، ئېقى — قەغەز. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى — قۇۋ، ھىيلىگەر، ئالدامچىلىقتا ئۇچىغا چىققان نېمىلەر، مۆرىتى كەلسە، ئۆزىنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ئالداپ ئاچىقىپ سېتىۋېتىشتىن ياكى ئورىغا ئىتتىرىۋېتىشتىن يانمايدىغان

نېمىلەر... ئۇلار بىزنىڭ ئىنقىلاب قىلىپ قۇربان بېرىپ قولغا كەلتۈرگەن ئازغىنا ھوقۇقىمىزنىمۇ تارتىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى، ئۇتۇپ چىقىشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ، ھارۋىدا توشقان ئۇۋلىغىلى چىقتى. بۇ بىتىمدىن ئىبارەت ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئەسكى نوختىسىنى ياماپ، يېڭىلاپ، پەرداز بېرىپ ئەكېلىپ بېشىمىزغا سالماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ نوختىنى ئالداپ ـ سىلاپ بېشىمىزغا سالغۇچە تىنىۋالمىسۇن دەپ جىق قۇرۇق، ئىچى كاۋاك يالغان ۋەدىلەرنى بېرىدۇ، كېلىشىمگە قول قويىدۇ، لېكىن ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، ۋەدىسىنىڭ بىرسىگىمۇ تۇرمايدۇ. ئىسىت تۆكۈلگەن قانلار، بىز ئاز قۇربان بەرمىدۇق، بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنە بىكار كېتەرمۇ... بىرىنچى باسقۇچلۇق سۆھبەتتىن كېيىن، ئەخمەتجان ئەپەندىمگە بەزىلەر مۇشۇنداق دەپتۇ. لېكىن، ئەپەندىم كېلىشىم ھاسىل قىلىپ باقايلى. ئىجرا قىلىنىشىغا قاراپ باقايلى، خىلاپلىق قىلسا، بىزنىڭمۇ ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ كۆرىدىغان ئانالىز پىچىقىمىز بار ئەمەسمۇ، دەپتۇدەك. لېكىن، بەرىبىر ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ...

ئۇ سۈرلۈك تۈستە خىيال سۈرۈپلا ئولتۇرغان نىزامىدىننىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقتى. قايسىدۇر بىر زېمىلانكا ئىچىدە ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ئاۋازى ئۈچۈپ كېلىشكە باشلىدى:

مەيلى ئوق ـ يامغۇر ياغسۇن،
دۇنيا زىلزىلىگە كەلسۇن،
يۈرىكىمگە ئوق تەگسۇن،
ھېچ يانمايمەن ئارقامغا.
...

بۇ ناخشا ئۇنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇ قولىنى بىر سىلكىدى ـ دە، تۆۋەنلەپ ماڭدى.

شۇ كۈنلەردە قوراللار دەم ئېلىۋاتاتتى، قولغا ئېلىنىشىمۇ

ئېتىلمايتتى. شۇڭا، جەڭچىلەر ھەربىي مەشىق، دەرس ئاڭلاش، كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرى بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى. بولۇپمۇ بەزى كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن ياكى ئاخشاملىرى زېمىلانكا ئىچى نەغمە - ناۋا، بەزمە بىلەن جانلىنىپ كېتەتتى. ئۇرۇش قىلىش، ئالغا ئىلگىرىلەش توغرىسىدىكى تەلەپلەر بىرئاز ئۇنتۇلاتتى، بېسىلاتتى... جەڭچىلەر ئىچىدە دۇتار، تەمبۇر، ئىسكىرىپكا، داپلارنى خېلى ئوبدانلا چالالايدىغان سازەندىلەر، يېقىملىق ئاۋازغا ئىگە ناخشىچىلار، چىرايلىق ھەرىكەتچان ئۇسسۇلچىلار كۆپ ئىدى. مۇنداق سازەندىلەر، ناخشىچىلار كوماندىرلار ئىچىدىمۇ تېپىلاتتى. يەر ئاستى كۇلۇبلىرىدا جەڭچى - كوماندىرلار ئۆزلىرى يازغان «ئازاد جەڭچى» دىرامىسىنى، يىگىرمە - ئوتتۇز نومۇرلۇق كونسېرتلارنى كۆرسەتتەتتى. ھەتتا بىرەر مۇقامنى باشلىۋالسا، ئۇنىڭ مەشرىپى، داستانلىرى، مەرغۇللىرىغىچە رەتلىك ئېيتىلاتتى، بولۇپمۇ پاكار بويلۇق، كۆرۈمسىز جەڭچى سازەندە — ھوشۇر روزىنىڭ چالغان ئىسكىرىپكىسى ھەممىگە ياقتى، ئۇ ئىسكىرىپكا چالغاندا، كوماندىر - جەڭچىلەر خۇددى ئىستىرويدا تۇرغاندەك جىمجىت بولۇشۇپ ھەۋەس بىلەن تىڭشايتتى. مۇڭلىناتتى، ئىچىدىن ياناتتى، تولغىناتتى... ئۇ ئىسكىرىپكىنىڭ سېھىرلىك تىلى بىلەن جەڭچىلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى، گۈزەل يارلىرىنى يادىغا كەلتۈرەتتى. بەزى جەڭچىلەر ئۇنىڭ مۇڭىغا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزى تۇيمىغان ھالدا يىراقتا قالغان يارلىرى تەرىپىدىن يادىكار قىلىنغان تاماكا خالتىلىرىنى، قول ياغلىقلىرىنى ئىختىيارسىز قوللىرىغا ئالاتتى...

ئاياغلىرىنى ئېغىر يۆتكەپ كېتىۋاتقان گايىت ئىلى ناخشىلىرى ئېيتىلىۋاتقان زېمىلانكا ئالدىدا ئىختىيارسىز توختاپ قالدى - دە، جەڭچىلەر سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغان زېمىلانكا ئىچىگە كىردى. ئۇ سورۇننىڭ كەيپىنى بۇزۇۋەتمەسلىك

ئۇچۇن، قول ئىشارىسىنى قىلىپ، جەڭچىلەرنى قوزغىماسلىققا دەۋەت قىلىپ ساز چېلىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. كۈچلۈك، ئەۋجلىك كوچا ناخشىلىرى ئېيتىلىۋاتاتتى:

يارىم ياتىدۇ غەمدە،
گۈلنىڭ تۈۋىدە نەمدە.
مەن بۇياقتا ناخشا ئېيتسام،
يار كۆيمەمدۇ ئەلەمدە.
....

ئاخشىمى قاراڭغۇدا،
خويما كۆيىدۇ چىراق.
ناخشا ئېيتسام ئۇنۇم يەتمەس،
يارنىڭ ئۆيلىرى يىراق.
...

مانا ئەمدى ساز ئۇسسۇل پەدىلىرىگە چېلىندى. شوخ ـ شوخ پەدىلەر، يېنىك ناخشىلار جەڭچىلەرنىڭ مۇڭلۇق خىياللىرىنى ئاللىقاياقلارغا قاچۇرۇۋەتتى. ئىككى جەڭچى ئۇسسۇلغا چۈشتى، دوست تارتىشلار كۆتۈرۈلدى:

بىز فىرونتقا ماڭغاندا،
يار ئىشىكىدە قالغان.
قاچان كېلىسەن يار دەپ،
قارا كۆزىگە ياش ئالغان.

ماناس دەرياسى دەيدۇ،
تاشقىنلايدۇ، ئازلايدۇ.
بىزنىڭ يارنىڭ ئوتلىرى،
يالقۇنلايدۇ ئۆچمەيدۇ.



www.uyghurkitap.com

قولۇمدىدۇر مىلتىقىم،
كەلسە دۈشمەن ئاتىمەن.
پىغانىم ئۆرلىگەن چاغدا،
دۇتار قىلىپ چالىمەن.

يەنسىخەينىڭ يەرلىرى،
قوم ـ شېغىلى كۆپ ئىكەن.
ئاشىنىسىز دېمەڭ ھەرگىز،
ھەممە جەڭچى جۈپ ئىكەن.

...

ــــ دوست، دوست، ئاتاڭ ئايلانسۇن ! ...

ــــ قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن ! ...

ناخشىغا سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوشۇلۇپ كەتتى، ئۇسسۇلچىلار تۆتكە، ئالتىگە يەتتى. مانا ئەمدى مەخەت ئىسمىلىك ۋىزۋوت كوماندىرى ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ ئۇسسۇلنى خۇددى قىزلاردەك يېنىك، نازلىق ئوينايتتى، كۆزلىرىنى قىساتتى، قاشلىرىنى ئۇچۇراتتى، بىقىشىپ ئويناۋاتقان ئادەمگە قاراپ، مۈرىلىرىنى چايقاپ ئاتاتتى. ئۇ ئېيتىلىۋاتقان قوشاقلارغا قانائەت قىلماي، ئۆزى ناخشا باشلاپ، تېخىمۇ نازلىق ئويناشقا باشلىدى:

مېنىڭ يارىم شۇ تاپتا،
جىگدىگە يۆلەنگەندۇ.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ،
نېمىشقا تۆرەلگەندۇ.

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ،
قىرىنى بۇزۇۋەتمە.
مەن يارىمەن يېقىندا،
ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتمە.

www.uyghurkitap.com

كۆلكىلەر، چاقچاقلار، دوس تارتىشلار، چاۋاكلار تېخىمۇ كۆتۆرۈلۈشكە باشلىدى. مەخەت كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ شۇنچىلىك كۈلۈپ ئويناۋاتاتتىكى، ئۇنىڭ بىر تال ئالتۇن چىشى ئۇسسۇلغا چۈشكەندىن تارتىپ ھازىرغىچە پارقىراپلا تۇردى.

شۇنىڭدىن كېيىن باتالىيون كوماندىرى گايىت ھوشۇر روزىنىڭ يالغۇز ئىسكىرىپكا چېلىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. ئىسكىرىپكىنىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈچى يېقىملىق ساداسى ھەممىنى تەرتىپكە چاقىرىپ، بىر خىل تىنچلىقنى ياراتتى. بىراق، گايىتنىڭ كۆڭلىدىكى تۇتەپ يېنىۋاتقان ئازاب تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى.

زېمىلانكىدىكى كۆڭۈللۈك بەزمە تاكى كەچكى تاماق سىگنالى چېلىنغۇچە داۋاملاشتى.

* * *

ھەربىي تۇرمۇش ئىچىدىكى تىنچ چاغلار، غەلىبىدىن كېيىنكى ئوقسىز كۈنلەر ئادەمنى ھەر خىل ئويلارغا سالىدۇ، كۆزلەر قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈك قىزلارنى ئىزدەيدۇ، قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئۇلاردىن كۈيۈلدەپ كەلگەن بىر خىل يۇراق قايتا يۇرالغاندەك، زېرىككەن جەڭچىنىڭ نېمىگىدۇر بىر نېمىگە ئىنتىلىۋاتقان نەپسىنى غىدىقلايدۇ، ئۇ شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمۈلىدۇ... مەخەتتە بۇگۈن يەنە شۇنداق ھېس - تۇيغۇلار قوزغالدى. زېمىلانكا ئىچىدە ئولتۇرالماي سىرتقا چىقتى. قارىياغاچلىق ئىچى جىمجىت ۋە كۆڭۈلسىز تۇيۇلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىغا چالا - يۇچۇق كۆرگەن يەڭگىسىنىڭ سىڭلىسى كەلدى. دادىسىنىڭ ئۆيلەپ قوياي دېسە، ئۇنىمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇرۇش باشلىنىپ قېلىپ، بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالغانلىقىغا يىگىتلىك قۇرامىنىڭ ئايالسىز ئۆتۈۋاتقانلىقىغا ئۆكۈندى. بىراق، ئۇنىڭ ئويىچە، بۇ يەردىمۇ تەشنالىقنى

قاندۇرغىلى بولاتتى. ئۇرۇشتا باتۇر بولغىلى بولىدىكەنۇ، بۇ ئىشنىڭ نېمىشقا ئېپىنى قىلغىلى بولمايدىكەن؟ ! ...

ئۇ شۇنداق ئارزۇلۇق، تاتلىق خىياللار ئىلكىدە تولغىنىپ تۇرغان چېغىدا، تۆۋەن تەرەپتىن — باتالىيون ئىشتابى تەرەپتىن رەيھان چىقىپ كەلدى.

— يۇرۇڭ، ئەتراپنى ئايلىنىپ كېلىمىز، — دېدى ئۇ رەيھان يېقىن كەلگەندە.

رەيھان توختىدى:

— قەيەرنى ئايلانغۇڭىز كېلىۋاتىدۇ، بۈگۈن پەيزىڭىزگە كېلىپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

— ھەممە ۋاق پەيزىمىز بار بىزنىڭ، كۆڭلىمىز خالىغان يەرنى، يۇرۇڭ...

— كۆڭلىڭىز كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ - دە.

— ھەئە، ئاشۇ دۆڭلۈكلەرگە كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ، — ئۇ قولى بىلەن قارىياغاچلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان پاكار - پاكار دۆڭلۈكلەرنى كۆرسەتتى.

— ئېگىزلىكتە نېمە قىلىمىز مانا مەن مەيەردە دېگەندەك، ئوينىساق يەر جىققۇ؟

مەخەت ئۈمىدلەندى:

— ئەمىسە، سىز باشلاڭ، مەن تەييار.

— زېمىلانكىغا كىرىمىز... يا باتالىيون ئىشتابىغا، ئۇ يەرنى ئاددىي كۆرسىڭىز پولك ئىشتابىغا كىرىمىز، سىز ناخشا ئېيتىسىز، مەن چاۋاك چالىمەن، گايىتكام ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ...

مەخەت ئۆزىنى رەيھانىنىڭ مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدى - دە، تەنە بىلەن:

— سىز چاۋاك چېلىپ تۇرۇڭ، مەن ھېلى كىرىمەن، — دەپ يۈزىنى ئۆرۈدى.

مەخەتتە قوزغالغان ھېسسىيات ئۇنى تىنچ قويمىدى، ئاخىر قىزلار زېمىلانكىسىغا ئېلىپ كىردى. زېمىلانكا ئىچىدە ھەجەر

يالغۇز ئولتۇرۇپ ياغلىق توقۇۋاتاتتى. ئۇ مەخەتنى كۆرۈپ قىزىرىپ كەتتى ۋە ياغلىقنى يوشۇردى. مەخەت بىر - ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىپ ھەجەرنى كۈلدۈردى، ئۇنى سىرتقا ئاچىقتى.

— زېرىكمىدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق زېرىكتىم.

— يۈرۈڭ، ئويناپ كېلىمىز، مەنمۇ ئىتتەك زېرىكتىم.

— نەگە بارىمىز؟

— ئاۋۇ دۆڭلۈكنىڭ كەينى شۇنداق قېلىن قارىياغاچلىق، ئاجايىپ چىرايلىق دەڭە...

— مېنى جىنلىققا ئاپارماڭ يەنە؟

— چىملىققا ئاپىرىمەن، ئىتتىنىڭ ئۆلۈكىدەك سېسىپ يۈرۈۋېرەمدۇق بۇ يەردە، كۆڭلىمىز نەگە كەتتى، بىزمۇ ياشلىقىمىزنى يارىتايلى - دە، كۆڭلىمىز ياشلىقنى رازى قىلىمەن دەيدۇ، بىز بولساق، توختاپ تۇر، ئاز قالدى، دەپ ئۆزىمىزنى ئالدايمىز، ياشلىق توختاپ تۇرمايدۇ - دە، گۈل دېگەن ئېچىلىدۇ، تورۇيدۇ، كېيىن پۇشايمان قىلساق ئورنىغا كەلمەيدۇ. ھېلىمۇ نۆۋەر چېغىمىز ئىس - تۈتەكلەر ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇغۇ، كۆڭلىمىز يايرىغۇدەك ئىشنى نېمىشقا قىلالمايمىز، ئاشۇ گۈزەل يەرلەرگىمۇ بارالمامدۇق...

ھەجەرنىڭ ھېسسىياتى قوزغىلىپ قالدى، مەخەتنىڭ ھېسسىياتلىق گەپلىرىدىن كۆڭلى ئېرىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن كېتىۋەردى ۋە بۈك قارىياغاچلىق ئىچىگە يېتىپ كەلدى.

— ئۇھ ... — دېدى قىز قارىياغاچقا يۆلىنىپ، — نېمىدېگەن چىرايلىق يەر - ھە؟ ... — ئۇنىڭدا شېرىن ھېس - تۇيغۇلار قوزغىلىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشتى...

— قاراڭ، مانا مۇشۇنداق يەرنىڭ پەيزىنى سۈرەلمەيمىز، بىز ياغاچ ئادەممۇ، — مەخەت ھەجەرنىڭ قولىنى تۇتتى - دە، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاس قالدى ... قىز قولىنى تارتىۋالماقچى

بولغانىدى، بىراق مەخەت بىردىنلا ئۇنى چىڭگىدە قۇچاقلىۋالغانىدى.

— ۋىيەي... بۇ نىمە قىلغىنىڭىز...

قىز ئۆزىنىڭمۇ نىمە بولۇۋاتقانلىقىنى دەررۇ بىلەلمەي قالدى. مەخەت: قىز ئەمدى يىرىم بىھوش بولۇپ، بېشىنى كۆكسىمگە قويىدۇ، دەپ ئويلاپ، لېۋىنى ئۇنىڭ لېۋىگە ئاپارغانىدى، قىز ئىتتىككىلا يۈزىنى ئۆرۈدى، مەخەتنىڭ ئوتتەك قىزىق لېۋى ھەجەرنىڭ بوينىنى سۆيۈۋالدى، شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈزلىرىگە، كۆزلىرىگە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ئوقچۇپ چىقتى ــ دە، قاتقان قوللىرى بىلەن مەخەتنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتتى.

— ئاينىپ قالدىڭىزمۇ ! ... مېنى شۇنىڭغا باشلاپ چىققانمىدىڭىز؟ ئۇياتسىز! ... كوماندىرغا ئېيتمىغىنىمنى كۆرۈڭ...

ھەجەر ئالدى ــ كەينىگە قارىماي ئىتتىك ماڭدى.

مەخەت خۇددى تاياق يېگەن ئىتتەك ياۋاشلاپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، يوگۇرۇپ كېتىۋاتقان قىزغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئاستا لەۋلىرىنى يالىدى. گەرچە ئۇ ھەجەرنىڭ بوينىنى سۆيۈپ قالغان بولسىمۇ، لېۋىدە شۇ سۆيۈشنىڭ لەززىتى قالغانىدى. بىراق، تەشنالىقىنىڭ قىلچە قانمىغانلىقىغا ئىچى ياندى... ئۇ قارىياغاچقا يۆلىنىپ ئۇزاق ئولتۇردى ھەم ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلىدى: «ھە، مېنىڭ ئالدىراقسانلىقىم، نەپسىمنىڭ ئىتتىكلىكى ... ئۇ دۈشمەنمىدى قېچىپ كېتىدىغان ... قۇرغۇيدەك بالىنى قولدىن چىقىرىپ قويدۇم ــ دە، يەنە ئازراق ئەركىلەتكەن بولسام، سېغىنغان قىز مەست بولماسمىدى، ئۇ چاغدا ...» ئۇ ھورۇنلۇق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يىڭىلا تۇتاشتۇرغان تاماكىسىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى ــ دە، ئۇتتۇرۇۋۋەتكەن قىمارۋازدەك غەمكىن ماڭدى. زىمىلانكىسىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن بىردىنلا جالاقلاپ تىترەپ كەتتى: كوماندىرغا چاقىقان بولسا نىمە دەرمەن؟

كوماندىرنىڭ كۆك كۆزلىرى يېنىپ كەتسە، ئۇ تومبالقىغا بەرداشلىق بەرگىلى بولامدۇ؟ ئۇ قورقۇپ قالدى، شۇنداق قورقۇش، ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى. لېكىن، ئۇنى ھېچكىم باتالىيون ئىشتابىغا چاقىرتمىدى، دېمەك چاقماپتۇ - دە، ئۇنى يەنە چېكىپ باقاي دېسە، بىراق ئۇنىڭ قاپىقىدىن قار ياغقاندەك تۇتۇلۇپ يۈرىدۇ. مەخەت تۆتىنچى كۈنى ئۇ كۆڭۈلسىز ئىشنى ئۇنتۇپ كەتتى. بىراق، شىرىن خىياللار، ئارزۇلار ئۇنتۇلمىدى، شىخوغا يەنە كىرىپ چىقىشنى ئويلىشىدى، ئۆتكەندە كىرىپ ئويناپ تۆت سائەت كېچىكىپ چىققانلىقى ئۈچۈن يىگىرمە تۆت سائەت قاماقتا ياتقانلىقى ئېسىگە كېلىپ، ئۇنىڭدىن يالتايدى. يالتايمىسىمۇ ئەمدى رۇخسەت بەرمەيتتى.

مەخەت ھەمشىرە قىزلارنى پايلاپ بىرنەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى، تاقەت قىلغۇچىلىكى قالمىدى. بىر كۈنى مەشىق مەيدانىدا نادەمگە مۇنداق دېدى:

— ئاڭلامسەن، بىر گېپىم بار؟

— نېمە گەپ؟

— كۆڭۈلنى يايرىتىدىغان گەپ.

— يايرىتايلى.

ئۇ نادەمگە يېقىن كېلىپ پىچىرلىدى:

— تۆۋەندە يالغۇز جاڭزىدا بىر قىز بار، ئايجامال دېگىنە، ئويناپ كېلىمىز...

— يەنە قاماقتا ياتقۇڭ كەلدىمۇ؟

— كىم كۆرەتتى، ئەخمەق.

— بۇرنۇڭغا سۇ كىرمەيدىغان نېمىكەنسەن.

— مەيلىڭ تارتمىسا مەيلى، ئۆزۈم بارىمەن، — ئۇ ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركىدى.

نادەم يۇقىرىلاپ كەتتى. نېرىدا قارىياغاچقا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ۋارىسجان ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، مەخەتنىڭ ئويناپ كەتكەن كۆزلىرىگە قارىدى:

— نادەمگە نېمە دېدىڭ، ئاڭلاپ قالدىمغۇ؟

— قويە، ئۇ قورقۇنچاقنى، ئويناپ كېلىمىز دېسەم شەلەلە ـ پەلەلە دەيدۇ.

— قەيەردە ئوينايمىز؟ — سورىدى ۋارىسجان.

— سەنمۇ بىر ئۆپكەڭ يوق نېمە... قېرىپ قېلىۋاتامسەن؟

— نادەمگە دېگىنىڭنى دەپ باقمامسەن؟

مەخەت چارلاشقا چىققاندا، يالغۇز جاڭزىدا زىلۋا بويلۇق، قارا كۆزلۈك بىر قىزنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، قىز ئۇنىڭغا پىشقان ئىككى دانە تۇخۇم بەرگەنلىكىنى، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆلەرمەن قېرىلار ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— شۇنىڭ بىلەن ئويناپ كېلىمىز، — دېدى ئۇ، — يامىنىغا كەلسە، بىز ئىككى ...

ۋارىسجانمۇ داجىدى:

— بولمايدۇ، ھەربىي ئىنتىزام تۇرسا...

— ئىنتىزامىڭ نېمە قىلىدۇ؟

— ئاتىدۇ!

— كۆرسە ئاتىدۇ، كۆرمىسە نېمىنى ئاتىدۇ، بۇ يەردىن يىراق، ئازادە يەر تۇرسا!

— مۇنداق ئىشقا سايە قىلما، مەخەت.

— گومىنداڭدىن قورقمىغان، كىچىككىنە ئىشتىن قورقۇۋاتقىنىنى ... — دېدى مەخەت غودۇڭشىپ.

ئاخىر ئۇ جاڭزىغا ئۆزى يالغۇز بېرىشقا قارار قىلدى.

# ئونىنچى باب

— جانابىي ئوفىتسېرلار، مەن ئۆلكىمىزنىڭ يېقىنقى سىياسىي، ھەربىي ئەھۋالىدىن ھەربىرىڭلارنى خەۋەردار قىلماقچىمەن، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ۋەزىپىلەرنى مۇھاكىمە قىلماقچىمەن، بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئا فۇ جۇشى (مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان) قاتارلىق كىشىلەر ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھە دەپ ئەدىگىلى تۇردى. ئۇلار ئۇرۇمچىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى ئۆزلىرىنىڭ نىيەتلىرىنى ئاشكارا سۆزلەيدىغان مەكتەپكە ۋە شۇ رەزىل نىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان، تارقىتىدىغان مۇھىم ئورۇنغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ئۇلار ھەمىشە بىر توپ ئادەمنى نامايىش قىلىشقا، بىتىم روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى باھانە قىلىپ، يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەلەپ قويۇشقا ئۇيۇشتۇرۇۋاتىدۇ... كىشىگە ئەلەم قىلىدىغىنى شۇكى، جاڭ جۇشى (رەئىس جاڭ جىجۇڭ) تىنچلىق ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ، ئەخمەتجاننىڭ بەزى يولسىز تەلەپلىرىنى ماقۇل كۆردى، ئۇنىڭ قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىغا، تۇرپاننىڭ ھاكىملىقىغا كۆرسەتكەن نامزاتىغا قوشۇلدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنى تالانتلىق ئادەم ئىكەن دەپتۇدەك، تېخى ليۇ مىڭشۇجاڭغا①: راستچىللىق قىلغاندا، مېنىڭ ئورنۇم يۇقىرىدىن بەرگەن، ھوقۇق بىلەن، ئىمتىياز بىلەن كەلگەن ئورۇن، ئەخمەتجان شۇنچىلىك تالانتلىق ئادەمكى، مېنىڭ ئورنۇم ئۇنىڭغا بوشلۇق

① ليۇ مىڭشۇجاڭ — ليۇ مىڭچۈەن — غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى بولغان.

قىلاتتى دەپتۇ. بۇ نىمىدىگەن بىمەنىلىك ! ...

— بۇ تەسلىمچىلىك ! ...

— ئۆزىنى ئۆزىنى كاچاتلاش ! ...

شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابىنىڭ ئازادە زالىدا ئېچىلىۋاتقان يىغىندا قوماندان گېنېرال جاڭنىڭ سۆزلىگەن بۇ سۆزى ئۇزۇن ئۈستەلنىڭ ئىككى يېقىدا ئولتۇرغان دىۋىزىيە، بىرىگادا كوماندىرلىرى باش ئىشتابىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئارىسىدا زور غۇلغۇلا قوزغىۋەتتى، ئۆزئارا پاراڭ، ۋاڭ ــ چۇڭ، قايناشلار كۆتۈرۈلدى. گېنېرالنىڭ كۆتكىنى شۇ ئىدى.

قوماندان ئۇلارنى تىنچلىنىشقا چاقىرىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز سەگەكلىك بىلەن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئەخمەتجان قاتارلىقلار بىزنىڭ قارىمىقىمىزدا تۇرۇۋاتقان يەتتە ۋىلايەتنىڭ ۋالىيلىرىنى، ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىرىنى قايتا سايلاش باھانىسى بىلەن، ئۆز ئادەملىرىنى قويۇشنى، تېخى قەشقەر، ئاقسۇلاردا مىللىي قىسىم تۈرغۇزۇشنى قەستلەۋاتىدۇ...

— ھۆرمەتلىك گېنېرال، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ گېنېرال ۋەن، — يەتتە ۋىلايەتنىڭ ۋالىيلىرى، ھاكىملىرىنى ئۆزگەرتىپ سايلاش بىتىم روھىغا ئۇيغۇنغۇ؟

قوماندان ئۇنىڭغا شۇنداق دەھشەتلىك ئالايدىكى، سوئال سورىغۇچى كۆزىنى دەرھال ئۇنىڭدىن ئېلىپ پەسكە قارىدى ۋە تىترەپ كەتتى. ئۇ ئالتايدا مىللىي قىسىمغا تەسلىم بولغان گېنېرال بولۇپ، بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنىدى، ئۇ، قوماندان ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئىشنى پېشانەمگە قويارمۇ، دەپ قورقۇپ ئەنسىرىدى، بىراق ئاچالدىكى ئۇرۇشتا قىسىملىرى تارمار قىلىنىپ ئۆزى ئارانلا قېچىپ كەلگەن گېنېرال شى پىڭ ۋە تاتۇق كوماندىرلارنىڭ شۇ ئۈستەلدە ئولتۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ، كۆڭلى بىرئاز ئەمىن تاپتى.

www.uyghurkitap.com

— ئۇلتۇرۇڭ، ئۇلتۇرۇڭ، — دېدى قوماندان قولىنى قاتتىق سىلكىپ، — بۇنىڭغا يول قويساق، بىز بۇ يەردە قانداق يېتىپ تۇرالايمىز؟ ... گۆرىمىزنى كولاپ قويامدۇق يا؟ — ئۇ قاپىقىنى تۈرگىنىچە ھەممىسىگە بىر قۇر نەزەر تاشلاپ، ئاندىن سۆزىگە كۆچتى، — ئا فۇجۇشى تۇرپانغا ھاكىم قىلىپ قويغان ئابدۇراخمان مۇھىتى ھە دەپ ئەدىگىلى تۇردى. بىز ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئۇ خۇددى ئىلىدىكىدەك قوراللىق توپىلاڭ ھەرىكىتىگە ئۆتكەن، ئۇ ئىلىدىن شۇنچە يىراق يەردە تۇرۇپ نېمانچىلا جۇرئەتلىك بولۇپ كېتىدۇ؟ كىم كۈچ بېرىۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ كەينىدە كىم بار؟ ... — گېنېرالنىڭ ئاچچىقى بىلەن قويغان سوئالىدىن يىغىن ۋەھىمىلىك تۈس ئالدى، ئۇ خۇددى ئولتۇرغانلار بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك كۆزلىرىنى ئالايتىپ، يەنە ھەممىسىگە بىر قۇر قاراپ چىقتى، ئۇنىڭ گۆرەنلىرى كۆپكەندى، قاتاردىكىلەرنىڭ بىرسى ۋارقىرىۋەتتى:

— ئىلى تەرەپتىن ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىرگۈچىلەر تىنچ ياتقىنى يوق !

— ئەلۋەتتە، — دېدى گېنېرال دەرھاللا، — ئۇنىڭ كەينىدە ئادەم بار، ئەخمەتجاننى قورال بەرمىدى، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئۇ كۆزدىن كەچۈرۈش باھانىسى بىلەن تۇرپانلارغا بېرىپ، نېمە شۇملۇقلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ! ... ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا ياتقان قىسىملارنىڭ رازۋېدكىچىلىرىنى ئۇرۇمچىگە كىرمىدى دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ تۇرپانغا بارمىدى دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ...

قوماندانىنىڭ بېرىۋاتقان مەلۇماتلىرى يىغىندىكىلەرنى گويا ئالدىدىكى ئۇزۇنچاق ئۈستەلنىڭ ئاستىغا ھېلىلا پارتلايدىغان بومبا كۆمۈپ قويغاندەك قورقۇنچ ۋە ئەندىشىگە سالدى، ئۇلار چەكچەيگەن كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە بېقىشتى...

— شۇڭا، — دېدى ئۇ، — ئۈچ ۋىلايەتنىڭ قۇترىتىشىنى تارمار قىلىش، رەزىل نىيەتلىرىنى يىمىرىپ تاشلاش كېرەك ! بۇ

ئەشتا بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز — ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش، بۆلۈپ - پارچىلاپ تۈگىتىش ئۇسۇلى بولۇشى كېرەك، بۇ بۇرۇندىن تارتىپ ئۇنۇم بېرىۋاتقان ئۇسۇل! شۇ چاغدىلا بىز بۇ يەردە بامبۇكتەك ياشىرىپ تۇرالايمىز.

ئۇنىڭدىن كېيىن، گېنېرال ئۇرۇمچىدە ئىلى تەرەپنى قوللاپ، ئۆزلىرىنى تىللاپ - قارغاۋاتقان مەخپىي تەشكىلاتلارنىڭ بارلىقى، ئۇلارنى تېخىچە قولغا چۈشۈرەلمەيۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك نۇرغۇنلىغان تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنىڭ تارقىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقى، بۇ تەشۋىقاتنىڭ پۇقرالارنى ھەتتا بەزى ھۆكۈمەت ئادەملىرىنى، ئەمەلدارلىرىنى ئازدۇرۇۋاتقانلىقى، ئەخمەتجان قاتارلىقلارنىڭ بۇنى ئاستىرتىن قوللاپ - ئالقىشلاۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى ۋە مۇنداق دېدى:

— خوش، بىتىم - بىتىم دەپ بۇ شۇملۇققا يول قويساق بولامدۇ؟ قۇتراش جەنۇبىي شىنجاڭ، بولۇپمۇ قەشقەردە كۈچلۈك، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇممۇ ئەدەۋاتىدۇ، كىشىلەر قىزىل دوپپىلارنى كىيىشىپ ئاشكارا ھالدا ئىلىلىقلارنى قوللاۋاتىدۇ. بىز ئۇ يەرلەردىن خاتىرجەم ئەمەس، ئۇ يەرلەردىن كەلگەن كوماندىرلار مۇنداق قۇتراشلارنى نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىيالايدۇ. دېمەك، تاقابىل تۇرۇشىمۇ تەس. چۈنكى، سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار بار، مەركەزدىن ياردەم سورىدۇق، تانكا پولكلىرى، زەمبىرەكچىلەر قىسىملىرى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدۇق، بەرمىدى. ئۆزىمىزنىڭ بولسا، بەدىنىمىزنىڭ بىر قىسمى يارا بولدى، پالەچ بولدى، قالغان يەرلىرى تېخى قىچىشىۋاتىدۇ... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر بۇ كەڭرى زېمىنىنىڭ ھەممە يېرىگە ئوت تۇتىشىپ كەتتى، نېمە قىلماق كېرەك؟

سوئال جىددىي قويۇلدى، ھەممىنى ئويلاندۇرۇشقا، جاۋاب ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى، ئەلۋەتتە ئويلىماي بولمايتتى. دۈچ كېلىۋاتقان بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدىمەي بولمايتتى. ئۇلار بېشىنى سالدى

— مېنىڭچە، بىرلا يول بار، — دېدى گېنېرال ھەممىنىڭ كۆڭلىدىكى ئېغىر تۇمانلارنى تارقىتىپ، — ئۇ بولسىمۇ غۇلجا تەرەپنى ئاساسەن ئوسمان ئارقىلىق پارچىلاش، «سپارتاك» نى ھەممىمىز ئوقۇغان، ئىنوماي — سپارتاكنىڭ ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ جەڭگىۋار لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئىۋتىمىدا ئۇنى قولغا كەلتۈرۈپ سپارتاكنىڭ شۇنچە قۇدرەتلىك قوشۇنلىرىنى ئىچىدىن پارچىلاپ - بۆلۈپ تۈگىتىۋەتتىغۇ، شۇنچىلىك ئىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەمدۇ! ...

گېنېرالنىڭ سۆزىدىن كېيىن يەنە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇ سۆزلەر يېڭىلىق ئىدى. شۇڭا، كوماندىرلاردا ئالاھىدە قىزىقىش پەيدا قىلدى، ئۇلار ھاياجانلىنىپ ئورۇنلىرىدا ئولتۇرالماي قالدى، بىر - بىرىگە بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ گۇدۇڭلاشتى... ئوسمان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان، غۇلجا تەرەپتىن ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىغا قويۇلغان ئادەم تۇرسا، يەنە شۇ ئارقىلىق قانداق پارچىلاپ تۈگىتىمىدىغاندۇ؟ بەزى ئاڭلىغان مىش - مىش گەپلەر راستمۇيا؟ ئۇرۇش مەزگىلىدە «ھاپ» نى «قاپ» قىلىدىغان خەۋەرلەر نۇرغۇن بولىدىغان، بۇمۇ شۇنداق ئەپقاچتى گەپمىكىن ياكى بىرەر ئاساسى بارمۇ؟ ... كوماندىرلاردا ھاياجان، جانلىنىش كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، ئۇلار يا پىكىر بايان قىلمىشنى، يا جىمجىت ئولتۇرۇشنى بىلەلمەي قالدى، بۇ قۇلاققا خۇشياققۇدەك يېڭىلىق بولسىمۇ، ئۇز كۆزقاشلىرىنى سۆزلەشكە ئاساسسىز ئىدى. شۇڭا، قوماندان جاڭنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.

مەجلىس زالىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. جىمجىتلىق بۇ مەجلىس زالىدىلا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقىنى يوق، پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى، شەھەر قاتتىق ئۇيقۇدا، پەقەت ناگان - ناگاندا ئاڭلىنىپ قالغان ئوق ئاۋازلىرى، قەيەرلەردىدۇر ھاۋشىۋاتقان ئىتلارنىڭ ئاچچىق ئۈنى بۇ جىمجىتلىققا چۆككەن كېچىگە سىرلىق تۈس بېرىپ تۇراتتى،

بۇنداق سىرلىق كىچىلەرنىڭ زەھەردەك ئاچچىق تەمىنى تالاي قېتىم تېتىغان كوماندىرلار، شۇ تاپتا ئۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ، گېنېرالنىڭ سىرلىق گېپىنىڭ مەنىسىنى تېزرەك ئېچىپ بېرىشنى كۈتمەكتە ئىدى.

گېنېرال ئىستاكاندىكى سوۋۇپ قالغان چېيىدىن ئىككى يۇتۇم ئىچتى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى:

— بۇنداق دېيىشكە ئاساسىمىز بار، — دېدى ئۇ كۇلۇمسىرەپ، — سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار بولماسلىقى مۇمكىن، بىتىم ئىمزالىنىپ كۆپ ئۆتمەي، ئوسمان گۇچۇڭ ئارقىلىق رەئىس جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۇچۇن ئۇرۇمچىگە ۋەكىل ئەۋەتتى. ئوسماننىڭ ۋەكىلى ئۇنىڭ بىر پارچە خېتىنىمۇ ئالغاچ كەلگەن، رەئىس جاڭ جىجۇڭ ئېھتىيات قىلىپ، ئوسماننىڭ ۋەكىلىنى ئەخمەتجان، بۇرھانلار بىلەن بىرلىكتە قوبۇل قىلدى.

قاتاردىكى كوماندىرلارنىڭ بىرسى غودۇڭشىدى:

— نېمانچە ئېھتىيات قىلىدىغاندۇ... شۇنچىمۇ يول قويغان بارمۇ؟ ... مۇنداق يول قويىۋەرسە، ئاخىرقى نۆۋەتتە ئۆزىمىز بەربات بولمامدۇق...

— شۇنداق، ئېيتقىنىڭىز توغرا، ئۇلار توغرۇلۇق خام خىيالدا بولۇش بەربات بولۇش دېگەن گەپ، — گېنېرال ئۆز سۆزىگە كۆچتى، — خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «قازاقلارنىڭ ئۇرۇمچىدىكى نوپۇزلۇق ئادەملىرى ئالتايغا قايتۇرۇپ بېرىلسە، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىنسا ھەم چېگرادا تۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتىپ بېرىلسە...» بىز بۇنىڭدىن ئىلى تەرەپ بىلەن ئوسمان ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بارلىقىنى سېزىۋالدۇق.

كوماندىرلار جانلاندى ۋە خەتنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلىشىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن سۆزلەپ كېتىشتى:

— ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپلا ئەمەس، ئۇلار ھازىر تامامەن قارىمۇقارشى مەيدانغا ئۆتۈشۈپ بوپتۇ.

— نوپۇزلۇق ئادەملەرنى سورىشى ئىلى تەرەپكە تاقابىل

www.uyghurkitap.com

تۇرۇش ئۇچۇن كۆچ توپلاشنىڭ كويىغا چۈشكەنلىكى...

— بىزدىن مەدەت تىلەشنىڭ ئۆزى — ئۇلاردىن چەك-چېگرانى ئاللىقاچان ئايرىۋالغانلىقى.

— ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئاساسى بولمىغانلىقى ئۇچۇن ئەلۋەتتە ئىقتىسادىي تەرەپتىن كەڭ قوللۇق بىلەن يۆلەش كېرەك - دە! ...

— بىز قىلالمىغان ئىشلارنى ئەمدى ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق قىلغىلى بولىدۇ، «ئوغرىلار» بىزنىڭ ئوتتۇز مىڭغا يېقىن ئەسكىرىي كۈچىمىزنى يوقىتىۋەتتى. مېنىڭچە بولغاندا، ئوسمانغا قانچىلىك بولسىمۇ ياردەم بېرىش كېرەك، ئىلھام بېرىش كېرەك. چۈنكى، ئۇ بىز قىلالمىغان ئىشنى قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇ قىلالايدۇ. ئۇنىڭغا پۈتۈن ئالتايدىكى كىشىلەر ئەگىشىدۇ، ئۇ جۈرئەتلىك، قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان ئادەم، شۇڭا ئۇ «باتۇر» ئاتالغان، زىيانلىرىمىزنى ئۇ ئارقىلىق تولۇقلىۋېلىشىمىز مۇمكىن، — دېدى گېنېرال ۋە كوماندىرلىرىنىڭ كەيپىياتىغا — ئۆز سۆزىنىڭ، بېرىۋاتقان مەلۇماتلىرىنىڭ ئۇلارغا قانداق تەسىر قىلىۋاتقانلىقىغا سەپسالدى، — ئوسماننىڭ ۋەكىللىرى قوبۇل قىلىشتا ئېيتالمىغان سۆزىنى، قوبۇل قىلىشتىن كېيىن ئايرىم ئاغزاكى ئېيتتى: بىزدىن قورال - ياراغ سورىدى.

— دېمەك، ئەمدى ئوسمانغا تامامەن ئىشىنىشكە بولىدىكەن، — دېدى كوماندىرلاردىن بىرسى ئىشەنچ بىلەن.

— لېكىن، باشقىچە قاراشمۇ بار، — قوماندان ئەمدى ئازادە ئولتۇرۇپ جىددىيلەشمەي سۆزلىدى، — بىز ئۇلارنىڭ زىددىيىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇلارنى تامامەن بۆلۈپ پارچىلاشنى، ئوسماننىڭ قورال - ياراغلىرىنى ۋە باشقا لازىمەتلىكلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇقلاپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق...

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىش كېرەك!

— ئايائماي زامانىۋى قورالىلارنى بېرىش، ھەربىي مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتىش، بەلكى قوشۇن يۆتكەپ بېرىش كېرەك !

— مۇنداق پايدىلىق ئامىلنى بىز قانچە كۆچەپمۇ تۇرغۇزالمايمىز، بۇنى غەنىيمەت بىلىپ، دېڭەنلىرىدىن ئوشۇق بېرىش كېرەك ! ...

گېنېرالنىڭ سۆزى ماقۇللىنىپ، ئالقىشلىنىپ تۇردى.

— بىراق، رەئىس جاڭ جىجۇڭ بەك ئېھتىياتچان ئادەم، ئۇ: بىتىم يېڭىلا ئىمزالاندى، ئىلى تەرەپ بىلىپ قالسا، سۆركىلىش بولۇپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ تۇرۇۋالدى.

— بۇگۇنكى يىغىنغا رەئىس جاڭ جىجۇڭ قاتناشقان بولسا، ياخشى بولاتتىكەن، — دېدى كوماندىرلاردىن بىرسى.

— ئۇمۇ ھەربىي ئادەم، «بولمايدۇ ! » دەپ بىرلا بۇيرۇق بىلەن توختىتىپ قويسا قانداق قىلىسىز؟ بۇيرۇقتىن يېنىش قىيىن - دە، بىراق بىزمۇ نۇرغۇن دەلىللەرنى كۆرسەتتۇق. پۈتۈن شىنجاڭدا ۋەزىيەتنىڭ نېمە ئۈچۈن پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا قورقۇنچلۇق بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇ پايدىلىق ئامىلدىن پايدىلىنىشنىڭ ئىستىقبالىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلىدۇق...

تاتۇق كوماندىر گېنېرالنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ چىقتى:

— ئۇلارنى ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، پۇختا تەييارلىق قىلىشىمىز، ئوبدان ھالسىرىغاندا، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتسەك، ئۇلارنى جىمجىت قىلىۋەتكىلى بولىدۇ، مۇشۇ يۆتكىلىشلا بىزنىڭ ئىستىقبالىمىزنى جەزمەن يورۇتىدۇ، — دېدى ئۇ.

— ئاخىر رەئىس جاڭ جىجۇڭ دېگەنلىرىمىزگە مۇۋاپىق دەرىجىدە كۆندى: ئازراق قورال - ياراغ، ئوق - دورا، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىدىن بېرىشىمىزنى ئېيتتى. بىراق، بۇ خىزمەتنى قەتئىي مەخپىي ئىشلەش، ئەخمەتجان قاتارلىقلارنىڭ بىلىپ قالماسلىقىنى قاتتىق تاپىلىدى.

يىغىندىكىلەرنىڭ بۇ خۇپىيانە ئىشلىنىۋاتقان ئىشلاردىن ھەر ھالدا كۆڭلى ئەمىن تاپتى ۋە ئەكىرىپ قويغىلى خېلى بولغان تەخسە ـ تەخسىلەردىكى گۆشلۈك سانجى قوغۇننى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە تۇتۇندى. بۇ چاغ كېچە سائەت ئۈچ بولغان بولۇپ، ئۇرۇمچى شەھىرى تېخىمۇ جىمجىتلىقتا چۆككەندى.

— چەت ئەللەردە بولسا، — دېدى بىرسى ئىككى جاۋغىيىدىن تېمىپ چۈشۈۋاتقان قوغۇن شىرنىسىنى ئېرتىپ، — مۇشۇنداق بىر دانە قوغۇن خېلىلا پۇلغا يارايدىكەن، بۇ يەردە چويلىغا توختىمايدىغان پۇلغىلا بىرنەچچىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

— بۇ گۆھەردەك ئېسىل يەر، يايلىقى خۇددى دۆلەتمەن ئادەمنىڭ پۇلىدەك تۈگىمەيدۇ.

— باينىڭ پۇلىمۇ تۈگەيدۇ، لېكىن بۇ يەرنىڭ بايلىقى سېھىرلىك خەزىنىدەك تۈگىمەس ... ئىسىت، مۇشۇنداق يەرنى «ئالتە ئوغرى» غا تارتقۇزۇپ قويساق، ئەڭ ئاددىيسى نومۇسقىمۇ قالارمىز ـ ھە؟ تۈگىمەس ئەلەمدە قالامدۇق...

— ھېلىمۇ بايلىقى ئەڭ مول بولغان ئۈچ ۋىلايەتنى تارتقۇزۇپ بولدىڭىز، — دېدى قوماندان ئاچچىق تەنە ئارىلاش، — مۇشۇنداقلا ئۇرۇش قىلساق، نومۇسقا ئەمەس، شان ـ شۆھرەتكە ئىگە بولىمىزغۇ... غادىيىپ قايتارمىز... بىزدە غەيرەت، جاسارەت، ئىرادە يوق.

شىمالىي فىرونت كوماندىرلىرىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، باش كۆتۈرەلمەي قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ تەنىسى باشقا يەرلەردىن كەلگەن كوماندىرلارغىمۇ تەگمەي قالمىدى.

— قېنى، قۇلىقىڭلار بۇياقتا بولسۇن، — دېدى ئۇ، — سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرىمەن. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئوسماننىڭ لاتىپ باشلىق بىر تۇركۈم ۋەكىللىرى يەنە كەلدى. ئۇلار ئوسماننىڭ خېتىنىمۇ ئەكەپتۇ. خەتتە ئۆتكەنكى سورالغان نەرسىلەردىن باشقا يەنە ئالتايدا دائىم تۇرىدىغان ۋەكىل ۋە تېلېگراف ئاپپاراتى ئەۋەتىپ بېرىش، ھۆكۈمەت ئالتاينىڭ

راسخوتىنى بىۋاسىتە ئاجرىتىپ بېرىش سورالغان. خەتنىڭ ئاخىرىدا ئوسمان مۇنداق دېگەن: «ئالتاي قىزىللىشىپ كەتتى، خەلق دىنىي ئېتىقادتىن مەھرۇم قىلىندى، مېنىڭ سىنالغان، قابىل ئادەملىرىمگە يۇقىرى ھوقۇق - مەنپەئەت بەرمىدى، مېنى چەتكە قېقىپ، ئورنۇمغا دەلىلقان دېگەن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇغان بىر دۆتنى دەسسەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ... مەن چوقۇم ئۇلار بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىمەن. شۇڭا، مەن سىلەردىن ياردەم سورىدىم». رەئىس جاڭ جىجۇڭ بۇنى بىلگەندىن كېيىن مۇنداق يوليورۇق بەردى: ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرىي خىراجىتىنى ئەمدى ئىلى تەرەپ ئارقىلىق ئەمەس، بىۋاسىتە ئاجرىتىپ بېرىش، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيلىق تامغىسىنى ۋەكىل لاتىپتىن ئەۋەتىپ بېرىش، ئوسماننىڭ ئەسكەرلىرىگە ھازىرغىچە بەش يۈز دانە مىلتىق، ئوتتۇز دانە ھەر خىل پىلىموت، يېتەرلىك ئوق يەتكۈزۈپ بېرىش، ئوسماننىڭ يېنىدا ئىشلەيدىغان ئۈچ كىشىلىك بىر گۇرۇپپا، تېلېگراف ئاپپاراتى ئەۋەتىشنى، ئۈچ كىشى ئەھۋاللارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇرۇشنى ئۇقتۇردى، ئوسمانغا ۋە كەلگەن ۋەكىللەرگە ئايرىم - ئايرىم سوۋغا ھەدىيە قىلىشنى تاپىلىدى. ئاخىرىدا جاڭ جىجۇڭ يەنە بۇ خىزمەتلەرنى ئىلى تەرەپتىن قەتئىي مەخپىي تۇتۇشنى جېكىلىدى. ۋەكىللەر ھازىر جانىمقاننىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلار ئەتە يولغا چىقىدۇ، جانىمقان بۇ ئىشتا كۆپ كۈچ چىقاردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئوسماننىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولۇپ قالدى.

— جانىمقاننىڭ خىزمىتىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك، — دېدى يىغىندىكىلەرنىڭ بىرسى، — ئۇنىڭ خىزمىتى بىزنىڭ ئىستىقبالىمىزغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەت ئىكەن.

— بىز ئۇنىڭ تۆھپىسىنى ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق، باققان ئىتنىڭ ئوۋلىغان ئولجاڭنى خەتەرلىك جايدىن ئەكېلىپ بېرەلىسە، ئۇنى ئەتىۋارلايسەن - دە، ئولجاڭنىڭ بىر قىسمىنى

ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا بېرىسەن. شۇڭا، بىز ئۇنى باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىدىن مالىيە نازارىتىگە نازىر قىلماقچى بولۇۋاتىمىز.

قوماندانىنىڭ يەتكۈزۈۋاتقان يېڭىلىقلىرى يىغىندا ئولتۇرغانلاردا روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈك قوزغىدى، لېكىن ئۇ ئانچە ئۇزاققا بارمىدى: شىمالىي فىرونتنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغان كوماندىرلارنىڭ روھىي كەيپىياتىغا، ھېسسىياتىغا تازا دىققەت قىلغاندا، ئۇلاردا بىر خىل چۈشكۈنلۈكنىڭ چىقىپ تۇرغانلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ يادىغا قوماندانلىققا بەرگەن ۋەدىسى، ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى كېلەتتى ۋە ئاشۇ ۋەدىلەرنىڭ دەھشەتلىك قىيقاس ــ چۇقانلار ئىچىدە شىردەك ھۆركىرەپ كەلگەن كۈچلۈك ئاياغلار ئاستىدا يانجىلىپ ئۆچكەنلىكىنى دەممۇدەم ئەسلەيتتى. كىشىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئەلەم بىلەن يانسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولامدۇ؟ ... ئۇلار ئۆز تارىخلىرىنى مەغلۇبىيەت، ئەلەم، ئازاب بىلەن يازىمەن دەپ ئويلىمىغان ــ دە، ئالتە توك ــ توكنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ، دەپ غالۋارىغان، بىراق ئاشۇ ئالتە توك ــ توكنىڭ غەزىپىدىن ئۈمچىيىپ، خۇددى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك دىڭگۇكلاپ قېلىش ــ ئېيتقۇسىز ئازاب ئەمەسمۇ... بۇنداق ئېغىر ئازابنىڭ ئىپادىلەنمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟! ...

بۇنداق ئەھۋالغا تېخى پۈتۈنلەي دۇچ كەلمىگەن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەم شەرقىي شىنجاڭدىن كەلگەن كوماندىرلارنىڭمۇ روھىي كەيپىياتىنى ئۇستۇن دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ئەتراپىدا پەيدا بولغان ئۇچقۇنلار، يالقۇنلۇق ئاۋازلار ئۇلارنىمۇ دەككە ــ دۈككىگە سېلىپ قويغان. ئوت ئۇلغايسا، ئۆچۈرمەك تەس، بەلكى ئۆچۈرىمەن دەپ كۆيۈپ كېتىشىڭمۇ مۇمكىن... شىمالىي فىرونت كوماندىرلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر ئازابتى ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟...

شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابىنىڭ قوماندانى خۇددى بۇيرۇق بېرىدىغاندەك سۇرلۇك تۇستە ئورنىدىن تۇردى. باشقىلار خىياللىرىنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭغا قاراشتى.

— مىللىي قىسىملار ئۈچ فىرونت تەشكىل قىلغان، بىرىنچى شىمالىي فرونت، ئىككىنچى ئوتتۇرا فىرونت، ئۈچىنچى جەنۇبىي فىرونت، بىز بۇنىڭغا قارشى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن ئۈچ فىرونت تەشكىل قىلماقچىمىز، — گېنېرال ئەمدى كونكرېت مەسىلىلەرگە ئۆتتى، — بىز شىمالىي فىرونتتىن خاتىرجەم، ئوسماننى ئاساسەن قورالاندۇرۇپ بولدۇق، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، ئۇ ئۆزىمۇ ئاخىرغىچە ئېلىشماقچى. ئۇنىڭ ھازىر قوراللىق ئىككى مىڭدەك ئادىمى بار، قوراللىرى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، — ئۇ ئاۋازىنى كۆچەيتىپ ۋارقىرىدى، — گۇچۇڭ ئاتلىق دىۋىزىيە كوماندىرى!

گومىنداڭنىڭ گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق دىۋىزىيە كوماندىرى ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت سىز ئارقىلىق بولىدۇ!

— خوپ!

— ئوسماننىڭ ۋەكىللىرىنى ياخشى كۈتۈڭ، سوۋغا - سالاملارنى ئايىماي ئەۋەتىپ تۇرۇڭ، ھازىرغىچە بىرەر روتا ئەتراپىدا قوشۇن ئەۋەتىشىمىز مۇمكىن، ئالاقىنى ئۈزۈلدۈرمەڭ، بىزگە ۋاقتى - ۋاقتىدا ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇڭ، پەقەت قورال - ياراغ ئەۋەتىشنىلا بىز بىلەن مەسلىھەت قىلىسىز بولىدى.

— خوپ، بولىدۇ، گېنېرال جانابلىرى!

— ئوتتۇرا فىرونت مەسىلىسىنى مۇنداق قىلىمىز: ساۋەننىڭ ھاكىمى قالىبەك، ساقچى باشلىقى تاكامانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىلى تەرەپكە نارازىلىقى بار ئىكەن، ھەتتا ئۇلار مىللىي ئارمىيەنىڭ ساۋەندە تۇرۇشلۇق

www.uyghurkitap.com

ئىسكادروننى ئۆزلىرىگە مايىل قىلىۋاپتۇ، بولارنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، — ئۇ يەنە قاتتىق ۋارقىرىدى، — قۇتۇبىدا تۇرۇشلۇق دىۋىزىيە كوماندىرى!

گومىنداڭنىڭ قۇتۇبىدا تۇرۇشلۇق دىۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرى ئورنىدىن چاچراپ تاق تۇردى.

— سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدىكى سەككىزىنچى پولكنىڭ كوماندىرى ئورازقانغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، ھۆرمەتلىك گېنېرال!

— بۇ پولكنى ئەسلىدە جانىمقان، خادىۋاڭلار قۇرغان، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، جانابىي گېنېرال!

— ئورازقان بىلەن قالىبەك ئەسلىدە دوست - ئاغىنە ئىدى، ئىلى توپىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە، ئورازقان بۇياقتا، قالىبەك ئۇياقتا ئىدى، خەيرىيەت، قالىبەك ئۇ توپىلاڭغا قاتناشتى ۋە ساۋەنگە ھاكىم قىلىپ قويۇلدى. بىراق، ئۇ چوڭراق ئەمەل ئويلىغان، ئىش كۆتكىنىدەك بولمىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمىتىدىن نارازى بولۇپ تاغقا چىقىپ يېتىۋالدى. چاقىرسىمۇ كەلمىگەن، بۇ بىز ئىگىلىگەن ئىشەنچلىك مەلۇمات. شۇنداق پەيتتىن پايدىلىنىپ ئورازقان ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك، ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى سەككىزىنچى پولك بولىدۇ. ئۇنىڭغا كەلگۈسىدە شىنجاڭدا ئوسماندىن كېيىنكى باشلىق بولىدىغانلىقىنى، بۇنى ھۆكۈمەت ئويلاشقانلىقىنى ئېيتسۇن.

— خوپ!

— پەيتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك. قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى.

— جەزمەن ئورۇنلايمەن، ھۆرمەتلىك گېنېرال!

ئۆزۈلدۈرمەي پۈراقلىق تاماكا چېكىشىپ ئولتۇرغان كوماندىرلارنىڭ ئەندىشىسى ئاستا - ئاستا تارقالماقتا ئىدى.

— ئاقسۇ — مۇزاتتىن فىرونت ئېچىش تەس بولۇۋاتىدۇ، —

دېدى قوماندان ئاخىرقى پىلانغا ئۆتۈپ، — ئۇ يەردىكى بىزنىڭ قىسىملىرىمىز بىر ئاز زەربە يېدى. ئۇ يەردىكى پوقىرالارمۇ ئىلىدىن ئۈمىدلىنىپ قالدى. قاراشەھەر تاغلىرى غەربتە ئىلى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇ يەر ھەرىكەتلىنىشكە قولايلىق، ئۇ يەردىكى موڭغۇل ئەسكەرلىرىدىن ھەم موڭغۇل ۋاڭىنىڭ يەرلىك ئەسكەرلىرىدىن قوغدىنىش نامى بىلەن بىر ئەترەت تۈزۈش ۋە قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا ئۆزۈمچى ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن داجىتىنى بەلگىلەش كېرەك. ئۇلار بىزنىڭ ساخاندا تۇرۇۋاتقان قىسىملىرىمىزنى ئارقا تىرەك قىلىپ، بىر تەرەپتىن مىللىي قىسىم ئىچىدىكى موڭغۇللار بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە قىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشى كېرەك.

— ھۆرمەتلىك گېنېرال، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق دىۋىزىيە كوماندىرى، — موڭغۇل ۋاڭ ۋە موڭغۇللار بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلىماسلىقى مۇمكىن.

— نېمە ئۈچۈن؟

گېنېرال تەئەججۈپلەندى.

— قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق بەشىنچى پولك، بولۇپمۇ خېجىڭدا تۇرۇشلۇق بىرىنچى باتالىيونىمىزدا ھەربىي ئىنتىزام بوشاشقان، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، باسقۇنچىلىق قىلىش بىلەن پۇقرالارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغان...

— نېمە... مۇشۇنداق جىددىي پەيتتىما؟ ... ئۇنداقلار جازالانمىدىمۇ؟...

گېنېرال ئۆڭدى.

— جازالاندى، ئۇلار بۇتخانىدىكى مىس بۇتلارنى ئوغرىلاپ، موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغان، موڭغۇللارنىڭ نارازىلىقى كۈچلۈك، ئۇلارنىڭ نارازىلىقىنى قانداق يوقىتىش مۇمكىن؟

گېنېرال خۇددى ئاۋۋال ئويلىنىۋالغاندەك دەرھال جاۋاب بەردى:

www.uyghurkitap.com

— هال سوراش، ئاقساقاللىرىغا سوۋغا تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ھەرقانداق قاتتىق نارازىلىقنى يۇمشاتقىلى بولىدۇ. بىز بۇ يەردىن موڭغۇللارنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن ھال سوراش، كەچۈرۈم سوراش ئۈمىكى ئەۋەتىمىز، سىلەرمۇ بىر ئۆمەك تەشكىل قىلىڭلار، سىز بېرىڭ، كەچۈرۈم سوراڭ، يىلىنىڭ، ئايىغىغا يىقىلىڭ... قاپىقى ئېچىلمىغىنىنى مەن كۆرەي، ھەرقانداق يامان ئىتتىڭمۇ بېشىنى سىلىسىڭىز ئەركىلەيدۇغۇ... سوۋغا - سالامىنىڭ سىزدىن چوڭراق يۈزى بولىدۇ.

— جەزمەن شۇنداق قىلىمىز، ھۆرمەتلىك گېنېرال!

گېنېرال ئۇزۇن سۆزىنى — ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يۇمشاق ئورۇندۇققا ئولتۇردى، ئۇ تەرلەپ، قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئىستاكاندىكى سوۋۇپ قالغان چېيىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى، قول ياغلىقى بىلەن يۈزلىرىنى سۈرتتى - دە، تاماكىسىنى ئالدىرىماي تۇتاشتۇرۇپ چېكىشكە باشلىدى.

ھەرقايسى سەپلەردىن كەلگەن كوماندىرلارنىڭ يۈزلىرىدە، كۆزلىرىدە ئەكس ئەتكەن بايىقى چۈشكۈنلۈك، ئالەم ئالامەتلىرى تارقاپ، ئۇلار خېلىلا خاتىرجەملىنىپ قالدى ۋە ئۆزئارا گۇدۇڭلىشىشقا باشلىدى.

قوماندان قولىدىكى تاماكىسىنى تېخى چېكىپ تۈگەتمەستىنلا ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئېيتتى:

— بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي ماجىرالاردىن قەتئىي ساقلىنىڭلار، ئۈچ ۋىلايەتكە چېتىشلىق بار گۇمانلىق ئادەملەرنى دەرھال قويۇپ بېرىڭلار، بىلىشىڭلار كېرەككى، بۇ بىزنىڭ يۇقىرىدا سۆزلىگەن مۇددىئا - پىلانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل! قېنى تارقىلىڭلار، تاڭ ئېتىپ قالدى.

# ئون بىرىنچى باب

بۇ، سېھىرگەرنىڭ ئالىقىنىدەك ئاجايىپ سىرلىق يەر، بىر قارىساڭ جىمجىت، ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ، قويۇق قارىياغاچ جاڭگاللىق. ھەممە نەرسە — پولك ئىشتابىلىرىدىن تارتىپ ئات ئېغىللىرىغىچە يەر ئاستىغا جايلاشقان. بۇ يەر ئاستى ئۆيلىرىگە نەچچە پولكنىڭ جايلىشىپ كەتكەنلىكىنى كىممۇ بىلسۇن، تېخى مەخپىي پوستلارنىڭلا ئەمەس، ئاشكارا پوستلارنىڭمۇ، قەيەردە، قانداق ھالەتتە تۇرغانلىقىنى ھېچكىممۇ بىلمەيدۇ. بىر قارىساڭ، شۇنچىلىك ئاۋات — ھەربىي مەشقلەر شىددەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، نۇتۇق - لېكسىيەلەر سۆزلىنىۋاتقان، كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك ھۈنەرلەر ئۆگىنىلىۋاتقان جۇشقۇن يەر، روتىلار، ۋىزۋوتلار ئايرىم - ئايرىم ئوخشىمىغان پائالىيەتتە.

ئەنە، قارىياغاچلارغا يۆلىنىپ بىر تۈركۈم جەڭچىلەر ئولتۇرۇشىدۇ، ئۆرە تۇرۇشىدۇ، بەلكى رازۋېدكىچىلار بولسا كېرەك، سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىدىن خاتىرىمۇ يېزىۋاتىدۇ.

— دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى بورانلىق قار - شىۋىرغانلىق، جۇدۇن - چاپقۇنلۇق مەزگىل ... رازۋېدكىچى ھەر خىل پۇراقلارنى سېزىشكە ماھىر، ھەر خىل قۇشلار جان - جانىۋارلاردەك سايراشقا ئۇستا بولۇشى كېرەك...

ئۇنىڭ نېرىسىدا بىر روتا جەڭچىگە قوراللارنى ئېتىش - ئىشلىتىش، رېمونت قىلىش، چۇۋۇش، تازىلاپ تۇرۇش، پاكىز تۇتۇش توغرىسىدا لېكسىيە قىلىنىۋاتىدۇ:

— قورال — جەڭچىنىڭ جېنى. جەڭدە جەڭچىنىڭ قورالىنى

ئىشلىتەلمەي قېلىشى — يۈرىكىنىڭ توختاپ قالغانلىقى بىلەن باراۋەر... شۇڭا قورالنى داۋاملىق ئاسراپ، پاكىز تۇتۇش لازىم...

ئۇنىڭ نىرىسىدا يەنە بىر توپ جەڭچىگە ھەربىي ئوستاپىتىن - بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ۋە ئۆيى ساقلاش توغرىسىدا دەرس ئۆتۈلۈۋاتىدۇ.

— ئۇرۇش قىلغاندا دۈشمەنگە رەھىم قىلماسلىق، دۈشمەن تەسلىم بولغاندا قان تۆكمەسلىك ۋە ئەسىرلەرنى قوغداش بۇ — ھەربىي ئىنتىزام! ...

ھەر خىل ھەربىي مەشىقلەرمۇ ئىنتايىن جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا:

بىر ۋىزۋوت جەڭچى يەر بېغىرلاپ يۈرمەكتە، شىغىللىق، تاشلىق يەردىن ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ، خۇددى كەپتەرنى ماراپ يۈرگەن مۈشۈكتەك يەرگە چاپلىشىپ ھەرىكەت قىلماقتا، ئازگالغا چۈشمەكتە، ئۆرىگە چىقماقتا، بىر نۇقتىنى كۆزىدىن قاچۇرۇۋەتمەسلىككە تىرىشماقتا.

ۋىزۋوت كوماندىرى قولىدىكى تاياقچە بىلەن جەڭچىنىڭ تاپىنىغا نوقۇدى:

— يەنە كۆتۈرۈۋالدىڭ، تاپانتىڭ سوڭنى يەرگە چاپلاپ يۈرۈشۈڭ كېرەك.

شىمالدىكى تاغقا بىر روتا جەڭچى يۈرۈش قىلدى، ئۇلارغا ئېغىر ۋەزىپە يۈكلەنگەن: تۈيدۈرماي يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردىكى «دۈشمەن» نى قان تۆكمەي تەسلىم قىلدۇرۇشى ۋە ئۇ ئىستراتېگىيەلىك ئورۇننى ئىشغال قىلىش كېرەك.

ئەنە، قارىياغاچلىقنىڭ چېتىدە گىرانات تاشلاش، قوچاقلىما جەڭ مەشقى ئېلىپ بېرىلماقتا، جەڭچىلەر «دۈشمەنلەر»گە ئىتتىك نەيزە ئۇرماقتا. ئاتاكىغا ئۆتكەن جەڭچىنىڭ تۈز سىزىق بويىچە يۈگۈرمەي، يىلان باغرى — ئەگرى - توقاي يۈگۈرۈشى كۆرسىتىلمەكتە.

ئويناقلاپ تۇرغان ئاتلار ئۈستىدىكى جەڭچىلەرنىڭ چىرايى

جىددىي تۇس ئالغان، قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقارغان. بىر ئورۇندا تۇرالماي تىپچەكلەپ تۇرغان ئاتلار قويۇپ بېرىلدى ۋە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆرۈلمەي، يالقۇنلىنىپ يېنىۋاتقان ئوت چەمبىرىكىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئىگىزلىكى بىر مېتىر، بىر مېتىر يىگىرمە سانتىمېتىر توسالغۇ تاملاردىن تاپىنى قىزىغان ئاتلار ئىرغىپ ـ ئىرغىپ سەكرىمەكتە. كەڭلىكى ئۈچ مېتىر، ھەتتا تۆت مېتىر خەندەكلەردىن «غۇي ـ غۇي» ئاتلاپ ئۆتمەكتە، خۇددى دۈلدۈلدەك ـــ ئايىغى يەرگە تەگمەيۋاتقاندەك چاپماقتا، ئۇچماقتا... يالىڭاچ قىلىچلىق جەڭچىلەر ئالدىدا قېچىپ بارغان «دۈشمەنلەر»گە غەزەپ بىلەن قىلىچ ئۇرماقتا، «دۈشمەن» باشلىرى يەرگە پۇلاڭلاپ چۈشمەكتە. ئەنە، «دۈشمەن» قورشاۋىنى بۇزۇپ چىققان ئاتلىق جەڭچىلەر، ئۇلار پۈتۈن گەۋدىسىنى ئاتنىڭ بىر تەرىپىگە چۈشۈرۈۋېلىپ، بىر قولى بىلەن ئاتنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ، يەنە بىر قولى بىلەن كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن «دۈشمەنلەر» گە قايرىلىپ ئوق ئۈزمەكتە ۋە ئۇلارنى دومىلاتماقتا.

ئورۇنلىنىۋاتقان ھەربىي مەشىقلەر ئارقىلىق جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئېشىپ، بۇ يەر ھەر كۈنى مەلۇم ۋاقىت جانلىنىپ كېتەتتى. بىراق، بىرلا بۇيرۇق ـــ سىگنال چېلىنىشى بىلەن بۇ يەردە ھېچكىم قالمايتتى. ھەممىسى باشقا مەشغۇلاتلارغا كۆچۈپ كېتەتتى يا زېمىلانكىلاردا ناخشا ـ ساز، يا قىزىقچىلىق ـ چاقچاقلار باشلىناتتى، يا بولمىسا گېزىت ئوقۇش ئېلىپ بېرىلاتتى.

شۇ تاپتا ئىككىنچى روتىنىڭ زېمىلانكىلىرىنىڭ بىرىدە يىغىلغانلار ئىچىدە ھېۋىز لاپچى بىلەن داۋۇتجان قىزىقچى راسا قىزىق گەپكە چۈشكەنىدى.

ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقى ـــ ھېۋىز لاپچى بىر لاپ ئېتىپ، ھەممىنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى ـ دە، ئۆزى ھېچ نەرسە دېمىگەندەك، ھۇزۇرلانمىغاندەك پەقەتلا كۈلمەيتتى. داۋۇتجان

قىزىقچى بولسا بىر قىزىق گەپنى قىلاتتى - دە، ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزى كۈلۈپ كېتەتتى. زېمىلانكا ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرغان جەڭچىلەر قىزىقچىلىقلاردىن ھوزۇرلىنىپ تېلىقىپ - تېلىقىپ كۈلەتتى. بەزىلىرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي دومىلاپ كېتەتتى. بۇمۇ شۇ كۈنلەردە جەڭچىلەرنىڭ ئالاھىدە قاتارغا قوشۇلغان كۆڭۈل ئېچىشلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. نۇرغۇن جەڭچىلەر ناخشا - ساز ياڭراۋاتقان زېمىلانكىلاردىن چىقىپ، قىزىقچىلىق بولۇۋاتقان زېمىلانكىلارغا كىرىۋالىدىغان بولدى. نېمىشقا دېسىڭىز، ناخشا - ساز بەرىبىر كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدۇ، ئاتا - ئانىڭىزنى ئەسكە سالىدۇ، يىراقتا يولىڭىزغا تەلمۈرۈپ تۇرغان گۈزەل يارىڭىزنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرىدۇ، ئازابلايدۇ... قىزىق گەپلەر كىشىنى كۈلدۈرىدۇ، ھوزۇرلاندۇرىدۇ، ھەممە ئازابلىق خىياللارنى يىراققا قاچۇرىدۇ، شۇڭا جەڭچىلەر ھەربىي دەرس - لېكسىيە ياكى جاپالىق مەشىقتىن چۈشۈپلا ھېۋىز لاپچى بىلەن داۋۇتجان قىزىقچىنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى.

— بىر كۈنى جىڭدىكى قومۇشلۇقتا تازا قاتتىق جەڭ قىلىۋاتاتتۇق، — دېدى داۋۇتجان قىزىقچى يەنە گەپ باشلاپ، — گومىنداڭچىلار ئۈچ تەرىپىمىزنى قورشىۋالدى. ئوق دېگىننىڭ مۆلدۈردەك ياغىدۇ. بومبا دېگىننىڭ ئاسماندىن تاش يېغىۋاتقاندەك چۈشۈۋاتىدۇ... ئاخىر ھېچ بولالماي، ھاشىر كاپىتان ئىككىمىز: «غۇلجا نەدىسەن؟» دەپ كەينىمىزگە چېكىندۇق. بىر چاغدا گومىنداڭنىڭ بىر كۆرەشچى ئايروپىلانى ئىككىمىزنى قوغلاپ كەلدى. بىز يەر بېغىرلاپ قاچاتتۇق، ئۇ غارقىراپ كېلەتتى - دە، دۈمبىمىزنى سىلاپلا ئۆتۈپ كېتەتتى، يەنە ئايلىنىپ كېلىپ سىلاپلا ئۆتۈپ كېتەتتى. بىزدە جان قالسۇنمۇ، ئايروپىلان كېچىچە قوغلىدى، بىزمۇ قېچىۋەردۇق، ئەتىسى ئەتىگەندە شىخودىن چىقىپ قاپتىمىز...

جەڭچىلەر پاراققىدە كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن



www.uyghurkitap.com

شىپقىدى.

— پاھوي ... بىر يۈز يەتمىش كىلومېتىر يولنى بىر كېچىدە كەينىچىلەپ ئۆملەپ بېسىپسىلەر - دە...

— توختاڭلار، ئاخىرى تېخى بار، — دېدى داۋۇتجان قىزىقچى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەتىگەندە قارىساق، ئايروپىلان يەنە كېلىۋاتامدۇ، ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، بىلمىدىكى ئارغامچىنى يېشىپ، بىر سالما تاشلاپتىكەنمەن، سالمام ئايروپىلاننىڭ بويىنىغىلا چۈشۈپتۇ، ھاشىر كاپىتان ئىككىمىز كۆچەپ تۇرۇپ راسا تارتىۋىدۇق، ئايروپىلان ئالدىمىزغىلا ئۆلۈك سارىدەك پوكلا چۈشتى. ھاشىر كاپىتان:

— چىق، داۋۇت، سەن كونا ئۇچقۇچىغۇ، — دېدى. مەنمۇ ئىككىلەنمەيلا ئايروپىلانغا ئىرغىپلا چىقتىم - دە، ھەيدىدىم، ئايروپىلان ئاسمانغا قۇشتەك يېنىكلا چىقىپ كەتتى، ئاسمانغا چىقىۋالغاندىن كېيىن بىزمۇ بوش كەلمەيمىز - دە، شىخودىكى، چەپەيزىدىكى گومىنداڭنىڭ سان - ساناقسىز پوتەيلىرىنى ئوققا تۇتۇپ كۇلىنى كۆككە سورۇۋەتتۇق...

— شۇمۇ قىزىق گەپ بوپتۇمىش، قىزىقچى بولساڭ ئادەمنى كۈلدۈرۈپ، ئۈچىيىمنى ئۈزۈۋەت، — دېدى ھېۋىز لايچى نۆۋەت ئېلىپ.

— ئۈچىيىمىزنى ئۈزۈۋېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشما بىزنى يەنە، — دېدى جەڭچىلەردىن بىرسى.

— قورقما، يەنە بىر قىزىق گەپ بىلەن ئۇلاپ قويىمىز، — ھېۋىز لايچى گېپىنى باشلىدى، — غۇلجىدا لەڭشاڭنى ئالالمايۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرى، ئالدىمىزدىكى چوڭ پوتەي ئەجدىھادەك ئوت چېچىپ تۇرىدۇ. پوتەيىنى پارتلىتىمەن دەپ نى - نى يىگىتلەر ئۇ دۇنياغا كەتتى. ئىچىم تىتىلداپ كېتىۋاتىدۇ يا كوماندىر ماڭا رۇخسەت قىلمايدۇ، ئاخىر ئۇ:

— ھېۋىز، سەن بارمىساڭ بولمىدى، — دېدى ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇرۇپ، — تۆت بومبىنى قول ياغلىقىم

بىلەن چىگىپ ماڭدىم. پوتەيگە يېقىن باردىم ـ دە، كەلتۈرۈپ تۈرۈپ بىر ئېتىپتىكەنمەن، پوتەي دېگىنىڭ كۆلدەك تۈزۈپ كەتتى. بىر چاغدا قارىسام، ئىككى گومىنداڭ ئەسكىرى ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. بىرسى ئورۇق، بىرسى سېمىز، سېمىزى ئۈستىدە، ئورۇقى ئاستىدا...

— پاھ... سېمىزى يېنىك ئىكەن ـ دە...

— يېنىك بولمىغان بىلەن — دېدى ھېۋىز لايچى چىرايىنى ئۆزگەرتمەي، ئۇ قوش قاناتلىق ئىكەن. ئۈستىدىكى سېمىزى ئورۇقىدىن سورىدى:

— ھەي، بۇ كىمنىڭ بومبىسىدۇ؟

ئورۇقى جاۋاب بەردى:

— سەن تېخىچە بىلمىدىڭما، بۇ ھېلىقى ھېۋىز باتۇرنىڭ ئاتقان بومبىسى ئەمەسمۇ؟!

— شۇ... مەنمۇ ھېۋىزنىڭكىمىكىن دېۋىدىم، ئۇنىڭلا بولسا، بىز مۇشۇنداق بولاتتۇق.

جەڭچىلەر تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشتى، سۆز ئارىلىقلىرىدىمۇ كۈلۈشتى، بەزىلەرنىڭ كۈلمۈۋېرىپ، مەيدىسى ئاغرىپ كەتتى، بەزىلەر تېلىقىپمۇ قالدى. كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ، سىرتتىن كىرگۈچىلەر كۆپەيدى. بىر ۋىزۇوت يېتىپ ـ قوپىدىغان زېمىلانكا ئىچى يۈزدىن ئوشۇق ئادەم بىلەن تولۇپ كەتتى.

— سەن تاۋۇز تېرىپ ساتىدىغان باققالدەك، پارچە ـ پۇرات ئوقەتچى بولۇپ قاپسەن، — دېدى داۋۇتجان قىزىقچى.

— قېنى، سېنىڭ توپلاپ ساتىدىغان ماللىرىڭنى كۆرۈپ باقايلى، — دېدى ھېۋىز لايچى.

— بىر كۈنى غۇلجىدىن تېلېگرامما كېلىپ قالدى، — دېدى داۋۇتجان قىزىقچى، — ئوقۇسام، مېنى قۇربان ھېيت نامىزىغا ئىمامەتچىلىك قىلىپ بەرسۇن، دەپ چاقىرتقان تېلېگرامما ئىكەن. بوپتۇ، بارسام باراي، دېدىم ـ دە، ھېيت كۈنى تاڭ سەھەردە ئايروپىلان بىلەن باردىم. ئايرودرومدا ئابدۇكېرىم

ئابباسوف ئالدىمغا چىقىپ تۇرۇپتۇ:

— سىزنى يىتىپ كېلەلمەسمۇ دەپ ئەنسىرىدۇق، ھەرھالدا ۋاقتىدا كەلدىڭ، ماڭايلى، پۈتۈن جامائەت ساڭىلا قاراپ تۇرىدۇ، — دېدى ئابباسوف خۇشال بولۇپ. مەدرىسەنىڭ ئالدىغا كەلسەك، راست دېگەندەكلا جامائەت مېنىڭ يولۇمغا تەلمۈرۈپ قارىشىپلا تۇرۇپتىكەن. مېنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. مېنىڭ ئىمامەتچىلىكىمدە ناماز باشلاندى... ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللا، دەپ ئوڭ يېنىمغا قارىسام، ئەخمەتجان ئەپەندىم، ئىسھاقبېك، رەخىمجانلار ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللا، دەپ سول يېنىمغا قارىسام، موڭغۇل دىۋىزىيون، شىبە ئىسكادرونىنىڭ كوماندىرلىرى سەللىلەرنى ئوراپ ئولتۇرۇشۇپتۇ...

زىيىلانىكا ئىچى كۆچلۈك كۈلكە - قىيقاستىن تىترەپ كەتتى.

— بوپتۇ، قىستاپ تۇرۇۋالدىڭلار، ئۈچىيىڭلارنى ئۈزۈلۈپ قويسام قوياي، — دېدى ھېۋىز لاپچى، — ئەمما يەنە ئۈزۈلۈپ كەتسە مەن تۆلىمەيمەن.

— بولدى، بىز گە ھېساب.

— بىر كۈنى پولكوۋنىك ئىزامىدىننىڭ ئېتىنى سۇغارغىلى ماناس دەرياسى بويىغا چۈشتۇم، ئات ئاچ كۆزلۈك بىلەن راسا سۇ ئىچىۋاتاتتى. بىردىنلا ئۇ قاتتىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ پىلىموتىدىن ماڭا قارىتىپ ئاتقان ئوقلىرى ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. قولۇمدىكى قامچىنىڭ دەستىسى ئىرغايدىن ئىدى، كەلگەن ئوقلارنى قامچا دەستىسى بىلەن بىرمۇبىر توك، توك، توك، توك، توك... ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىمەن. ئاتنى خاتىرجەم سۇغىرىپ قىرغاققا چىقىپ كېتىۋاتسام، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يەنە ماڭا قارىتىپ پىلىموتنى قويۇۋەتتى... شۇنداق قارىغۇدەك بولسام، بىر كىچىك بالا ئەپكەشتە سۇ ئېلىپ كېتىۋېتىپتۇ، ئاتتىن ئېگىشىپلا بىر چېلەكنى ئېلىپ، سۇيىنى تۆكۈۋېتىپ

بېشىمغا كىيىۋالدىم. ئۇچۇپ كەلگەن ئوقلار چىلەككە داراڭلاپ تېگىپ، توكۇرلاپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

لاپچىلىق - قىزىقچىلىقلار راسا قىزىپ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاغدا، بۇ يەردىن خېلىلا نېرىدىكى زېمىلانكىدا — باتالىيون ئىشتابىدا — گايىتنىڭ ئالدىدا بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ ۋىزۋوت كوماندىرى مەخەت تۇراتتى. گايىت قاتتىق چېچىلغان، ئۆسكەن ساقال - بۇرۇتلىرى تىترەپ كەتكەن... ئۇ ئۆزىنى بىلمىگەن هالدا ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى، مەخەتنىڭ ياقىسىدىن ئالاتتى، قولىنى كۆتۈرەتتى، بىراق قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىكى تاتۇققا كۆزى چۈشەتتى - دە، قول تەگكۈزۈشتىن يالتىياتتى.

— سەن ئادەم ئەمەسسەن! ... ئېشەكسەن، ئېشەكتىنمۇ بەتتەرسەن... — گايىتنىڭ كۆك كۆزلىرى دەهشەتلىك يانغان، تىكەنلەشكەن سېرىق ساقال - بۇرۇتلىرى تىترەيتتى.

مەخەت ئۆز ئىقرارىنى يەنە دۇدۇقلاپ سۆزلەپ چىقتى.

— شۇنچىلىك بولۇپ كەتكەن بولساڭ، ماڭا دېسەڭ بولماسمۇ، هەي بۇقا! ... مەن ساڭا نى - نى چوكانلارنى تېپىپ بەرمەيتتىممۇ...

مەخەتنىڭ كەينىدە مىلتىق تەڭلەپ تۇرغان جەڭچى كۈلۈۋېتىشكە تاس قالدى.

— راست، مەن جەزمەن تېپىپ بېرەتتىم، — دېدى گايىت كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

مەخەتنىڭ لەۋلىرى ئاران مىدىرلىدى:

— مەن يېڭىلدىم، تۈگەشتىم... يولداش كوماندىر.

— يېڭىلدىم، تۈگەشتىم؟ ... نېمە دەۋاتىسەن؟ ئەمدى پۈتۈنلەي بەربات بولدۇڭ...

رەسۋايى گۇناھ ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرگۈسىز ساڭگىلاتقانىدى.

— قانداق، كۆڭلۈڭنىڭ كەينىگە كىرسەڭ، ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلىمىدىكەن؟ — ئۇ مەخەتكە مىلتىق تەڭلەپ تۇرغان جەڭچىگە

قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ھەيدە! قاماپ قوي بۇ شەرمەندىنى! ...

ئۇنى ھەيدەپ چىقىپ كەتتى، باتالىيون كوماندىرى تىترەپ كەتكەن قوللىرى بىلەن بىر ئورام تاماكىنى تەسلىكتە يۆگىدى. ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ، قاتتىق - قاتتىق شوراپ چەكتى ۋە بىر مىنۇتتىلا كىچىككىنە قالغان قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ، دەسسەپ ئۇچۇردى - دە، ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بېشى قايانتى، كۆزلىرى ئىمىر - چىمىر قىلاتتى، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پولك ئىشتابىغا قاراپ، قەدىمىنى يوغان - يوغان ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ پولك ئىشتابىغا كىرىپ، يۈز بەرگەن ۋەقەنى بايان قىلغاندا، پولك كوماندىرى نىزامىدىن ئۆزىگە ئوخشاش جىددىيلىككىمۇ چۈشمەي، غەزەپلەنمىگەندەك، تەمكىن ئولتۇرۇپ، سوئال سوراشقا باشلىدى:

— ئۇ خەنزۇ قىزى قەيەردە تۇرىدىكەن؟

— بىزنىڭ ئايغىمىزدىكى جاڭزىدا، بىر ئائىلىنىڭ يالغۇز قىزى ئىكەن.

— قىز ئۆيدە يالغۇزمىكەن؟

— ياق، يولداش پولكوۋنىك، — دېدى ئۇ، — ئۆيدە قىزنىڭ دادىسى، ئانىسى بار ئىكەن.

— خوش؟

ۋەقەنى تەپسىلىيرەك سۆزلەشكە باشلىدى ئۇ:

— مەخەت بارغاندا، ئۇ ئائىلىدىكىلەر ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ، مېھمان قىپتۇ. قىزى ئۆيغۇرچىنى ياخشى سۆزلىگىنى ئۈچۈن، دادىسى بىلەن ئانىسى قىزىنى يالغۇز قالدۇرۇپ، دالان ئۆيگە چىقىپ كېتىپتۇ. جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دېگەندەك، بۇ مەخەتكە ياخشى پۇرسەت بوپتۇ. مەخەت پوخۇرلۇق قىلىپ، قىزنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى تۇتۇشقا باشلاپتۇ. قىز ئۇنىڭ نىيىتىنى بىلىپ نېرىراق ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئاخىر قىزنى مەجبۇرىي كارىۋاتقا بېسىپتۇ... قىز تېپچەكلەپ ۋارقىراپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەندىن كېيىن، دادىسى بىلەن ئانىسى ئالاقزادە بولۇشۇپ يۈگۈرۈشۈپ كىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەخەت ئىككىسىگە تاپانچىسىنى تەڭلەپ، دالان ئۆيگە ھەيدەپ چىقىپتۇ ـ دە، قىزنى قاچۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن، دادىسىنىڭ يانپىشىغا ئېتىپ، ئۇنى ئورنىدىن قوپالماس قىلىپ قويۇپتۇ، ئانىسى بۇ ھالنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. سارايدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ چىققان قىزنى مەخەت خۇددى سار چۈجىنى ئالغاندەك بىر قولى بىلەن كۆتۈرۈۋېلىپ، ساراي ئۆيگە ئەكىرىپتۇ ـ دە، مەقسىتىگە يېتىپتۇ...

— ئۆزى ئىقرارمۇ؟

— ئىقرار.

— ھەممىسىنى بويىنىغا ئالدىمۇ؟

— مېنىڭ ئېيتقانلىرىم ئۇنىڭ ئەينەن ئۆز سۆزى، يولداش پولكوۋنىك، — دېدى گايىت دەرھاللا، — ئۇرۇشلاردا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ جىنايىتىمنى يۇسام، دەيدۇ.

نىزامىدىن ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى:

— ئۇنداق جىنايەت ئۆتكۈزمەيمۇ ھەممە جەڭچى باتۇرلۇق كۆرسىتىۋاتىدۇ، — دېدى نىزامىدىن ۋە ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى، — بىز ئىنقىلابىمىزنى ساغلام ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك!

— ئۇ ئۆزىمۇ قوش ئوردېنلىق — «باتۇرلۇق»، «پىدائىي» لىق ئوردېنلىرى ئالغان... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھەممە قىلمىشلىرىنى راستچىللىق بىلەن تولۇق بايان قىلدى.

نىزامىدىن يېنىپ كەتكەن سۇرلۇك كۆزلىرىنى گايىتقا تىكىپ تۇرۇپ:

— نېمە دېمەكچى بولىسىز؟ كەچۈرۈم قىلىش كېرەك، دېمەكچىمۇسىز، — دېدى.

— كەچۈرۈم قىلمىغان تەقدىردىمۇ، ھەرھالدا... — گايىتنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى.

نىزامىدىن كېسىپ ئېيتتى:

— بىھۇدە ئۇرۇنماڭ، بىزنىڭ ئارمىيەمىزنىڭ شەنىگە ھېچكىم داغ تەگكۈزەلمەسلىكى كېرەك ھەم تەگكۈزەلمەيدۇ! ئارمىيەمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى، ساپلىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك! بىلىشىڭىز كېرەككى، ئارمىيە ئىنتىزامى، كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئۈلگىلىك ئەخلاق - پەزىلىتى ئۇنى مەڭگۈ ئۆرە تۇرغۇزالايدۇ ۋە ياشنىتالايدۇ، كۆكسى ئوردېن - مېداللار بىلەن تولغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم!

— يولداش پولكوۋنىك، يەنە بىر ئىش بار.

— خوش؟

— بۇ ئىشنى نادەممۇ بىلەتتىكەن...

— نېمە! ... — نىزامىدىن بېشىنى ھەرە چاققان ئادەمدەك ئىتتىك كۆتۈردى، — مەسىلە ئۆتۈشتىن ئالدىنمۇ؟

— شۇنداق، يولداش پولكوۋنىك، — گايىت ۋارىسجاندىن ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتتى، — مەخەت بۇ ئىشقا نادەمنى سايە قىلغان، بىللە بېرىپ ئوينايلى، دېگەن.

نىزامىدىن تېز - تېز سوئال قويۇپ تۇراتتى:

— نادەمچۇ؟

— نادەم دەسلەپتە ماقۇل دېگەن...

— خوش؟

— كېيىن يېنىۋالغان، مەخەت: سەن بارمىساڭ مەيلى، ئۆزۈم بېرىۋېرىمەن دېگەن، نادەم قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرگەن، سۈكۈت قىلغان.

— نادەم ئۆزى ئىقرارمۇ؟

— مەن ئۇنى بارماس دەپ ئويلاپتىمەن، دەيدۇ.

— سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق؟

— مېنىڭچە، ئەگەر نادەم ئۇنىڭ شەرمەندە نىيىتىنى ئىشتابقا ۋاقتىدىلا مەلۇم قىلغان بولسا، ئۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

— ئېھتىمال.

— مېنىڭچە، ئادەمنىمۇ جازالاش كېرەك.

— شۇنداق، لېكىن ئادەمنى جازالىغاندىمۇ، بەربىر ئۇنىڭ جىنايىتى يېپىلىپ قالمايدۇ.

— شۇنداق، يولداش پولكوۋنىك.

— لېكىن، ئادەمنىڭ بىپەرۋالىقى، سەپداشلىرىغا مەسئۇل بولماسلىقى جازالىنىشى كېرەك، ئۇنىڭغا بىر ئايلىق قاماق جازاسى بۇيرۇڭ! باشقا گەپ يوق، قايتىڭ!

— خوپ بولىدۇ، يولداش پولكوۋنىك!

ئەتىسى پۈتۈن پولك سەپكە تىزىلدى. پولك ئىشتاب باشلىقى مەخەتنىڭ قىلمىشىنى ئوقۇشقا باشلىدى. مەخەت سەپ ئالدىدىكى مەيداندا كاكارى، پورو-پورچىك ئۇنۋانى ۋە مەيدىسىدىكى ئوردېنلىرى يۇلۇۋېلىنغان ھالدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆرە تۇراتتى، مىڭلىغان كۆزلەردىن چاچرىغان غەزەپ، ئېچىنىش ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تەگمەكتە ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى: ھەربىي - سىياسىي جەھەتتىن جىنايەت ئۆتكۈزسەمچۇ كاشكى... دەپ ئۆزىگە ئۆزى ئېچىناتتى، پۇت - قوللىرى بارغانسېرى دەرمانسىزلىنىپ باراتتى. نۇرسىز كۆزلىرىگە دەھشەتلىك قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولاتتى...

جەڭچىلەردە بارغانسېرى ئېچىنىش تۇيغۇلىرى يېنىشقا باشلىدى: قانلىق جەڭلەردە بىرنەچچە يىل بىللە بولغان، ئۇرۇش بورانلىرى ئۇنى ئۇچۇرۇپ كېتەلمىگەن، تالاي - تالاي كۈنلەرنى ئاچ - توق ئۆتكۈزگەن، ئۇيقۇسىرىغان، ئوتقا كىرگەن، سوغا چۈشكەن، يارىلانغان... لېكىن جەڭگىۋار سەپتىن قالمىغان، بەلكى سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان، «باتۇرلۇق» ئوردېنى ئۇنىڭ كۆكسىگە ئاسانلىقچە ئېسىلمىغان، ئۇ بىر قېتىم دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشۈپ كېتىپ، پۈتۈن قىسىم ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغاندا، ئىككى دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، بىر مىلتىق، بىر تاپانچىنى غەنىيمەت ئېلىپ سەپكە يېنىپ كەلگەن،

جىڭدىكى ئۇرۇشتا يالغۇز ئۆزى گومىنداڭنىڭ چوڭ پوتىيىنى پارتلىتىپ، قىسىمىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە يول ئاچقان. شىخو ئۇرۇشىدا ئۈچ يېرىگە ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلانغان، ساقايغاندا، دوختۇرلار، كوماندىرلار ئارقا سەپتە ئىشلەشنى تاپشۇرسىمۇ، ئۇنىماي، جەڭگىۋار سەپكە — ئۇرۇش ئىچىگە يېنىپ كەلگەن... تېخى ئۇ داڭلىق ناخشىچى، ئۇسسۇلچى، خوش چاقچاق - دورامچى ئىدى، نۇرغۇن قوشلار ئاۋازىدا سايراپ، تالاي قېتىم رازۋېدكىغا چىققان... جەڭچىلەر قەلبىدە ئۆچمىگۈدەك قىزىقچىلىقلىرى بىلەنمۇ ھەممە ئۇنى «مەخەم - مەخەم» دېيىشەتتى. مانا بۇ ئىشلار كوماندىرلارغىمۇ، جەڭچىلەرگىمۇ بەش قولدەك ئايان، شۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىغانىدى.

شۇنچە ياخشى جەڭلەرنى قىلغان بىر جەڭچىنىڭ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ، بىردەملىك، قىزىل لاتا كۆرۈنگەندەك قوزغالغان ھېسسىياتىنى باسالماي، ئۆزىنى بەربات قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىشىگە سەپداشلىرى قانچە قايغۇرسىمۇ، ئېچىنسىمۇ، لېكىن بۇ ئېچىنىش - قايغۇرۇش ئۇنى ئاقلىيالمايتتى، قۇتقۇزالمايتتى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى ھىمايە قىلىدىغان، قوغدايدىغان قانۇندىن ئۇستۇن تۇرالمايتتى.

پۈتۈن مەيدان ئاجايىپ سۈرلۈك تۇس ئېلىپ، ئېغىر سۈكۈتتە تۇراتتى. ئادەملەر نەپرەتلىنىۋاتسىمۇ، قايغۇرۇۋاتسىمۇ، ئېچىنىۋاتسىمۇ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەھمىيىتى يوقتەك قىلاتتى. رەسۋايى جىنايەتنىڭ ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىكەنلىكىنى ھەممە بىلەتتى ۋە شۇنداق ھۆكۈمنى ھەممىسىمۇ ھىمايە قىلاتتى! ھۆكۈمنى ھىمايە قىلىسەن، ئەمما كۆزۈڭدىن ياش قۇيۇلىدۇ، قۇيۇلغاندىمۇ، ئوتتەك قىزىق ياشلار قۇيۇلىدۇ!...

راستلا مەخەت ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى.

ئۆز باتالىيونىنىڭ ئالدىدا تۇرغان گايىتنىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى... بۇلار ئەمەس، كۆزلىرىگە ياش كەلگەنلەر

www.uyghurkitap.com

كۆپ، لېكىن كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايتتى، بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرسا قانداق قىلىسەن؟ تېبىخى ئەنە شۇ دەھشەتلىك ھۆكۈمنى ئوقۇغان مايورمۇ كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي، يۈزىنى تەتۈر ئۆرۈپ تۇرۇۋالدۇغۇ، ئۇ مەخپىي نەچچە قېتىم مۇكاپاتلىغان، ماختىغان، ئالقىشلىغان، ئوردېن تەقدىم قىلغان بۇيرۇقلارنى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ ئوقۇغان ئەمەسمىدى...

شۇنداق قاتتىق ئىنتىزام گايىتنى ۋە ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان جەڭچىلىرىنى تىك تۇرغۇزۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇ بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما مەخەتنىڭ تاتارغان يۈزىنى كۆپرەك كۆرۈۋېلىشنى ئىستەيتتى.

مەخەت بېشىنى كۆتۈرۈپ سەپداشلىرىغا ئاخىرقى قېتىم بىر قارىدى... ئۇ مېنىڭدىن ئىبرەت ئېلىڭلار دەپ سۆزلىمەكچىدى، ئەمما سەپداشلىرىنىڭ كۆزلىرىدىكى مۆلدۈرلەپ تۇرغان ياشلارنى كۆرۈپ، سۆزلەشتىن يالتايدى. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، قەدەملىرىنى خۇددى ئىسترويدىكىدەك تەكشى، رەتلىك يۆتكەپ ماڭدى. ئەنە ئۇ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرى بارغانسېرى قىسقارماقتا، جەڭچىلەر ئۇنىڭ كەينىگە بىر قايرىلىشىنى شۇنچە كۈتمەكتە... لېكىن، ئۇ قايرىلىپمۇ قويمىدى.

ئارىدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندە، تارقىلىشىپ ئۆز زېمىلانكىلىرىغا ئۇن ــ تىنسىز كىرىپ كېتىۋاتقان جەڭچىلەر كەينى ــ كەينىدىن ئېتىلغان ئۈچ پاي ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

*        *        *

ئۇستى چېدىرچە يېپىلىپ، قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان ئۆيگە ئوتتۇرا يۈنىلىش قوماندانلىق ئىشتابىغا كىرىپ كەلگەن پولكوۋنىك بوسۇغا ئاتلاپلا ھۆرمەتتە تۇرۇپ چاس بەردى:

ــ سالام يولداش گېنېرال لېيتېنانت، چاقىرتىشىڭىز

بويىچە كەلدىم!
مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېكمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چاس بەردى:
— سالام، يولداش نىزامىدىن!
ئىككىسى قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئۇزاققىچە بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى سىلكىشتى. نىزامىدىن ئاندىن باش قوماندان بىللە كەلگەن باش ئىشتاب خىزمەتچىلىرى ئوتتۇرا يۈنىلىش ئىشتابىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئىسھاقبېك يەنىسخەيدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ تۇرمۇشى، ھەربىي دەرس، ھەر خىل مەشىقلەر، جەڭچىلەرنىڭ دەم ئېلىش - كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى توغرىسىدا سورىدى، نىزامىدىن تەپسىلىي جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئىسھاقبېك:
— دەرس سائىتىنى كۆپەيتىڭلار، مۇزاكىرىنى جەڭچىلەرمۇ، كوماندىرلارمۇ ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن، ھەرقايسى جايلاردا قىلىنغان ئۇرۇش - ھۇجۇملاردا بارلىققا كەلگەن تەجرىبىلەر، ئاچچىق ساۋاقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇزاكىرە قىلسۇن. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغىنى بىلەن شىنجاڭ ھازىر تىنچ ئەمەس، گومىنداڭ تىنچ ياتقىنى يوق، بىزگە قارشى قۇتراۋاتىدۇ، سۇيىقەستلىك پىلانلارنى تۈزۈپ ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ... بۇ ئىشتا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەئىسى ئاق يۈزلۈك رولدا، يەنى سەھنە كەينىدىكى ئادەم رولىدا. شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابىنىڭ قوماندانى قارا يۈزلۈك رولدا ئويۇن كۆرسىتىۋاتىدۇ، — دېدى.
ئىسھاقبېكنىڭ سۆزى ئۈزۈلۈپ قالدى، كۇتكۇچىلەر تاماق ئېلىپ كىرىشتى. ئۈستەل ئۈستىگە سۈيۈقئاش، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىككى تاۋاق گۆش ۋە سەيلەر قويۇلدى. گېنېرال لېيتېنانت دېرىزىگە قويۇپ قويغان يوغان سومكىسىدىن ئىككى بوتۇلكا قىزىل ھاراق ئالدى.
— مەن سىلەرگە ئاران ئىككى بوتۇلكا ئېلىپ كەلدىم، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ياخشى ۋىنو، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى

www.uyghurkitap.com

ئاچىدۇ، كەيپىنى كۆتۈرىدۇ، ئاز ـ ئازدىن بولسىمۇ ئىچەيلى.

رومكىلار كۆتۈرۈلدى، ئىسھاقبېك يەڭلىرىنى تۈرۈۋېتىپ، ئىشتىھا بىلەن گۆش يېيىشكە تۇتۇندى.

— سۈيۈقئاش قىلغۇچە، چۆپىنىلا ئەكىرگەن بولساڭلار تېخىمۇ ياخشى تاماق بولاتتىكەن...

— قىرغىز ئېرىنى بولسا، سىزنىڭ جېنىڭىز يايراپ كېتەر ئىدى...

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق قىرغىز ئېرىنىغا ۋاقىت كۆپ كېتىدۇ، قازاق ئېرىنى ئېتىش ئوڭايراق.

نىزامىدىن سەيدىن ئىككى چوكا ئالدى ـ دە، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تاماق — سۈيۈقئاشنى ئىچىشكە باشلىدى.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۆلۈمدە ئىسھاقبېك بىلەن نىزامىدىن يالغۇز قالدى. باش قوماندان قولىنى ئېرتىپ بولۇپ، ئىنچىكە قارا بۇرۇتىنى ئىككى بارمىقى بىلەن بىرنەچچە قېتىم سىلاپ قويدى ـ دە:

— خوش، گېپىمىزگە كېلەيلى، — دېدى ئۇ ئۇستەلگە يېقىن ئولتۇرۇپ، — دېمەك، گومىنداڭ يوشۇرۇن ھەرىكەتكە ئۆتتى، بىزنى پارچىلاشنى، ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇشنى قەستلەۋاتىدۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىغا بەزى ئاساسلارمۇ بار، ئوسمان ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىنى ئىشلىمەي، كۆكتوقايغا بېرىپ يېتىۋالدى...

— ئادەم ئەۋەتىلگەن ئەمەسمىدى؟ — دەپ سورىدى نىزامىدىن.

— ئەۋەتىلگەن، نەتىجە چىقمىدى، ئۇ يەنىلا كەلمەيۋاتىدۇ، دېمەك ئۇ ئاينىدى، ئالتاي ۋالىي مەھكىمىسىدە ھەم باشقا ئىدارىلەردە ئىشلەۋاتقان خىزمەتچىلىرىمىزدىن ئۇنىڭ يېنىغا قېچىپ كېتىۋاتقانلارمۇ خېلى بار.

— ئۇنداقتا ئۇ ئاستىرتىن ئادەم توپلاۋاتسا كېرەك؟

— شۇنداق، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئۇ:

گېپىم گەپ بولىدىغان بىردىنبىر ئادەم مەن بولىمەن، دەپ ئويلاپتىكەن، لېكىن ئۇنىڭ ئويى دېگەن يەردىن چىقمىغاندىن كېيىن، دۈشمەنلەشكىلى تۇردى. ھازىر ئۇ ئۇمىدىنى گومىنداڭغا باغلاپ، ئۇنىڭدىن مەدەت كۈتۈۋاتىدۇ... ئېلىنىغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىككى قېتىم ئۆز ۋەكىللىرىنى يوشۇرۇنچە ئۇرۇمچىگە ئەۋەتكەن ۋە ئۇلار جاڭ جىجۇڭ بىلەن كۆرۈشكەن. بۇ ئىشتا جانىمقان، خادىۋاڭلار پايپاسلاپ يۈرۈپ خېلىلا خىزمەت كۆرسىتىپتۇ ھەم ئوسمانغا شەخسىي سوۋغىلارنىمۇ ئەۋەتىپتۇ.

— دېمەك، گومىنداڭچىلار بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپتۇ - دە.

— شۇنداق.

ئىككىسى بىردەم جىم بولۇشۇپ قالدى. باش قوماندانىنىڭ قارچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى ئويچانلىق بىلەن بىر نۇقتىغا تىكىلدى. نىزامىدىنىنىڭ چىرايى تېخىمۇ سۇرلۇك تۈس ئالدى.

— ئالدىنقى سەپتە ئەھۋال قانداق، غەيرىي ئىشلار يۈز بېرىۋاتامدۇ؟

— ھازىر ئالدىنقى سەپلەردىمۇ گومىنداڭنىڭ قۇترىشى، بىتىمگە خىلاپلىق قىلىش ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، — دېدى نىزامىدىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتقان ئىشپىيونلىرى كۆپىيىۋاتىدۇ، دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئۆتۈپ بۇ تەرەپتىكى چارۋا ماللارنى بۇلاپ كېتىش ۋەقەلىرىمۇ كۆرۈلدى، ئالدىنقى كۈنى شىخەنزىدىن بىر تۈركۈم ئىشپىيونلارنىمۇ قولغا چۈشۈردۇق. يېقىندا دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنى بويىدىكى بىر كىچىك مەھەللىنى قوراللاندۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدۇق... مەن بۇ ئەھۋاللار ھەققىدە باش ئىشتابقا تېخى ئاخشام دوكلات تەييارلىغانىدىم.

— ئۇ يەردە قىسىم يوقمۇ؟

— ئۇ يەر بىزدىن ئوتتۇز كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئەمما ھەر

كۈنى بىر چارلاش ئەترىتى بېرىپ تۇرىدۇ.

— ئۇنداقتا يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلالايدىكەن، ئۇ يەرگە قىسىم ئەۋەتىڭلار ھەم دەرھال تېلېفون سىملىرى تارتىڭلار.

— مەن باش ئىشتابقا يازغان دوكلاتىمغا مۇشۇنداق تەلەپلەردىن بىرنەچچىنى يازدىم.

— ئوسماننىڭ بىزدىن ئايرىلىشى ئېغىر مەسىلە، شۇنداق دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇكى، ئۇ گومىنداڭدىنمۇ يامانراق، خەۋپلىكرەك دۈشمەن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى گېنېرال لېيتىنانت جىددىي تۇردە، — ئۇ ئۇزاق يىل گومىنداڭغىمۇ، شېڭ شىسەيگىمۇ تۇتۇق بەرمىگەن ئادەم، چۈنكى تاغلىق رايونلاردا ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ، يەر شارائىتى بىلەن پىششىق تونۇش، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاپباس مۇپتى ئىسمىلىك تەشۋىقاتچىسىنىڭ رولىنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ ئەسلىدە ئالاش - ئوردىچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئوسماننىڭ يېنىغا قېچىپ كېلىۋالغان، تەشۋىقات بىلەن خەلقنى ئازدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئوسمان بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنى قوللىغان ھەم قاتناشقان، بىز ئىتتىپاقلىق - بىرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئالتاينىڭ ۋالىيلىقىنى بەرگەن، دەلىلقان مۇئاۋىن ۋالىي بولغان، بولمىسا بىرىنچى ۋالىيلىق ھەقىقىي ئىنقىلابچى دەلىلقاننىڭ ئورنى ئىدى. ئۇ بۇنى بىلمىدى، ئازادلىق، دېموكراتىيەنى، خەلقنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئويلىماي، ئۆزىنىلا ئويلىدى... مۇنداق ئادەمنى قانداقمۇ ھەقىقىي ئىنقىلابچى دېگىلى بولسۇن؟!

بەزىلەر ئۇنى ئۇزاق يىل ئۇرۇش قىلغان، دەيدۇ. شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭغا قارشى كۆپ يىل ئۇرۇش قىلغىنى راست، لېكىن ئۇ دېموكراتىك، كەڭ خەلق مەنپەئەتى كېپىللەندۈرۈلگەن ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن ئىنقىلاب قىلغانمۇ؟ دۇنيادا ئۆز خەلقىنى بۇلايدىغان، ئاياغ ئاستى قىلىدىغان ئىنقىلابچى بولامدۇ؟!...

ھازىر ئۇ ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى.

گېنېرال لېيتېنانتنىڭ كىچىك كۆزلىرى ياندى، ئىنچىكە قارا بۇرۇتى غەزەپتىن تىترەپ، تولۇق كەلگەن يۈزى جىددىي تۈس ئالدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە تامغا ئېسىلغان خەرىتىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. بېشىدىكى شەپكىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنى ھېچكىم ھەربىي ئادەم دەپ ئويلىمايتتى. ئۇچىسىدا ئىشچى كىيىمى، پۇتىدا ئوۋچىلار كىيىدىغان ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك. نىزامىدىن قوماندانىنىڭ شۇ تۇرقىغا سەپسېلىپ تۇرۇپ قالدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ساۋەنىنىڭ ھاكىمىدىنمۇ چاتاق چىقىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىدىم؟

— شۇنداق، بۇ يۈز بېرىۋاتقان ئىككىنچى ئېغىر مەسىلە، ساۋەنىنىڭ ھاكىمى قالىبەكمۇ ئۇلىجان تېغىغا چىقىپ كېتىۋالدى، ئۇنىڭغىمۇ ئادەم ئەۋەتتۇق، چۈشمەيۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىمۇ ئوسماندىكى نىيەتلەرنى يوق دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ كۈچى چاغلىق دېگەن تەقدىردىمۇ، خۇددى چاشقان كىمىرلاۋەرسە، ئۇيىقۇدا مەززە بولمىغىنىدەك، ھامان خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىدۇ، بۇمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. تولۇقسىز خەۋەرلەرگە قارىغاندا، گومىنداڭنىڭ قۇتۇبىدا تۇرۇشلۇق سەككىزىنچى پولكى بىلەن قالىبەكنىڭ مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقانلىقى سېزىلىۋاتىدۇ. يەنە قاراشەھەر تاغلىرىنىڭ ئىلى بىلەن تۇتىشىدىغان تاغ ئاغزىدا مۇنداق ۋەقە بولۇپ ئۆتتى: پۈتۈنلەي موڭغۇللاردىن تۈزۈلگەن ئۈچ يۈز كىشىلىك بىر ئەترەت بىزنىڭ ئۇ يەردىكى قىسىملىرىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن، بىزنىڭ قىسىملىرىمىز بىرلا ھەيۋە بىلەن ئۇلارنى پۈتۈنلەي تەسلىم قىلدۇرغان، ئۇلارنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، بۇ ھۇجۇمنى گومىنداڭ تەشكىللىگەن بولۇپ، ئىلىدا قىزىل پاچاقلار بۇتلىرىڭلارنى چېقىۋاتىدۇ، موڭغۇللارنى دىندىن چىقىشقا زورلاپ قىيىن - قىستاقتا ئېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش ھەققىڭلار يوقمۇ... دەپ ئەۋەتكەن.

— مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىش، مىللەتلەرنى پارچىلاشنى قەستلەۋېتىپتۇ — دە، — دېدى نىزامىددىن.

— ئۇرۇشتا تاقابىل تۇرالمىغاندىن كېيىن، شۇنىڭدەك قىلىۋاتىدۇ، بۇ كونىدىن قالغان ئۇسۇل، تارىختا ئەكسىيەتچىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باشقۇرۇشتا «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» ئۇسۇلىنى قوللانغانىدى، شۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىۋاتىدۇ — دە...

— سەگەك بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، — دېدى نىزامىددىن، — ھەربىي مەشغۇلاتنى كۈچەيتىشتىن سىرت، سىياسىي خىزمەت ۋە كومىسسارلار خىزمىتىنى كۈچەيتمەي بولمىغۇدەك، ئومۇمىي تەلىم - تەربىيە نۇقتىسىدىن سىياسىي خىزمەتكە يۆتكىمەي بولمايدۇ.

گېنېرال ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، مۇنداق دېدى:

— بولۇپمۇ شىمالىي فرونت رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك، بۇ ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى. بىز باش ئىشتابتا مۇزاكىرە قىلىپ، ئەخمەتجاننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، سىزنى شىمالىي فرونت ئۈچىنچى پولكقا يۆتكىدۇق، مانا سىزگە چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇق!

نىزامىددىن ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ:

— تەييارمەن، يولداش گېنېرال! — دېدى.

— رەھمەت، ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ.

نىزامىددىن ئورنىدا ئولتۇردى - دە، ئىسسىقىېك سۇنغان كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئاچماي، ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدى. باش قوماندان، ئوسمان رەسمىي قوراللىق قارشىلىشىشقا ئۆتسە، ئۈچىنچى ئاتلىق پولكنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، بىراق ھازىر ئۈچىنچى ئاتلىق پولكتا ئىتتىپاقلىقنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، ھەربىي تۈزۈم - ئىنتىزامنىڭ كۆرۈنەرلىك بوشاشقانلىقىنى، قورال - ياراغ،

ئات ـ ئۇلاغلار ۋە ئىقتىسادىي ھېساباتىنىڭ يوقلۇقىنى، قىسمىدا باشباشتاقلىقنىڭ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇق - يوليورۇقلىرىنى ئاڭلىماسلىقنىڭ باش كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى، ئۇ يەرگە بېرىپ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، قىسمىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى ۋە ئاخىرىدا مۇشۇ خىزمەتلەرنى ئىشلەشنىڭ دۈشمەننى يوقىتىشتىنمۇ ئەھمىيەتلىك خىزمەت ئىكەنلىكىنى بىرمۇبىر چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى ھەم ئۇ يەرگە تېز يېتىپ بېرىشنىڭ، ئۈچ كۈنلۈك تەييارلىقتىن كېيىن يۈرۈپ كېتىشنىڭ كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

نىزامىدىن پولك ئىشتابىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئېمىشقىدۇر مەيۈسلەنگەندەك بولدى، پولكتىكى ئەللىكتىن ئوشۇق كوماندىرنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، ئۇرۇش قىلىش سەنئىتى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان. ھەتتا ھەربىر جەڭچىنىڭ دېگۈدەك قانداق ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە قانداق نۇقسانلىرى بارلىقىمۇ ئۇنىڭغا روشەن. ئۇ نىلقا تاغلىرىدا ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەن چاغلىرىدا مۇشۇ پولكنىڭ ئاساسى پەقەت ئەللىكلا پارتىزان ئىدى. كېيىن بۇلاق ئېقىنلىرى دەريالارغا قوشۇلغاندەك، ئىككى يۈزگە، ئۈچ يۈزگە، بەش يۈزگە يېتىپ، بارغانسېرى كۆپىيىپ ئۇلغايغان ... دەھشەتلىك ئۇرۇش بورانلىرى ئەنۋەردەك پاراسەتلىك، چەبدەس كوماندىرلىرىنى، كېۋىردەك مەرد جەڭچىلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. ھازىر ھايات قالغان گايىت، نادەم، باتىرغازى، رەيھانغا ئوخشاش ئاددىي جەڭچىلەر پارتىزانلىقتىن، تارتىپ ھازىرغىچە — پاگونلىرىغا چاقناپ تۇرغان بالداق يۇلتۇزلار، كۆكسىگە «باتۇرلۇق»، «ساداقەت»، «پىدائىي» لىق ئوردېنلىرى چىققۇچە ئۇنىڭ بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغان، سۇغا چۈشكەن، ئوتقا كىرگەن، قان كەچكەن، ھودۇقماي ئۆلۈمگە تىكىلىپ قاراپ جەڭگىۋارلاشقان... ئۇرۇش ئىچىدىكى دوستلۇق ـ ئىناقلىق ئىسسىق جاننى بەدەل قىلالايدۇ، ئۇ تاغدەك بۈيۈك، دېڭىزدەك

چوڭقۇر، ئاشىق ـ مەشۇق قەلبىدەك سەممىمىي ۋە شەبنەمدەك تازا بولىدۇ! ...خۇددى بىر ئاتىنىڭ بالىلىرىدەك بولۇپ كەتكەن قېرىنداشلاردىن ئايرىلىش ئەلۋەتتە ئېغىر ـ دە...

«مەن نېمانچىلا ئويلاپ كېتىمەن، — دېدى نىزامىدىن ئۆز ـ ئۆزىگە، — مەن خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا خەلق پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە بولىمەنغۇ، ۋەتەن، خەلق، قوماندانلىقنىڭ ماڭا زۆرۈر ئېھتىياجى چۈشۈۋاتسا، مەيۈسلەنسەم، قىيالماسلىق ئىلكىدە تولغانسام، قېنى مېنىڭ شېھىتلار بېشىدا، غازىلار ئالدىدا بەرگەن قەسىمىم! ... ماڭا چۈشۈۋاتقان بۇيرۇق ئازادلىق ـ ئەركىنلىك ئىشقىدا يېنىۋاتقان خەلقىمنىڭ بۇيرۇقى! بۇ يولدا نەگە بۇيرۇلسام مەيلى، بارىمەن، تېخىمۇ ئازابلىق سەپەرلەرنى كېزىمەن، ئوتقا كىرىمەن، سۇغا چۈشىمەن ۋە بۇنى خۇشاللىق دەپ بىلىمەن...»

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدا تۆگە كارۋانلىرى چەپەيزىدىن تارباغاتاي، ئالتايغا ماڭىدىغان يولنى بىرىنچى بولۇپ نىزامىدىن ماشىنا بىلەن ماڭىدىغان يول قىلىپ ئاچتى ۋە ئۆز پولكىدىن پەقەت باتىرغازى باشچىلىقىدىكى بىر ۋىزۋوت جەڭچىنى ئېلىپ، شۇ يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

# ئون ئىككىنچى باب

نىزامىدىن قوبۇقسارغا كەلگەندىن كېيىن، پولكتىكى ئىنتىزامسىزلىق — باشباشتاقلىقنىڭ باش قوماندان ئىسھاقبېك ئېيتقاندىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بىرنەچچە ئايلىق ھەربىي تەلىم، سىياسىي تەربىيەلەردىن نەتىجە چىقمىدى. شۇنداق ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا پولكنىڭ بۇرۇلتوقايغا يۈرۈشى توغرىسىدا شىمالىي فىرونت گېنېرال ئىشتابىدىن بۇيرۇق كېلىپ قالدى.

بىرنەچچە ئاي ئېغىر چامدىلىپ ئۆتكەن، نىزامىدىننىڭ كۆڭلىمۇ غەشلىككە تولۇپ، ئۇنىڭ سۇرلۇك چىرايى پەرىشان، غەمكىن ھالغا چۈشۈپ قالغان، ئۆز پولكىدىن ئايرىلىش — ئۇنى قاناتسىز قۇشقا ئوخشىتىپ قويغان... لېكىن بۇ پولكتىن قول ئۈزۈپ كېتىش كېرەكمۇ؟ ... ئۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇ ياخشى بىلىدۇ، بۇ مۇنتىزىم ھەربىي قىسىم، ئۇنى پولاتتەك ئىنتىزامچانلىققا باشلاش، ئۇنىڭغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە قورغان ئىچىدىن چىققان دۈشمەننى يوق قىلىش — ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان مۇقەددەس ۋەزىپە! بۇ سودىگەرنىڭ دۇكىنىدىن پەش قېقىپ چىقىپ كېتىشكە ئوخشىمايدۇ - دە!

قوشۇننى باشلاپ يۈرۈشكە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان نىزامىدىنغا قىيىن - چىگىچ مەسىلىلەر ئۆز سايىسىنى چۈشۈرۈپ تۇراتتى. قول ئاستىدىكى دىۋىزىيون، ئىسكادرون كوماندىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىگە ئىشىنىشمۇ قىيىن بولۇپ قالغان، شۇ ئەھۋالدا ئۇ كىم بىلەن يۈرۈش يۈنىلىشىنى مۇزاكىرە قىلىشى مۇمكىن؟! ...

ئۇ باتىرغازى ۋە مۇھاپىزەتچىسى ئاقىلبەكتىن باشقىلارغا ئىشىنەلمەي قالدى، ھېچقاچان دۇچ كەلمىگەن، ئېغىر ئەھۋال ئۇنى قىيناشقا باشلىدى.

ئورغاق شەكىللىك ئاي ئولتۇرۇپ كەتكەندە نىزامىدىن پولك ئىشتابىغا باتىرغازىنى چاقىرىپ كىردى ۋە ئاقىلبەك ئىككىسىگە مۇنداق دېدى:

— ئەھۋال ئېغىر، يولداشلار، ئېلىنغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئوسمان گومىنداڭنىڭ كۈچۈڭدا تۇرۇشلۇق دىۋىزىيەسى بىلەن داۋاملىق ئالاقە قىلىشىۋاتىدۇ، ئۇ بىر پولكنى گومىنداڭ بەرگەن يېڭى قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇپ بولغان، تېخى بىزنىڭ سار - سۇمبە پولكىمىزنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتكەن، ھازىر ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى تۆت مىڭغا يېتىپ قالدى. ئېغىر يېرى شۇكى، خەلقنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتكەن. باندىتلار بىلەن ئالدانغان خەلقنى پەرقلەندۇرۇش قىيىن، ھەممىسىنىڭ كىيىمى پۇقراچە، ئۇلار مەن باندىت دەپ پېشانىسىغا يېزىۋالمايدۇ - دە. يەنە بىر ئېغىر ئەھۋال، بىزنىڭ پولكنىڭ كۆپچىلىك كوماندىرلىرىغا ئىشەنچ قىلىپ بولمايۋاتىدۇ، خەۋىرىڭلار بار، ئاتلارغا پولك تامغىسىنى باسىمىز دېسەك، بىرىنچى دىۋىزىيون كوماندىرى: ھۆكۈمەت بىزگە ئات بەرگىنى يوق، ئۆزىمىزنىڭ ئاتلىرىنى مىنىپ قىسىمغا قوشۇلغانمىز، دەپ تۇرۇۋالدى ۋە ئەسكەرلىرىنى قۇتراتتى... قورال - ياراغلارنىڭ تىزىمىنى ئالىمىز دېسەك، ئىككىنچى دىۋىزىيون كوماندىرى: بىز قورال - ياراغنى گومىنداڭدىن تارتىۋالغان، قوماندانلىق بىزگە قورال بەرگىنى يوق، دەپ بىز بىلەن تىركەشتى. پولكنىڭ مالىيەسى قالايمىقان، دەپتەر يوق، بۇنى ئېنىقلاشنى، ئېدىتلىق سان بولۇشنى يولغا قويماقچى بولساق، ئارقا سەپ تەمىنات باشلىقى: بىز بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق ھالدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز، ھېساباتنى ئېنىقلىسا، ھۆكۈمەت بىرنەچچە قورۇ قويىنى تەييارلاپ قويۇپ

ئېنىقلىسۇن، دەپ توسقۇنلۇق قىلدى، مۇنداق مىساللار كۆپ. قىسقىسى، كوماندىرلىرىمىزدىن ئازچىلىقى بىزنىڭ يولغا قويماقچى بولغان تەدبىرلىرىمىزنى قوللايدۇ، كۆپچىلىكى قوللىمايدۇ...

— مېنىڭ بىلىشىمچە، — دېدى ئاقىلبەك ئورنىدىن تۇرۇپ، نىزامىدىن قول ئىشارىسى بىلەن ئۇنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى، — كۆپچىلىك جەڭچىلەر بۇيرۇققا بويسۇنىدۇ، جەڭچىلەردىن يۇقىرىقى كوماندىرلارغا ئەگىشىۋاتقانلار ئاز...

— مېنىڭچە، ئېيتىش كېرەك، — باتىرغازى غەزەپلەندى، — بۇيرۇققا بويسۇنمايدىغانلارغا، مەيلى جەڭچى بولسۇن، مەيلى كوماندىر بولسۇن، قەتئىي جازا بەرمەي، ئىنتىزامچانلىقنى يولغا قويغىلى بولمايدۇ، ساۋەندىن، ئالتايدىن قوشۇلغان بىر قىسىم جەڭچىلىرىمىزدە باشباشتاقلىق تېمىدىگەن ئېغىر...

— ھەي، بۇ ئادەتتىكى ئىنتىزامسىزلىق ئەمەستەك قىلىدۇ، — دەپ نىزامىدىن ئۆزى سەزمىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە كۈندىن بېرى پەرىشانلىق ئالامەتلىرى قاپلىغان يۈزى سۇرلۇك تۈس ئالدى، قوشۇما قاشلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تىكلەشتى. شۇ ئارىدا ئاقىلبەك سۆز باشلاپ قالدى، ئۇ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، گىمناستوركىسىنىڭ يانچۇقىدىن كىچىك خاتىرە دەپتىرىنى ئالدى.

— بەزى كوماندىرلارنى يۆتكەش، ئالماشتۇرۇش كېرەك...

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا باتىرغازى كۆزلىرىنى ئالايتىپ ۋارقىرىۋەتتى:

— قورالسىزلاندۇرۇش، قوغلاش... قىسمىدىن قوغلاش كېرەك ! ...

— ھېسسىياتىڭنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، بىراق قولىدا قورالى بار ئادەملەرگە يېنىكلىك بىلەن ئىش كۆرۈشكە بولمايدۇ، مۇھىمى پولەك بۆلۈنۈپ كەتمەسلىكى كېرەك، — دېدى

www.uyghurkitap.com

نىزامىدىن.

— ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى بۇلۇڭۇش ئەمەسمۇ...

— بۇنى چوڭقۇرراق ئويلاش كېرەك، قورال تۇتقان ئادەملەردە ئاسانلا باشباشتاقلىق باش كۆتۈرىدۇ، قولىدىكى قورال ئۇلارنى ئۆزىنى بىلەلمەس دەرىجىگە ئاپىرىپمۇ قويىدۇ. مۇھىمى ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، شۇ چاغدىلا پولك بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. مېنىڭچە، ئۈچىنچى دىۋىزىيون كوماندىرى تۇرسۇنبېك ياخشى يىگىت، ئۇنىڭ ئىسكادرون كوماندىرلىرىدىمۇ يۇقىرىقى ئىللەتلەر يوق.

— ئۇنداقتا، — دېدى ئاقىلبەك، — ئاشۇ ئىسكادرون كوماندىرلىرىنى دىۋىزىيون كوماندىرلىقىغا كۆتۈرسەك...

— مەن مۇشۇ ئەھۋاللاردىن شىمالىي فرونت گېنېرال ئىشتابىغا خەت يازدىم، بىر قىسىم دىۋىزىيون كوماندىرلىرىنى ئىشتابنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. لېكىن، گېنېرال ئىشتابى بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىدى، تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىڭلار دەپتۇ. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ پولكنىڭ بۇرۇلتوقايغا يۈرۈش قىلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇرۇشقا كىرىشىشىمىز بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ يۈرۈشىمىز سىرات كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشتەك يۈرۈش بولىدىكەن - دە، — دېدى باتىرغازى ئاچچىقى بىلەن بېشىنى سىلكىپ.

— شۇنداق، ئېغىر يۈرۈش بولىدۇ، ئوسمان ۋە ئۇنىڭ قىسىملىرى بۇ ئەتراپتىكى تاغ - تاش، دەشت - باياۋانلارنى كۆپ كەزگەن، يېقىن - يىراق يوللار، خەتەرلىك داۋان ۋە ئىستراتېگىيەلىك جايلار ئۇنىڭغا ئۆزىدەك ئايان.

— بىزمۇ ئۇرغۇن خەتەرلىك تاغ - داۋانلارنى باسقان، چىدام - غەيرەت ئاخىر ئۈستۈنلۈكنى ياراتتىغۇ! ... — باتىرغازىنىڭ ئۇرۇش بورانلىرى تاۋلىغان يۈزىدە ھاياجان ئۇچقۇنلىرى ياندى...

— ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان كوماندىر ئۆز

دۈشمەنىنى چۈشىنىشى كېرەك، شۇ چاغدىلا ئۇ غەلىبە قىلىشىنىڭ مۇھىم ئامىلىغا ئىگە بولالايدۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئوسمان باندىتلىرى نۇرغۇن جەھەتلەردىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، شېڭ شىسەي نېمە ئۈچۈن ئۇنى يوقىتالمىدى؟ — نىزامىدىن يېرىم مىنۇتتەك جىم تۇرۇپ قالدى. باتىرغازى بىلەن ئاقىلبەك ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى، — نۇرغۇن سەۋەبلەر ئىچىدە مۇھىم بىر سەۋەب، ئۇنىڭ مۇشۇ يەرلىك بولۇشى، يەر شارائىتىنى پۇختا بىلىشىدە، گىتلېر روسىيەنىڭ قىرىق گىرادۇسلۇق سوغۇقلىرىنىڭ ئۆز ئارمىيەسىگە بېرىدىغان يامان تەسىرىنى ياخشى چۈشەنمىدى، مانا بۇ شارائىت گىتلېر ئارمىيەسى ئۈچۈن ئوڭۇشسىزلىق پەيدا قىلدى، قىزىل ئارمىيە ئۈچۈن پايدىلىق پەيت يارالدى. بۇنداق ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىساق بولمايدۇ.

باتىرغازى نىزامىدىننى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ سۆزلىرىگە ئىختىيارسىز قايىل بولغان ئادەمدەك، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ كەتتى ۋە بۇ قەدىناس پولك كوماندىرىنىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ھەم بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى جۇدەپ، كۆزلىرىنىڭ پىلدىرلاپ قالغانلىقىغا ئېچىندى، كوماندىرىغا تۇيدۇرماستىن ئۇھ تارتتى.

نىزامىدىن كونا ئىككى جەڭچىسى بىلەن قىلغان بۇ سۆھبەتتىن ئىچ - قارنى بوشاپ، كۆڭلىدىكى بۇرۇقتۇرمىلىق - غەشلىكلەر تارقىلىپ كەتكەندەك ئۆزىنى يېنىك سەزدى. نېمىلەرنىدۇر يېزىۋاتقان خاتىرە دەپتىرىنى يېپىپ ئورنىدىن تۇردى:

— ئىككى ئىشنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك، بىرى: ھوشيارلىقنى ساقلاش، يەنە بىرى يەرلىكلەردىن يەر شارائىتىنى ئىگىلەش، قېنى تارقىلايلى، ئۇخلاڭلار.

نىزامىدىن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ چوڭايتىپ سىزىلغان ھەربىي خەرىتىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە يايدى.

بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ چىرىغىمۇ ئۆچتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە نىزامىدىن پولكى بۇرۇلتوقايغا قاراپ يولغا چىقتى. پولك ئۆزى بىلەن توقسان تۆگىگە يۈك ـ تاق، ئوزۇقلۇق، ئىككى قورۇ قوي، ئىككى ئۆيۈر يىلقىنى بىللە ئېلىپ ماڭدى.

ھاۋا ئىسسىپ كەتكەن، تاغ ـ تاش قىزىغان، قۇياش قىرىشقاندەك تىكىلىشىپ تۇرۇۋالغانىدى. ئاتلىق قىسىم ئاستىلىرىدىكى ئاتلىرىنى يورۇتۇپ ماڭسا بولماسمىدى؟ بولمايتتى. قوينىڭ ئۇششاق قەدەملىرىگە بويسۇنۇپ، گويا ئۇۋىلىرىغا ئوزۇقلۇق توشۇۋاتقان چۈمۈلىلەردەك ئاستا ئۆمىلىمەكتە ئىدى. چىۋىن، كۆككۆيۈنلەر ئات ـ ئۇلاغلارغا ئارام بەرمەيتتى، دالانىڭ پۈتۈن ھاشاراتلىرى سەپكە ئۇلىشىۋالغاندەك قىلاتتى. گاژىلدايتتى. كۈن قىزىغانسېرى ئات ـ ئۇلاغلارغا ھايت ـ ھۇيت دەپ ۋارقىرىغۇچىلارنىڭمۇ، دىمىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقۇچىلارنىڭمۇ ئاۋازلىرى كۈن نۇرىدا ئېرىپ كەتكەندەك يوقاپ كەتتى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاۋازدا پۈتۈن جەڭچىلەر ئەللەيلىنىۋاتقاندەك تەۋرىنىپ كېتىۋاتاتتى.

بۇ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن بېسىلىۋاتقان قەدەمدىن نىزامىدىننىڭ ئىچى پۇشتى، ئەتىمالىم، ناخشا ئېيتىشقا بۇيرۇق بەردى. كىمدۇر بىرى ناخشا باشلىدى، ناخشىغا پۈتۈن پولك قوشۇلدى. ئۆلۈكتەك ياتقان جىمجىت دالا بىردىنلا جانلاندى، ئاتلار، تۆگىلەر، قويلارمۇ سەگەكلىشىپ، سالپايغان قۇلاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قەدەملىرىنى ئىلدام لاتتى.

جەڭگىۋار يۈرۈش بىلەن،
چۆللەردە قالدى ئىزىمىز.
گۈل ـ چېچەككە پۈركىنەر،
ئىزىمىزدىن ئەتىمىز.



www.uyghurkitap.com

ئەل ـ ۋەتەن ئىشقىدا يانغان،
جەڭچى بىز، مەردانە بىز.
قەست قىلغاننى پەست قىلارمىز،
غالىب بىز، پالۋانە بىز.

يورۇشتە شىمالىي فىرونت گېنېرال ئىشتابىدىن ئىككى قېتىم سىۋەز كەلدى، دەيدىغىنى: تېز مېڭىڭلار، باندىتلار يېقىنلاپ قالدى، بىراق يېقىنلاپ قالدى دېگەن بىلەن باندىتلارنىڭ ئۆزى تورماق سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئاندىن رازۋېدكىچىلار ـ دىنمۇ: يول بىخەتەر، دەپ خەۋەر كېلىپ تۇراتتى.

پولك ئۆلۈڭگۈر دەرياسىنىڭ قىلى دېگەن كېچىكىدىن ئۆتۈپ، قومۇلۇققا چىقتى. قىسىملار دەم ئالدى، ئەتراپقا قاراۋۇللار قويۇلدى، قويلار سويۇلدى، ئوتلار يېقىلىپ، چاراسلاپ يېنىشقا باشلىدى. بىر دەمدىلا پورۇقلاپ قايناۋاتقان قازانلاردىن قوي گۆشىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماقلارغا ئۇرۇلدى. تەرەپ ـ تەرەپكە كەتكەن رازۋېدكىچىلاردىن خەۋەرلەرمۇ كېلىشكە باشلىدى:

— يولداش پولكوۋنىك ! يولىمىز بىخەتەر !

— يولداش پولكوۋنىك ! باندىتلاردىن دېرەك يوق !

قىسىم تۆت كۈن يول يۈرۈپ بۇرۇلتوقايغا يېتىپ باردى. بىراق، شىمالىي فىرونت گېنېرال ئىشتابىدىن يەنە كەلگەن سىۋەز، ئىزامىدىن پولكىنىڭ تېزلىك بىلەن سارسۇمبىگە يېتىپ كېلىشى توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلىپ كەلدى. جاپالىق تۆت كۈنلۈك يۈرۈشمۇ بىكار بولدى. ئىزامىدىنمۇ، پولكىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرىمۇ بۇ ئىشلارغا ھەيران ئىدى: «گېنېرال ئىشتابى نېمە قىلىۋاتىدۇ، نېمە ئويلاۋاتىدۇ ـ ھە ! — دەپ تىت ـ تىت بولاتتى ئىزامىدىن، — قېنى باندىت؟ ... بىز بۇرۇلتوقايغا نېمىشقا كەلدۇق؟ ... گېنېرال ئىشتابىنىڭ رازۋېدكىچىسى نېمىنى بايقاۋاتىدۇ؟ نېمىدىن خەۋەر بېرىۋاتىدۇ؟ بۇنداق بىھۇدە

www.uyghurkitap.com

بۆيرۇقلار پولكىمىزنى ئاز خورىتامدۇ؟ ! ...»

ئامال قانچە، بۆيرۇقنى ئىجرا قىلماي مۇمكىنمۇ، ئاچچىقىدا ساقال - بۇرۇتلىرى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك تىكەنلىشىپ كەتكەن نىزامىدىن بۇرۇلتوقايدا بىر ئىسكادرون جەڭچىنى قالدۇردى - دە، قالغان قىسىمنىڭ شىمالغا قايرىلىپ، ئېرتىشقا قاراپ مېڭىشىغا بۆيرۇق بەردى.

پولك ھۇرۇنلۇق بىلەن يۈرمەكتە ئىدى. خۇددى چۆلدە سۇسىز قالغان كارۋاندەك جەڭچىلەرنىڭ روھى چۈشكەن، ئۇلار قانداقتۇر بىرەر ئېزىتقۇ ئاداشتۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك قەدەملىرىنى ئىشەنچسىز باساتتى. ھېلى بىرەر بۆيرۇق كېلىپ، يەنە كەينىگە ياندىغاندەك ئىككىلىنىش روھىي ھالىتى ھەممىنىڭ يۈزلىرىدە ئەكس ئېتەتتى. ئېنىقكى، بۇرۇنقى يۈرۈشلەرگە ئوخشىمايدىغان روھىي ھالەت يۈز بېرىۋاتاتتى. جەڭچى قەلبى ھەممىنى سېزىدۇ، ئۇلارنىڭ ئويلىغانلىرى كۆپ چاغلاردا توغرا چىقىدۇ. راست دېگەندەك، يەنە بۆيرۇق كەلدى، بۆيرۇقتا: خېپتىغا بېرىڭلار، شۇ يەردىن دۈشمەن ئالدىنى توراڭلار دېيىلگەن.

نىزامىدىن رازۋېدكىچىلار ۋىزۋوتىنىڭ ئالدىنى ماڭدۇرۇپ، يۈرۈش يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشىغا، بىر ئىسكادرون جەڭچىنىڭ سارىبۇلاققا يېتىپ بېرىشى توغرىسىدا بۆيرۇق كەلدى. ئۇ ئالتۇنبېك باشچىلىقىدىكى ئىسكادروننى يولغا سالدى.

پولك تېز يۈرۈپ، ئېرتىش بويىغا كەلدى - دە، كېچىكلەردىن ئۆتۈپ، چۈشتىن كېيىن قاراجالغا يېتىپ باردى. كۆز باغلىنىشقا ئاز قالغاندا، شىمالىي فرونت گېنېرال ئىشتابىدىن كېلىۋاتقان قەتئىي بۆيرۇقلار كۆپىيىپ كەتتى:

— سارىبۇلاققا دەرھال بىر ئىسكادرون ياردەمگە ئەۋەتىلسۇن !

— بىر ئىسكادرون چىڭگىلگە قاراپ تېز يولغا چىقسۇن !

— ...

پىلىموتنىڭ ئوقىدەك كۆپلەپ كېلىۋاتقان بۇ بۆيرۇقلاردىن

نىزامىدىننىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ كەتتى ۋە شۇنداق كەيپى بۇزۇلغان ھالدا، ئاخىرقى قېتىم باتىرغازى باشچىلىقىدىكى بىر ئىسكادرونتى ساربۇلاققا يولغا سالماقچى بولدى:

— بار، ئىنىم، — دېدى ئۇ باتىرغازى مىنگەن ئاتنىڭ ئېگىرىگە قولىنى قويۇپ، — ئامال يوق، فىرونت ئىشتابىنىڭ بېشى ئايلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ، ھەممىنى مۇشۇنداق ياردەمگە دەپ ئەكېتىۋەرسە، مەن كىم بىلەن قالىمەن، قۇرۇق ئۈستەڭگە مىراب بولامدىم... فىرونت ئىشتابى نېمىشقا ئويلىمايدۇ، باندىتلارغا قارشى قايسى كۈچۈم بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن، بۈگۈن كېچىدە ھېلىقى بىرىنچى دىۋىزىيون كوماندىرى پۈتۈن قىسمى بىلەن يوقاپ كەتتى. ئۇلار قېچىپ كەتتىمۇ ياكى باندىتلارغا قوشۇلۇپ كەتتىمۇ، بەلگىسىز...

— ئۇنىڭ ئۆتكەندىكى چاتاق چىقىرىشلىرىغا قارىغاندا، باندىتلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكى ئېنىق، — دېدى باتىرغازى ھۆكۈم قىلىپ، — بىرىنچى دىۋىزيوننىڭ جەڭچىلىرى ئالتاي، ساۋەن ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىن قوشۇلغانلار...

— ھەممىنى ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ.

— ھەرھالدا بۇ مەسىلىنى چوڭقۇرراق ئويلاش كېرەك، يولداش پولكوۋنىك! — كەيپى قاتتىق بۇزۇلغان نىزامىدىننىڭ چىرايىغا باتىرغازى مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلدى.

— بىلىمەن، شىمالىي فىرونتنىڭ ئەڭ ئاجىزلىقى ھازىر نەق مۇشۇ مەسىلىدە كۆرۈلۈۋاتىدۇ... خەير، ئىنىم، دۈشمەننىڭ بۆكتۈرمىسىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىڭلار!

باتىرغازىنىڭ ئىسكادرونى تاراسلاپ يۈرۈپ كەتتى. نىزامىدىن توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان قىسمغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ تۇرۇپ قالدى. راستىنىمۇ ئۇنىڭ خىياللىرى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، شۇ تاپتا ئۇ شىمالىي فىرونت گېنېرال ئىشتابى جايلاشقان سارسۇمبىنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى

بىلمەيتتى. يۈز بېرىۋاتقان غەلىتە ئىشلاردىن ئۇ دەررۇ بىرەر خۇلاسىگە كېلەتتى، يەنە ئويلىنىپ ئۇنىڭدىن ياناتتى ياكى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالاتتى. يېنىك مىجەزلىك، ئەتراپلىق ئويلاشتىن خالىي كوماندىرلار ھەرقاچان قىسمىنى ئېيتقۇسىز ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. غۇلجىدىن ــ ماناس دەرياسىغىچە بولغان يۈرۈشلەردە مۇنداق ئاچچىق ساۋاقلار كۆپ كۆرۈلمىدىمۇ، بۇنى ئۇنتۇشقا بولمايدۇ، بىراق ھازىرغىچە قوبۇقساردىن ئاتلىنىپ چىققان پولكنىڭ ئازلاپ، قىسقا سەپلىك بولۇپ قېلىشى ۋە بۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر بەلگىنىڭ سېزىلمەيۋاتقانلىقى ئۇنى قىيناپتتى، ئازابلايتتى... شۇ تاپتا گېنېرال ئىشتابى جەڭگىۋار، مۇقىم ھالەتتە ياكى ئۇمۇ ئەنسىزلىك، ۋەھىمە ئىچىدە تېپىرلاۋاتامدىغاندۇ ۋە ياكى سارسۇمبىدە تەتۈر قۇيۇنلار چىقىپ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچالماس قىلىپ قويدىمۇ يا؟... نىزامىدىننىڭ خىياللىرىنىڭ تۈگۈنى مۇشۇ ئىدى. نىزامىدىننىڭ كېيىنكى خىياللىرىنى دەلىللەيدىغان ئالامەتلەر راست دېگەندە سارسۇمبە كوچىلىرىنى كەزمەكتە ئىدى.

ئەنە، كوچىلاردا كىشىلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ، بىر ئۇياقتا، بىر بۇياقتا تاشلىنىپ، دۈكۈرلىشىپ يۈرۈشەتتى، بەزىلىرى ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ ـ جارقىرىشاتتى، قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى. بىر توپ بىلەن يەنە بىر توپ بىر ـ بىرىگە كۆز ئالايتىشاتتى، دېۋەيلىشەتتى، تىللىشاتتى، قامچا تەڭلىشەتتى ۋە سىلىشاتتى... توپلىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى پىيادە ئىدى. ئاۋات كوچىلار سۆرۈنلەشكەن، دۇكانلار تاقالغان، ئۆز ماللىرىنى ماختاپ ۋارقىرىشىدىغانلار يوقالغان، ئۇششاق ئوقەتچىلەرنىڭ تەنزىلىرى پاچاقلىنىپ تاشلانغان، پىۋا، لىمۇنات، كۇۋاس ساتىدىغان ئورۇس خوتۇنلىرىنىڭ بوتۇلكىلىرى چېقىلغان...

ئەنە، قىران دەرياسىنىڭ تاللار قاپلىغان بويىدا بىر ياش

يىگىت چىقىپ ۋارقىرىدى:
— ھەي... خالايىقلار! ئۆت بوياققا، بايرىقىمىزنى نېمە ئۈچۈن تاشلايمىز... ئىنقىلاب قۇربانلىرىنى ئۇنتۇپ قالدۇقمۇ؟ ئالتايىنى ئاسان ئازاد قىلدۇقمۇ! تەتۈر قويۇن چىقىرىۋاتقانلارنى نېمىشقا تونۇمايمىز! ...
تەرەپ - تەرەپتىن ئۇنى ئەيىبلەشلەر ئاڭلاندى:
— ھەي... قىل تاماق، چۈش كاپىشماي!
— ئاغزىدىن تەگكەننى تارتىپ چۈشۈرۈڭلار!
بىرسى ئېتىنى دېۋىتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قامچىسى بىلەن بىرنەچچىنى سالدى. لېكىن، ئۇ تاش ئۈستىدىن چۈشمىدى، كۆزلىرىنى ئالايتىپ تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىدى:
— ياشىسۇن ئەخمەتجان! ياشىسۇن دەلىلقان! ...
— ئاغزىغا ئۇر! ...
— ئۆلتۈر مۇناپىقنى! ...
ئۇنىڭغىچە بىرنەچچىسى كېلىپ ياش يىگىتنى تاش ئۈستىدىن تارتىپ چۈشۈرۈۋەتتى - دە، ئۇرۇپ كېتىشتى ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈشتى. تاش ئۈستىگە قارا ساقاللىق بىر ئادەم چىقىپ بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ ۋارقىرىدى:
— ياشىسۇن ئوسمان! بىز ئوسماننىڭ بەندىسى! ... سېرىق ئىتلار ئىزىدىن ماڭغان كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈڭلار! ...
توپ ئىچىدىن كۈچلۈك سادالار كۆتۈرۈلدى:
— ئاغزىغا قۇم تىق!
— ھەي... قارا ئىبلىس، سەن خۇدانىڭ بەندىسىمۇ، ئوسماننىڭمۇ؟
قارا ساقاللىقنى سېرىق ساقاللىق بىر كىشى ئىتتەردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قالدى، قوللىرى تىترەيتتى...
— دىندىن چىققان كاپىر ئۆزۈڭ بولدۇڭ!
تاش ئۈستىگە پاكار، دىقماق بىرسى چىقتى:

www.uygurkitap.com

— خالايىقلار، ئاڭلاۋاتامسىلەر ئوق ئاۋازلىرىنى، قىزىل پاچاق كاپىرلار قېچىۋاتىدۇ! ئوسماننىڭ پالۋانلىرى قىستاپ كېلىۋاتىدۇ! خۇدا ئۇنىڭغا مەدەت بەردى، ياشىسۇن ئوسمان! ...

توپ ئىچىدىن بىرسى ئۇنى تەكرارلىدى:

— ياشىسۇن ئوسمان! ...

توپ ئىچىدىن يەنە بىرسى:

— ياشىسۇن دەللىقان! ... — دېدى مۇشتۇمىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.

گالاچ ـ گۇلۇچ مۇشتلىشىشلار، بىقىنداشلار، تارسىلدىغان قامچا ئاۋازلىرى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ توپ، بۇ توپ بىلەن ئېلىشىماقتا، باشلار يېرىلماقتا، قانلار تۆكۈلمەكتە... نەچچىسى كوچىلاردا ھوشسىزلاندى، نەچچىسى دەسسىلىپ ئۆلدى، خىرقىرىدى... كىملەردۇر يىغلىشاتتى، كىملەردۇر كۈلۈشەتتى... چىرايلار دەھشەتلىك تۈس ئالغان، تاتارغان، كۆزلەر ئالايغان ياكى پارقىرىشىپلا قالغان، تاماشا كۆرگۈچىلەرمۇ يوق ئەمەس، لېكىن ئۇلارمۇ ياۋا تاياقلاردىن خالىي قالمىغان، ئاجايىپ مەنزىرە: ھېلى جانلىنىپ نۇتۇق سۆزلىگەنگە قارا، ئەنە ئۆمىلەپ قاچماقتا، يەنە بىرسى ئىڭراپ ياتماقتا؛ ھېلى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ غادايغان قامچىسى بىلەن باشقىلارنى ساۋىغانغا قارا، ئىتتىدىن ئايرىلىپ يەرگە دۈم چۈشكەن، جېنى بارمۇ؟ بەلگىسىز.

— ئەنە كېلىۋاتىدۇ، مۇپتى كېلىۋاتىدۇ! ... مۇپتى! ...

كۆپچىلىك دۇررىدە قىلىپ، كوچىنىڭ بېشىغا قاراشتى.

راست، ئوسماننىڭ مۇپتىسى — قاباس مۇپتى كەلمەكتە ئىدى، كەينىگە بىر تۈركۈم ھىمايىچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇزۇن پەرىجىلىك مۇپتى كوچىنىڭ بېشىدا ھەيۋەتلىك تۈستە كۆرۈندى.

كىمدۇر بىرسى قاتتىق ۋارقىرىدى:

— خالايىق، خۇدانىڭ ئاۋازىنى بىزگە يەتكۈزىدىغان ئەلچى كېلىۋاتىدۇ، ئوسمان باتۇرنىڭ ئوڭ قانىتى، قارلىغىچى

كېلىۋاتىدۇ... سۆزىنى ئاڭلاڭلار... تىنچلىنىڭلار ! ...

قاۋاس مۇپتى كوچىدىكى ئۆلگەنلەرگە، ئىڭراپ ياتقانلارغا پەرۋامۇ قىلماي، ئالىقانلىرىنى ئېچىپ، ئۈنلۈك دۇئا قىلىپ تۆۋەنلەپ كەلمەكتە ئىدى:

— سارسۇمبە نىجاسەتتىن تازىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئامىن ! خۇدا باتۇرلۇقنى بەخشەندە قىلغان ئۇسمان يېقىنلاپ كەلمەكتە، ئۇنىڭ قەدەملىرىگە مۇبارەك، ئامىن ! بىزنىڭ ئاتىمىز، غەمخورچىمىز، شەپقەتچىمىز ئۇسمان كەلمەكتە، ئامىن ! قىزىل پاچاقلار قاچماقتا، كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي باش ئەگمەكتە، ئۇلار يەر بىلەن يەكسان بولسۇن، ئامىن ! ئالدىنىپ قىزىل جاھانگىرلارغا قوشۇلغانلار تۆۋا قىلىپ، بىزگە قوشۇلماقتا، قارشى ئالايلى، ئامىن ! دىنىمىزنى دەپسەندە قىلغانلار، خوتۇن – قىزلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلغانلار جازاسىنى تارتماقتا، ئامىن ! ...

توپ ئىچىدىن بىرسىنىڭ بوم گۆدۈكتەك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يوقال ئالاش – ئوردىچى ! سېنى كىم بىلمەيدۇ، سېنىڭ قىزىل سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرماقچى بولغان باندىت ئىكەنلىكىڭنى، جېنىڭنى ئاران ئېلىپ بۇياققا قېچىپ كەلگەنلىكىڭنى ھەممە بىلىدۇ ! ...

— ھەي، ماۋۇ بۇقىدەك ھۆركىرىگەنلەرنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇڭلار ! ئۆلتۈرۈڭلار ئۇلارنى ! ...

توپ ئىچىدىن بىرسىنىڭ چاڭىلدىغان ئۈنى چىقتى:

— بىز گومىنداڭدىن ئاز ئازار يېدۇقمۇ... بىزنى گومىنداڭدىن ئازاد قىلغان كىم؟ ئۇسمانمۇ؟ دەلىلقانمۇ؟ ئۇسماننىڭ بۇلاڭچىلىقىغا ئۇچرىمىغان ئېل بۇ ئەتراپتا ئازمۇ؟... ئاشۇ قانخور گومىنداڭ بىلەن بىرلەشكەن ئادەم قانداق قىلىپ، بىزنىڭ ئاتىمىز، شەپقەتچىمىز بولالايدۇ ! يالغان، بۇ شەرمەندىلىك !

قاۋاس مۇپتى قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— تۇتۇپ كېلىڭلار ئۇنى، خۇدا يولىدا تېرىسىنى تەتۈر سويۇڭلار ئۇنىڭ !

توپ ئىچىدە قالايمىقان ۋارقىراشلار ئەۋج ئالدى:

— ھەي... خالايىقلار! قىزىل جاھانگىرلارنىڭ سۆزىنى ئېيتىۋاتقانلارنى نېمىشقا تۇتمايمىز، نېمىشقا دارغا ئاسمايمىز، نېمىشقا ئات قۇيرۇقىغا باغلىمايمىز؟ ...

— ھەي... خالايىقلار ! خەلقنى ئازدۇرۇۋاتقان باندىتلارنى ياقلاۋاتقانلارنى نېمىشقا تاش بوران قىلمايمىز! ...

— بىزگە ئەركىنلىك، ئازادلىق يولىنى ئېچىپ بەرگەن ئەخمەتجاننىڭ قىسمىلىرى ئەمەسمۇ...

يەنە مۇشتلىشىشلار، قامچىلاشلار ئەۋج ئالدى، لېكىن ھېچكىم قابباس مۇيتىغا قول تەگكۈزەلمىدى. ئۇ شۇنچىلىك ئالىتوپىلاڭ، ماجىرا، قان تۆكۈلۈشلەر ئىچىدىمۇ ئۆز سۆزىنى تەكرارلاپ كېتىۋەردى.

سارسۇمبە كوچىلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئالامەتلەرگە ئۈچ كۈن بولدى، بۈگۈن راسا ئەۋجىگە چىقتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە بېسىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئوق ئاۋازلىرىنىڭ ئۇلغىيىشى، ئۇنىڭ ئورنىنى ئالدى.

* * *

تۇنۇگۈندىن بېرى ئاغزىغا بىر چىشلەم نانمۇ سالمىغان جەڭچىلەر ئەمدى ئۇزۇقلىنىشقا ئولتۇردى. ئۇزۇقلىنىپمۇ تۇزۇككىنە ئۇزۇقلانغىنى يوق، بەللىرىگە تۈگۈۋالغان قاتتىق نان، پاكالاشكىلىرىدىكى مۇزدەك سۇ بىلەن ئۇزۇقلىنىشقا باشلىدى.

قىسمدىن ئىككى يۈز مېتىر نېرىسىدىكى دۆڭگە چىقىپ، ئەتراپقا كۆز تىكىپ تۇرغان نىزامىدىننىڭ يېنىغا ئاقىلبەك بىر نان ۋە پاكالاشكىدا سۇ ئېلىپ كەلدى:

— يولداش پولكوۋنىك، تاماقلىنىڭ، — ئۇ قولىدىكى ناننى نىزامىدىنغا ئۇزارتتى. نىزامىدىن ئاقلىبەككە قارىمايلا ناننى ئالدى - دە، بىر چېتىنى چىشلىدى، ئۇ ناندىن ئەمدىلا ئىككى چىشلەم يەپ تۇرۇشىغا يىراقتىن چىپىپ كېلىۋاتقان بىر ئاتلىق كۆرۈندى ۋە ئۇ بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلگەندە، نىزامىدىن ئۇنىڭ باتىرغازى ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

ئېتىدىن سەكرەپ چۈشكەن باتىرغازى تاق تۇرۇپ پولك كوماندىرىغا دوكلات بەردى:

— يولداش پولكوۋنىك ! بىز دۈشمەننىڭ كۈچلۈك بۆكتۈرمىسىگە ئۇچراپ ۋەيران بولدۇق.

نىزامىدىن باتىرغازىنىڭ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىگە، سۇرۇلۇپ زەخمىلەنگەن يۈزلىرىگە، پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىگە سەپسېلىپ قارىدى، ئۇ باتىرغازىنىڭ قانداق قىلىپ سالامەت كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەندى.

باتىرغازى قىسمى ھېسابسىز نۇرغۇن دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، ئاخىر ئۆزى يالغۇز قالغاندا، پەيت تېپىپ قاچقان، باندىتلار كەينىدىن قوغلاپ يېقىنلاپ كەلگەندە، ئەقىللىك ئېتىدىن ئىرغىپ چۈشۈپ ئۇنى «يات» دەپ ياتقۇزغاندا، ئۇنىڭ پاناھىدا دۈشمەننى ئاپتومات ئوقلىرى بىلەن چېكىندۈرگەن. (بۇلارنىڭ ئاتلىرى تىزگىنىنىڭ قايسى تەرىپىنى تارتسا شۇ ياققا يېتىشقا ئۆگىتىلگەن) يەنە قاچقان، باندىتلار يەنە قوغلاپ كەلسە، يەنە شۇنداق قىلغان، شۇ ئۇسۇل بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن.

— خوش؟ — دېدى نىزامىدىن ئۇنىڭغا قاراپ.

— بىر ئىسكادرون تۇگەشتى، يولداش پولكوۋنىك، بۇ نېمىدېگەن ئېغىر مەغلۇبىيەت، ئارىمىزدىن خائىنلارمۇ كۆپ چىقتى. ھەتتا بىز بىلەن غۇلجىدىن تارتىپ بىللە كەلگۈچىلەردىنمۇ چىقتى ! — دەپ باتىرغازى مەيۈس، نۇرسىز كۆزلىرىنى يەرگە تىكتى ۋە يىغلىۋېتىشكە ئاز قالدى ھەم ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك دېدى:

www.uyghurkitap.com

— باندىتلارغا قوشۇلغانلار ئاز ئەمەس...

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ.

باتىرغازى بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ پولكوۋنىكقا قارىدى.

— ئۇلار ئۆزىنى قانچە كېيىن ئاشكارىلىسا، زىيان، چىقىم شۇنچە كۆپ بولاتتى... سەن بىر ئىسكادرون تۇگەشتى دەۋاتامسەن، شۇ تاپتا بىر پولك ئاساسەن تۇگەشتى، ئەمما چىڭ دەسسەپ تۇرۇۋاتىمىز، تۇرىمىز ! ...

— ئېغىر ئەھۋالدا قالدۇق...

— ياق، بېشىڭنى كۆتۈر، پولك بايرىقى تېخى قولىمىزدا، ئۇنى ھەرگىز يىقىتمايمىز !

— قايمۇقتۇق، ئالداندۇق... بىزنى باشلاپ ماڭغان سىۋەز بىزنى نەق دۇشمەننىڭ ئۇۋىسىغا ئاپىرىپتۇ. قورشاۋدا قالدۇق، بوسۇپ چىقىپ كېتىشكە بولمىدى، ئېلىشتۇق، تۇگەشتۇق.

نىزامىدىن بىردىنلا سەگەكلەشتى، «سىۋەز بىزنى دۇشمەننىڭ ئۇۋىسىغا باشلاپ بېرىپتۇ» دېگەن گەپ ئۇنىڭ كاللىسىدا خۇددى چاقماقتەك چاراسلاپ يېنىپ كەتتى ۋە ئۇ دۆڭدىن سەكرەپ - سەكرەپ چۈشتى - دە، ھېلىلا يەنە بىر ئىسكادروننى يۆتكەش توغرىسىدا بۇيرۇق ئەكەلگەن ئىككى سىۋەزنىڭ ئالدىغا باردى. نىزامىدىننىڭ چىرايى دەھشەتلىك تۇس ئالغان: كۆزلىرى ئوتتەك يانغان، قوشۇما قاشلىرى تىكەنلەشكەن، لەۋلىرى تاتىرىپ، تىترەپ كەتكەنىدى.

— ئېيت، ئېپلاسلار، سەنلەر كىمنىڭ قىسمىدىن؟

ئىككى سىۋەز بىر - بىرىگە قاراشتى، بىرسى:

— دەلىلقاننىڭ... — دېدى.

— نېمە؟

— سارسۇمبە پولكىدىن.

— سەنلەرنى كىم ئەۋەتتى؟

— گېنېرال ئىشتابى.

— گېنېرال ئىشتابى بىزنىڭ قانچە ئىسكادرونىمىزنى يۆتكەپ

كەتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

— بىز بىلمەيمىز.

— سەنلەرنىڭ ئەۋەتكەن گېنېرال ئىشتابى بىزنىڭ بىرلا ئىسكادرونىمىز قالغانلىقىنى بىلەمدا! ...

ئىككىسى جىم تۇرۇشتى.

— سەنلەر قايسى دىۋىزىيونىڭ، قايسى رازۋېدكا ۋىزۋوتىدىن؟ گېنېرال ئىشتابى ھازىر قەيەردە؟ گەپ قىل، ئىپلاسلار! سەنلەرگە ۋەزىپە بەرگەن گېنېرال ئىشتابىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىشەمسەن؟

كەينى ـ كەينىدىن بېرىلگەن تەيزىدەك ئۆتكۈر سوئاللار ئىككى سىۋەزنى گاڭگىرىتىپ قويدى، ئۇلار نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى ۋە چىرايلىرى تاتىرىشقا باشلىدى. نىزامىدىن ئاچچىقىدا ئېگىز بويلۇق سىۋەزنىڭ گىمناستوركىسىنىڭ ياقىسىنى بىرلا تارتقانىدى، گىمناستوركا ياقىسى ئۇنىڭ قورسىقىغىچە يىرتىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئىچكى كۆڭلىكى مىللىي قىسىملارنىڭ باش تەرپىگە قىزىل جىيەك تۇتۇلغان مايكىسى بولماستىن، تىك ياقىلىق نوغايچە كۆڭلەك (جىيەدە) بولۇپ چىقتى.

نىزامىدىن قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ئىپلاس! .... باندىت! ... ئېيت، پولك كوماندىرىڭ كىم؟ — ئۇ يېنىدىن تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋالدى.

— قابان[①]... — دېدى بىرسى.

— ئىش ئايان بولدى! ھەممە ئىش ئايان بولدى، — نىزامىدىننىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىگەنىدى، — دېمەك، گېنېرال ئىشتابى ئەۋەتكەن بىرىنچى قېتىملىق سىۋەزنى، سىۋەزنىڭ يېنىدىكى بۆيرۇقنى باندىتلار قولغا چۈشۈرۈۋالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن سىۋەزلەر باندىتلارنىڭ، ئۇلار بىزنىڭ

① قابان — ئوسماننىڭ پولك كوماندىرى.

ئىسكادرونلىرىمىزنى ئالداپ ئەكەتكەن ۋە هالاك قىلغان، ئىتتىپ تاشلاۋلار بولارنى !

نىزامىدىن ئىككى باندىتنى ئاتقوزۇۋەتكەنلىكىگە شو هامان ئۆكۈندى. ئو ئوروش جەريانىدا بوگون بىرىنچى قېتىم يېڭىكلىك بىلەن ئىش قىلغانلىقىنىمو شو هامان هېس قىلدى.

— پولك سەپكە !

نىزامىدىن پولكنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاران يۈزگە يېقىن ئادىمى قالغان پولك ئونىڭ بۇيرۇقىنى كۈتمەكتە ئىدى:

— بىز هازىرمو جەڭگىۋار قىسىم، ئەمدى توۋەنلەپ ماڭىمىز، گېنېرال ئىشتابىنى تاپىمىز، — دېدى نىزامىدىن ۋە ئېتىغا ئىرغىپ مىندى - دە، سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتوپ ماڭدى.

نىزامىدىن خىيال بىلەن كېتىۋاتاتتى: گېنېرال ئىشتابى نېمە قىلىۋاتقاندو؟ نېمىشقا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرەلمەيدىغاندو؟ شو تاپتا ئولارنىڭ بېشىغا چوشوۋاتقان كون بىزنىڭكىدىنمو ئېغىرمويا؟.. قانداق ئىش بولدى - هە ! بوگونكى سەپدىشلىك، ئەتىكى دۈشمىنىڭ... يەنىسخەيدە قالغان مىنىڭ پولكىم ساۋەندىن چىققان قالىبەك، تاكامانلار بىلەن ئوروش قىلىۋاتامدىكىن، قايسى تەرىپىدە ئوروشۇۋاتقاندو... ئىشەنچلىككىنە قەدەم يۆتكىيەلمەيدىغان ئەندىشىلىك يوروش ئولارنىڭمو بېشىغا چوشوۋاتقاندو، بەلكى نېمىلا بولسون ئولار سىنالغان جەڭچىلەر ئىدى، يانمويان تورغان ئادىمىڭگە ئىشەنچ قىلالمىساڭ، جەڭ ئەمەس، ئادەتتىكى سەپەرمو خەتەرلىك - دە... قىيىن، ئىنتايىن قىيىن بولدى، سىنالغان جەڭچىلىرىم نەلەردە قالدى - هە...

ئونىڭ قەلبى سېغىنىش بىلەن ياندى ۋە ئو ئۆزىدە قانداقتور ئېغىر مەيوسلوك هېس قىلدى.

قىسىم قىران دەرياسىنىڭ ئەگمىسىگە كەلگەندە، ئوچ تەرەپتىن — ئىككى ياقتىكى تاغدىن ۋە ئالدىدىكى توقايدىن تۇيۇقسىزلا ئوق چىقىپ كەتتى. جەڭچىلەر ئاتلىرىدىن تېزلىكتە

ئىرغىپ چۈشۈشۈپ ئابارۇن تۇتۇپ يېتىشتى. نىزامىدىن قولىغا ئاپتوماتىنى ئالدى ـ دە، سايدىن يۈگۈرۈپ چىقىۋاتقان باندىتلارنى ئوققا تۇتتى ۋە ئۇلارنى چېكىندۈردى.

قىسىم تۆپىلىككە ياماشتى.

نىزامىدىن شۇ چاغدىلا ئەتراپقا زەن قويدى، باتۇرغازى، ئاقىلبەك، باشقىلارمۇ زەن قويدى. ھەممىسى چۈشەندى، ئۆزلىرىنىڭ باندىتلار قورشاۋىدا قالغانلىقىنى چۈشەندى. ئىككى ياقتىكى تاغ باغرى باندىتلار بىلەن لۆمۆلدەپ كەتكەنىدى. باندىتلار ھە دەپ: «يا مۇھەممەد ! مۇلقا، چاقاباي، ئالغا باس ...» دەپ ھۇجۇم بىلەن كېلەتتى، چېكىندۈرۈلەتتى، لېكىن قىسىم بۇ يەردىن ئۈزۈلۈپ چىقىپ كېتىشكە ئامالسىز ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ سوئالنى ھەممىدىن كۆپرەك نىزامىدىن ئۆزىگە قوياتتى. ئۇ ئويلىدى: ئىككى يول بار، بىرى، ئاخىرغىچە ئېلىشىش يولى. بۇ يول بىلەن ماڭغاندا، پۈتۈن قىسىم قىرىلىپ تۈگەيدۇ، پولك بايرىقى يىقىلىدۇ، ئەمما دۈشمەن ئاز چىقىم تارتمايدۇ. يەنە بىرى، بۆسۈپ چىقىپ كېتىش يولى، بۇ يول بىلەن ماڭغاندا، كۆپ قۇربان بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، دۈشمەن ئاز چىقىم تارتىدۇ، ئەمما پولك بايرىقى يىقىلمايدۇ.

نىزامىدىن كېيىنكى يولنى تاللىدى، سايدىكى باندىتلارغا پۈتۈن قىسمى بىلەن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ۋە ئۇ يەردىن ئۆرلەپ، تاغ باغرىلىرىدىكى باندىتلارغا ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ئېتىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۈزۈلۈپ چىقىپ كېتىشنى پىلانلىدى. ئىككى ئەسكادرون نامىدا قالغان يۈزگە يېقىن جەڭچىنىڭ كوماندىرلىرىنى چاقىرىپ، ئۆز پىلانىنى ئۇقتۇردى.

جەڭچىلەر كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئاتلىرىغا مىندى ـ دە، دەھشەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. قوراللىرىدىن بىراقلا ئوق ئۈزۈپ، ھۇررا توۋلاپ ھۇجۇمغا كىردى. كۈچىنىپ ئاتقان گىراناتلار دەھشەتلىك پارتلاپ تاغلارنى تىترەتتى. قىسىمغا تاغ

باغرىدىكى باندىتلارمۇ تاراسلىتىپ ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى... قىسىم بەش مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ساي ـ توقايلىقتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئېگىزلىككە ئات سالدۇرۇپ ياماشتى، شىددەتلىك ئېتىشىشلار باشلاندى... كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان، ئىس ـ تۈتەكلەردىن ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. چاراسلىغان ئۇچقۇنلار، لاۋۇلدىغان يالقۇنلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆتۈرۈلەتتى...

— بايراق يىقىلىۋاتىدۇ! بايراقنى ئېلىڭلار! — نىزامىدىننىڭ ئاۋازى گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلاندى.

بىر جەڭچى ۋىڭىلدىغان ئوقلار ئىچىدە ئات سالدۇرۇپ كېلىپ، جان ئۈزۈۋاتقان جەڭچىنىڭ قولىدىكى قىيسىيىپ قالغان بايراقنى يۆلىۋالدى ـ دە، ئېگىز كۆتۈردى!

قىسىم يانغا ئوق ئۈزۈپ گىرانات تاشلاپ باندىتلار ئالدىدىن ئۆتمەكتە ئىدى.

ئەنە، بايراق يەنە يىقىلىشقا باشلىدى، يەنە بىر جەڭچى تېزلىك بىلەن ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى، يەنە يىقىلىشقا باشلىدى... بولمىدى، يىقىلدى، بايراق ئاتنىڭ يالىدا تۇرۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا تېزلىك بىلەن يانداپ يېتىپ كەلگەن نىزامىدىن بايراقنى ئالدى ۋە كۆتۈردى!

— ھۇررا! ھۇررا! ...

قىسىم باندىتلار قورشاۋىدىن ئۈزۈلۈپ چىقىپ كەتتى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. لېكىن، بىرنەچچە جەڭچىنىڭ جان پىدالىقى بىلەن پولك بايرىقى لەپىلدەپ، پولكنىڭ تېخى ھايات ۋە جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. پولك بايراقنى شۇنداق لەپىلدىتىپ، بىرنەچچە بەل ئاشقاندىن كېيىن ئۆستەڭ بويىدا توختىدى. ئۆستەڭ بويى سازلىق ئىدى. ئۇلار ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. نىزامىدىن ئېتىدىن چۈشمىگەنىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى بايراق ئاسمان بوشلۇقىدا چاقنىغان سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار نۇرىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھايات قالغان

جەڭچىلەر بايراقىقا قاراشتى. شامالدا لەپىلدەۋاتقان بايراق، بۇ خەتەرلىك يۈرۈشتىن جەڭچىلەرنى قۇتقۇزۇۋالغاندەك، ھەممىگە ئۈمىد بېغىشلايتتى.

نىزامىدىن كوماندىر ـ جەڭچىلىرىنىڭ نامىنى چاقىرىشقا باشلىدى:

— باتىرغازى !

— بار.

— سېتىۋالدى !

— بار.

— ئاقىلبەك !

— بار.

— ئەخمەتغەلى !

— ...

— يۇنۇس !

— ...

— كۆشەر باي !

— بار.

— تۇرسۇن !

— ...

نىزامىدىن ئۆزىدىن باشقا يىگىرمە ئۈچ نەپەر جەڭچىنىڭ ھايات قالغانلىقىنى بىلدى.

— بىزنىڭ پولك تېخى ھايات، شۇنداقلا يەنە جەڭگىۋار ھالەتتە، — دېدى نىزامىدىن كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — بىز سارسۈمبىگە كىرىپ كېتىمىز، ياربدارلىرىمىزنى ھازىرچە ئەملىيەلمەيمىز، قېنى، يۈرۈش باشلانسۇن، باتىرغازى، بايراقنى قولۇڭغا ئال ! جەڭگىۋار يۈرۈش باشلاندى.

*   *   *

كىمدۇر بىرى غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى، بۇ ناخشىنى ھەممىسىنىڭ، ياربدارلارنىڭمۇ ئېيتقۇسى، ۋارقىراپ

ياڭراتقۇسى، كۆتۈرۈۋەتكۈسى كەلدى، بىراق، پولك كوماندىرى رۇخسەت قىلمايدۇ ـ دە... ئەمما باشقىلار ناخشىنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭلىدىن بىرمۇبىر ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

ئال قولۇڭغا قىزىل تۇغنى،
بەرمە دۇشمەنگە ھېچ ئۇنى.
دۇشمەن سوزسا بىزگە قولىنى،
يانجىپ تاشلايمىز بىز ئۇنى!
...

بۇ ناخشا جەڭچىلەر تالاي قېتىم ئېيتقان، زوقلىنىپ ئېيتقان، ئەڭ ئېغىر پەيتلەردە روھلىنىپ ئېيتقان... ناخشىسىز ياشىيالمايدىغان ئادەملەر ھەرقاچان كۆڭۈل كۈيلىرىنى، دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچلىرىنى ئىزھار قىلىپ ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇلار ناخشىسىز ياشىيالمايدۇ، ناخشىسىز ھاياتنى قاناتسىز قۇش دەپ بىلىدۇ، ئېغىر كۈنلەرنى، ئازابلىق يۈرۈشلەرنى، ھەتتا رەھىمسىز ئۆلۈمنى ئۈمىدلىك ناخشا يېڭىدۇ!

ئۈمىدلىك ناخشىلارنىڭ روھىي قۇۋۋىتىدە، يېرىم كېچە مەزگىلىدە جەڭچىلەر سارسۇمبە بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلدى. سارسۇمبە ئىچىدىن ھاۋشىۋاتقان ئىتلارنىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. نىزامىدىن جەڭچىلەرنى ئۆستەڭ ياقىسىدىكى چاتقاللىقلار ئارىسىغا يوشۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز كۆۋرۈكتىن ئۆتتى ـ دە، ئەتراپقا زەن قويۇپ قارىدى. ھەممە يان جىمجىت ۋە سۈرلۈك ئىدى. ئۇ قويۇق تاللار ئارىسىدىن پىلدىرلاپ يېنىۋاتقان چىراغ شولىسىنى كۆرۈپ قالدى. شۇ ياققا شەپىسىز مېڭىپ، يورۇق دېرىزە يېنىغا باردى ـ دە، ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قويۇپ، ئۆيئىچىگە قارىدى. ئۆيئىچىدىن ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلار چامىسىدىكى زىلۋا بويلۇق

بىر قىز ئاق خالاتلارنى دەستىلەپ تىزىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا ئاق خالات، بېشىدا ئاق بۆك بار ئىدى. نىزامىدىن بۇ يەرنىڭ دوختۇرخانا ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئايلىنىپ كېلىپ ئىشىكنى چەكتى. ئۆيئىچىدىن: «ھە، كىرىڭ» دېگەن ئاۋاز چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئۆيگە كىردى.

قىز نىزامىدىننى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى:

— كىم سىز، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟

قىز تېز ـ تېز سۆزلەيتتى.

— مەن شىمالىي فىرونت ئۈچىنچى ئاتلىق پولك كوماندىرى نىزامىدىن بولىمەن.

— ھە، نىزامىدىن دېگەن سىزمىدىڭىز... پېشانىڭىزدىكى كاكارنى ئېلىڭ، مۇرىڭىزدىكى پاگونلىرىڭىزنى يوقىتىڭ، بولۇڭ، دەرھال !

قىز ھودۇقۇپ كەتكەندى.

— نېمە بولدى قىزچاق، نېمە گەپ بۇ، نېمانچە ھودۇقىسىز؟

— تېخىچە بىلمەمسىز؟

— نېمىنى؟

— شەھەرنى ئوسمان باندىتلىرى ئىشغال قىلىۋالدى.

— نېمە؟ ...

— بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى.

نىزامىدىنمۇ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— ھە... مۇنداق دەڭ ... — نىزامىدىن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، — گېنېراللار نەدە؟

— چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن، بۇرچىنغا چېكىنگەن، بۈگۈن ئۇ يەردىن كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

نىزامىدىن يۈز بەرگەن ئالامەتلەرنىڭ سىرىنى ئەمدى تولۇق چۈشەندى. پېشانىسىغا ئۆرلەپ چىققان سوغۇق تەرنى يېڭى بىلەن ئېرتتى.

— قىزچاق، ئېتىڭىز نېمە؟

— شەمشەرقان.

— خوش، شەمشەرقان، ئۇلار قاياققا چېكىنمەكچى؟

— مېنىڭ بىلىشىمچە، بىراقلا تارباغاتايغا چېكىنسە كېرەك.

— هازىر قاياق خەتەرسىز؟

— شىمالىي تەرەپ بولۇشى مۇمكىن.

— ئىشىم پۈتتى، رەھمەت سىزگە، — نىزامىدىن چىقىپ كېتىشكە تەرەددۇتلاندى.

— توختاڭ، يولداش پولكوۋنىك، — دېدى قىز هويلىدىكى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، — ئەمدى چىقىپ كېتەلمەيسىز، باندىتلار هويلىغا كىرىپ قالدى. مۇنۇ ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتتا يېتىۋېلىڭ، مېڭىڭ، كىيىملىرىڭىزنى تېز يېشىپ، كارىۋات ئاستىغا جايلاڭ...

قىز نىزامىدىننىڭ بېشىدىكى شەپكىسىنى ئېلىپ ئىشكاپىنىڭ كەينىگە تاشلىدى ـ دە، ياندىكى ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى كىرگۈزۈۋەتتى ۋە ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ پىچىرلىدى:

— سورۇشتۇرۇپ قالسا، سوۋېتنىڭ سارسۇمبە كونسۇلخانىسىدىكى خادىمەن دەڭ، قازاقچە سۆزلەڭ.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بېشىغا لۆڭگە ئورىۋالغان ئىككى باندىت كىردى. ئۇلار شەمشەرقانغا، دورا ئىشكاپلىرىغا سەپسېلىپ قاراپ، يان ئىشىكنى ئېچىپ، نىزامىدىن ياتقان ئۆيگە كىردى. قىزنىڭ يۈرەكلىرى ئۇرۇپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى. بۇ ئۆيدە يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزىنى يۇمۇپ، چىرايىنى بىر قىسما پۈرۈشتۈرۈپ ئېغىر كېسەلدەك ياتقان نىزامىدىندىن باشقا، يەنە بىر هوشىنى بىلمەيدىغان ئېغىر يارىدار ياتاتتى. باندىتلار ئۇلارغا بىر قۇر قاراپ قويدى ـ دە، ئۇلارنىڭ كىملىكىنىمۇ سورۇشتۇرمەي چىقىپ كەتتى.

— يارايسىز، يولداش پولكوۋنىك، خۇددى ئېغىر كېسەلدەك ياتتىڭىز، — دېدى قىز كۈلۈمسىرەپ.

— شۇ تاپتا هەرقانداق ئېغىر كېسەلنىڭ چىرايىمۇ بىزدىن

ياخشىراقتۇ، — نىزامىدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.
— خوش، شەمشەرقان، سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار؟
— دەڭ.
— مېنىڭ سەككىز ياردارىم بار، ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ ئەھۋالى ئېغىر، يوشۇرۇپ قالالامسىز؟
قىز ئىنچىكە سۆس قاشلىرىنى يىمىرىپ، ئويلاپ تۇرۇپ قالدى.
— قانداق؟
— ئىككى بولسا تامامەن مۇمكىن.
— ئۇنداق بولسا رەھمەت سىزگە، مەن كەتتىم، ئىككى ياردارنى ھازىر جەڭچىلىرىم ئەكىرىدۇ.
— توختاڭ، يولداش پولكوۋنىك، — دېدى ۋە ئىشكاپنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، مارلا، پاختا ۋە بوتۇلكىلىق دورىلارنى ئېلىپ نىزامىدىنغا سۇندى:
— قالغان ياردارلىرىڭىزغا زۆرۈر نەرسىلەر بۇ.
نىزامىدىن دورىلارنى ئالدى - دە، يەنە بىر رەھمەت ئېيتىپ بۆلۈمدىن چىقىپ كەتتى. يىراقتىن ھاۋشىۋاتقان ئىتلارنىڭ ئەنسىز ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. پۈتۈن ئەتراپ ئۇنىڭغا سۈرلۈك تۇيۇلدى ۋە تېنى ئەيمەندى. ئۇ تال ئارىلىرىغا قاتتىق دىققەت قىلىپ قاراپ ماڭدى. سارسۇمبىگە شۇنچە زور ئۈمىد باغلىغىنى بىكار بولغانىدى.
نىزامىدىن جەڭچىلىرىنى باشلاپ يۇرۇشكە ئاتلاندى، ئۇنى ئېغىر ۋەھىمە ۋە سۈر باسقان، جەڭچىلىرىنىمۇ سۈر باسقان، ئۇلار گويا نىشاندىن ئادىشىپ، دەھشەتلىك دېڭىزدا كېتىۋاتقان يەلكەنىدەك، زۇلمەتلىك كېچىدە تاغ باغرىنى بويلاپ يۇرمەكتە ئىدى. تاشلىق يولدا ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن «تاراق - تۇرۇق» قىلغان ئاۋازلار كۆتۈرۈلسە، ئارىلاپ - ئارىلاپ يالت - يۇلت قىلىپ ئوت ئۇچقۇنلىرىمۇ چاچرايتتى. غەربتىن ئۇرۇۋاتقان شامال ھارغان جەڭچىلەرگە شۇنچىلىك ئارام بېرەتتىكى، ئۇلار

شامالنىڭ يەنىمۇ قاتتىقراق چىقىشىنى تىلەيتتى. لېكىن، ھەممىنىڭ كاللىسىدا ۋەھىمىلىك خىياللار... بارى ـ يوقى يىگىرمە ئىككى ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ ئالتىسى يارىدار، تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، ئايىغى ئاستىدىكى تاشلاردەك، يەرگە دومىلاپ چۈشمەسمۇ؟ ... تېخى بۇ ئەندىشىلىك يۈرۈش قانچە كۈن داۋاملىشار؟ شىمالىي فىرونت گېنېرال ئىشتابىنى نەدىن تاپار، سەن ئۇچۇن ئىشەنچلىك يول باشلىغۇچى تېپىلارمۇ؟...

— ناۋادا ھۇجۇمغا ئۇچراپ قالساق، ھەرگىز قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتمەسلىك كېرەك، — دېدى نىزامىدىن يانمۇيان كېتىۋاتقان باتىرغازىغا، — قانداق قىلىپ بولسۇن باندىتلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىككە تىرىشىشىمىز كېرەك.

— بىز بۇ يەرنىڭ شارائىتىنى ئوي ـ چوڭقۇرىنى بىلمەيمىز، يولداش پولكوۋنىك، — دېدى باتىرغازى، — قەيەرگە چىقىنىش، قەيەرگە مۆكۈنۈش بىز ئۇچۇن قاراڭغۇ، ئۇنداقتا...

— ئۇنداقتا، سەنچە قانداق قىلساق بولار؟

— ئېلىشقان تۇزۇكمىكىن دەيمەن.

— ئېلىشىشقا بەرداشلىق بەرگىلى بولارمۇ ياكى ئېلىشىپ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكىلى بولارمۇ؟

— مەن راست ئويۇمنى ئېيتاي، يولداش پولكوۋنىك، مېنىڭ بۇ يۈرۈشتە ھايات قېلىشتىن، شىمالىي فىرونت گېنېرال ئىشتابىنى تېپىشتىن ئۈمىدىم يوق، ھازىر بىز قەيەردە، گېنېرال ئىشتابى قەيەردە كىم بىلىدۇ؟...

— شۈكىلاشقا...

— شۈكىلاشقا، باندىتلار ئۇچرىسا ئېلىشىپ قۇربان بولغان تۈزۈك، بولمىسا، ئەڭ بولمىغاندا بىز بۇ دەشت ـ باياۋانلاردا تېنەپ يۈرۈپمۇ تۈگەيمىز.

نىزامىدىن بىر مىنۇتتەك جىمجىت ماڭدى ـ دە، سالماقلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— راست، باتىرغازى، يۇرۇشىمىز ئەندىشىلىك بولۇۋاتىدۇ، بىراق ئەندىشە قىلىپ، ئۈمىدسىزلىنىش يارىمايدۇ، ھەربىي يۇرۇش — كۆپ ھاللاردا ئەندىشىلىك، ئېھتىياتلىق بولىدۇ، ئەمما ئۈمىد ـ ئارزۇ يەنە كۆپ ھاللاردا ئەندىشىنى يېڭىدۇ، ئۈمىد — بىزنىڭ يېقىلماس بايرىقىمىز! ئۈمىد بولمىسا، راستلا ئەندىشە، ئېھتىيات قىلىپ يۇرۇپ بەربات بولىمىز.

— ئۈمىد بىلەن يۇرۇپمۇ ئۆلۈپ كېتىشىمىز مۇمكىنغۇ؟ ...

— ئەڭ بولمىغاندا، ئادەمنى ئۈمىد ياشىتىپ، ئەندىشە قاقشىتىدۇ ئەمەسمۇ، قايسىسى ئەۋزەل؟

باتىرغازى دۇدۇقلاپراق دېدى:

— مەن مۇشۇ ئايرىم ئەھۋالنى دەۋاتىمەن.

— مۇشۇ ئايرىملىقتىن نېمىشقا ئومۇمىيلىقنى كۆرگىلى بولمايدىكەن؟ ئېيتايلى، مۇشۇ يۇرۇشتە بىزنىڭ بىر ئادىمىمىز ساق قېلىپ، ئىشتابقا پولك بايرىقىنى تاپشۇرسا، بۇ بىزنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن قىسمىمىزنىڭ زور غەلىبىسى ئەمەسمۇ؟! ... بىز ئۇچراشقانلا ياندىتلار بىلەن ئېلىشىپ، ئۆزىمىز قۇربان بولۇپ تۈگىسەك، پولك بايرىقى يىقىلسا، قانچە كۆپ دۈشمەننى يوقاتقىنىمىز بىلەن قانچىلىك ئەۋزەللىكى بولار؟

قايىل بولغان باتىرغازى كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

— باتۇرلۇق ئەۋزەل، يولداش پولكوۋنىك، — دېدى.

— يەنە ئېيتىمەن، فىرونت ئىشتابىنى چوقۇم تاپىمىز... باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىدىغان پەيت ھازىر ئەمەس، بۇ يۇرۇشتە باتۇرلۇق دېيىلىدىغان بولسا، چېكىنىش، مۇغەمبەرلىك قىلىپ، دۈشمەن كۆزىدىن غايىب بولۇپ كېتىش — قالتىس زور باتۇرلۇق بولىدۇ.

باتىرغازى جىم بولۇپ قالدى.

ئاتلار ئاياغلىرىدىن بىر خىل تاۋۇش چىقىرىپ، ئېغىر چامداپ يۇرمەكتە ئىدى.

قىسىم ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنلىكى كەڭ، ئۇسكىلەڭ

چۆپلۈك بىر سايغا كىرىپ كەلدى. بىر ئۆستەڭ سۇنىڭ ئېقىنۋاتقانلىقى ۋە ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئات ـ كالا تېزەكلىرىنىڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغانلىقىدىن بۇ كەڭرى، چىرايلىق سايىدا ئادەم بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ دەم ئالدى، ئەڭ ئاخىرقى نانلىرىنى سۇغا چىلاپ يېيىشتى.

— بۇ سايىدا ئادەمنىڭ بارلىقى بىز ئۈچۈن ياخشىلىق ئەمەس، — دېدى ئاقىلبەك، — قوراللىقلار بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئىشەنچ قىلىپ بولمايدۇ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى نىزامىدىن سەگەكلىشىپ، — مۇھىمى پولىك بايرىقىنى يوشۇرۇش كېرەك، قېنى يولداشلار، مۇرەڭلەردىكى پاگون، كۆكسۈڭلەردىكى ئوردېن، پېشانەڭلەردىكى كاكارلارنى ئېلىۋېتىپ، قوينۇڭلارغا تىقىڭلار.

— ئېگەرنىڭ ئاستىغا جايلىساق قانداق؟ — دېدى ئاقىلبەك.

— بولمايدۇ، قويۇندىن باشقىسى بىكار، — دېدى نىزامىدىن. ئۇ ئۆزى گىمناستوركىسىنى يېشىپ، پولك بايرىقىنى بېلىگە ئورىدى ـ دە، ئۈستىدىن گىمناستوركىسىنى يەنە كىيىۋالدى. بىردەمدىلا ئۇلار خۇددى قىسمىدىن ھەيدىۋېتىلگەن جەڭچىلەردەك ھالغا كېلىپ قالدى.

بىر سائەت دەم ئالغاندىن كېيىن، يېڭىدىن ئۆرلەپ چىققان كۈن ئۇلاردا بىر خىل ئېزىلىش قوزغاپ ئىسسىتقان چاغدا قىسىم يەنە ئاتلىنىپ يولغا چىقتى. دېگەندەك، بىرەر سائەت ماڭار ـ ماڭمايلا ئىككى ياندىكى تاغ باغرىدىن، ئالدىدىن نەچچە يۈزلىگەن ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئالدىنى توراپ چىقىپ كەلدى. بىرنەچچىسىدە قارا مىلتىقلا بار ئىدى. ئۇلار ئۈچ تەرەپلەپ يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى.

— ھەرگىز ئوق چىقارماڭلار، قارشىلىق قىلماڭلار، — دېدى نىزامىدىن، — ھەممىسى بۇيرۇققا بويسۇنۇپ قوراللىرىنى مۇرىسىدىن ئالماي مېڭىۋەردى.

— ھە ... دەللىقانىنىڭ ئىتلىرى، سۇدىن چىققان مۇشۇكتەك

بولۇشۇپ قاپسەن، نەگە مېڭىشتىڭ، — دېدى ئالدىدىكى قوراللىق بىرسى.

ئاقىلبەك ئالدىغا چىقتى:

— ئوسماندىن يېڭىلگەنلەرمىز، ھەممە نېمىمىزدىن ئايرىلدۇق، يۇرتىمىزغا كېتىۋاتىمىز.

— ئەلۋەتتە يېڭىلىسەن، تۇرقۇڭ كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، قاراقاش قەبىلىسىدىنمۇ سەنلەر؟

— ياق، نايمان.

— ۋۇي ئۆلگۈرلەر، ئاتتىن چۈشۈش، قورالنى تاشلا، كىيىملىرىڭنى يېشىش...

بەزىلىرىنىڭ ئاتقا، بەزىلىرىنىڭ قورالغا، بەزىلىرىنىڭ چىگرىن ئۆتۈكلەرگە كۆزى چۈشكەندى.

— بولۇش، چاقا بايدىن ئامان قالىمەن دەپ ئويلاشما ! ...

ئالدىدىكى قارا ساقاللىقى ھە دەپ ۋارقىراپ - دېۋەيلەپ كەلمەكتە ئىدى، ھەممىسى تۆت تەرەپتىن ئۇلارنى قورشاپ يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئەڭ دەسلەپ قارا ساقاللىقى، يەنە بىر توغرىلىق پاكار بىرسى نىزامىدىنىڭ تاپانچىسىغا قول ئۇزارتتى، توپ ئىچىدىن ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشلار كۆتۈرۈلدى:

— ئۇر... سوق !... تارت ! ...

جەڭچىلەر قوراللىرىنى بەتلەشكەندى، نىزامىدىن كۆز ئىشارىسى بىلەن ئۇلارنى توختاتتى. نەچچىسى كېلىپ قوراللارغا ئېسىلدى، گىمناستوركىلارنى يىرتىشتى، ئۆتۈكلەرنى سالدۇرۇشقا كىرىشتى.

باتىرغازى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ۋارقىرىدى:

— باشقا نەرسىلىرىمىزنى ئالساڭ ئېلىش ... كىيىملىرىمىزگە تېگىشمە ! ... بىز ھايۋان ئەمەس، قىپيالىڭاچ يۈرىدىغان ! ...

ئۇلار سالدۇرۇۋالغان ئۆتۈكلەرنى، تارتىۋالغان قورال - ئاتلارنى بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ تالىشىشقا چۈشتى.

نىزامىدىن قورالسىز، ئاتسىز، يالىڭاچ قالغان جەڭچىلىرىنى كۆز ئىشارىسى بىلەن يۈرۈشكە بۇيرۇدى.

جەڭچىلەر خاپىچىلىقتا كەينىگىمۇ قارىماي مېڭىۋەردى، خېلى يەرگىچە باشقىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى. بىراق، كۆكۆل مەيدانلىق كەڭرى ساي، يېشىل تاغلار ھېچكىمنىڭمۇ مەيلىنى تارتالمىدى، ھەممە ئۈنسىز، كۆڭۈلسىز يۈرمەكتە ئىدى، ئۇلار نىزامىدىننىڭ ئاتلار، قوراللارنى قارشىلىقسىزلا بېرىۋەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، يەنە نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭدىن خاپا ئىدى.

جەڭچىلەر شۇنداق جىمجىتلىق، ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە يۈرۈپ، كەچكە يېقىن، يەنە بىر ھەيۋەتلىك تاغ باغرىدىكى يالغۇز قوشنىڭ ئالدىغا كەلدى. كىگىزلىرى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن قوش ئىچىدىن ئاغزىدا چىشى قالمىغان، يۈزلىرى كونا مەسىنىڭ قونچىدەك پۈرلەشكەن بىر موماي چىقتى. موماي بىر كۈنلۈك يول ئازابىنى تارتقان، كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلغان، يالاڭ ئاياغ، ئاچ جەڭچىلەرنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلدى ئەتىمالىم:

— كېلىڭلار، باللىرىم، دەلىلقانىنىڭ ئادەملىرى ئوخشايسىلەر، ئاچ قاپسىلەر، بىلىمەن، سىلەر ھازىر شۇ كۈنگە قالدىڭلار ... — دېدى.

— شۇنداق، ئانا... سىز قايسى قەبىلىدىن؟ — دەپ سورىدى باتىرغازى.

— چاقاباي!

— چاقاباي؟...

— چاقاباي دەپ قورقما، بالام، چاقابايلىقلاردىن بولانغان ئوخشايسىلەر، ئادەم ئوخشاش بولمايدۇ، ھەي... بالام، ئۆمۈر دېگەندە، بىر يانچۇقىغا ياخشىلىق، ئىنسابىنى، بىر يانچۇقىغا يامانلىق، ئىنسابسىزلىقنى سېلىپ يۈرىدىغانلارمۇ، ئىككىلا يانچۇقىغا ياخشىلىق، ئىنسابلىقنى سېلىپ يۈرىدىغانلارمۇ، ئۆمۈر بويى يامانلىق، ئىنسابسىزلىق، تېخى ۋەھشىيلىكنى سېلىپ

يۇرىدىغانلارمۇ بولىدۇ. سىلەر چاقابايلىقلارنىڭ يامانلىرىغا ئۇچراپ قاپسىلەر، يامانلىرى ئاز ئىدى، ھازىر كۆپىيىپ قالدى، مەيلى دەڭلار، بۇ ئۆمۈر شۇنداق ياخشى ـ يامانلىق ئارىسىدا كېتىۋاتقان ئۆمۈر، قېنى كېلىڭلار، ئولتۇرۇڭلار، دەم ئېلىڭلار...

كۆپنى كۆرگەن موماي جەڭچىلەرنىڭ روھىي ھالىتىگە، شۇ تۇرقىغا قاراپ ھەممىنى چۈشەنگەنىدى ھەم ئۆزىنىڭمۇ تۆكۈلۈشكە تەييار تۇرغان دەردلىرى نۇرغۇن ئىدى.

جەڭچىلەر قوشنىڭ سىرتىدا، چۆپلۈكتە ئولتۇرۇشتى.

— تېنىم يوق، بالىلىرىم، قېتىقىم بار، تىقىپ قويغانىدىم، سىلەرگە بىر چىنىدىن يېتىدۇ، — موماي ئۇھ تارتتى، — ئوسمانىنىڭ ئادەملىرى ئادەم ئەمەس، ھايۋان دېسەكمۇ كەملىك قىلىدۇ، مەن بىر تۈل خوتۇنغا كۆرمىگەن ئازاب سالدى، سىلەرنى ھەر نېمە قىلىدۇ، زارلىغىنىمغا قارىماي، ئىككى قوي، سېغىپ ئىچىۋاتقان بىر ئۆچكەمنى بۇلاپ كەتتى. ئىككى ـ ئۈچ نېنىمنىمۇ، چالمىدىن قالغان ئەسكى چاپىنىمنىمۇ قويمىدى. ئۇلارغا ئېيل كېرەك ئەمەس، كۈنىمىز شۇنداق ئادەمگە قالسا، قانداق بولۇپ كېتەرمىز، بۆرە بار يەردە قوي قالامدۇ؟... ئادەم ئوخشاش بولمايدۇ، بالىلىرىم، كالىنىڭمۇ سۈتلۈكى، سۈتسىزى، ئاتنىڭمۇ تەپكەك ـ چىشلەيدىغىنى، ياۋاش ـ مۆمىنى بولىدۇ ئەمەسمۇ... سىلەرنىڭ رىزقىڭلار ئىكەن، قايران ئۆچكەم يېرىم كۈندىن كېيىن قېچىپ كەلدى، شۇنىڭ سۈتىدىن، قېنى قېتىق ئىچىڭلار...

موماي تىنماي سۆزلەيتتى. باندىتلاردىن بۇلانغان بولسىمۇ، روھلۇق ـ تېتىك ئىدى، شۇ ئىشلار ئۈنىڭغا قىلچىمۇ تەسىر قىلمىغاندەك، تۇرمۇشتا مۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەردەك سۆزلەيتتى ۋە جەڭچىلەرگە تەسەللى بېرەتتى.

— بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاپا، دەللىقانىنىڭ ئادەملىرى يەنە قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى باتۇرغازى بىر چىنە قېتىقنى

بىراقلا سومۇرۇۋېتىپ، — يامانلىق، بۇلاڭچىلىق قىلغانلار، ئىنقىلابقا قەست قىلغانلار ئۆزىگە قىلىدۇ، ئاز كۈندە كۆرىمىز تېخى...

— شۇنداق، دەلىلقان، ئەخمەتجانلار ياشىسۇن، ئۇلار بىزنى گومىنداڭ دېگەن ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرغانىدى، ئوسمانمۇ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇشقان، كۆڭلىگە نېمە جىن كىردىكىن، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىۋېلىپ ئۆزىمۇ بىر ئاپەتكە ئايلاندى، ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەندىكىن، ئاپەت بولماي نېمە بولماق، ئۇنىڭغا چوشەنمەي ئەگىشىۋاتقانلارمۇ كۆپ...

جەڭچىلەر بىر چىنىدىن قېتىق ئىچىشىپ، مېڭىشقا تەرەددۇتلاندى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر ئۆچكەن، ئەتراپقا بېقىشلىرىدا ئۈمىدسىزلىك ئەكس ئېتەتتى.

— ئاشۇ كۆرۈنگەن ئېگىز تاغدىن قايرىلىپ، يەنە بىر كۈن ماڭساڭلار، — دېدى موماي قولى بىلەن كۆرسىتىپ، — دەلىلقاننىڭ ئېلىگە يېتىسىلەر، ئۇلار سىلەرنى تارباغاتايغا يەتكۈزۈپ قويار، غەيرەت قىلىڭلار، بالىلىرىم، غەيرەت دېگەن ئەرگە قانات...

— رەھمەت، ئاپا، — دېدى نىزامىدىن، — سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇمايمىز، دەلىلقاننىڭ جەڭچىلىرى ئۇنتۇمايدۇ، سىزنىڭ يانچۇقلىرىڭىز پۇتۇنلەي ياخشىلىق، ئىنساب بىلەن تولغانىكەن...

جەڭچىلەرمۇ، مومايمۇ كۈلۈشتى.

قىسىم يولغا چىقتى.

# ئون ئۈچىنچى باب

ئون ئىككى كۈندە نىزامىدىن پولكىدىن ھايات قالغان ئون ئىككى ئادەم تارباغاتايغا — شىمالىي فرونت گېنېرال ئىشتابى چېكىنىپ كەلگەن جايغا يېتىپ كەلدى. ئازابلىق سەپەر ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىپ ئۆلۈكتىن پەرقسىز بىر ھالغا كەلتۈرۈۋەتكەنىدى: كۆزلىرى كۆپكەن، چوققۇر چاناق ئىچىدە پىلدىرلاپ قالغان. لەۋلەر قۇرۇپ گەز باغلىغان، مەڭزلەر ئىچىگە كىرگەن، چىرايلار ئۈششۈك تەگكەن كەچ كۈز يوپۇرمىقىدەك قارىدىغان، تاپانلار تېشىلىپ ئويۇلغان... قىسقىسى، ئۇلار بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ھالدا، ئۇرۇشنىڭ ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىق چۆلىدىن يېتىپ كەلگەنىدى. شەھەر سىرتىدىكى قاراۋۇللۇق پونكىتىغا يېتىپ كەلگەندە، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان جەڭچىلەر ئۇلارنى كۆرۈپ يىغلىۋەتتى. ھەممىدىنمۇ ئۇلارنىڭ تاغ ـ تاشلىق شۇنچە ئۇزۇن سەپەرنى يالاڭ ئاياغ بېسىشى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىچىنى ياندۇراتتى...

ئۇلار گېنېرال ئىشتابىنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرغان پوستلارغا ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى مەلۇم قىلىۋاتقاندا، ئىشتاب ئىچىدىن گېنېرال مايور دەلىلقان ۋە باشقا ئىشتاب خىزمەتچىلىرى ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى:

— يولداش نىزامىدىن! ...

نىزامىدىن گېنېرالنى كۆردى ـ دە، تاق تۇرۇپ دوكلات قىلدى:

— يولداش گېنېرال مايور، شىمالىي فرونت ئۈچىنچى

ئاتلىق پولكى يېتىپ كەلدى !

گېنېرال ئۇنىڭ سۆزىگىمۇ قۇلاق سالماستىن، غۇلىچىنى كەڭ كېرىپ كەلگىنىچە نىزامىدىننى قۇچاقلىۋالدى.

— قەدىردان نىزامىدىن، ھايات ئىكەنسىز، كۆپ ئەنسىرىگەنىدۇق... خۇشاللىق ! خۇشاللىق... ھەممە ئەھۋاللارنى ئۇقتۇق، سىلەرنى ھايات قالدى دەپ ئويلىمىغانىدۇق...

گېنېرال مايور گەۋدىلىك — زور ئادەم ئىدى، نىزامىدىنمۇ شۇنداق بەستلىك ئادەم بولسىمۇ، شۇ تاپتا ئۇ كىچىككىنە ئادەمدەك ئۇنىڭ غۇلىچىنىڭ ئىچىدە قالدى. ئاندىن گېنېرال ئاقىلبەك، باتىرغازى ۋە باشقىلار بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— قېنى، ئىشتاب ئىچىگە كىرىڭلار، خاتالىق مەندىن ئۆتتى، مېنى كەچۈرۈڭلار...

ھەممىسى زالدەك يوغان بىر ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئۇستەلگە ئالتاينىڭ ھەربىي خەرىتىسى يېيىلغانىدى. نىزامىدىن پولك بايرىقىنى ئېلىپ، ئۇستەل ئۈستىگە قويدى... دەلىلقانمۇ، ئىشتاب خىزمەتچىلىرىمۇ ۋە ئاشۇ بايراقنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ كەلگەن جەڭچىلەرمۇ بايراققا چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە بىردىنلا قوزغالغان قىزىق ھېسسىياتلار ئىچىدە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشتى.

نىزامىدىن ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى:

— بايراقنى ھەرقانچە خەتەرلىك پەيتلەردىمۇ جاندىن ئارتۇق بىلىپ ساقلاپ قالدۇق، مىڭلىغان جەڭچىلىرىمىز قىرىلىپ تۈگىدى، لېكىن بايرىقىمىز يىقىلمىدى، دېمەك، ئۈچىنچى ئاتلىق پولك ھايات !

گېنېرال مايور ھېچنېمە دېيەلمىدى، ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەنىدى. پەقەت نىزامىدىننىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتتى... كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى:

— گومىنداڭنىڭ بىزدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئەسكىرى

كۆچى ئالدىدىمۇ بىز مۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلمىگەن، بەلكى ئۇستۇنلۇكتە تۇرغان، — دېدى دەللىقان ئەلەم بىلەن، — دېمەك، قورغان ئىچىدىن چىققان دۇشمەن، قورغان تېشىدىكى دۇشمەندىن يامان بولىدۇ، دېگەن ھەربىي كىتابلاردىكى گەپ، ئۆز ئەمەلىيىتىمىزدە ئىسپاتلاندى.

— بۇ كۆرۈلمىگەن ئۇرۇش بولدى، — دېدى نىزامىدىنمۇ، — باندىت قايسى، خەلق قايسى، ئۆز قىسىملىرىمىز قايسى، ئايرىۋېلىش تەس بولدى، بەلكى ھوشيارلىقىمىز يېتەرسىز بولغاندۇ...

باتىرغازىمۇ سۆز قىستۇردى:

— ئېغىر يېرى شۇكى، بەزى قىسىملىرىمىز پۈتۈن تەركىبى بىلەن باندىتلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

— بۇنداق ئەھۋال باشقا پولكلاردىمۇ كۆرۈلدى، ئەسلىي بىخۇدلۇق بىزدىن ئۆتتى، — گېنېرال سەممىيلىك بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى، — قىسىملىرىمىزدا كومىسسارلار خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمىدى، جەڭچىلەردە كۆرۈلگەن ئىنتىزامسىزلىقلار، باشباشتاقلىقلارغا بۇ، غەلىبىدىن كېيىن كۆرۈلىدىغان ئەھۋال، دەپ سەل قارىدۇق، بۇ بىر ئاچچىق ساۋاق بولدى. باندىتلارنىڭ ھازىرقى غەلىبىسى قىسمەنلىك، ۋاقىتلىق. ئومۇميىلىقتا بىز يەنىلا ئۇستۇن ئورۇندا، ئەلۋەتتە ! كىچىككىنە ئۇرۇشكە بولمايدۇ، ئومۇميۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئەمدى ئۆتىمىز، خوش، نىزامىدىن، سىزنىڭ نېمە تەلىپىڭىز بار؟

نىزامىدىن نۇرسىز كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ تۇرۇپ قالدى. گېنېرال مايور يېنىدىكى پودپولكوۋنىكقا بۇرۇلۇپ مۇنداق دېدى:

— قالغانلار دەم ئالسۇن، سىز يولداش نىزامىدىننى دوختۇرخانىغا باشلاپ بېرىڭ، ئىشتاب نامىدىن ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇڭ، ياخشى داۋالىسۇن، ياخشى ئوزۇقلانسۇن، ياخشى

www.uyghurkitap.com

كۆتۈلسۇن !

پودپولكوۋنىك ئىزامىدىندىن باشقىلىرىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

— ئەمدى ئېلىشىمەن، مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرىمەن، باندىتلار هامان ئۆلۈمگە مەھكۇم! ... ئىسسىق - سوغۇق ئەمدىلا بېشىمدىن ئۆتتى، مەغلۇبىيەت ماڭا ئەقىل بەردى.

— بولىدۇ، تەلىپىڭىزنى ئالقىشلايمەن، سىز هازىرچە دەم ئېلىڭ، يالنىستتا يېتىپ داۋالىنىڭ، سىزگە يېڭىدىن چوقۇم بىر پولك تەشكىل قىلىپ بېرىمىز.

— ياق، مېنىڭ تەلىپىم باشقىچە، يولداش گېنېرال مايور، باندىتلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئوتتۇرا يۆنىلىشتە قالغان ئۆز پولكىم بىلەن قاتناشماقچىمەن، مېنىڭ قەتئىي تەلىپىم مۇشۇ!

— بۇنى ئەلۋەتتە، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى بىلەن، بولۇپمۇ سىزنى بۇياققا ئەۋەتكەن باش قوماندانىمىز يولداش ئىسھاقبېك بىلەن سۆزلىشىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەمما مەن سىزنىڭ پىكرىڭىزگە پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن، هازىرچە داۋالىنىڭ، ئەسلىڭىزگە كېلىڭ. قېنى يۈرۈڭ، سىزنى داۋالاشنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن.

گېنېرال مايور دەلدەلقان ئىزامىدىننى ئۆزىنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا سېلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى.

ئىزامىدىن ۋە ئۇنىڭ ئارانلا پۈت دەسسەپ قالغان جەڭچىلىرىنى گېنېرالنىڭ بۇيرۇقى بويىچە دوختۇرلار جىددىي داۋالاشقا كىرىشتى. مەخسۇس كۆتكۈچىلەر — ئىزامىدىننىڭ ئۆزىگىلا مەخسۇس بىر سېستىرا، باشقا ھەر ئۈچ ئادەمگە بىردىن سېستىرا قويۇلدى، كېچە - كۈندۈز ئۇزۇلدۇرمەي تېببىي ياردەم بېرىلدى. شۇنداق داۋالاش بىلەن بىر ئاي ئۆتكەندە، ئۇلار ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. لېكىن، دوختۇرلار ئۇلارنىڭ

بالىستىن چىقىشقا رۇخسەت قىلمىدى. يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم تەكشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىگە قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئىزامىدىننىڭ يادىغا كونا پولكى — قەدىناس جەڭچىلىرى پات - پات كېلىدىغان بولدى. بەزىدە ئاقىلبەك، باتىرغازىلار بىلەن ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىپ، كۆز كېچىلىرىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈشەتتى. سېغىنىش — لەززەتلىك ئىش، سېغىنىشنى ئۆزئارا ئىزھار قىلىشىش، تېخىمۇ لەززەتلىك ئىش. سېغىنىش كىشىنى بەزىدە بىئارام قىلسىمۇ، لېكىن ئۆزئارا پاراڭ كۆڭۈلدە قاپلىشىپ تۇرغان تۇمانلارنى تارقىتىدۇ. ئۇلار گايىتنىڭ، نادەمنىڭ، رەيھاننىڭ، ئاراشىنىڭ، جامالىدىننىڭ ۋە ۋارىسجاننىڭ ھەم باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى زوقلىنىپ قىلىشاتتى، يادىغا ئېلىشاتتى، سېغىنىشاتتى، ئۇلار شۇ كۈنلەردە نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقاندۇ دەپ ئويلىشاتتى...

قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەر، ئىزامىدىن، ئاقىلبەك، باتىرغازىلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىناس سەپداشلىرىنى ئويلاۋاتىدۇ، ئەسلەۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كېلىۋاتىدۇ؛ سىلەرمۇ ئۇلارنى ئويلاۋاتقانسىلەر، ئۇلارنىڭ شۇ كۈنلەردە نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى سىلەرنىڭمۇ بىلگۈڭلار كېلىۋاتىدىغاندۇ، مەن سىلەرگە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا فىرونتتا قالىبەك، تاكامانلار باشچىلىقىدىكى باندىتلار بىلەن قانداق كۈرەشلەرنى قىلىۋاتقانلىقىدىن ئازراق سۆزلەپ بېرەي:

*　　*　　*

ئۇ ئۆز زېمىلانكىسىدا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن چاغدا، ئۇنى بىرسى ئويغاتتى. ئۇ كۆزىنى قانداق تېز ئاچقان بولسا، ئورنىدىنمۇ شۇنداق تېز تۇرۇپ كەتتى، ئالدىدا تېلېفونىست

www.uyghurkitap.com

ھەربىي قىز تۇراتتى:

— يولداش باتالىيون كوماندىرى، — دېدى قىز ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ، ئوڭ قولىنى چېكىسىگە ئېلىپ، — سىزنى گېنېرال ئىشتابىدىن كەلگەنلەر چاقىرىۋاتىدۇ، دەرھال كەلسۇن، دەيدۇ.

كوماندىر سائىتىگە قارىدى، سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسى دەل ئون ئىككىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— ئۇلار قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن رېمىنىنى باغلاۋېتىپ.

— پولك ئىشتابىدا، يولداش كوماندىر.

پولك ئىشتابى بۇ يەردىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى.

— مۇھاپىزەتچىلىرىمنى ئويغىتىۋېتىڭ.

ھايال قىلماي باتالىيون كوماندىرى ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن ئاتلىق يولغا چىقتى. 11 - ئاينىڭ سوغۇق كېچىسى ئىدى، قاراڭغۇدا يول خىرە ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. بۇ يوللاردا كۆپ قېتىم ماڭغان ئاتلار ئۆز ئىگىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىسىز پولك ئىشتابى جايلاشقان ئورۇنغا قاراپ ئىلدام يورۇپ كەتتى. تىزگىن سىيرىپ - تاراسلاپ كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن ۋالىلداپ ئۇچقۇن چاچرايتتى.

ئاتلار پولك ئىشتابى جايلاشقان زېمىلانكا ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ئۇلار ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى.

زېمىلانكا ئىشىكىدە تۇرغان قاراۋۇل جىددىي ھالدا تەڭلا ۋارقىرىدى:

— پۇرۇپوسكا؟

ئۇ دەرھال جاۋاب بەردى:

— گىرانات!

قاراۋۇللار ئىشىك ئالدىنى بوشاتتى. ئۇ مۇھاپىزەتچىلىرىنى سىرتتا قالدۇرۇپ، ئۆزى زېمىلانكا ئىچىگە كىردى. تېلېفوننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھەربىي قىز ئورنىدىن تۇرۇپ چاس بەردى -

دە، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى كۆرسەتتى:
— مەرھەمەت.
ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى ـ دە، ئوڭ قولىنى چېكىسىگە ئېلىپ ھۆرمەت بىلەن ئېيتتى:
— يولداش گېنېرال لېيتېنانت، بۇيرۇقىڭىز بويىچە بىرىنچى باتالىيون كوماندىرى كاپىتان گايىت سۇلايمانوف يېتىپ كەلدىم!
— راھەت! — دېدى گېنېرال.
ئۈستى بىر يېرىم مېتىر قېلىنلىقتا لىم ياغاچ، تاش، توپا، قۇم بىلەن مۇستەھكەم قىلىپ ياسالغان بۇ يەر ئاستى ئازادە ئۆيدە، غۇلجىدىن بوگوڭ چۈشتىن كېيىن كەلگەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك، قىزىل پاگونلۇق، ئېگىز بويلۇق بىر پولكوۋنىك، يەنە بىر ئوتتۇرا بويلۇق پودپولكوۋنىك، گايىتنىڭ ئۆز كوماندىرى يېشىل پاگونلۇق پولكوۋنىك ئولتۇراتتى. زېمىلانكا ئىچىنى ئونىنچى لامپا يورۇتۇپ تۇراتتى. باتالىيون كوماندىرىنىڭ دوكلاتىدىن كېيىن، زېمىلانكا ئىچى بىردىنلا جىمىپ كەتتى. سىرتتىنمۇ ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك گايىتنىڭ غوللۇق بەستىگە، سېرىق بۇرۇتىغا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن، قىزىل پاگونلۇق پودپولكوۋنىكقا قاراپ قويدى. بۇ قاراشتىن مەلۇم مەنىنى چۈشەنگەن پودپولكوۋنىك ئورنىدىن تۇردى ـ دە، يېنىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ ئوقۇشقا تەمشەلدى. بۇ باتالىيون كوماندىرى ئۈچۈن ئالدىنئالا تەييارلانغان يازما بۇيرۇق ئىدى.
— بۇيرۇق! — دېدى ئۇ، شۇ سۆز بىلەن تەڭلا زېمىلانكا ئىچىدىكى ھەممىسى قوزغالدى ۋە ھۆرمەت بىلەن تىك تۇرۇشتى، باتالىيون كوماندىرىنىڭ قەلبى شۇ نەرسىنى سېزىپ چۈشەندىكى، بۇيرۇق ئۆزىگە بېرىلەتتى، شۇڭا ئۇ بۇيرۇقنى ئىنتايىن زېرەكلىك بىلەن تىڭشىۋېلىشقا تەييارلاندى.

ئۇ ئوقۇدى:

*«شىخو بىرىنچى پولك بىرىنچى باتالىيون كوماندىرى كاپىتان گايىت سۇلايمانوف، سىز ئۆز باتالىيونىڭىزنى باشلاپ، 16 ـ نويابىر كۈنى ئۈندۈرخان ئاۋۇلىنى (جاڭخزىسىنى) ئىشغال قىلىسىز، 18 ـ نويابىر كۈنى شەيتانكۆۋرۈكنى ئالىسىز. سىزنىڭ ئوڭ تەرىپىڭىزدە ئىككىنچى ئازاد نىشانلىق پولك، سول تەرىپىڭىزدە ساۋەن بەشىنچى ئىسكادرونى ھەرىكەت قىلىدۇ، مۇناسىۋەتتە بولىسىز ۋە شۇ يەردە قالىبەك باندىتلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش يولىنى توسۇپ ياتىسىز، بۇيرۇق چۈشمىگۈچە شەيتانكۆۋرۈكتىن قوزغالمايسىز!*

*مىللىي ئارمىيە گېنېرال ئىشتابى*
*1947 ـ يىلى 14 ـ نويابىر.»*

— بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا تەييارمەن! — دېدى باتالىيون كوماندىرى كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن تاق تۇرۇپ.

— قايتىلاڭ!

باتالىيون كوماندىرى ھېلى ئوقۇلغان بۇيرۇقنى ئەينەن — بىرەر سۆزىنىمۇ قالدۇرماي، تولۇق قايتىلاپ بەردى.

— يارايسىز! — دېدى گېنېرال لېيتېنانت ۋە ئۇنىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى:

— قىيىنچىلىقلىرىڭىز بارمۇ؟

— يوق.

— تەلىپىڭىز بارمۇ؟

— يوق، يولداش گېنېرال لېيتېنانت!

— ئۇنداق بولسا، پولك كوماندىرىڭىز بىلەن كونكرېت ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىڭلار، قايتىڭ.

گايىت سۇلايمانوف بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇن مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە باتالىيون كوماندىرى ئۆز ئۇستىگە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ چىقتى. شۇ كېچىسىلا پولك كوماندىرى ئۇنى يېڭى مەلۇماتلار بىلەن ئاگاھلاندۇردى ۋە يەنە ئۇنى قەيسەر بولۇشقا، ئىرادىلىك بولۇشقا، سەزگۈر بولۇشقا چاقىردى. ئېلىنغان مەلۇماتلارنى بايان قىلدى: رازۋېدكىچىلارنىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا، تاكامان بىر بۆلۈك باندىتلار بىلەن بىزنىڭ مايتاغنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان بىر ۋىزۋوت ئادىمىمىزگە ھۇجۇم قوزغىغان. قالىبەك يەنە بىر بۆلۈك باندىتلار بىلەن شەيتانكۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئۇندۇرخان جاڭزىسىغا كېلىپ جايلاشقان، ئۇنىڭ ئادەملىرى بىردەم ئۈچ يۈز ئۆپچۆرىسىدە، بىردەم بەش يۈز ئۆپچۆرىسىدە كۆرۈنىدىكەن. بۇلارنىڭ مەقسىتى يەنىسخەي كۆۋرۈكنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، بىزنىڭ پولكقا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش، شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا فىرونتنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتىش ياكى بىتچىت قىلىشنى قەستلىگەن، بۇلار نېمانچىلا غالىۋاراپ، كۆرەڭلىك بىلەن ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقالايدۇ؟ مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇلارنىڭ ئارقا تىرىكى ئورازقان باشچىلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ قوتۇبىدا تۇرۇشلۇق سەككىزىنچى ئاتلىق پولكى ئىكەن. سەككىزىنچى ئاتلىق پولك قوتۇبىدا — شەھەر ئىچىدىلا ئەمەس، ھازىر ماناس تاغلىرىغا يېيىلغان. شۇڭا، مۇناسىۋەتتە بولۇۋېتىپتۇ.

— ئىگىلەنگەن ئەھۋال شۇ، — دېدى پولك كوماندىرى، — روتا كوماندىرلىرىغا ئەتە ئۇقتۇرۇپ، پۇختا تەييارلىقتىن كېيىن، كېچىسى پىيادە يولغا چىقىڭلار. 18 - نويابىر كۈنى مەنمۇ شەيتانكۆۋرۈككە يېتىپ بارىمەن.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىشەنچلىك ھەم قەتئىي ئىدى.

گاييت سۇلايمانوف ئۆز باتالىيونىنى باشلاپ كېچىسى يولغا چىقتى. ئۇ ھەربىر روتىنى ئىككى يۈز - ئىككى يۈز ئەللىك مېتىر ئارىلىق تاشلاپ مېڭىشقا بۇيرۇق بەرگەنىدى. شۇڭا، ئىككىدىن بولۇپ كېتىۋاتقان تۆت روتا بىر يېرىم

كىلومېتىردەك ئۆزۈنلۈقتا ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. باتالىيون كوماندىرى بۇ يەرلەرنى ياخشى بىلىدۇ: ئۆندۆرخان دېگەن يەر بىر كونا جاڭزا ۋە بۇ يەردە ئون بەش - ئون ئالتە تۆيلۈك مالچىلار بار. بەش يۈز ئادەم ياكى ئۈچ يۈز ئادەم سىغقۇدەكمۇ ئورۇن يوق. ئەگەر دۈشمەن بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقان بولسا، مۇقىم تۇرالمايدۇ، پەقەت بىزنىڭ يۆنىلىشىمىز، تۇرار جايىمىزنى بايقاش ئۈچۈن ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن... لېكىن ئاپارۇن تۇتۇپ تۇرالمايدۇ.

باتالىيون ئۆندۆرخانغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. گايىت تۆت روتىسىنى تۆت تەرەپكە قاپساپ كېلىپ ئۆندۆرخاننى ئىسكەنجىگە ئېلىشقا بۇيرۇق بەردى. بىراق، ئۇلار قانچە يېقىنلاشقانسېرى، ئۆندۆرخان شۇنچە تىنچ - جىمجىت ئىدى. باتالىيون كوماندىرى ئەجەبلىنىشكە باشلىدى: نېمىشقا شۇنداق، گويا ھاياتلىق يوقتەك جىمجىت. ئەڭ بولمىغاندا مالچىلار ئىتلىرىنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆچكەن؟... ياكى باندىتلار بۇ يەرنى ئىگىلىگەن چاغدا ئىتلارنى ئېتىۋەتكەنمىدۇ؟ ياق، ئۇلار ئىتنىڭ رولىنى ئەڭ قەدىرلەيدۇ، بۇ مۇمكىن ئەمەس.

باتالىيون بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. پەقەت جاڭزىغا ئۈچ يۈز مېتىردەك ئارىلىق قالغاندا، گايىت ئالدىن چارلىغۇچىلار گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتتى، ئۇلار ئانچە كېچىكمەي، شۇنداق خاتىرجەم ھالدا گۇدۇڭلىشىپ قايتىپ كەلدى:

— جاڭزىدا ھېچكىم يوق، — دېدى ئۇلار، — پەقەت بۇلۇڭدىكى بىر كىچىك ئەسكى ئۆيدە يالغۇزلا بىر موماي قاپتۇ.

قوشۇن جىددىي ھالدىن ئادەتتىكى ھالغا كېلىپ، ئىشىكلىرى ھاڭگىرقاي ئوچۇق قالغان جاڭزىغا كىرىپ كەلدى. راست دېگەندەك، قوي قىغلىرى بىلەن تىنىپ كەتكەن يوغان قورۇ ئىچى بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك ھاڭگىرقاي ئىدى. ھېچ ئويلىمىغان ھالدا ئۆندۆرخان ئورۇنسىزلا ئىشغال قىلىندى. گايىت موماينىڭ جىنچىرىغىنى ياندۇرۇپ ئۇنىڭدىن ھال -

ئەھۋال سورىدى. موماي، قالىبەك ئۈچ يۈزدىن كۆپرەك ئادىمى بىلەن ئۈچ كۈندىن بېرى مۇشۇ قورۇدا تۇرغانلىقىنى، ھەر كۈنى كېچە ـ كۈندۈز دېمەي، بىرنەچچە ئادەملىرىنى نەلەرگىدۇر ئەۋەتكەنلىكىنى، بۈگۈن قانداقتۇر ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، كۈن ئولتۇرماستىن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاتلىنىپ، بۇ يەردىكى ئون ئالتە ئۆيلۈك مالچىلارنى ماللىرى بىلەن قوشۇپ ھەيدەپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى ـ دە، ئاخىرىدا:

— بايا سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىڭلارنى ئۇ بىلىپ قالغانىكەن ـ دە، — دېدى.

— ئانا، — دېدى كوماندىر، — بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىمىزنى ئۇنىڭ قانداق ئۇقۇپ قالغانلىقىنى بايقىيالىدىڭىزمۇ؟

— ۋاي... بالام، بايقاي ـ بايقىماي، قالىبەك دېگەن يەرنىڭ ئاستىدا يىلان كۆشىگەننى بىلىدىغان نەرسە، ئۇنىڭ ئاتلانغان ئادەملىرى كېيىكتەك ئۇچقۇر، تۈلكىدەك قۇۋ، بۆرىدەك ۋەھشىي تۇرسا، بىلمەي قالامدۇ، — دېدى موماي ۋە ئوغلى بىلەن كېلىنىنىمۇ ھەيدەپ كەتكەنلىكىنى كۆز يېشى قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

باتالىيون دەرھال يولغا چىقتى.

ئۇلار تاغقا يېقىنلاشقانسېرى تۇزلەڭلىكتىكى ئىززىغىرىن شامال ئاستا ـ ئاستا يىتمەكتە ئىدى. ئاسمان بوشلۇقىدىكى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇلارنىڭ يولىغا سۇس يورۇقلۇق تۆكۈپ تۇراتتى ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنى بارغانسېرى سۇرلۇك، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. بىراق، بۇ يوللار قانچە خەتەرلىك بولسىمۇ، جەڭچىلەر ئۈچۈن ئاسماندىن بومباردىمان قىلىنىۋاتقان، ئەتراپىنى ئوقلار ئۇچۇپ تۇرغان يوللارغا قارىغاندا ھامان خاتىرجەم، ئەندىشىسىز بىلىنەتتى. شۇڭا، يۇلتۇزلار ئالەمنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلىنىپ ۋە ئاجايىپ ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ

مېڭىشاتتى. ئۇرۇش ئىچىدىكى ھايات قىزىق بولاتتى. ئۇرۇش ئىچىدىكى ھايات ـــ قىلىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ھايات، ئەجەل بىلەن ئېيتىشىدىغان ھايات، ئەمما جەڭچىلەر ئۈچۈن تىنچ يەرلەردە ياشاۋاتقان ئادەملەردەك خاتىرجەم ھايات! ھۇجۇمغا ئۆتەلمەيۋاتقان جەڭچى ئېرىقنىڭ قىرىنى دالدا قىلىپ ياكى چولاق تامنىڭ كەينىدە پاناھلىنىپ ۋە ياكى ئازگال ئىچىگە چۈشۈپ ئوڭدا يېتىۋېلىپ، ئۈستىدىن ۋىڭىلداپ ئەجەل ئوقلىرى ئۆتۈپ تۇرسىمۇ، خۇددى تىنچ ـ خەۋپسىز كۈنلەردىكىدەك يۇلتۇزلارغا قاراپ، يارىنى سېغىنىدۇ، كەشتىلىك ياغلىققا قارايدۇ. تېخى ئۇرۇشنى تۈگىتىپلا توي قىلىشنى ئويلايدۇ... ئۇلارغا دەھشەتلىك ئۇرۇشلارمۇ ئادەتتىكى خاتىرجەم تۇرمۇشتەك بىلىنىدۇ. ئۇرۇش ئىچىدىكى ھاياتنى قانچىلىك خەۋپ ئورىۋالغان بولسىمۇ، تىرىكلىك ـ ئۈمىدۋارلىققا باي بولىدۇ.

تاغ باغرىدا قويۇق ئورمانلىق كۆرۈندى، بىر ئاز ئىلگىرىلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدا بىر جاڭزا ۋە جاڭزىدىن ئىس چىقىۋاتقانلىقى بىلىندى.

كوماندىر ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىككىنچى روتىنىڭ خەۋەرچىسىدىن بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، قەدىمىنى ئىلداملىتىپ يۈرۈپ ئېگىزرەك يەرگە چىقىپ، جاڭزا ئىچىگە قارىدى ۋە قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى موما ياغاچقا بەش ئاتنىڭ باغلاپ قويۇلغانلىقىنى ئىلغا قىلدى. قوشۇن ئىلداملىق بىلەن يۈرۈش قىلدى. جاڭزىغا ئىككى يۈز مېتىردەك قالغاندا، قوشۇننىڭ كەينىدىكى ئۇزۇق ـ تۈلۈك ھەم ئېغىر قوراللار ئارتىلغان ئاتلارنىڭ ئايىغىدىن چىققان تاۋۇشلار ئاڭلىنىپ قالدىمۇ ياكى قوشۇننىڭ ئالدىراپ ماڭغانلىق شەپىسى سېزىلىپ قالدىمۇ، ھېچ ئويلىمىغان ھالدا جاڭزىنىڭ ئۇياقتىكى دەرۋازىسىدىن بەش ئاتلىق تاراسلىتىپ چېپىپ چىقىپ كەتتى.

كوماندىر جىددىيلىشىپ ۋارقىرىدى:

ـــ ۋاي، ئىست... ئىست... ئىست... بىخۇدلۇقىمىز...

خەپ باندىتلار ! ... ئىتىمنى ئەكېلىڭلار...
ئۇنىڭ كۆزلىرى دەھشەتلىكياندى - دە، ئىتىغا سەكرەپلا مىندى، ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن ھېچنېمىگە قارىماي، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى. ئاڭلىغانلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارغا يېتىۋېلىش قىيىن، شۇنداق بولسىمۇ غەزەپ بىلەن ئىتىغا قامچا سالاتتى. راست دېگەندەك، ئۇلار بارغانسېرى ئۇزاقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كەينىدىكى مۇھاپىزەتچىسىنىڭ مىلتىقىنى ئالدى - دە، چەنلەپ تۇرۇپ ئاتتى. بىرسىنىڭ قولاقچىسى ئۇچۇپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ قولاقچىغا يېتىپ بېرىپ، ئىتىدىن ئىرغىپ چۈشتى - دە، قولاقچىنى قولىغا ئالدى. قاچقانلار خۇددى شەيتاندەك بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولۇپ كەتتى.
باتالىيون كوماندىرى سۆلتىيىپ كەينىگە ياندى.
ئۇ جاڭزىغا قايتىپ كەلگەندە، جەڭچىلەر ئۇنىڭ سىرىق بۇرۇتلىرىنىڭ تىك - تىك بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقاشتى. مۇنداق چاغلاردا گەپ قىلسا، سوئال سورىسا، ئۇنىڭدىن قوپاللىق بىلەن دەككە يەيدىغانلىقىنى جەڭچىلەر ياخشى بىلەتتى.
— تۇتۇق يەرمىدى، تۇتۇق بېرەتتىمۇ... — دېدى جەڭچىلىرىگە گۆلىيىپ، — مانا مەغلۇبىيىتىمىزنىڭ نىشانى، — ئۇ قولاقچىنى يەرگە تاشلىدى. جەڭچىلەر قولاقچىنى قولدىن - قولغا ئېلىشىپ، يورۇققا يېقىن تۇتۇپ كۆرۈشتى. قوڭۇرۇقلۇق قولاقچا تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن بولۇپ، يېشىل دۇخاۋىدا تاشلانغانىدى. ئوق ئۇنىڭ ئۈستىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.
— ئىككى - ئۈچ سانتىمېتىر تۆۋەنرەك تەگكەن بولسىغۇ، جېنىنى جەھەننەمدە كۆرەتتىكەن خۇنپەر، — دېدى جەڭچىلەردىن بىرسى.
— ئارىلىق يىراق بولۇپ قالغان - دە، ئەگەر سەل بۇرۇنراق

ئېتىلغان بولسا ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كەتكەن بولار ئىدى، — دېدى يەنە بىر جەڭچى.

— بولدى قويۇڭلار، ئادەمنىڭ ئۆغىسىنى قايىنىتىدىغان نەدىكى گەپلەرنى قىلىشىپ، — دېدى باتالىيون كوماندىرى قوپاللىق بىلەن.

ئىشىكنىڭ يېنىغا ئېسىلغان يوغان قازاندا گۆش قايناۋاتاتتى، شورپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلماقتا، ئوچاقتا چاراسلاپ قارىغاي ئوتۇنى يانماقتا ئىدى.

— بىز ئۇچۇنلا ئېسىلغان گۆشكەن بۇ، بىچارىلەرنىڭ بىر كۆزى كەينىدە كېتىپتۇ - دە...

— بىزگە بۇيرۇغان دېگىنە...

— دېمەك، ئىش ئايان بولدىكى، — دېدى باتالىيون كوماندىرى، — باندىتلار ئۇندۇرخاندىن قوزغىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن، بۇ يەردە ئاز توختىغاندىن كېيىن يەنە قوزغالغان، بۇ بەش نەپەر ئاتلىق ئۇلارنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزلىرى قورسىقىنى تويدۇرۇپ ماڭماقچى بولغان، شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇلار باندىتلار باشلىقلىرى بولۇشى مۇمكىن، — ئۇ ئاخىرقى جۈملىنى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئەلەم بىلەن ئېيتتى.

تاڭمۇ ئاتتى، كۈندۈزى يولغا چىقىشقا بولمايتتى. ئەتراپقا — بىرنەچچە ئورۇنلارغا پوستلار قويۇلغاندىن كېيىن، باتالىيون كوماندىرى باندىتلار ھەيدەپ ماڭغان ماللاردىن قېلىپ قالغانلىرىنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. جەڭچىلەر بىردەمدىلا يەتتە - سەككىز قوي ۋە بىر كالىنى تۇتۇپ كېلىپ سويۇشتى.

ئىككى قازاندا كۆپ بويى گۆش قاينىدى. كېچىچە يول يۈرۈپ ھاردۇق يېتىپ كەتكەن جەڭچىلەر نۆۋەتلىشىپ گۆش يېدى، شورپا ئىچىشتى ۋە جاڭزىنىڭ ھاڭغىرقاي ئوچۇق قالغان ئۆيلىرىدە، قىغلىق ھويلىدا ئۇخلاشتى. 11 - ئاينىڭ يېرىمىدا ئالاقارنى بېسىپ يولغا چىققان قىسىم ئۇچۇن بۇگۈنكىسى ئەڭ



www.uyghurkitap.com

ئىسسىق، ئەڭ راھەت ئۇيقۇ بولدى.

* * *

يورۇشكە بۇيرۇق بېرىلدى.

باتالىيون كېچىدە يولغا چىقتى.

ئىزغىرىن شاماللىق كېچە ئىدى، شامال يېرىلغان يۈزلىرىگە سوغۇق يىڭنىدەك سانجىلىپ ئۆتەتتى. نىشان شەيتانكۆۋرۈك ئىدى. قىسىم ئېغىر يۈرمەكتە، تاشلارغا پۇتلىشىپ سەنتۈرۈلۈپ كېتىش ياكى «گۇپلا» قىلىپ يىقىلىپ چۈشۈش يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ئېغىر قوراللار ئارتىلغان ئاتلارنىڭ تاقىلىق تۇياقلىرىنىڭ تاشلارغا تېگىشىدىن چىققان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى ۋە بەزىدە چاچرىغان ئۇچقۇنلار ۋال ـ ۋۇل قىلىپ كۆرۈنۈپ قالاتتى.

چىچاڭغا[①] يېقىنلاشقاندا، سوغۇق تاغ شامىلى نۇرغۇن ئاتلارنىڭ ئوپۇر ـ تۇپۇر ۋە ئادەملەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرىنى ئېلىپ كەلدى. قىسىم يورۇشتىن توختاپ، ئاۋازنىڭ قاياقتىن كېلىۋاتقانلىقىغا قۇلاق سالدى. ئاۋازلار تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. باتالىيون كوماندىرى روتىلارنى پاناھلىق جايلاردىن ئابارۇن تۇتۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى ئەڭ ئالدىغا ئۆتتى. قىسىم شەپە چىقارماسلىققا تىرىشىپ، ئاياغلىرىنى ئېھتىيات بىلەن يۆتكەپ ئەتراپقا يېيىلدى. ئالدىن كەتكەن رازۋېدكىچىلار قايتىپ كېلىپ كوماندىرغا دوكلات قىلدى:

— چىچاڭغا يان تەرەپتىن ئىككىنچى ئازاد نىشانلىق پولك يېتىپ كەپتۇ، پولك كوماندىرى بىزگە بۇ يەرنىڭ شارائىتىنى ئوبدان بىلىدىغان مانا بۇ كىشىنى قوشتى.

ئۇچىسىغا ئۇزۇن تاشلانمىغان جۇۋا، بېشىغا تۇلكە قۇلاقچا كىيگەن يەرلىك قازاق مالچى رازۋېدكىچىلارغا قوشۇلۇپ

① يەر ئىسمى.

كەلگەندى. بۇ باتالىيون كوماندىرىنىڭ سوئاللىرىغا تولۇق جاۋاب بېرەتتى:

— قالىبەكنىڭ ئادەملىرىنى تۆت يۈز، بەش يۈز ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ دەپ مۆلچەرلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. ھېلىقى قارىساڭ، بەش يۈز، بىردەمدىلا ئۈچ يۈز، چۈنكى ئۇ مالچىلارنى ئۆز قىسمىغا مەجبۇرىي قوشۇۋالىدۇ، قوشۇلغانلار پەيت تېپىپ قېچىپ كېتىدۇ، — دېدى ئۇ بىلگەنلىرىنى بايان قىلىپ، — ئۇ دائىم ئېل بىلەن بىللە يۈرىدۇ، ئەگەشتۈرۈۋالىدۇ، ھېلىقى سىلەرگە مىلتىق ئاتقانلار، بېسىپ بارساڭلار، مال باقىدىغان مالچى...

باتالىيون كوماندىرى گايىت مالچىدىن شەيتانكۆۋرۈكنىڭ ئورنى، ئەتراپى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سوراپ ئۇققاندىن كېيىن، روتا كوماندىرلىرىنى يىغدى - دە، مۇنداق دېدى:

— ئىككىنچى جەڭگىۋار روتا قىزىلساي بىلەن يۇقىرىلايدۇ، تىك چوققىنىڭ ئاستىدىن ئۆتكەندە بۆلۈنۈپ، ياندىن ئۆرلەپ چىقىپ، شەيتانكۆۋرۈككە يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدۇ، قالغان ئۈچ روتا شەيتانكۆۋرۈك سايىدىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، مەنزىلگە يېقىنلاشقاندا، ئۈچىنچى روتا غەربكە بۆلۈنۈپ، شەيتانكۆۋرۈككە غەرب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدۇ، ھۇجۇم بەلگىسى بېرىلگەندىن كېيىن، ئۈچ تەرەپتىن بىراقلا باشلىنىدۇ. ئۇقتۇڭلارمۇ؟

باتالىيون ئىككى ساي ئىچى بىلەن ئېگىز قارلىق تاغقا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. قىزىلسايدا ئىلگىرىلەۋاتقان ئىككىنچى جەڭگىۋار روتا تىك چوققىنىڭ ئاستىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن بۆلۈندى. روتا ئىنتايىن تىك خەتەرلىك ياردىن چىقىشى كېرەك ئىدى، چىقىش ئۈچۈن ئۆمىلەشكە، يەر تاتىلاشقا توغرا كېلەتتى. بۇ خەتەرلىك ئۆرلەش ھەممىنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر ئەندىشە سېلىپ قويدى. چوڭقۇر ھاڭ

گىرۋىنكىگە تۇيۇقسىز كېلىپ توختاپ قالغاندەك، جەڭچىلەر بىر ــ بىرىگە ئەلەملىك بېقىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. جەڭچىلەر ئۇچۇن بۇ تىرىك دۈشمەندىن ياماتراق دۈشمەن بولۇپ سېزىلمەكتە ئىدى. لېكىن، چىقماي بولمايتتى، ھەممىسى روتا كوماندىرىنىڭ ئاغزىغا قاراشتى.

ــ بۇ خەتەرلىك ئۆتكەلنى دۈشمەننى يەڭگەندەك يېڭەيلى، قېنى ئالغا ھۇجۇم باشلايلى، ــ دېدى روتا كوماندىرى.

جەڭچىلەر يارغا يېپىشتى. ئەڭ ئالدىدا يەتمىش بەش كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى ئىستانكوۋۋي پىلىموتنى دۈمبىسىگە ئارتقان ئاراش تۆت پۈتلۈق بولۇپ شىددەت بىلەن ئۆرىگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ غەيرىتىگە، پەمىگە، چاققانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىشىپ، پۈتۈن جەڭچىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ ئۆرلىمەكتە ئىدى.

شەيتانكۆۋرۈك سايدىن ئۆرلەۋاتقانلار تۇيۇقسىزلا باندىتلارنىڭ ئەۋەتكەن تۆت ئاتلىق چارلىغۇچىلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلار بىر كىچىك توغرا بەلدىن ئېشىپ چۈشۈپ، ئالدىدا كېتىۋاتقان بىرىنچى روتىنىڭ ئالدىغىلا چىقىپ قالغانىدى. باتالىيوننىڭ ساي بىلەن ئۇدۇل كەتكەن رازۋېدكىچىلىرى ئۇلار بىلەن ئۇچرىشالماي قالغان. باندىت چارلىغۇچىلار ھودۇقۇپ قالدى ــ دە، بىرىنەچچە پاي ئوق ئۈزۈپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى. كەينىدىن ۋىڭىلداپ ئۇچقان ئوقلار تۆت نەپەر باندىتنىڭ ئىككىسىنى ئاتتىن ئۇچۇرۇۋەتتى. باتالىيون كوماندىرى ئۇچىنچى روتىنى تېزلىك بىلەن شەيتانكۆۋرۈككە غەربتىن ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى بىر گۇرۇپپا ئادەم بىلەن قاچقانلارنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. لېكىن، ئانچە يۈرۈش قىلماي باندىتلارنىڭ تاراسلاپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئوقلىرى ئۇلارنى مېڭىشتىن توختىتىپ قويدى. جەڭچىلەر ياتتى ۋە يەر بېغىرلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. بۇ باتالىيوننىڭ ھۇجۇمغا ئۆتكىنى بولدى. كۆۋرۈككە يېقىنلىشىش زۆرۈر

www.uyghurkitap.com

ئىدى. بۇ تەرەپتىن بىر پايمۇ ئوقنىڭ چىقماسلىقى ئۇلارنى كۆپرەك ئاتقۇزۇۋاتاتتى.

— مەيلى، كۆپ ئاتسۇن، ئاتقىنى ياخشى، — دەيتتى نادىم، — ئۇلارنىڭ كۆپ ئوق ئۈزۈشى — جايلاشقان ئورنىنى ئاشكارىلايدۇ...

— ئۇ بولۇپمۇ ئىككى ياندىكى روتىلار ئۈچۈن ھۇجۇمنى دەل قىلىشنىڭ شارائىتىنى يارىتىدۇ، — دېدى رەيھان نادىمنىڭ يېنىدا ئىلگىرىلەپ كېتىۋېتىپ.

بىراق، ھۇجۇم بەلگىسى تېخىچە بېرىلگىنى يوق. يۈرەكلەرنىڭ ئۇرۇشى بارغانسېرى ئىتتىكلىمەكتە ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى نېمىدېگەن ئاستا... بىر مىنۇت، بەش مىنۇت، ئون مىنۇت شۇنچىلىك قىسقا سۈرئەت، ئون مىنۇتتەك، ئەللىك مىنۇتتەك، يۈز مىنۇتتەك ئېغىر چامداپ ئۆتمەكتە ئىدى.

ئەنە بەلگە ئوقى ئېتىلدى. ئېتىلغان ئوق ئاسمانغا ئۆرلەپ چىقىپ چاراسلاپ ياندى!

ئۈچ تەرەپتىن تەڭلا ھۇجۇم باشلاندى.

باندىتلار دەسلەپتە ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئېغىر ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى. بولۇپمۇ ئىككى ياقتىن تاشلىنىۋاتقان گىراناتلار ئۇلارنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. شۇڭا، ھە دەپلا ئوتتۇزغا يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالدى. لېكىن، ئوت توچكىلىرى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ، نىشانلىق ئېتىشقا باشلىدى. ئىككى تەرەپتىكى تىك تاغدىن ئوق تېگىپ، ئالدىغا دومىلاپ چۈشۈۋاتقانلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ مەرگەنلىرىمۇ كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرلەر ئۇلار ئۈچۈن بەش قولدەك ئايان، ئوي - چوڭقۇرى ئېنىق ئىدى.

ئەنە، نادىم، جامالىدىن يوغان تاشنىڭ يېنىدىن چىقتى، ئاپتوماتلىرىنى سايرىتىپ، تۆۋەنگە سىيرىلدى ۋە يەنە بىر تاشنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ، كەينى - كەينىدىن ئىككىدىن تۆت

گىراناتلار تاشلاپ، يەنە سىيرىلدى... مۇشۇ يول بويلاپ ۋارىسجان، رەيهان يەنە بىرنەچچە جەڭچى سىيرىلدى، بىراق بىر جەڭچىگە ئوق تېگىپ، رەيهان ئۇنى ھېلىقى يوغان تاشنىڭ دالدىسىغا سۆرەپ ئەكەلدى.

روتىلار ئارا خەۋەرچىلەر ئۈزۈلمەي كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى، گاپىت ئۇلارغا ئېيتتى:

ــ جەڭچىلەر تېزلىك بىلەن ئىككى ياقتىن يېقىنلاپ كەلسۇن ۋە شىددەتلىك ئوققا تۇتسۇن ! ... مەن بەلگە ئوقى ئاتقاندىن كېيىن ئاتاكىغا ئۆتىمىز، ئاتاكا قىيقاس ـ چۇقان بىلەن باشلانسۇن !

باندىتلار ئېتىلىۋاتقان ئوقلار، تاشلىنىۋاتقان گىراناتلارنىڭ يېقىنلا جايلاردىن بولۇۋاتقانلىقىنى تۇيدى ـ دە، بەلگە ئوقى تېخى ئېتىلماستىنلا چېكىنىشكە باشلىدى. قانداقتۇر تۇيۇقسىز ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىشىپ، ئاتلىرى باغلانغان جايلارغا يۈگۈرۈشتى.

ــ ئېتىڭلار ! ...

پارتلاشلار، گۈمبۈرلەشلەر تاغلارنى تىترىتىپ، قارىغاي شاخلىرىدىن قارلارنى توزۇتۇۋەتتى. دەھشەتلىك ئاۋازلاردىن كامارلار، ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنغان بۆرىلەرنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قالدى. نەلەردىندۇر ئۇلارنىڭمۇ غىڭشىغان ئاۋازلىرى سوس ئاڭلاندى.

باندىتلار ئاتلىرىغا مىنىپ قاچتى.

ــ ئېتىڭلار! ...

ــ توختىماي ئېتىڭلار! ...

ئۇ قاچقان باندىتلارنى چەنلەپ ئېتىۋاتقان رەيهاننىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قىزىپ كەتكەن، كۆزلىرىدىن ئوت چاچرايتتى...

باندىتلار ئاتلىرىنىڭ قارنىغا ئۆز گەۋدىسىنى ئەپچىللىك بىلەن چۈشۈرۈپ قېچىشاتتى ۋە ئۇياق ـ بۇياققا تېز

www.uyghurkitap.com

ئالمىشالايتتى.

باتالىيون كوماندىرى گايىت شۇ چاغدىلا ئۆز خاتاسىنى چۈشەندى: بىر روتىنى دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە نېمىشقا ئورۇنلاشتۇرمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. بىراق، دۈشمەن قاچقان تەرەپتىن ئون مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. بۇ ئىككىنچى ئازاد نىشانلىق پولكىنىڭ ئالدىنى توسۇپ بېرىۋاتقان زەربىسى بولۇشى مۇمكىن.

شەيتانكۆۋرۈك ئىشغال قىلىندى.

تاڭ ئاتتى.

پاكار بويلۇق پودپورۇچىك ئۆلگەنلەرنىڭ، يارىدارلارنىڭ تىزىمىنى ئېلىپ يۈرەتتى. روتا، ۋىزۋوت كوماندىرلىرىدىن جەڭچىلەرنىڭ ئورۇشتىكى قەھرىمانلىقلىرىنى سورۇشتۇرەتتى.

جىددىي ھەرىكەتتىن توختىغان باتالىيون مۇزلاشقا باشلىدى. جەڭچىلەر قورۇق تانلىرىنى، بەزىلەر بەللىرىگە تۈگۈۋېلىشقان مۇزدەك گۆشلىرىنى يېيىشكە كىرىشتى ۋە بەزىلەر بولسا ئوت قالاشنىڭ كويىدا يۈرەتتى.

گايىت كۆۋرۈكنى ساقلاشقا بىر ۋىزۋوت جەڭچى ئورۇنلاشتۇردى ـ دە، ئۆزى كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، تۆۋەنگە قارىدى. كۆۋرۈكتىن يۈز مېتىردەك چوڭقۇرلۇقتا ساي سۈيى تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئاقاتتى ۋە ئۇنىڭدىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلەتتى. كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپى تىك يارلىق بولۇپ، تۆۋەنگە قارىغان ئادەمنىڭ بېشى قاياتتى. بۇ دەھشەتلىك ـــ قورقۇنچلۇق تىك يارلىق ئۈستىگە ياغاچتىن ياسالغان كۆۋرۈك لىڭشىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭغا ئىككى ئادەم ئاران پاتاتتى. شۇڭا، كىشىلەر بۇنى «شەيتانكۆۋرۈك» دەپ ئاتاشقان.

شەيتانكۆۋرۈككە پولك كوماندىرى بىرنەچچە كىشى بىلەن يېتىپ كەلدى. بۇلار: پولك ئىشتاب باشلىقى، سىياسىي باشقارما باشلىقى ۋە ئۈچ نەپەر مۇھاپىزەتچى ئىدى. پولك كوماندىرىنىڭ ئېتى تېپچەكلەپ ـ ئوينىاپ تۇراتتى. باتالىيون

كوماندىرى گايىت ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ــ دە، چاس بەردى ۋە دوكلات قىلدى:

ــ يولداش پولكوۋنىك ! گېنېرال ئىشتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە شەيتانكۆۋرۈك ئورۇش بىلەن ئىشغال قىلىندى !... بىزدىن توققۇز كىشى چىقىم بولدى، ئېغىر ــ يېنىك ياربدارلار ئون يەتتە نەپەر. باندىتلارنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئۆلۈكلىرى ئاتمىش يەتتە نەپەر، ئەللىك ئىككى دانە مىلتىق، ئىككى پىلىموت، ئىككى تاپانچا، ھازىرچە قىرىقتىن ئوشۇق ئېتىنى قولغا چۈشۈردۇق.

ــ ياخشى، بىرىنچى بىرلىگەن ۋاقىت ئىچىدە شەيتانكۆۋرۈك ئىگىلىنىپتۇ.

پولك كوماندىرى ئاتتىن چۈشتى:

ــ جەڭچىلەر ئورۇقلاندىمۇ؟

ــ قورۇق نان يەۋاتىدۇ.

ــ پوستلارنىڭ قويۇلۇش ئەھۋالى قانداق؟

ــ يەتتە ئورۇنغا پوست قويۇلدى، پوستلارنىڭ ئالدى بۆيەردىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا.

ــ جەڭچىلەرگە ئىسسىق تاماق ئېتىپ بېرىلسۇن.

ــ تەييارلىنىۋاتىمىز.

ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىشتى. ئۇياق ــ بۇياقتىن ھورۇنلۇق بىلەن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسلار كۆرۈندى. ئالتە يۈزگە يېقىن جەڭچى شەيتانكۆۋرۈكنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

ــ يۈرۈڭ، مۇنۇ ئېگىز تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئەتراپنى كۆرۈپ كېلەيلى، ــ دېدى پولك كوماندىرى.

ئۇلار يىل بويى قار كەتمەيدىغان تاغنىڭ تۆۋىنىدىكى ئورۇنغا سوزۇلغان تاقىر تاغنىڭ ئۇستىگە چىقتى. شەيتانكۆۋرۈك ساي، قىزىلساي، ساندۇقساي ۋە ساي ــ جىرالاردىن ھور كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. قارىغايلىق قاپتاللار ھادىس گۆزەل تۇسكە كىرگەن، يېڭىلا ئۆرلىگەن كۈن ئۆزىنىڭ ئالتۇن

شولىلىرىنى ئەتراپقا سېخىيلىق بىلەن تۆكمەكتە ۋە غەلىبە شادلىقى چاقنىغان يۈزلەردە جىلۋىلىنىپ ئويناماقتا ئىدى.

— قاراڭلار! — دېدى گايىت جىددىيلىشىپ، — تۆۋەندە ئىككى ئاتلىقنى كۆرگەندەك قىلدىم.

ھەممىسى ئۈستى تەرىپى قاپىرىپ چىققان، ئاستى تەرىپى ئىچىگە پۈكۈلۈپ كىرگەن تاغ ئۈستىدىن ئېڭىشىپ تۆۋەنگە قاراشتى، بېشىغا قۇيرۇقلۇق قۇلاقچا كىيىپ يەلكىسىدىكى مىلتىقنىڭ ئۇچىغا ئاچا ياغاچ، بەللىرىدە ئوقدان ئىككى ئاتلىق ئاشكارا كۆرۈندى.

— باندىتلار! ...

گايىت مۇھاپىزەتچىسىنىڭ مىلتىقىنى ئالدى، ئېڭىشىپ تۇرۇپ كەينىدىكى قارا ئاتلىقنى ئاتتى. ئۇ ئېتىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى ۋە يەنە ئېسىلىپ مىنىۋالدى. گايىت ئىككىنچى ئوقنى ئاتقۇچە، ئىككىسى يېنىدىكى قويۇق ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— دەرھال تۇتۇش كېرەك، تۇتقاندىمۇ تىرىك تۇتۇش كېرەك، — پولك كوماندىرىنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ھەم قاتتىق چىقتى. شۇ سۆزدىن كېيىن گايىتنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى.

ھەممىسى پەسكە تېزلىك بىلەن چۈشۈپ كەتتى.

گايىتنىڭ بىر روتىسى دەرھال ئابايىقى ئورمانلىققا ماڭدى. باتالىيون كوماندىرى پولك باشلىقلىرى بىلەن شورپا ئىچىۋاتقان چاغدا، ئىككى باندىتنىڭ ئورمان ئىچىدىن قېچىپ، تىك تاغ باغرىدا قاپسىلىپ قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. ئۇ شورپىسىنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى ـ دە، تاماقلىنىپ بولغان بىر گۇرۇپپىنى باشلاپ شۇ ياققا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يېتىپ بېرىپ باشقا جەڭچىلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ، باشلاپ بارغان بىر گۇرۇپپا جەڭچى بىلەن ئۆزى قالدى.

قىزىق، خۇددى ئاتايىن ياساپ قويغاندەك، يۇقىرىدىن ئۆيدەك

يوغان بىر پارچە تاش غۇلاپ، تىك تاغ باغرىدا قانداقتۇر يانتۇ تۇرۇپ قالغان، يانتۇ تاغ باغرى بىلەن ئاشۇ تاش ئارىلىقىدىن ئۈچ ـ تۆت ئادەم پاتقۇدەك بوشلۇق پەيدا بولغان، ئىككى باندىت ئەنە شۇ كامارغا كىرىۋېلىپ پاناھلانغان. كامارنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىككى مىلتىقنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، يەر ئاستىدىن ياكى ئۈستىدىن بېرىش قىيىن، بىرنەچچە گىراناتنى تاشلاي دېسە، ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟ ... قاراڭغۇ چۈشتى، پايلاپ يېتىۋېرىش كېرەكمۇ؟ بىرنەچچە كۈن ياتسىغۇ ئاچتىنمۇ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن، بىراق ئۇلارنىڭ كېرىكى بار، تىرىك تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى ـ دە !

باتالىيون كوماندىرى ئىككىسىنى تەسلىم قىلىشقا ئىككى تۈرلۈك ئۇسۇل قوللانماقچى بولدى. دەسلەپ بىرىنچىسىنى — نەسىھەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئۇ ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چىقتى ـ دە، ۋارقىراپ مۇنداق دېدى:

— ھەي ... قالىبەكنىڭ ئادەملىرى ! قوراللىڭلارنى تاشلاپ بۇياققا چىقىڭلار، ھاياتىڭلارغا كاپالەتلىك قىلىمىز، بىكار ئۆلۈپ كەتمەڭلار! قورال تاشلىغانلارغا كەڭچىلىك...

باندىتلار ئۇقى گايىتنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرى غەزەپتىن ياندى. قايتىپ چۈشتى ـ دە، ئىككىنچى ئۇسۇلنى — تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلاش ئۇسۇلىنى قوللانماقچى بولدى:

— كىم بارىدۇ؟

— مەن !

— مەن، مەن، — دېيىشتى جەڭچىلەر.

نادەم بىلەن جامالىدىن يەر بېغىرلاپ ئۆرىگە ماڭدى.

— ئىككىمىز ئىككى ياقتىن گىرانات تاشلاپ، شىددەتلىك ئوققا تۇتىمىز، — دېدى نادەم، — لېكىن گىراناتنى كامار ئاغزىدىن بېرىرەك ئېتىشىمىز كېرەك.

www.uyghurkitap.com

— ئىككى ئېتىنى بوشىتىۋېتىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى جامالىدىن تۆۋەنگە قايرىلىپ.

توختاۋسىز ئوت ئېچىلدى، ئاپتومات، مىلتىقلارنىڭ ئوقلىرى تاشلارغا تېگىپ چاچىلداپ قوش ئاۋازلار ئۈزۈكسىز كۆتۈرۈلدى. تۆۋەندىكىلەر كامارلارنىڭ ئاغزىغا توختىماي ئوق ئاتماقتا ئىدى. نادەم بىلەن جامالىدىن قانچە ئۆرلىگەنسېرى رەيهاننىڭ ئەرۋاھى شۇنچە ئۇچماقتا ئىدى. قىز قەھرىمانلىقنى ياخشى كۆرەتتى، ئەمما نادەم قەھرىمانلىق كۆرسىتىشكە ماڭسا جېنى چىقاتتى، ئۇنى تۇسۇۋالغۇسى كېلەتتى.

نادەم بىلەن جامالىدىن ئۆرلەپ بېرىپ، ئىككى ياقتىن ئىككىدىن تۆت گىرانات تاشلىدى - دە، ئاپتوماتلىرىدىن ئوق ياغدۇرۇۋەتتى. سانسىزلىغان ئوقلار، دەھشەتلىك گۈمبۈرلەشلەر ئاستىدا قالغان باندىتلارنىڭ يالۋۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— جېنىم ئاكىلار، بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز...

ئوققا تۇتۇش توختىدى. يەنە شۇلارنىڭ يالۋۇرغان ئاۋازى:

— بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز، تەسلىم بولىمىز...

— تاشلا قورالنى!

تاراققىدە قىلىپ ئىككى مىلتىق سىرتقا تاشلاندى. يەر بېغىرلاپ ياتقان جەڭچىلەر بېرىپ مىلتىقنى ئالدى.

— چىقىڭلار بۇياققا!

ئىككىسى قولىتى كۆتۈرۈپ كامارىدىن چىقتى. كەينىدىكىسى بىر قولىنى كۆتۈرەلمەيتتى. ئىككىسىنىڭ قولىنى باغلىمايلا پولك باشلىقلىرى ياتقان ئورۇنغا ھەيدەپ كېلىشتى. پولك باشلىقلىرى ئايدالادا يوغان تاش شامالغا دالدا بولغان، قارلىرى سۈپۈرۈلگەن يەردە ئۇخلىشىۋاتاتتى.

ئاي تېخى ئولتۇرۇپ كەتمىگەن، ئۇ گويا قولىنى سوزسىلا يەتكۈدەك يەردە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.

پولك باشلىقلىرى ئويغۇدىن تۇردى، سانىتاركا پاكار بويلۇق باندىتنىڭ ئوق تەگكەن سول قولىنى (ئۇ كۆڭلىكىنىڭ پېشى

بىلەن تېڭىۋالغانىدى) دورىلاپ، مارلىنىڭ ئارىسىغا پاختا قويۇپ، ياخشىلاپ تېڭىپ قويدى. ئۇنىڭ قولىغا گايىت تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ ئاتقان ئوق تەگكەنىدى. ئىنتايىن چارچىغان گايىت بولسا، پولك كوماندىرى يېپىپ قويغان ئىسسىق جۇۋىنىڭ ئاستىدا تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى.

سوراق باشلاندى:

— ئەسىرلەر راست گەپنى قىلسا قەدىرلەيمىز، ھاياتىنى قوغدايمىز، بىز ئەزەلدىن ئەسىرلەرنى خارلىغان ئەمەس، ئۆز جەڭچىلىرىمىز بىلەن ئوخشاش كۆرىمىز. كېتىمەن دېسە، يولغا سېلىپ قويىمىز، مۇھىمى راست گەپ قىلىش كېرەك، — دېدى ئىشتاب باشلىقى.

ئوتتۇز بەش - قىرىق ياشلار چامىسىدىكى چوڭ راقىنىڭ قېلىن كالپۇكلىرىنى تىترەك باسقانىدى، ياشراقى بولسا تۈلكە قۇلاقچىسىنىڭ ئاستىدىكى يانغان كۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا تىكىلىپ تۇراتتى.

— قېنى، راست گەپنى قىلىڭلار، سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — دېدى پولك كوماندىرى نەق ئىشقا ئۆتۈپ.

— مېنىڭ ئىسمىم ئىمامىبېك، قالىبەكنىڭ كاتىپى بولىمەن، ماۋۇ ياش يىگىت قالىبەكنىڭ تۇغقىنى بولىدۇ، يالغۇز جاڭزىدىن پىشىپ قالغان گۆشنى تاشلاپ قاچقان بەش كىشىنىڭ ئىككىسى بىز ئىدۇق، ئەنە ئاۋۇ باشلىقنىڭ بېشىدىكى قۇلاقچا، — دەپ ئۇخلاۋاتقان گايىتنى كۆرسەتتى ئۇ، — بىز قاچقاندا ئوق تېگىپ ئۇچۇپ كەتكەن قالىبەكنىڭ قۇلاقچىسى.

بۇ سۆزنى گايىت ئاڭلىغان بولسا، ھېلىقى ئوقنى دەل تەگكۈزەلمىگەنلىكىگە ئىنتايىن قاتتىق ئۆكۈنگەن بولار ئىدى، ئۇنىڭسىزمۇ پولك باشلىقلىرى گايىتنى قاتتىق ئەلەمگە قويغان ئۇ ئىشقا ئۆكۈنۈشتى.

— قالىبەكنىڭ قانچىلىك ئادىمى بار؟

— قالىبەكنىڭ ئادەملىرى ئىككى ئەترەت، بىرسىگە ئۆزى، يەنە بىرسىگە تاكامان باشچىلىق قىلىدۇ. ھەممىسى بولۇپ سەككىز يۈزدەك ئادىمى بار.
— بارى - يوقى شۇنچىلىكمۇ؟
— يەنە ئۆزى بىلەن ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن قورالسىز مالچىلار، ياش - قېرى، خوتۇن - بالىلارمۇ كۆپ، ئۇ ئۆز توپى بىلەن يۈز مىڭدىن ئوشۇق چارۋا مالنىمۇ بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. ئۇ قەيەرگە بارسا، مالچىلارنى، ماللارنىمۇ ئۆزىگە قوشۇۋالىدۇ.
— بۇنىڭغا قارشىلىق قىلغانلارنىچۇ؟
— قارشىلىق قىلسا ئېتىپ تاشلايدۇ.
— مىللىي ئارمىيەنىڭ ساۋەندە تۇرۇشلۇق ئىسكادرونى بىلەن قالىبەكنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولغان؟
— قالىبەك ھاكىم بولغاچقا، ئىسكادرون باشلىقلىرى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن، مەن بۇنى تازا ئېنىق بىلمەيمەن، بىراق ھاكىم بىلەن ئۇلار بەك يېقىن ئىدى. كېيىن ئۇ ئىسكادرون ئالماشتۇرۇلغان.
— خوپ، ئۇخلايلى، — دېدى پولك كوماندىرى، — چارچاپمۇ كەتكەنسىلەر.
بىر دەمنىڭ ئىچىدە ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇرۇش ئىچىدىكى ھايات شۇنداق قەرەللىك ئىدىكى، ئۇخلاش ئۇچۇن ئون مىنۇت ۋاقىت بېرىلسە، كوماندىر - جەڭچىلەر بىر مىنۇتنىمۇ زايە قىلماي ئۇخلايتتى.
بىر چاغدا كىمنىڭدۇر، ۋاي - ۋايلىغان ئاۋازى گايىتنىڭ قۇلىقىغا كىردى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قاراپ، قولىغا ئوق تەگكەن ئەسىرنىڭ نالە قىلىپ، بىر ئورۇندا ئولتۇرالماي قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ تېپچەكلەيتتى:
— ئاھ... خۇدا، ئالساڭچۇ بۇ جاننى... ئۆلسەم بولمامدۇ، مۇنداق قىينالغۇچە...
— نېمە بولدۇڭ، ئۆلۈمتۈك؟ — دېدى گايىت بېشىنى

كۆتۈرۈپ، — ئېماتچىلا ئىنجىقلايسەن تۇغالمايۋاتقان خوتۇندەك...

— جېنىم ئاكا، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ، — رەھىم قىلىڭ، مۇنۇ ئوق تەگكەن قولۇم قاتتىق ئاغرىپ، جېنىم قىينىلىپ كەتتى، يا مېنى ئېتىپ تاشلاڭ...

— مۇشۇ چىدىماسلىقىڭ بىلەن قانداقمۇ قولۇڭغا مىلتىق ئالغانسەن، ئۆلەرمەن... مەيەرگە كەل.

قارا قىل ئارقان بىلەن ئىككىسىنىڭ قولى قاتتىق چىگىپ تاشلانغانىدى. گايىت ئۇنىڭ ئوق تەگكەن قولىنى بوشىتىپ قويدى ـ دە، يەنە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ بوشىتىپ قويغان قولىنى ئارقاندىن چىقىرىۋالدى. يېنىنى ئاختۇرۇپ ئىچ يانچۇقىدىن بەكىسىنى ئېلىپ ھەمراھىنىڭ قولى چىگىلگەن ئارقاننى كېسىپ تاشلىدى. ئىككىسى باش ئىشارىسى قىلىشىپ، ئۆمىلەپ قاچتى. شارقىراتما يالاپ ئېرىقچە قىلىپ قويغان، ھازىر بولسا، سۈيى توختىغان تار سۇ يولىدىن ئىككىسى سىيرىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. ئامال يوق، باشقا يەردىن ئۆتكىلى بولمايتتى. ئىككىسى ئۇدۇل شەيتانكۆۋرۈككە ماڭدى.

«قېنى... قېنى، قېچىپتۇ! ...» دېگەن ئەنسىز ئاۋازلار بىلەن تەڭلا گايىت ئويغىنىپ كەتتى.

— نېمە؟

— باندىتلار قېچىپتۇ!

گايىت ئەندىكىپ كەتتى ۋە ھېلىراقتا ھېلىقى ئىنجىقنىڭ بىر قولىنى بوشىتىپ قويغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ئېتىغا يۈگۈردى: «ئىست، ئىست... مەن كوماندىرما؟... دۈشمەنگە رەھىم قىلىدىغان مېنىڭدەك كوماندىر پۈتۈن جەڭگىۋار قىسىمنى ھالاك قىلىشى مۇمكىنغۇ! ... دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن دېگۈچە، غۇلجىغا بېرىپ، ئاجىزلارغا نەپسىقە بېرىدىغان ئىدارىدە

ئىشلىسەم بولمامدۇ ـ ھە ! ...» ئۇ ئاچچىق ئەلەمدە تولغىنىپ ئېتىغا قامچا سالاتتى ۋە ئۆزىدىن قاتتىق ئۆكۈنمەكتە ئىدى، ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ئۆز خاتاسىدىن بۇگۈنكىدەك قاتتىق ئۆكۈنمىگەن...

ئۇ شەيتانكۆۋرۈككە تاراسلاپ يېتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا نادەم چىقتى.

— باندىتلار قېنى؟

— ئۆتۈپ كەتتى.

— سەن نېمە قىلىدىغان ئادەم، باندىتلارنى قويۇپ بېرىپ... — گايىت تېخىمۇ تولغاندى، ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئىككىسى بۇ يەرگە كېلىپ: «بىزنى پولكوۋنىك قالىبەككە ئەگىشىپ يۈرگەن ئادەملەرنى نەسىھەت قىلىپ قايتۇرۇپ كېلىڭلار، بىز سىلەرگە ئىشىنىمىز، دەپ قويۇپ بەردى، ئەڭ بولمىغاندا يۈز مىڭدىن ئوشۇق چارۋا ـ مالنى بولسىمۇ، بىز ئامال قىلىپ ياندۇرۇپ كەلمەكچىمىز، مانا كوماندىر پەلىيىنى قولىمىزغا كىيدۈرۈپ قويدى، دېدى. قارىسام، يارىدار بولغان قولى ئوبدان تېڭىلىپتۇ، قولدا پولكوۋنىكنىڭ بەش بارماقلىق پەلىيى، ئىشىنىپتىمەن ... — دېدى نادەم ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزمىگەندەك.

— ئىشىنىپتىمەن... — ئۇنىڭ كۆزلىرى دەھشەتلىك يانغاندى ۋە قولىنىڭ كۈچلۈك بارماقلىرى نادەمنىڭ كېكىردىكىنى سىقتى، سىلكىدى... — دۈشمەن ھىيلىسىگە ئىشەنگەن دۆت ! سەن قانداق يەرنى ساقلاۋاتىسەن، بىلەمسەن؟... سەندىن ئىككى خاتالىق ئۆتتى، جامالدىن ئىككىڭ نېمىشقا ئەسىرلەرنىڭ يېنىنى ئاختۇرماي ھەيدەپ كېلىشتىڭ؟ دۈشمەننىڭ ھىيلىسىگە ئىشەنگەن نېمىدېگەن ئەقىلسىز سەن ـ ھە ! — ئۇ بىردىنلا ئۆز خاتاسىنىمۇ ئويلاپ قالدى. بارماقلىرى بوشاپ كەتتى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى... ئاۋازى ئۆزگەردى:

— خاتالىقىڭ ئېغىرراقى مەندىن ئۆتتى، كانىيىمنى سىق، ئۇر مېنى ! ... ئاڭلاۋاتامسەن، مېنىڭمۇ كانىيىمنى سىق دەۋاتىمەن، بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن ! ...

— يولداش كوماندىر، مەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلالمايمەن، مەن ھەقىقەتەن دۆتلۈك قىپتىمەن، چوڭ خاتالىققا يول قويدۇم، مېنى قاماققا ئېلىڭ...

ئاچچىق ئەلەمدە كوماندىرنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش ئېتىلىپ چىقتى.

— ياق، ھەر ئىككىمىز خاتالىق ئۆتكۈزدۇق، ئېغىرىنى مەن. قاماققا ئالسا، مېنى ئالسا بولىدۇ !

گايىت لاسسىدە بوشىشىپ قورام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن پولك باشلىقلىرى شەيتانكۆۋرۈككە كەلدى، ئۇلار قايتماقچىدى. گايىت پولك كوماندىرىنىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، چاس بېرىپ تۇردى:

— يولداش پولكوۋنىك، رۇخسەت قىلىڭ، قالغان باندىتلارنى ئاسماندا بولسا چىقىپ، يەر ئاستىدا بولسا كىرىپ، قوغلاپ يۇرۇپ يىتچىت قىلىمەن ! — دېدى.

پولك كوماندىرى كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغۇدەك دەرىجىدە غەزەپلىنىپ كېتىشى چۈشىنىشلىك ئىدى.

— گېنېرال ئىشتابى ۋە گېنېرالنىڭ ئۆزى سىزنىڭ باتالىيونىڭىزنى شەيتانكۆۋرۈكنى ئىشغال قىلىشقا ۋە ئۇنى ساقلاپ يېتىشقا ئەۋەتكەن، — دېدى ئۇ، — ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىسىز باتالىيونىڭىز ھېچقاياققا قوزغالمايدۇ.

پولك باشلىقلىرى مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن ئاتلىرىنى يورۇتۇشۇپ تۆۋەنلەپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون تۆتىنچى باب

ئۆزبېكە خەلقىنى ئالداپ ئەگەشتۈرۈۋالغان باندىتلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۇرۇشلار تارىخىدا ئىنتايىن ئاز كۆرۈلگەن بولسا كېرەك.

نىزامىدىننىڭ ئوتتۇرا يۈنىلىشتە قالغان بۆرۈنقى پولكى يېتىپ كېلىپ، باندىتلارغا قارشى ئوت ئېچىشتا مۇشۇنداق مۇرەككەپ فىرونتقا دۇچ كەلدى. بىرنەچچە ئاي قولىغا چوماق ئالغان ئوۋچىنىڭ بۆرىنى قوغلىشىدەك ئۆتۈپ كەتتى. بۆرىنى قوغلىساڭ قاچىدۇ، توختاپ قالساڭ ھىجىيىدۇ ياكى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ، سەل بىغەملىك قىلساڭ ئېتىلىپ كېلىپ ئېغىز سالىدۇ. بېتىۋئۆرگىدە، چىۋىتىدا، قىران دەرياسىنىڭ بويلىرىدا، چاتقاللىق ـ توقايلىقلاردا... ئەنە شۇنداق جەڭلەر بولدى. بۇ قاپتالدىن سۈرۈپ چىقساڭ، شەيتاندەك يوقاپ كېتىدۇ. بىردەمدىلا غايىبتىن پىنا بولغاندەك ئۇ قاپتالدا ياكى تاغ چوققىسىدا كۆرۈنۈپ قالىدۇ، يەنە بىردەمدىلا يوقاپ كېتىدۇ. كۆرۈنگەن يەرگە ئات سالىسەن، بىقىنىڭدىن ئوق چىقىدۇ. كۈنتى قوغلاپ يۈرۈش قىلساڭ، ئاي بىلەن تەڭ تاغ كەينىدىن چىقىسەن. كىيىم ـ كېچەكلەرنى سېلىپ راھەتلىنىپ ئۇخلاشقا، سەھەرلەرنىڭ تاتلىق ئۇيقۇلىرىدىن لەززەتلىنىشكە بولمىدى. كېزىلمىگەن تاغ ـ تاش، دەشت ـ باياۋان، ئۇزۇپ ئۆتمىگەن دەريا، ئېھتىيات بىلەن بېسىلمىغان توقايلىقلار ئازمۇ؟ ...

ئالا قار مەزگىلىدە نىزامىدىن شىمالىي فىرونت گېنېرال ئىشتابىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇيرۇقتا ئوسمان

باندىتلىرىنىڭ ئۆلۈۋاي قىزىل تېغىغا چىقىۋالغانلىقى ۋە ئۇنى قورشاپ يوقىتىپ، ئۇ يەرنى ئىگىلەشنىڭ لازىملىقى ئېيتىلغانىدى. نىزامىدىن تۆت دىۋىزىيونىدىن تەركىب تېپىپ قايتا باش كۆتۈرگەن پولكنى باشلاپ شىددەتلىك يۈرۈش قىلىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۆلۈۋاي قىزىل تېغىنىڭ تاپىنىغا يېتىپ كەلدى، بۇ يەردىن باندىتلارنىڭ چوڭچىلىق ئاق بايراقلىرىنىڭ لەپىلدەپ تۇرغانلىقىنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. نىزامىدىنىنىڭ بېشى قاتتى، باندىتلارمۇ ئۈچىسىغا جۇۋا، بېشىغا قۇيرۇقلۇق قولاقچا كىيىۋالاتتى، قايسىسى باندىت، قايسىسى پۇقرا، بۇنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. ناباب ئوۋچى ئۆز ئېتىنى ئېتىۋالىدۇ، دېگەن گەپ بار، ھاڭگىتىنى ئاتىمەن دەپ غازنى ئېتىپ قويىدىغان ئىش بولماسمۇ؟...

نىزامىدىن بۇ يەرگە كېلىپلا رازۋېدكىچىلارنى تەرەپ - تەرەپكە ئەۋەتىۋەتتى ۋە ئۆزى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، ئالا قارنى دەسسەپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى. تۇرۇپ توختايتتى، ماڭاتتى، تاغ بېشىغا قارايتتى ۋە تۇرۇپلا ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ ئويلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدىن خىياللىرىنىڭ تېخى بىر نۇقتىغا جەملەنمىگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئارىدىن ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، رازۋېدكىچىلار ئىلگىرى - كېيىن كېلىشكە باشلىدى. ئۇ دىۋىزىيون كوماندىرلىرىنى چاقىرىپ مۇنداق بۇيرۇق قىلدى:

— مۇشۇ تاغ بېشىدىكى ئەنە ئاۋۇ چوڭچىلىق بايراقلارغا ھۇجۇم قىلىمىز. بىرىنچى دىۋىزىيون شەرق تەرەپتىن، ئىككىنچى دىۋىزىيون غەرب تەرەپتىن، قالغانلىرىمىز جەنۇب تەرەپتىن ئۆرلەيمىز. شىمالغا ئۆتۈش قىيىن، ھۇجۇم قىلىشتا مىلتىق، پىلىموتلارنىلا ئىشقا سالىمىز، گىراناتلارنى ئىشقا سېلىشقا بولمايدۇ، قاچقانلارغا تېخىمۇ بولمايدۇ، پەقەت قولىدا قورالى بارلارنىلا ئاتىمىز. ئەگەر بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا توغرا كەلسە، گىراناتلارنى ئىشقا سېلىشقا بولىدۇ. قولىدا قورالى

بولمىغانلاردا گۇناھ يوق، ھۇجۇم قىلىپ چىقىدىكەن، باندىت قايىسى، پۇقرا قايىسى ئايرىپ ئولتۇرمايمىز ـ دە... دۈشمەنلىرىمىز بىزنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ئارىلىق يىراق بولغاچقىلا ئوق چىقارمايۋاتىدۇ. شۇڭا، شەپىسىز مېڭىشنىڭ ھاجىتى يوق، مۇھىمى ھەرىكەتتە تېز، چاققان بولۇشىمىز كېرەك، ھاڭۋاقتىلىق قىلساق، تاغدىن ئۇچۇپ كېتىمىز. مەن بەلگە ئوقى ئاتقاندىن كېيىن، دالدا بىلەن، ئاۋايلاپ ئۆرلەيمىز.

ئەنە، ئەڭ ئالدىدا ئاراش چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى كېيىككىلەردەك سەكرەپ ـ سەكرەپ ماڭاتتى ۋە ئارىلاپ توختاپ ئەتراپىغا سەپسالاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن باتىرغازى، نادەم، جامالىدىنلار ئۆرلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۆرلىگەنسېرى ئاسمان گۈمبىزى جەڭچىلەرنىڭ بېشىغا كىيىلىپ قالغان قالپاقتەك بىلىنەتتى. نادەم توختاپ، قايرىلىپ تۆۋەنگە قارىدى، تۆۋەندە ئۇزۇۇقلۇق ئارتىپ كەلگەن تۆگىلەر بارغانسېرى كىچىكلەپ خۇددى بوتىلاقلاردەك كۆرۈنەتتى. ئەنە، جەڭچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوختۇرلۇق سومكىسىنى پۇلاڭلىتىپ، ھەمشىرە قىزلار كەلمەكتە ئىدى. نادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن رەيھاننى تونۇدى. ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ بىردەم تۇردى ـ دە، قايرىلىپ يەنە يۈرۈپ كەتتى.

ئاسماندا نىزامىدىن ئاتقان بەلگە ئوقى كۆرۈندى. بۇيرۇق دېگەن بۇيرۇق ـ دە، جەڭچىلەر شۇنچە خاتىرجەم يۈرۈۋاتسىمۇ، كۆكتىكى يېشىل نۇر بىلەن تەڭ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى ۋە يەر بېغىرلاشقا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ ئوقلىرىمۇ تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ ھال ئۇرۇشنىڭ رەسمىي باشلانغىنىدىن دېرەك بەردى.

دىۋىزىيون كوماندىرى گايىت ئېگىزلىكى مەيدىسىگە كەلگۈدەك يوغان تاشنىڭ ئۈستىدىن دۇربۇن بىلەن ئۆرىگە قارايتتى. مىلتىقلىرىنىڭ ئۇچىغا شىراق (ئاچا ياغاچ) بېكىتىۋالغان باندىتلارنىڭ ئەپچىللىك بىلەن ئېتىۋاتقانلىقى

كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئېتىلغان ئوقلار تاشلارغا تېگىپ، بىر سادادىن نەچچە سادا پەيدا بولاتتى.
گايىت ئىسكادرون كوماندىرلىرىغا بۇيرۇق قىلاتتى:
— ئۆرلەڭلار، بولدۇرۇپ قالغان ئاتىڭلار تۇرۇۋالماي، كارامىتى ھېلى ئاشكارا بولىدۇ خۇنپەرلەرنىڭ !
— تاش يونۇش جېڭى بۇ، — دېدى باتىرغازى، — تولا قېچىپ يۈرۈپ يۈرىكىمۇ قالمىدى...
— ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، بىر قارىساڭ دەھشەتلىك، بىر قارىساڭ ئاجىز، بىر قارىساڭ دەرەخكە ئولىشىۋالغان قاغىدەك كۆپ، بىر قارىساڭ شەيتاندەك يوق. مېنىڭچە، بۇنداق دۈشمەن ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ پەملىك دۈشمەن. بۇنداق دۈشمەننى يوقىتىش ئۈچۈن ھىيلىگەر بولمىساڭ بولمايدۇ، نىزامىدىن ئەپەندى داخېيەنزىنى ھىيلە بىلەن ئالغان ئەمەسمىدى.
— توغرا، بۇنىڭ ئۈچۈن سەن مۈشۈك يەرلىك بولۇشۇڭ كېرەك، — دېدى جامالىدىن نادەمنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — يەر شارائىتىنى بىلمەي ھىيلە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ - دە.
ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئاراش ئۇلارنىڭ ئالدىغا دومىلاپ چۈشتى. ھاسىراپ يېتىپ كەلگەن رەيھان ئاراشنى يۆلەپ يوغان تاش دالدىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ تىك ئېگىزلىككە يامىشىۋاتقان چاغدا، يان تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن ئوق سول مۈرىسىگە تېگىپ كەينىگە ئۈچۈرۈۋەتكەنىدى.
نىزامىدىننىڭ كەينى - كەينىدىن ئاتقان ئۈچ پاي بەلگە ئوقى ئاسماندا كۆرۈندى. بۇ تاغلىق رايونلاردا ئاتاكىغا ئۆتۈشنىڭ بۇيرۇقى ئىدى. بىردىنلا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى... ماتا ئەمدى جەڭچىلەر بىر ئېتىپ، بىر ئۆمىلەپ، بىر قىيپاش يۈگۈرۈپ، شىددەت بىلەن ئۆرلەشكە باشلىدى. قىيقاس - چۇقانلار تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ تاغ ئۈستى جاراڭلاپ كەتتى... جەڭچىلەر تاغ ئۈستىگە چىققاندا، ھېلىلا بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي ئېتىۋاتقان باندىتلارنىڭ

قارىسىمۇ كۆرۈنمەي قالدى. پەقەت غەرب تەرەپتىن بۇرۇنراق ئۆرلەپ چىققانلار تۆت نەپەر باندىتنى ئەسىرگە ئېلىۋالغانىدى. باندىتلار ئەسىرلىرى گومىنداڭ ئەسىرلىرىدەك قول كۆتۈرمەيتتى. بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۆرە تۇرۇشاتتى.

جەڭچىلەر پۇرقىرىتىشىپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

— ئەسىرلەرنى بۇياقا ئەكېلىڭلار، — دېدى دىۋىزىيون كوماندىرى گايىت تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ.

تۆت نەپەر ئەسىر باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئالدىدىكىسى قولاقچىسىنىڭ ئاستىدىن قارچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككەندى.

— قوينۇڭدا يەنە قورالىڭ بارمۇ؟

— يوق.

— ئاختۇرۇڭلار!

جامالىدىن بىر - بىرلەپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. جۇۋىسىنىڭ ئىچىدىكى پاختىلىق چاپىنىنىڭ ئىچى - تېشىغا قولىنى سىلاپ، بىرىنچىسىنىڭ قولتۇقىدىن تاپانچىدىن بىرنى سۇغۇرۇۋالدى ۋە ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى.

— ئۇرما! — ۋارقىرىدى كوماندىر.

— مانا بۇ قاپقى يامانىنىڭ تاپانچىسى، مانا بۇ كۆك كۆزنىڭ، مانا بۇ ئەلەسنىڭ، مانا بۇ دورداي كالپۇكنىڭ.

— نېمىشقا يالغان ئېيتىسەن، ئۆلگۈڭ كېلىشتىمۇ؟

جامالىدىن ئاپتوماتىغا بىر دىسكا ئوقنى شاراقلىتىپ سېلىپ ئۇلارغا تەڭلىدى.

— توختا، — دېدى گايىت ۋە سوئال سوراشقا باشلىدى:

— بىزنى ئالداپ قۇتۇلۇپ كېتەلەمسەن؟

— قورال بىزنىڭ جېنىمىز.

— بىزنىڭمۇ جېنىمىز بولماي، شەيتاننىڭمىكەن! راست گەپنى قىلامسەن، ئۆلەمسەن؟

— ئاتساڭ ئۆلىمىز.

— ئاتمىساقچۇ؟

— قورالىمىزنى بىرىۋەتسەڭ، راست گەپنى قىلىمىز.

— قولاقچاڭنىڭ ئاستىدىن ئادەمنى يەۋەتكۈدەك قارايسەنغۇ خۇنپەرلەر، ئال بېشىڭدىن!

ئۇلار قولاقچىلىرىنى ئاستا ئېلىشتى.

— ھە، ئەمدى ئادەم سىياقىغا كىرىشتىڭ، قوراللىرىڭنى بىرىۋېتىمىز، ئۇسمانغا قاچان قوشۇلغان؟

— ئىككى ئاي بولدى.

— نېمە؟...

— ئۇسماننىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە ئىككى ئاي بولدى، ئۇسمان قەيەرگە بارسا، شۇ يەردىكى ئادەملەر ئۇنىڭ ئەسكىرى بولىدۇ.

— بىز بىلەن ئېتىشقاندا ئۇسمان مۇشۇ يەردىمىدى؟

— سىلەر سايىنىڭ تاپىنىغا كەلگەندە، ئۇ قابان بىلەن كۆكتوقاي دەرياسىنىڭ بويىغا چۇشۇپ كەتكەن.

— قابان دېگەن كىم؟

— ئۇمۇ باشلىقىمىز.

— سىلەر قانچىلىك ئادەم؟

— قوراللىقلىرىمىز يەتتە ـ سەككىز يۈزدەك بار، جاڭ باتۇر[①]ئەۋەتكەن ئۈچ يۈز كىشىلىك تۈگۈن ئەسكەرلەرنى قوشقاندا مىڭدىن ئاشىمىز.

— جاڭ باتۇرۇڭ يەنە نېمىلەرنى ئەۋەتتى؟

— يۈز تۆگىدە قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى، ئون نەچچە تاي گەزمال، چاي ئەۋەتتى.

— يەنىچۇ؟

— ئۇسماننىڭ ئۆزىگە بىر تۇلكە جۇۋا، بىر چىڭخەي ئېتى، يىگىرمە ئوقلۇق قول قورال[②] ئەۋەتىپتۇ.

---

① جاڭ باتۇر — شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابىنىڭ قوماندانى گېنېرال جاڭنى دېمەكچى.

② يىگىرمە ئوقلۇق قول قورال — ماۋزېر.

— ئوسمان بۇ ئەۋەتكەن نەرسىلەردىن رازى بولدىمۇ؟

— ياق، خاپا بولدى، چوڭ قوراللاردىن ئەۋەتمەپتۇ دەپ تىرىكتى، پەقەت چىڭخەي ئېتىدىن بەك خۇشال بولدى.

سوراق ئاخىرلاشتى، گايىت ئەسىرلەرنىڭ ئىقرارىنى نىزامىدىنغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تۆۋەنلەپ تاغ قاپتىلىغا — پولك ئىشتابى جايلاشقان يەرگە يۈرۈپ كەتتى.

نىزامىدىن قىسىملىرى ئاتاكىغا ئۆتكەندە، ئوسمان باندىتلىرى تاغنىڭ شىمالى بىلەن كۆكتوقاي دەرياسىنىڭ بويىغا چېكىنگەنىدى ۋە ئۇ يەردىمۇ توختىماي داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ دەريادىن ئۆتۈپ، شىمالغا چېكىنىپ كەتتى.

كۆكتوقاي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئەتراپىنى چارلاشقا ئەۋەتىلگەن رازۋېدكىچىلار بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، پولك ئىشتابىغا يېڭى مەلۇمات يەتكۈزدى.

— باندىتلار يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ سارتوقايغا قېچىپتۇ.

لېكىن، بۇ يەردىكى كۆللەر، ھەپتىلەر، ئايلار تىنچ ئۆتكىنى يوق، پارچە - پۇرات تۇيۇقسىز ھۇجۇملار يۈز بېرىپ تۇراتتى. تىنچ ياتساڭ، ھۇجۇم قىلىدۇ، ئوقلار تاراسلاپ ئۇچۇپ كېلىدۇ. قوغلاپ بارساڭ، باندىتتىن ئەسەرمۇ يوق. پەقەت مال بېقىۋاتقان مالچىلاردىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمەيسەن، بۇ قانداق بولغىنى؟ نىزامىدىن ۋە ئۇنىڭ ئىشتابىدىكىلەر شۇنى بىلمەيتتىكى، ئاشۇ مالچىلارنىڭ ھەممىسى قوراللىق ئىدى، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلاتتى، ئويلىمىغان يەردىن، بىخەتەر ھېسابلانغان جىرالاردىن ئوق چىقاتتى، كۈندە بولمىسىمۇ، كۈنىدە قۇربان بېرىشلەر بولاتتى. قىستاپ بارساڭ، بايىقى مالچىلار قوراللىرىنى تاشلارنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپ، قولىغا قويچى تايىقىنى ئېلىۋالاتتى. ئەلەم قىلىدىغىنى شۇ ئىدىكى، بەزى پۇقرالارنىڭ قوراللىرى بارلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئۇنى يىغىۋېلىشقا شىمالىي فرونت گېنېرال ئىشتابى رۇخسەت قىلمايتتى.

پولك ئىشتابىدىمۇ، جەڭچى - كوماندىرلار ئارىسىدىمۇ، ھەر

كۆنى ئوسماننىڭ ئىمىشقا يۈنىلىشنى ئۆزگەرتىپ سارتوقايغا كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا تالاش - تارتىشلار بولۇپ تۇراتتى.

ئەنە، باتىرغازى قوللىرىنى بىقىنىغا تىرەپ، يىراق - يىراقلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ، ساپ ھاۋاغا تويمايۋاتقاندەك چوڭقۇر - چوڭقۇر تىنىپ تۇرۇپتۇ.

— تاغ ئۈستىدىن پايانسىز ۋادىلارغا، قاپتال - جىرالارغا، تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريالارغا ھەۋەسلىنىپ نەزەر سېلىش نېمىدېگەن ئېسىل تۇيغۇ، — دېدى ئۇ كەينىگە قاراپ، تاشقا يۆلىنىپ ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغانلارغا. — ئادەم ئۆز - ئۆزىدىن غۇرۇرلىنىپ، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇپ كېتىدىكەن.

— باندىتلاردىن بۇ تاغنى تارتىۋېلىش ئەلۋەتتە سىنى غۇرۇرلاندۇرىدۇ - دە، — دېدى جامالىدىن، — تارتىۋالمىغان بولساڭ، ئۇ ئېسىل تۇيغۇلىرىڭ نەدە، مەيۈسلىنىپ كېتەر ئىدىڭ، بايقۇش.

— ياق، مەن ھەرقانداق ۋاقىتتا مەيۈسلەنمەيمەن، ئەگەر دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسامۇ مەيۈسلەنمەيمەن، مەغرۇر ياشايمەن !

— ئەنۋەركام ئۆلگەندە مەيۈسلەنمىدىڭما؟ يىغلىۋىدىڭغۇ؟

— بىر ئادەم بىرەر ئىشقا نەپرەتلەنسىمۇ كۈلىدۇ، شۇنىڭدەك غەزەپلىنىپمۇ يىغلايدۇ.

— توغرا ! — دېدى تادەم باتىرغازىنى قۇۋۋەتلەپ، — غۇرۇرلىنىشمۇ، غەزەپلىنىشمۇ بىر خىل تۇيغۇ، ھەقىقىي ئادەم غۇرۇرلۇقنى غەلىبە قىلغان، ئوڭۇشلۇقتا ئېرىشكەن چاغلاردىلا ساقلاپ قالماستىن، يېڭىلگەن، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان چاغلاردىمۇ ساقلاپ قالالايدۇ ! بولۇپمۇ يېڭىلگەن چاغدا روھسىزلانماسلىق — كىشىدىكى ئەڭ زور مەنىۋى بايلىق ! ...

بەزىلەر ئوسماننى غۇرۇرى كۈچلۈك ئادەم دەيدىكەن،

مىنىڭچە، بۇ قارا كۆڭۈل شەخسىيەتچى، شەخسىيەتچى ئادەمدە غۇرۇر بولمايدۇ! شەخسىيەتچى ئادەمدە ۋىجدان، ئار ــ نومۇس، ئىرادە بولمايدۇ، مۇنداق ئادەم ئۈچۈن مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ هاياتىدىن بىھۇدە ئايرىلىشى ھېچ گەپ ئەمەس...

بۇ گەپلەر نېمىشقىدۇر ۋارىسجانغا تېگىپ كەتتى، ئورنىدا ئولتۇرالماي قىمىرلاپ، نەپرەتلىك كۆزلىرى نادەمگە تىكىلدى ـ دە، مۇنداق دېدى:

ــ ئوسمانىنى قارا كۆڭۈل، شەخسىيەتچى دېگەندىن كۆرە، نادان دېيىش دۇرۇسراق بولار، ئۇ بىزنى چۈشەنمەي، مۇشۇ ئىشلارنى تەۋرىتىپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ــ چۈشەنمەي؟ ــ نادەم ۋارىسجانغا بۇرۇلۇپ قارىدى، ــ ئۇ بىزنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، گومىنداڭغا قارىتىۋاتقان مىلتىقنى بىزگە قاراتتى. بىر نادان ئادەمنىڭ شۇنچە زور ئىشلارنى تەۋرىتىشى ناتايىن، قارا كۆڭۈللۈك ــ ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى، شەخسىيەتچىلىك ئىدىيەسى ــ ئۇنىڭ مەنپەئەتى، ئۇنىڭ مەنپەئەتى نېمە؟ ئۇ بىزنى يوقىتىپ، شىنجاڭنىڭ خوجايىنى بولماقچى. ئۇنىڭ خوجايىنلىقى خۇددى كىچىك خوتۇنىنىڭ گېپىگە كىرىپ، چوڭ خوتۇنىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەندەك خوجايىنلىق.

ــ بولدى... گەپ سىنىڭلا بولمىسۇن، «ۋاي نادەم» دەپ قويسا، گەپدانلىق قىلىۋېرىدىكەنسەن، ــ دېدى ۋارىسجان. ئۇنىڭ ئاق سېرىق يۈزى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتكەندى. قاچانلا بولسۇن گەپلىرىنىڭ نادەمنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىشى ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرەتتى.

نادەم كۈلۈمسىرىدى:

ــ ھەي ۋارىسجان، گەپدانلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، ئۆزۈمنىڭ كۆزقارىشىمنى ئېيتىۋاتىمەن، سەنمۇ ئېيتىۋاتىسەنغۇ... گېپىڭ توغرا بولسا قوشۇلىمىز، خاتا بولسا قوشۇلمايمىز، بۇ دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش، بۇنىڭ نېمىسى گەپدانلىق؟



www.uyghurkitap.com

— ھە، بولدى، سىنىڭ توغرا، — ۋارىسجان تەتۈر ئۆرۈلۈپ ئولتۇرۇۋالدى ۋە تىترەپ كەتكەن قوللىرى بىلەن تاماكا يۆگىدى.

— بۇ گەپنى قويۇڭلار، — دېدى باتىرغازى تېخىچە يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ تۇرغىنىچە، — ئوسمان سارتوقايغا قاچقان بولسا، ئۇ يەردىن قۇمغا كىرىپ كېتىشى مۇمكىن، ئۇنداقتا مەقسىتى نېمىدۇ؟

— ئۇ يەردىن گۇچۇڭغا كېتەر...

نادەم تەتۈر ئۆرۈلۈپ ئولتۇرۇپ، ھە دەپ تاماكا چېكىۋاتقان ۋارىسجانغا قاراپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— گەپدانلىق بولسىمۇ يەنە سۆزلەي، ئوسمان گۇچۇڭغا كەتسە، ئالتاي تەۋەسىدىن چىقىپ كەتكەن، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونغا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. مېنىڭچە، ئۇ ئۇنداق قىلمايدۇ، بىز بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىدۇ، مەقسىتىمگە يېتىمەن دەيدۇ. ئاڭلىمىدىڭلارمۇ، ئالتاينى ئۆلسەممۇ قارلىلار[1] غا بېرىپ قويمايمەن دېگىنىنى، سار توقاينى ئىستراتېگىيەلىك جاي دەپ ھېسابلىغان بولۇشى مۇمكىن.

— قوغلاۋەرسەڭ، ماڭدامدا بىر دەككىسىنى بېرىۋەرسەڭ، گۇچۇڭغا قاچماي نېمە ئىلاجى.

— ئەلۋەتتە، بولالماي قالغاندا، پۇتۇنلەي بەربات بولۇشقا كۆزى يەتكەندە، شۇنداق قىلىشى مۇمكىن، لېكىن ھازىرچە ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ.

يارىسى يېڭى ساقايغان ئاراش تۆۋەندىن بۆلارنىڭ يېنىغا — تاغ ئۇستىگە چىقىپ كەلدى.

— كەل، بايقۇش، — دېدى باتىرغازى، — ھەيۋەتلىك تاغلارغا، ۋادىلارغا قارىغىنا، كۆڭۈللىرىڭ قانچىلىك يايراپ

---

① قارلىلار — بۇزۇقلار مەنىسىدە، ئوسمان باندىتلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى.

كېتەركىن، مۇشۇ يەرلەرنىڭ خوجايىنى بىز دەپ كېرىلسەڭ، بېشىڭ مۇنۇ كۆپكۆك ئاسمانغا يەتمەسمۇ...

— ھېلىمۇ بېشىڭ يېتىپ تۇرۇپتۇغۇ!

ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى - دە، ئەترايقا خوجايىنلىق غۇرۇرى بىلەن نەزەر سېلىشتى. كەڭ زېمىن، ساپ ھاۋا، ئاق لېنتىدەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان دەريا ئۇلارنىڭ يۈرەك - باغرىنى دولقۇنلىتىپ، كۈچلۈك ھاياجانغا سالغانىدى. كۆزلەردە ئىختىيار ۋە غۇرۇرلۇق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى، پاھ... بۇ زېمىنىنىڭ چېكى بارمىدۇ...

* * *

ئۇلۇباي قىزىل تېغىدىن بۇيرۇق بويىچە سارسۇمبىگە قايتىپ كەلگەن نىزامىدىن پولكى، 6 - ئايدا سارتوقايغا ئاتلىنىش توغرىسىدا يەنە بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى.

تاڭ سەھەر يولغا چىققان قوشۇن بىر قونۇپ قارا توڭگىگە يېتىپ كەلدى ۋە ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى.

تەييار تاماقلىرى تۈگىگەنىدى. شۇڭا، ھەممىسى بەللىرىگە ئېسىۋالغان تاماق قاچىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئۈچ يۈز گىرامدىن گۆش، ئىككى تالدىن ياڭيۇ سېلىپ قاينىتىشقا باشلىدى.

بۇ جىمجىتلىققا چۆكۈپ قالغان يەر بىردەمدىلا ۋاڭ - چۇڭ ئاۋازلارغا، مىڭلىغان تاماق قاچىلىرىنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقان ئاقۇچ تۈتۈنلەرگە تولۇپ كەتتى. لېكىن، بۇ يەردىكى دەم ئېلىش - ئوزۇقلىنىش ئانچە ئۇزاققا بارمىدى. بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن قوشۇن ئاتلىنىپ، يەنە يولغا چىقتى.

بېشىغا ماش رەڭلىك شەپكە، ئۇچىسىغىمۇ ماش رەڭلىك تېرىكىدىن تىكىلگەن گىمناستوركا، گەلەپى شىم، ئايىغىغا چىگىرىن ئۆتۈك كىيىشىپ ئات ئۈستىدە لاچىندەك ئولتۇرغان



www.uyghurkitap.com

كوماندىر ـ جەڭچىلەر تۆتتىن بىر رەت تىزىلىپ، سەپلىرىنى بۇزماي ھەيۋەت بىلەن يۈرمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ پاگونلىرىدىكى بالداق ۋە يۇلتۇزلار، كۆكسىدىكى ئوردېنلار كۈننىڭ شولىسىدا ۋالىلداپ چاقنايتتى...

ئۆزلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك يۈرۈشلىرىگە مەستلىكى كەلگەن جەڭچىلەر ئات ئۈستىدە تېتىك ۋە روھلۇق ئولتۇراتتى. ئۇرۇش بورانلىرىدىن سىز ىقلار پەيدا بولغان، قارىدىغان يۈزلەردە مەغرۇرلۇق ئەكس ئېتەتتى. چۈنكى، بۇلار — تاغ ـ ئېدىرلاردا، دەشت ـ دالالاردا تېنەپ ـ تەمتىرەپ، ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ يۈرگەن قاچقۇنلار ئەمەس، ئاشۇ قاچقۇنلارنى ھېلى تاغقا، ھېلى قۇمغا، ھېلى چاتقاللىققا ۋە ھېلى ئۆڭكۈرلەرگە قېچىشقا مەجبۇر قىلىۋاتقان مەردانە قوشۇن، ئەندىشىسىز قوشۇن، مەغرۇر قوشۇن ! ...

قوشۇننىڭ كەينىدە ئۇزۇق ـ تۈلۈك بېسىلغان ھارۋىلار كالوننىسى كېلەتتى. ھارۋىلارنىڭ غىچىرلىشى بىر خىل رىتىملىق سازدەك ئاڭلىناتتى. ھارۋىكەشلەر ھەر تەرەپكە زەن قويۇپ قاراپ تەبىئەتنىڭ بۇ بېزەلگەن مەزگىلىگە زوقلىنىپ باراتتى.

6 ـ ئاي — تاغ ـ دالالاردا تەبىئەتنىڭ راسا بېزەلگەن ۋاقتى. پۈتۈن دالالار گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن، تۈرلۈك ـ تۈمەن قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى، ھاشاراتلارنىڭ چىرىلداشلىرى، بولۇپمۇ كاككۇكنىڭ ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ قىچقىرىشى كۆڭۈللەرنى ئاللىقاياقلارغا ئەكېتىدۇ... ئەنە، كاككۇكنىڭ ئاۋازى ئىككى بولدى، ئۈچ بولدى... كىشىلەر نېمىشقا شۇنچە چىرايلىق، كۆڭۈللەردە ھادىس نەپىس ـ نازۇك تۇيغۇلارنى قوزغىتىدىغان بۇ جانىۋارنىڭ ئاۋازىنى «غېرىب» دەيدىغاندۇ؟ غېرىب ئادەملەرنىڭ نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن ئاشنا ـ ئاغىنە بولغۇسى كېلىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ يېقىملىق ـ تارتىملىق بولغانلىقىدىنمۇ يا؟ ياكى دەردمەنلەرنىڭ كوتا

دەردلىرىنى قوزغىۋەتكەنلىكىدىنمۇ؟ قاراڭلار، پۈتۈن سەپ — كوماندىرلارمۇ، جەڭچىلەرمۇ جىمجىتلىقتا چۆكۈپ كەتكەن، بۇلارغا نېمە بولغاندۇ؟ پاھ... بۇ يېقىملىق ئاۋاز نېمىدېگەن سېھىرلىك كۈچكە ئىگە ـ ھە! ھەتتا ئاتلارنىڭمۇ پۈرقۇشى ئۆچكەن، ئۇلارمۇ تەسىرلىنىپ كەتكەنمىدۇ ياكى قۇلاقا ئاڭلانمايۋاتامدۇ؟... شۇ تاپتا ئاسانلا ھاياجانلىنىدىغان ھەمشىرە قىزلارنىڭ ھېسسىياتى قانچىلىك قوزغىلىپ كەتكەندۇ؟... راست، قىزلارنىڭ كاككۇكلار سايراۋاتقان دەرەخ يېنىغا بارغۇسى كېلەتتى. ئەگەر جەڭچىۋار سەپنى دېمىسە، كاككۇكلار شېخىغا قونۇۋېلىپ قىچقىرىۋاتقان ئاشۇ دەرەخنىڭ ئاستىدىكى چىملىقتا ئۆزلىرىنى تاشلىغان بولاتتى، ئامال قانچە... مەيلى، سايرا جانىۋار! كىشىدە ئازابلىق ھېسلارنى قوزغاتساڭمۇ مەيلى، توختىماي سايرا، كەل، ئاشنا بولايلى! ...

كەچ كىردى. تاغنىڭ سالقىن شامىلى باشلاندى، ئاز دەم ئېلىپ كېچىچە يۈرۈش قىلغان قوشۇن تاڭ قاراڭغۇسىدا سارتوقايغا يېقىنلاپ كەلدى. ئاندا ـ ساندا ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

قوشۇن دەريا بويىغا چۈشتى. بۇ يەردە كۆيگەن، پاچاقلانغان ئىككى ماشىنا ۋە بىرنەچچە ئۆلۈكلەر ياتاتتى. كىملىكىنى تونۇغىلى بولمايتتى، تاڭ ئاتقاندىن كېيىنمۇ تونۇغىلى بولمىدى. ھەممىسى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، خۇددى كۆيۈپ ئۆچكەن ياغاچلاردەك قاپقارا بولۇپ كەتكەن، پەقەت لەززەت ئىسىملىك ياش قازاق ئايالنىلا تونۇغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ كۆكسى كېسىپ تاشلانغان، مەيدىسىدە نەيزە ئىزى، قولىقىدىن ئاققان قان ئېڭىكىنى بويلاپ ئېقىپ قېتىشىپ قالغانىدى. قۇۋانىش ئىسىملىك ۋىزۋوت كوماندىرى لەززەتنى تونۇپ، ئۆزىنى تاشلاپ، ئۆپكىدەپ يىغلاشقا باشلىدى... بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرگەن جەڭچىلەرمۇ ئۆزىنى توختىتالمىدى...

نىزامىدىن شىمالىي فرونت رازۋېدكىسىغا غەزەپلەندى. بۇ

يەرنى چارلاشقا كەلگەن رازۋېدكىچىلار شىمالىي فىرونتقا، پۇقرالاردىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ، باندىتلار كېتىپتۇ، دەپ مەلۇمات ئېلىپ بارغان. شۇنىڭدىن كېيىن پودپولكوۋنىك ئەخمەتجان پۇقرالارنى باندىتلارغا ئەگەشمەسلىككە دەۋەت قىلىپ تەشۋىق ـ تەرغىبات ئىشى بىلەن ئىككى ماشىنىدا ئادەم ئەكەلگەنىدى. نىزامىدىنمۇ باشقا كوماندىرلارمۇ، جەڭچىلەرمۇ بۇ ئەھۋالنى ئۇقمايتتى.

مىڭلىغان كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇپ، دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈلگەن، قارا كۆزلىرىنى مەڭگۈگە يۇمۇپ ياتقان ياش ئايال ئالتاي پولكىنىڭ ھەمشىرىسى ئىدى. مىللىي ئارمىيە 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سارسۇمبىنى ئازاد قىلغاندا، ياش ئەر ـ ئايال قوۋانىش بىلەن لەززەت ئىككى بالىسىنى — بىرسى ئۈچ ياش، يەنە بىرسى تېخى يېڭىشىغا يەتمىگەن ئىككى قىزىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ بېرىپ، مىللىي قىسىمغا قاتناشقان ۋە قولىغا قورال ئالغان. قوۋانىش نىزامىدىن پولكىدا، لەززەت ئالتاي پولكىدا ئىدى. ئۇرۇشلاردا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ھەر ئىككىسىنىڭ كۆكسىگە «پىدائىي» لىق ئوردېنلىرىنى ئاسقان.

كونا ئۆيلەرنىڭ بىرىدە يۈتىغا ئوق تېگىپ يالغۇز ياتقان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى مالچى، كۆيدۈرۈلۈپ قاپقارا ياغاچقا ئوخشاپ قالغان ئۆلۈكلەرنىڭ ۋە لەززەتنىڭ قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

ئەخمەتجان ئىككى ماشىنىدا تەشۋىقاتچىلارنى ئەكەلگەندە، پۇقرا ئەمەس، پۈتۈن تۇرقى پۇقرالارغا ئوخشاش ئۈچ يۈزدىن كۆپرەك باندىتنىڭ قورشاۋىدا قالغان.

— بوي بەرمەڭلار ! — دېگەن ئەخمەتجان قەھرى بىلەن ۋارقىراپ، — بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە ئېلىشىمىز !... — پودپولكوۋنىك جەڭچىلىرىنى تېز ئورۇنلاشتۇردى، — ماۋۇ تۆتىڭلار ئەسكى تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈڭلار، ماۋۇ بەشىڭلار

ماشىنىنىڭ بىقىنىغا ئۆتۈڭلار، ئاۋۇ قىرنى دالدا قىلىڭلار، ئازگالغا چۈشۈڭلار...

ھەرقايسى ئەپلىك جايلاردىن ئابارۇن تۇتقان جەڭچىلەر بىلەن باندىتلار ئارىلىقى بىر يۈز ئەللىك ـ ئىككى يۈز مېتىر كېلەتتى. دەھشەتلىك ئېتىشىشلار باشلاندى، قوماچ قورۇغاندەك ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. باندىتلار تۆت تەرەپتىن شىپقىپ كېلەتتى. ئازگالغا چۈشۈۋېلىپ تاپانچىسىدىن ئوق ئۈزۈۋاتقان ئەخمەتجان جەڭچىلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ تۇراتتى:

— كەينىڭگە قارا، گىرانات تاشلا ! ... ئوڭ يېنىڭغا قارا... سايرات ئاپتوماتىڭنى ! ...

ئايال پۇقرالارغا خىزمەت ئىشلەيمەن دەپ كەلگەن لەززەت ئەتراپقا چەيدەسلىك بىلەن ئۆمىلەپ، يەر بېغىرلاپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يارىدار بولغان جەڭچىلەرنى تاڭدى، ئاغزىغا سۇ تېمىتتى، قانلارنى سۈرتتى. بەزى ئېغىر يارىدارلارنىڭ قولىدىن ئاپتوماتىنى ئېلىپ، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان باندىتلارنى ئېتىپ چېكىندۈردى. تۆت سائەتلىك جىددىي ئېلىشىش ئۇنىڭغا بىر سائەتتەكمۇ بىلىنمىدى...

تاشلانغان بومبىلار ماشىنىلارنى پاچاقلاپ تاشلىدى، ئۇلار بارغانسېرى يېقىنلىدى، باستۇرۇپ كەلدى. باندىتلار بىر يۈز يىگىرمىدىن كۆپرەك ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەخمەتجان، لەززەت قاتارلىق ئون بىر ئادەمنى تىرىك تۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولدى.

ئوسماننىڭ لەشكەر باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان قابان ئەڭ دەسلەپ لەززەتنى سوراق قىلىشقا ئېلىپ چىقتى. لەززەتنىڭ مونچاقنى پاتۇرۇپ قويغاندەك دۇپدۇگىلەك قاپقارا كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. قابان ئۇنىڭ مىللىي ئارمىيەگە قاتنىشىش تارىخىنى سوراپ بولۇپ:

— سەن بالا، بۇ سەپكە ئالدىنىپ قاتنىشىپ قالغانسەن، بىز بۇنى جىنايەت ھېسابلىمايمىز، — دېدى ئۇ لەززەتكە

خەيرخاھلىق قىلىش ئەلپازىدا.
— يوقسۇ ئاقساقال، مەن ئۆز ئىختىيارىم، گومىنداڭغا يانغان قەھرىم بىلەن، ئىككى بالامنى تاشلاپ قويۇپ، جەڭگىۋار سەپكە قاتناشقانمەن، — دېدى ئۇ.
— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟
— يىگىرمە ئۈچكە.
— ياش ئىكەنسەن، يان كەينىڭگە، مانا ئۆز خەلقىڭ، ئانا تۇپرىقىڭ...
لەززەت كەسكىن ئېيتتى:
— مېنىڭ ئۆز يېرىم، سەن ئېيتىۋاتقان بۇ ئالىقانچىلىك يەرلا ئەمەس. بىلەمسەن، مېنىڭ ئۆز يېرىم پايانسىز، ئۇ چېتىدىن - بۇ چېتىگە سەن ئاۋۇ يۇگورۈك قارا ئېتىڭ بىلەن نەچچە ئاي چېپىپمۇ يېتەلمەيسەن! خەلقىمنىڭ سانىنى ئېلىشقا ئەقلىڭ يەتمەيدۇ!
قابانىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى:
— ھەي، ئەخمەق بالا، سەن بۇ قىزىل جاھانگىرلارغا ئەگىشىپ نېمە تاپماقچى بولىسەن؟
— سەن ئېيتىۋاتقان «قىزىل جاھانگىرلار» خەلقنى گومىنداڭنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇردى، ئەمدى ساڭا ئوخشاش تاپانىڭ ئاستىدىن چىققان قۇيرۇقلارنى ئامان قويمايدۇ.
قابان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى!
— مەيدىسىدىكى ئاۋۇ تۇمۇرنى[1] يۇلۇپ تاشلا! كۆكسىنى كەس بۇ جاۋىلداقنىڭ!
لەززەتنىڭ باياتىن بېرى بوش تۇرغان قولىنى كەينىگە باغلاشتى ۋە باش - كۆزىگە تاراسلىتىپ قامچا سالدى... گىمناستوركىسىنىڭ ئالدىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئىككى كۆكسىنى كېسىپ تاشلىدى. ئۇ بۇ چاغدا چىشىنى چىشلەپ ئۈن

[1] تۇمۇرنى — «پىدائىي» لىق ئوردېنىنى دېمەكچى.

چىقارمىدى، ئۆز قولىدا جان بەرگەن ياردارلارنى ئېسىگە ئېلىپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى، ماڭلىيىدا قامچا ئىزى قالغان يەردىن چىققان قان يۈزىنى بويلاپ چىپىلداپ ئېقىشقا باشلىدى...

— دادام مۇئەللىم ئىدى، — دېدى لەززەت قەھر - غەزەپ بىلەن، — شىڭ شىسەي تۈتۈپ كەتكەن، ئاڭلىشىمچە، دادامنى ئۈرۈمچىدە مانا مۇشۇنداق قىيناپ ئۆلتۈرۈپتىكەن، ئېيتقىنا، ئەي جاللات، سېنىڭ شىڭ شىسەيدىن نەرىڭ كەم؟... بىلىپ قويغىنكى، سەن دەۋاتقان «جاھانگىرلار» سەنلەرنىڭ كۆلۈڭنى كۆككە سورۇپ، خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭدىن، قان تامغان قىلىچىڭدىن قۇتۇلدۇرىدۇ!

قابان باياتىن بېرى بۇ قارىغايدەك مەغرۇر ياش ئايالنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىنى زېدە قىلغان خەنجەردەك ئۆتكۈر بۇ سۆزگە چىدىماي يېنىدىن تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋالدى - دە، كەينى - كەينىدىن ئىككى پاي ئاتتى. ئاندىن لەشكەرلىرى سۇنايلاپ يېتىپ قالغان ئايالنىڭ كۆكسىگە نەيزە سانجىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن سوراققا ئەخمەتجاننى ئېلىپ چىققاندى، بىراق ئۇنىڭدىن لەززەت ئېيتقان سۆزلەردىنمۇ ئۆتكۈر سۆزلەرنى ئاڭلىدى، شۇنىڭ بىلەن قابان سوراق قىلىشنى توختاتتى - دە، ئەخمەتجان بىلەن قوشۇپ، ئون نەپەر جەڭچىنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ، ياغاچ ئاستىغا بېسىپ كىرسىن چېچىپ ئوت قويۇپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى...

پۈتۈن جەڭچىلەرنىڭ قەلبىدە ئىنتىقام ئېلىش ئىستىكى، باندىتلارنى قوغلاپ — سۈر - توقاي قىلىپ تۈگەتمىگۈچە تىنماس ئىستىكى ياندى! نەملەنگەن كۆزلەردىن غەزەپ - نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى...

چارلاشتىن تېز قايتقان رازۋېدكىچىلار پولك ئىشتابىغا مۇنداق مەلۇمات ئېلىپ كەلدى:

— باندىتلار بۇ يەردىن تەخمىنەن ئالتە ـ يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دەريا بويىغا توپلىنىۋېتىپتۇ، ئۆزىگە نۇرغۇن يۇقىرالارنى ئەگەشتۇرۇۋالغان، موڭغۇل پۇقرالارمۇ بار، ھېسابسىز نۇرغۇن چارۋا ماللارنىمۇ شۇ يەرگە يىغىۋاتىدۇ...

— باندىتلار ئۆزلىرىنى، پۇقرالارنى، چارۋا ماللارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈۋېلىپ بىزنى ئامالسىز قالدۇرماقچى، — دېدى نىزامىدىن كوماندىرلارغا، — ھەقىقەتەن شۇنداق قىلالىسا، بىز ئامالسىز قالىمىز، چۈنكى ئۇلار ئۇ قاتقا ئۆتۈۋېلىپلا مۇداپىئەلىنىۋالىدۇ. تېز يۈرۈش قىلايلى !

پۈتۈن پولك تاراسلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئەمما، ئېدىرلىقلارغا يەتكەندە قارشىلىققا دۇچ كەلدى. ئاتلىرىدىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن، شىددەت بىلەن ئېتىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىلگىرىلەۋەردى، بىرىنچى ئېدىرلىق ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، باندىتلار ئىككىنچى ئېدىرلىقتا پەيدا بولدى. پۈتۈن قىسىم چېچىلىپ كەتتى، بىر ياقتىن ئېتىپ، بىر ياقتىن ئىلگىرىلەشكە توغرا كەلدى. جەڭچىلەر دەرياغا قىستاپ كېتىۋاتاتتى.

چېكىنىپ دەريا بويىغا ئەڭ دەسلەپ يېتىپ كەلگەن ئوسمان لەشكەر باشلىقى — ئاق سېرىق يۈزلۈك، كۆك كۆز، ئىنچىكە بۇرۇتلۇق قابىلىسقا مۇنداق دېدى:

— قارلىلار بىلەن قاتتىق ئېلىش... كەلگەنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋەت، يانما، مىختا بول ! ...

دەريادىن بىرىنچى بولۇپ ئوسمان، شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانى گېنېرال جاڭ ئەۋەتكەن ئۈچ نەپەر تېلېگراف ئاپپاراتى خىزمەتچىلىرى ئۆتتۈشتى ۋە توقايلىق ئىچىگە كىرىپ تېلېگراف ئاپپاراتى ئارقىلىق ئۇرۇمچى بىلەن سۆزلەشتى:

— ئېيت، چاپسان ئېيت، — دېدى ئوسمان تاقەتسىزلىك بىلەن، — بىزگە دەرھال ئەسكەر ئەۋەتسۇن، چوڭ زەمبىرەكلەرنى ئەۋەتسۇن، ئېمىشقا ئەۋەتمەيدۇ، ھە؟ ...

ئەسەبىيلەشكەن ئوسمان بىر ئورۇندا تورالمايتتى.
— ئەۋەتىش قىيىن دەۋاتىدۇ.
— قىيىن... نېمىسى قىيىن، بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغانغۇ... نېمىشقا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ؟... ھەممىسى ئوخشاش بۇ نېمىلەرنىڭ، چاشقاندەك كىتىرلاشنىلا بىلىدۇ.
ئۇنىڭ قولاق چۆرىلىرىدىن ئاققان تەر تامچىلاشقا باشلىدى، قوللىرى تىترەيتتى...
رادىستلار ئالغان جاۋابنى ئېيتتى:
— ئازراق ئەۋەتسەك، بەربىر پايدىسى يوق، بىرەر ئاتلىق دىۋىزىيە ئەۋەتەيلى دېسەك، تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىش تەس دەۋاتىدۇ.
— تەمىنات... نېمە تەمىنات؟... تاغلاردىكى پۈتۈن قوي - كالىلار مېنىڭ، ئېيت، كۈندە بەش ۋاخ شورپا بېرىشكە قۇربىم يېتىدۇ! — ئوسماننىڭ كۆزلىرىدە جاھىللىق، تەرسالىق ئوتلىرى ياندى، بىرەر ئىشقا چېچىلىپ، ئەسەبىيلەشكەن چېغىدا ئۇنىڭ سەل قىيسىقراق كۆزلىرى شۇنداق دەھشەتلىك چاقناپ كېتەتتى. «ئارامخۇدا» كونلىرىنىڭ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋېتىشىمۇ جېنىغا پاتقانىدى.
— ئۇلار بۇ يەردىكى يەرلىك تاماقلارغا كۆنەلمەيتتى.
— سەنمۇ كۆندۈڭغۇ؟... ياتسىرايدىغان تامىقىڭ قالدىمۇ؟ كەلمەي تۇرۇپ قورساقنى ئويلايدۇ، شۇمۇ قوشۇنمىش... شۇڭا ئۈچ ۋىلايەتنى تارتقۇزۇپ قويغان نېمىلەر - دە بۇ!
— سىزدىن ھال سوراۋاتىدۇ، — دېدى رادىستلار، — ھازىرچە بەيتىكنىڭ يېنىدا دەم ئېلىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالسۇن، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئالدىرىمىسۇن، ئۇ يەردە بىزنىڭ بىر روتا ئەسكىرىمىز بار، شۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرسۇن... دەيدۇ.
ئوسمان رادىستلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:
— مەندىن ھال سورىغىنى قۇرۇسۇن. ماڭا ئەسكەر كېرەك، — دېدى ۋارقىراپ.

— رادىستلار سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— بىز ئاشلىق، قورال يەتكۈزۈپ بېرىمىز. يەنە مەلۇم قوشۇنىمۇ ئەۋەتىمىز، تازا كۈچ توپلاپ، بىراقلا قايتۇرما هۇجۇمغا ئۆتۈش كېرەك...
— قاچان ئەۋەتىدىكەن، مەن ئۆلگەندىمۇ؟ ...
رادىستلار سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— هازىرچە ئېلى تەرەپنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى رازۋېدكا قىلىپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا تېلېگرامما ئارقىلىق بىزگە خەۋەر قىلىپ تۇرسۇن، ھودۇقمىسۇن، دەپ تاپىلاۋاتىدۇ.
— ئارام بەرمەيۋاتسا، ئۆزىنى ئوڭشىۋالسۇن، — دەيدۇ دۆتلەر، — ئوسمان قولىنى سىلكىدى ۋە يەنە بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى... بۇ چاغدا ئېتىششش ئاۋازلىرى دەريا ياقىسىغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇ قاتقا قارىدى - دە:
— بولدى، قۇرۇق سۆزىنى قويسۇن، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.
ئوسمان ۋە تېلېگراف ئاپپاراتى خىزمەتچىلىرى بۇ يەردىن تېزلا يۆتكىلىپ، كۆزدىن غايىب بولۇشتى.
پۇتۇن پولك ئېدىرلىقتا يېيىلىپ كەتكەندە، نىزامىدىننىڭ بۇيرۇقى يېتىپ كەلدى:
— قىسىملار ئاتاكىغا ئۆتسۇن!
بۇ چاغدا ئاراش بىر گورۇپپا جەڭچى بىلەن دەريا ياقىسىدىكى توقايلىقتىن باندىتلارغا يېقىنلاپ بارغانىدى، ئۇ بىرنەچچە باندىتنىڭ تاپانچا، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، موڭغۇل يۇقرالىرىنى دەريادىن ئۆتۈشكە زورلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. مەرگەن ئاراش تاپانچىلىق ئىككى باندىتنى دوملاتتى، ئۈچىنچىسىنى، تۆتىنچىسىنى...
— يوگۇر ئابدۇقادىر! — دېدى ئالدىراپ.
ئابدۇقادىر ئوقتەك ئۇچۇپ ئۇلارغا يېقىنلاپ باردى - دە،



ئاپتوماتىنى سايرىتىۋەتتى، ئۇنىڭغا ئۇلاپ قالغان جەڭچىلەرمۇ قوراللىرىدىن تۇختىماي ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. باندىتلار ئۆرۈتۈپە بولۇشۇپ، يىقىلغانلىرى ۋارقىرىشىپ، ئاتلار كىشنەپ، قويلار مەرىشىپ، دەريا بويى ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى. لېكىن، بۇ ياققىمۇ ئوقلار ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى...

— ھۇررا ! ... ئالغا !

كۈچلۈك ئاۋازلار، ئاتلارنىڭ دۈكۈرلەشلىرى ئاڭلاندى. باندىتلار ئۆزلىرىنى دەرياغا ئاتتى. كەڭلىكى ئوتتۇز مېتىردەك دەريا يۈزى خۇددى ئۆلۈك قاغىلار بىلەن تولۇپ كەتكەندەك يىرگىنىچلىك تۈس ئالدى.

ئۇ قاتتىق — دەريادىن بۇرۇنراق ئۆتۈپ مۇداپىئەلىنىۋال-غانلارنىڭ ئوقىدىن ئاراش يىقىلدى.

— ئاراشقا ئوق تەگدى !

ئابدۇقادىر ئېتىۋاتقان ئاپتوماتىنى توختىتىپ ئۇنىڭ يېنىغا ئوقتەك ئۇچۇپ كەلدى.

— ئاراش ! ... ئاراش ! ئاراشقا ئوق تەگدى ! ... — ئۇ ئۆزىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئاتاكىغا ئۆتكەنلەرمۇ دۈكۈرلىشىپ قىيقاس - چۇقان بىلەن يېتىپ كېلىشتى. چېپىپ كەلگەن رەيھان ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ئۇنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى. لېكىن، بۇ موڭغۇل يىگىت ئويناق قارا كۆزلىرىنى مەڭگۈگە يۇمغانىدى.

قىسىم ئۇچۇن قەيسەر جەڭچىسىدىن ئايرىلىش ئەلۋەتتە ئېغىر ئىدى. ئۆزلىرىنى باندىتلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالغان بۇ مەرد ئوغۇل ئۇچۇن موڭغۇل يۇقىرىلار ھەممىدىن كۆپرەك ئازابلاندى... قازاق يۇقىرىلارنىلا ئەمەس، بىر ئايدىن بېرى يۈزگە يېقىن موڭغۇل يۇقىرىلارنىمۇ باندىتلار ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرۈپ ئازابلاپ يۈرگەنىدى.

ئىزامىدىن ئۇنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەسرەتلىنىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى... ئۇنىڭ 1944 - يىلى

بىر ئوۋ مىلتىقى بىلەن تىلقا تاغلىرىغا يېتىپ بېرىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلغانلىقىنى ئەسلەپ، ئۆزىنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىنى ئەلەم بىلەن ھېس قىلدى: «خەير، ئايال قاتچە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — نەچچە يۈزلىگەن دۈشمەننى غەرق قىلدۇق، ئالتە يۈزدىن ئارتۇق پۇقرانى، يۈز مىڭغا يېقىن چارۋا مالنى قۇتقۇزۇپ قالدۇق...»

ئەتىسى ئاراشىنىڭ جەسىتى چىڭگىل دەرياسىنىڭ بويىغا دەپنە قىلىندى. قەبرە ئۈستىگە تاختايدىن ئاددىي قەبرە خاتىرىسى تۇرغۇزۇلدى. ئۇنىڭ يېنىغا كۆزلىرى ياش رەيھان دالا گۈللىرىدىن كۆڭۈل قويۇپ تىزغان بىر دەستە گۈلنى سانجىپ قويدى. ئېغىر سۈكۈتتە باشلىرىنى ئېگىشىپ تۇرغان كوماندىر ـ جەڭچىلەر ئالدىدا، ئابدۇقادىر قەيسەر سەپدىشى، ئىنقىلاب ئوغلانى، مەرد جەڭچى ئاراشقا ئاتاپ يازغان شېئىرىنى ئوقۇدى:

چىقتىڭ تىلقا تاغلىرىغا ئوۋ مىلتىقىڭ بەتلەكلىك،
ئەسىرلەردىن زۇلۇم بىرلە ئېلىڭ بولغاچ پىغان، دەردلىك.

ئانا يۇرت ئاھىنى ئاڭلاپ قەددىڭنى رۇسلىدىڭ، ئېيتتىڭ:
«زۇلۇمغا قارشى تۇرماسلىق جاھاندا ئەڭ جىنايەتلىك.»

بوران ـ يامغۇر، شىۋىرغان ھەم سىيرىلما تاغ ۋە يا سازلىق،
قەيەردە قىلمىغىن جەڭنى سېنىڭچۇن بەك ئىدى ئەپلىك.

ئەجەب مەرگەن، ئەجەب قەيسەر، ئەجەب باتۇر ئىدىڭ ئاراش،
جىمى جەڭچىگە دىلكەشتىڭ ئەجەب ياخشى پەزىلەتلىك.

«باتۇرلۇق» ھەم «پىدائىي» لىق مېدالى چىقتى كۆكسۈڭگە،
تېمىپ تۇرغان بىساتىڭدىن جاسارەت، كۈچ ـ قۇۋۋەت مەردلىك.

سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالدۇق، بىراق باتۇرلۇقۇڭ ئۆلمەس،
سېنىڭ ھەربىر ئىزىڭ ئەۋلادلىرىڭغا مەڭگۈ دەرسلىك.

# ئون بەشنچى باب

كۆڭلىگە مەلۇم نىيەتنى پۈككەن ئادەم ئۈنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرەر چارە بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقمىسا، يەنە باشقىچىرەك چارىلەرنى ئويلاپ تاپىدۇ. شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابىنىڭ قوماندانى گېنېرال لېيتىنانت جاڭنىڭ ئوسمان، قالىبەكلەردىن كۈتكەن ئۈمىدىدىن تېخىچە بىرەر نەتىجە چىقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كۆڭلىگە باشقا بىر نىيەتنى پۈكتى ۋە بۇنىڭ چارىلىرىنى گېنېرال مايور داڭ بىگاڭ ھەم گېنېرال مايور ليۇ باچى بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى.

شۇنىڭ بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىش، يولىيورۇق بېرىش، بۇيرۇق قىلىشلار بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى بىردىنلا قاپىقى يامان ئادەمدەك سۈرلۈك تۈسكە كىرىپ قالدى. كىشى ئەيمەنگىدەك ھالەت شەكىللەندى. تېخى بوغىدا تېغى، ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئېدىرلىقلارلا ئەمەس، شەھەرنىڭ ئۆزىمۇ قويۇق تۇمان ئاستىدا قالدى.

ھەر كۈنى قايناپ تۇرىدىغان بازار ئېغىر جىمجىتلىققا چۆككەن، ئەتىگەندە ئېچىلىپ، كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە تاقالمايدىغان دۇكانلار تاقالغان. بەزى دۇكانلار ئېچىلغان بولسىمۇ، بۇ سىرلىق ۋەھىمىدىن قايتا يېپىلغان ياكى بىر قانچە قىيا ئېچىپ قويۇلغان، بازار تەرتىپىنى ئادەتتە ساقچىلار قوغدايتتى، بۈگۈن نېمىشقا قورال ـ لىق مۇنتىزىم ھەربىيلەر كوچىلارغا چىقىۋالغاندۇ؟ تېخى سېپىل دەرۋازىلىرى نەچچە قەۋەت سىم توسۇقلار بىلەن قورشىلىپ قاپتۇ. بۇ نېمە ئالامەتتۇر؟ ... سېپىل ئۈستىگە چىقىۋالغان ھەربىيلەر پىلىموت،

مىلتىقلىرىنىڭ ئۇچىنى سىپىل سىرتىغا قارىتىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇشماقتا...

كىشىلەر بۇ ئەندىشىلىك، ئىغىر ۋەھىمىدىن ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشماقتا:

— بۈگۈن شەھەردە بىر شۇم ھەرىكەت بولامدۇ نىمە؟

— ماناس بويىدىكى مىللىي قىسىملار ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئوخشايدۇ ـ دە...

— بۈگۈنمۇ ئادەم تۇتۇش بولامدۇ يا؟

كىشىلەرنىڭ بۇ پەرەزلىرى شەپەرەڭدەك ئۇچۇپ، ئىغىزدىن ـ ئىغىزغا، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئۆتەتتى، شەھەرنىڭ ۋەزىيىتىمۇ ئەتىيازنىڭ ھاۋاسىدەك پات ـ پات ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

بىردىنلا كوچىدا خۇددى بىر يەردىن ئېتىلىپ چىقىرىۋەتكەندەك چەكمەن چاپانلارغا، جۇۋىلارغا ئورىلىۋالغان «نامايىشچىلار» پەيدا بولدى ۋە ئۇلار ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرەپكە قاراپ ئاقتى. لېكىن، «نامايىشچىلار»دا كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت، تەنتەنىلىك ـ غەزەپلىك يۈرۈشلەردىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ئۇلار ئۇياق ـ بۇياققا ئەندىشىلىك قارايتتى، نىمىشقىدۇر قەدەملىرىنى ئىھتىيات بىلەن باساتتى ۋە ئۈن ـ تىن چىقىرىشمايتتى... بىراق، ئۇلارنىڭ پۇتىغا كىيگەن پاختىلىق سىرىق خەيلىرىدىن، پاچىقىغا ئورىغان گوجەيلىرىدىن ھەربىيلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بىردەمدىن كىيىن ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرمۇ كۆرۈندى.

تېخىمۇ كۈچلۈك ئەندىشە قوزغاپ بىردەمدىن كىيىن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. لېكىن، دەرۋازىلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرغۇچىلار، دۇكانلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن قارىغۇچىلار، قۇلاقلىرىنى كوچىغا قارىغان دىرىزىلەرگە ياققۇچىلار ۋە ھويلىدا تىت ـ تىت بولۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭغۇچىلارنىڭ روھىي قىياپىتى بىر خىل

ئەمەس ئىدى. بەزىلەرنىڭ يۈزلىرىدە شادلىق، بەزىلەرنىڭ يۈزلىرىدە قايغۇ، بەزىلەرنىڭ كۆزلىرىدە كۈلكە ئۇچقۇنلىرى، بەزىلەرنىڭكىدە غەزەپ ـ نەپرەت، ئەلەم... بەزىلەر كوچىلارغا چىقىشقا تەمشەلمەكتە. بەزىلەر مۆكۈنمەكتە؛ بەزىلەر قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىمەكتە، بەزىلەر مۇشتلىرىنى تۈگۈپ نىمىگىدۇر تەييارلانماقتا. قورۇدىن ـ قورۇغا، تامدىن ـ تامغا بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭمۇ سۆزلىرى ھەر خىل: بىرسى: بۈگۈن بېشىنى يەيدىغان كۈن كەلدى، دېسە، يەنە بىرسى: ھە، بۈگۈن ئېلىشىدىغان كۈن كەلدى، دېيىشمەكتە.

شەھەرنىڭ داۋالغۇش، جىددىيلىشىش، بىردەم ئۆرلەپ، بىردەم پەسىيىپ تۇرىدىغان دولقۇنسىمان ھەرىكەتكە كۆچكىنىگە ئىككى يىلدىن ئاشتى. تىنىچ كۈنلەر ئۇزاققا بارمايتتى، ئۆز ماللىرىنى داڭلاپ ۋارقىرايدىغان ئۇششاق ئوقەتچىلەرنىڭ تەنزىلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قاچىدىغان چاغلىرى پات ـ پات بولۇپ تۇراتتى.

«نامايىشچىلار» ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرىپ، ھۆكۈمەت بىناسىنى ئورىۋالدى. ئادەم شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، بىرلا ئادەم مىدىرلىسا، ھەممە ئادەم مىدىرلاپ كېتەتتى، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىغان شوئارلار ھاۋانى ياراتتى. باياتىن كوچىدا شۇنچىلىك شۇمشىيىپ، ئېھتىيات بىلەن ماڭغان «نامايىشچىلار» مانا ئەمدى قورۇ ئىچىگە كىرگەندە ئالاھىدە جانلىنىپ كەتكەن، كۆزلىرى يېنىپ دەھشەتلىك تۈس ئالغان، نەدىندۇر بىرىلگەن كۈچ ئۇلارنى شۇنداق تېرىسىگە پاتمىغۇدەك ھالغا كەلتۈرۈۋەتكەنىدى.

— ئا فۇجۇشى! ۋومىن ياۋ ئا فۇجۇشى①!

— ئا فۇجۇشى! ئا فۇجۇشى بۇلەي بۇشىڭ!②

«نامايىشچىلار» سەپرا مىجەز بولۇپ كەتكەنمۇ، توختىماي

① بىزگە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان كېرەك.

② مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قېنى؟ ئۇ كەلمىسە بولمايدۇ!

قالايمىقان ۋارقىرىشاتتى. بۇ نامايىش بۈنىڭدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن نامايىشقا① زادىلا ئوخشىمايتتى.

بىرىنچى قېتىملىق نامايىش ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى، نازىر رەخىمجان سابىر ھاجىيۇفلار تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيەلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەتكەندە بولغان، بۇ قېتىمقىسى ئۇلار كەلگەن ۋاقىتتا يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «نامايىشچىلار»غا ئەخمەتجاندىن باشقا ئادەم كېرەك ئەمەس ئىكەن، «نامايىشچىلار» تەلەپلىرىنى ئالدىنقى قېتىمدىكىلەرگە ئوخشاش كىمگىلا بولسا — باشقا رەئىسلەرگىمۇ، ھۆكۈمەت ئەزالىرىغىمۇ بەرسە بولىۋېرەتتىغۇ؟... تېخى بىرىنچى قېتىمدا كەلگەن نامايىشچىلارغا جاۋاب بېرىدىغان كۈندە باشقا «نامايىشچىلار» نېمىشقا پەيدا بولۇپ قالدى؟

بۈگۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ مەجلىس كۈنى ئىدى.

---

① ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ تەرەپ ئون بىر ماددىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، 1946 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇلدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى قۇرغان. بىتىمنىڭ روھى بويىچە 1947 ـ يىلى 1 ـ يانۋاردىن باشلاپ ئۆلكە بويىچە ئومۇمىي يوسۇندا ئەمەلىي ئىشلار باشلىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، گومىنداڭ تەرەپ بىتىمنى ئورۇنلاش ئەمەس، ئۇنىڭ بىرمۇنچە ماددىلىرىنى بۇزۇشقا باشلىدى. ناھىيەلەردىكى خەلقچىل سايلامنى رېئاكسىيون ئۇرۇنۇشلار بىلەن، خەلق ئەركىنلىكىگە تەھدىت سېلىش، خىيانەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. گومىنداڭ ھەربىيلىرى مەمۇرىي ئىشلارغا قوپاللىق بىلەن، ھەتتا تېررورلۇق بىلەن ئارىلاشتى، شۇنىڭ بىلەن ھەربىي دىكتاتورلىق ھۆكۈم سۈردى، خەلقتە گومىنداڭ تەرەپنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قاتتىق نارازىلىق تۇغۇلۇپ، 1947 ـ يىلى 21 ـ فېۋرالدا ئۈرۈمچىدە نامايىش كۆتۈرۈلدى. نامايىشچىلار ئېلىپ كەلگەن ئون يەتتە تۈرلۈك تەلەپنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت باش كاتىپى لىيۇمىڭچۈەن، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابدۇكېرىم ئاباسوفلارغا تاپشۇرۇپ، يەتمىش ئىككى سائەت ئىچىدە جاۋاب ئالىدىغان بولۇپ قايتىشقانىدى. بۇ تەلەپلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىنى تەمىن قىلىشقا قارىتىلغان توغرا تەلەپلەر ئىدى. ھۆكۈمەت ئەزالىرى بۇ تەلەپلەرنى ئىككى كۈن جىددىي مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇنى قوبۇل قىلغان ۋە بۇ ھەقتە قارار قوبۇل قىلغانىدى.



www.uyghurkitap.com

بەزى ئەزالار ئابباسوف بىلەن سەيپىدىنگە ئەتەي ئاڭلىتىپ سۆزلەشمەكتە ئىدى:

— ئەخمەتجان تېزرەك كەلسە بولاتتى...

— ئۇ هازىرلا كېلىشى كېرەك! ئەگەر كەلمىسە چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ ـ دە!...

قىلىنىۋاتقان گەپلەر، ھويلىدىكى ھەرىكەتلەر ئابباسوفنى جىددىي ئويلاندۇرماقتا ۋە سەگەكلەشتۈرمەكتە، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاللىقانداق ۋەھىمە، غەزەپ ـ نەپرەت پەيدا قىلماقتا. ھېلىلا ئۇ «نامايىشچىلار»نى ئارىلىغان، شوئارلىرىنى ئوقۇغان، «ناما ـ يىشچىلار»نىڭ جۇل ـ جۇل چاپانلىرىنىڭ ئىچىدىن ھەربىي كىيىملىرىنىڭ پەشلىرى چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ پۇقرالاردەك چېچىلاڭغۇ، ئىختىيارىيلىرىچە رەتسىز تۇرۇشنى ئەمەس، تەلىم كۆرگەن ھەربىيلەردەك رەتلىك تۇرۇش ـ لىرىنى بايقىغانىدى. بۇ ئالامەتلەردىن نېمىنى چۈشىنىش مۇمكىن؟... چاققان، بەستلىك، ئۆتكۈر كۆزلۈك بۇ ياش مۇئاۋىن باش كاتىپ غەربىي شىمال ھەربىي، مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ بەزى مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ تونۇشۇقىنى جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ، كۆزلىرى بىلەن قىلىۋاتقان ئىشارەتلىرىدىن قورقۇنچلۇق ئېھتىماللارنى ئويلاپ ئۈلگۈرگەن. «نامايىشچىلار» ئەتراپىدا تۇرغان بەزى ئادەملەرنىڭ پىچىرلاشلىرىدىن، ياپتا گەپلىرىدىن، بۇ قويۇننىڭ قانداق چىقىۋاتقانلىقىنى ۋە سۆيۈمـ لۈك رەھبەرگە قانداق ياۋۇزلۇقلارنىڭ پىلانلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەن...

ئابدۇكېرىم ئابباسوف سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغان ھۆكۈمەت ئەزالىرىغا جۇرئەتلىك بىلەن مۇنداق تەكلىپ بەردى:

— مۇئاۋىن رەئىسىمىز ئەخمەتجان ھازىر كېلىپ قالار، بىز ھۆكۈمەت ئەزالىرى چىقىپ، «نامايىشچىلار»نىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ باقمايمىزمۇ؟

مۇئاۋىن باش كاتىپنىڭ تەكلىپىگە ھەممىدىن بۇرۇن نازىر

جالالىدىن قارشى چىقتى:

— بىزنىڭ چىقىشىمىز ئورۇنسىز، كېرەك ئادەم چىقىشى كېرەك - دە! خەۋەر قىلىڭ، تېز كەلسۇن!

تالادا «نامايىشچىلار» ۋارقىرىشىۋاتقان، مەجلىسخانىدا جالالىدىننىڭ پىكرى ماقۇللىنىۋاتقان پەيتتە، قانداق قىلىش كېرەك؟... تالاغا چىقماسلىق، قورقۇپ، مۆكچىيىپ، پۇشۇلداپ ئولتۇرۇش كېرەكمۇ؟ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ نامىنى ئاتاپ، قولاقنى پاڭ قىلىۋەتكۇدەك دەرىجىدە ۋارقىرىشىۋاتقاندا، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن بىرەر كىشىنىڭ چىقماسلىقى پۇقراچە كىيىنىۋالغان ئاشۇ ھەربىيلەرنىڭ خورىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈۋەتمەسمۇ؟... ئابباسوف جىددىي ھالدا: بىز ئۆلۈمنى — خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى يولىدىكى ئۆلۈمنى ئاللىقاچان ئۈستىمىزگە ئېلىپ قويغان، ئۆلسەك شەرەپ بىلەن ئۆلىمىز، قالساق شەرەپ بىلەن قالىمىز، مۇشۇ كىچىككىنە جايدىمۇ خەلق دۈشمەنلىرى بىلەن ئاخىرقى جەڭ قىلىشقا تەييارمىز... دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى - دە، ھېچكىمگىمۇ قارىماي، كۈچلۈك غەزەپ، يۈكسەك غۇرۇر بىلەن «نامايىشچىلار»نىڭ ئالدىغا چىقتى.

ھويلىدا يەنە ۋارقىراشلار كۆتۈرۈلدى:

— ئەنە! ئەنە چىقتى!...

— بۇ ئەخمەتجان ئەمەس، كىچىكى چىقىپتۇ!

— ئەخمەتجان قېنى؟... ئۇ چىقمىسا بولمايدۇ!...

— ئۆزىمىز سۆرەپ ئاچىقايلى!...

ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىشىۋاتقان «نامايىشچىلار» رەئىسلەر كابىنېتىنىڭ ئالدىغا توپلانغانىدى. ئۇلار ئەخمەتجانغا ۋاكالىتەن چىققان مۇئاۋىن باش كاتىپقا پىكىر - تەلەپلىرىنى قويغىنى يوق، بەلكى ئۇنى قىستاپ - ئىتتىرىشىپ قىستاققا ئالدى، يىقىنلىرىغا ئۇردى، نوقۇدى، يان قوراللىرىنى پاتۇرۇپ غالۋارىدى... ئۇنى بىردەمدىلا رەئىسلەر كابىنېتىنىڭ ئالدىغا

ئاپىرىپ قويدى. لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن بېسىلىپ قالغىنى يوق، تېخىمۇ غالىۋاراپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇنىڭغا دېۋەيلەپ ئېتىلىدىغانلارمۇ چىقتى. بەزى يول تاپالمىغانلىرى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، ئۆز ئورنىدا يېرىم گەز، بىر گەز سەكرەيتتى، بىرسى توپىنى يېرىپ ئېتىلغان بويى چىقىپ كەلدى ـ دە: شا ! ، شا !، شا ![1]... دەپ مۇشت ئاتتى... ئابدۇكېرىمنىڭ مۇرىلىرىگە مۇشتلار تېگىشكە باشلىدى. لېكىن، شۇ چاغدا، نەدىندۇر ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان ئۈچ ـ تۆت ياش چىقىپ قالدى ۋە ئۇلار ئابدۇكېرىمگە بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى، ئېتىلىۋاتقان مۇشتلارغا ئۆزلىرىنى تۇتۇپ بەردى.

ۋارقىراشلار ئۈزۈكسىز كۆتۈرۈلمەكتە، سوراق قىلىشلار ئەۋج ئالماقتا. «نامايىشچىلار»نىڭ يۈزلىرى، كۆزلىرى دەھشەتلىك يانماقتا. ئەتراپتىن مۇشتلىشىشلار، ئۇرۇلۇۋاتقان تاياقلارنىڭ ئاۋازلىرى، «ۋايجان ! ... ۋاي ئىنىم ! ...» دېگەن ئېچىنىشلىق سادالار ئاڭلانماقتا. شۇ چاغدا «نامايىشچىلار» قىيىن ـ قىستاققا ئېلىش، سۈرۈپ قىستاش بىلەن بۇرھان شەھىدىنىمۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويدى، ئۇمۇ بىرنەچچە تاياقتىن قۇرۇق قالمىدى.

ئۇرۇش ـ سوقۇش، بىر نۇقتىغا ئۆزىنى ئېتىش — «نامايىشچىلار»نىڭ ئاساسىي ئىشى بولۇپ قالدى. ئۇلار نېمىگە كەلگەن؟ ئۆز تەلەپلىرىنى بېرىشكىمۇ ياكى ئادەم ئۇرۇش ـ تىللاشقىمۇ؟ تېخىمۇ قىزىق يېرى شۇكى، ئەنە، بەزى ھۆكۈمەت ئەزالىرى تاياق يەۋاتىدۇ، بەزى ھۆكۈمەت ئەزالىرى مۇشۇ قورقۇنچلۇق تۇس ئالغان قورۇغا چىقىپ ـ كىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۆز ئىختىيارىيلىرىچە بىمالال، ئەركىن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، ئەمما «نامايىشچىلار» بۇلارغا كۆز قىرىنىمۇ سالمايدۇ، نېمىشقا ئۇلارغا ئېتىلمايدىغاندۇ؟ ...

ئۇلار — ئىككىسى ئاران تەسلىكتە رەئىسلەر كابىنېتىغا

---

① قىر، چاپ !

كىرەلىدى، لېكىن، خەۋپتىن قۇتۇلغىنى يوق، قېنى قىزىپ، كۆزلىرى بۆرىنىڭكىدەك يېنىپ كەتكەن، چىشلىرى غۇچۇرلاۋاتقان ئادەملەر كابىنېتقا كىرىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتىمۇ؟ كۆزلەرنىڭ دەھشەتلىك يېنىشى، چىشلارنىڭ غۇچۇرلىشى — ئادەملەر پەيلىنىڭ بۇزۇلغانلىقى، ئادەمنىڭ پەيلى بۇزۇلسا ھەرقانداق ئىشتىن يانمايدۇ ـ دە !

«نامايىشچىلار» كابىنېت ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىشكە ئۇرۇناتتى، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئۇراتتى، جالاقلىتاتتى، ۋارقىرىشاتتى، تىللايتتى: «... ئەخمەتجان كېلەمدۇ، يوق؟ تېز كەلسۇن... كەلمىسە كۆرىدۇ، ئاناڭنى...» دەپ مۇشتلىرىنى تەڭلەيتتى. ئەھۋال ئىنتايىن جىددىيلەشكەن، خەۋپ كابىنېتنى پۈتۈنلەي ئورىۋالغان... ئەخمەتجان قاسىمىنى تېلېفونغا چاقىرماي بولمايتتى، تېز چاقىرىش كېرەك !

ئابدۇكېرىم تېلېفوننى قولىغا ئالدى:

— ئەپەندىم ! «نامايىشچىلار» نىڭ پەيلى يامان، ئەھۋال جىددىي، ئىدارىگە كېلىشتىن ساقلىنىڭ ! بىز بولغاندىكىن كۆپايە قىلىمىز...

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەم جىددىي، ھەم مېھرىبانلىق بىلەن ئېيتقان جاۋابى ئاڭلاندى:

— بولىدۇ، ھەرھالدا ھوشيار بولۇڭلار، ئۆزۈڭلەرنى خەۋپتىن ساقلاڭلار، ئەھۋالدىن ماڭا خەۋەر قىلىپ تۇرۇڭ...

ئەھۋال شۇنچىلىك جىددىيلەشكەن، قورۇدا پاجىئەلەر يۈز بېرىۋاتقان چاغدىلا شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى گېنېرال مايور داڭ بىگاڭ پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن، ھودۇققان، تىللىرى گەپكە كەلمەي قالغان، ئېغىر ئەلەمدىن تولغىنىپ، يۈزلىرىدە يىغىدىن قورۇقلار پەيدا بولغان... قوماندانىنىڭ تاپشۇرمىلىرى ئۇنىڭ يادىدا ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ، شۇ چاغقىچە ئەخمەتجاننى ئالتوپىلاڭ بولۇۋاتقان بۇ مەيدانغا كەلتۈرمىگەنلىك ئەلۋەتتە ئۇنى پەرىشان، ئەيىبكار

ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

— مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجاننى ئۆزۈم چاقىرىپ كېلەي، — دېدى ئۇ ۋە ھودۇقـقـان پېتـى چـىقـىـپ كـەتـتـى. بۇ چاغ «نامايىشچىلار»نىڭ سەپراسى تېخىمۇ ئۆرلىگەن، ۋارقىراش - تىللاش ئەۋجىگە چىققان، بىرسى ئەخمەتجاننى كەلتۈرۈش ئۈچۈن چالۋاقاپ - ۋارقىراپ كىرسە، بىرسى ئىشىك - دېرىزىلەرنى جالاقلىتىۋاتقان چاغ ئىدى. ئاسماننى ئۆرۈۋەتكۈدەك شۇنچە زور ئىش بولۇۋاتسا، بەزى ھۆكۈمەت ئەزالىرى سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇشىدۇ، تېخى جانىمىقان، سالىسلار تالاغا چىقسا، تۆلكە قۇلاقچىلىرىنى كىيىشىپ، بۆلۈمىگە كىرسە، قولتۇقىغا قىستۇرۇپ يۈرۈشىدۇ. ھەتتا جالالىدىننىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدۇ... ئەمما ئىش جانغا تاقىلىۋاتقان مۇشۇنداق خەۋپلىك پەيتتە، بەزىلەر دېرىزىلەردىن بوينىنى سوزۇشۇپ ئابدۇكېرىمگە ياخشى كۆڭلىنى بىلدۈرۈشۈۋاتىدۇ، يېڭى مەلۇماتلار بېرىۋاتىدۇ...

ئەخمەتجان قاسىمى كۆرۈنۈش بىلەنلا ھويلىدا: دا !— دا ! ، شا ! — شا ! دېگەن ئاۋازلار، خۇددى ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقىنىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىلغا ئېتىلغاندەك ئۇرۇنۇشلار، قايتاشلار كۆتۈرۈلدى. مۇشتلار ئېتىلدى، بەزىلەر قوللىرىدىكى پالتا - تاياقلىرىنى سىلكىپ پۇلاڭلاتتى. لېكىن، ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەخمەتجاننىڭ يېنىغا كېلەلمىگىنىگە تېرىكىپ، ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىرىدى، ئاغزىنى بۇزدى. بەزى يەڭ ئىچىدە قورالىنى يوشۇرغانلار ئەخمەتجاننى قورۇغا يالغۇز قويۇپ بەرمەي، داڭ بىگاڭنىڭ بىللە كىرگەنلىكىگە خاپا بولۇشتى ۋە ئۇنى: ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان دۆت دەپ تىللاشتى.

بۇلار كىرىش بىلەن «نامايىشچىلار»نىڭ ھەرىكىتى تېخىمۇ جىددىيلەشكىلى تۇردى. ئىشىكلەرنى ئۇرۇش، سۇندۇرۇش، دېرىزىلەرنى چېقىش، كابىنېت ئىچىگە بېسىپ كىرىشكە ئۇرۇنۇش ئەۋج ئالدى. ئوق ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلاندى.

«نامايىشچىلار»نىڭ بىرسى كابىنېت ئىشىكىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى كەتسۇن ! ... كېرەك ئەمەس ! ...

ئۇنىڭغا دەز كەتكەن قوڭغۇراقتەك چىغىلدىغان ئاۋازلار كەينى ـ كەينىدىن قوشۇلدى:

— مىللىي ئارمىيە تارقىتىۋېتىلسۇن !

— ئەخمەتجان كەتسۇن !...

— يوقالسۇن ئەخمەتجان !

يۈزلىرى غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەن، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىرىۋەتتى:

— ئەخمەتجان بىزگە كېرەك ! ...

يەنە بىرسى ئۇنىڭغا قوشۇلدى:

— ياشىسۇن ئەخمەتجان !

ئاۋازى يېتىپ كەتكەن باشقا بىرسى قوللىرىنى شىلتىپ خىرىلدىدى:

— ئۇر ئۇنى ! ... ئۆلتۈر ! ...

— ئاغزىغا ئۇر ! جان يېرىنى چاپ ! ...

«نامايىشچىلار»نىڭ بىرسى ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ، بايىقى قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئادەمنىڭ بېشىغا ئايپالتىنى چاپتى. ئۇنىڭ مېڭىسى چاچراپ چۈشتى. تۇيۇقسىز زەربىدىن ئوڭدىسىغا چۈشۈپ خارقىراپ ياتقان ئادەمنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ كېتىشتى، دەسسەشتى. ئىككىنچى ئادەمنىمۇ پالتا بىلەن چاپقانىدى، ئۇنىڭ بۇرۇن ئۈستى بىلەن ئوڭ كۆزى گەۋدىسىدىن ئاجراپ چۈشتى. يەنە ئۇنىڭغا قانائەت قىلماي، ئېڭىكى پالتا بىلەن چېپىلدى. نېرىسىدىن يەنە قولىقىنىڭ تۈۋىگە خەنجەر ئۇرۇلغان بىرسى يىقىلدى، چوڭ تومۇرى ئۈزۈلگەنمۇ، ئۇ بىردەمدىلا قانسىراپ سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى. پالتا، خەنجەر، كالتەك تۇتقان قوللار بارغانسېرى قىزىپ، توختىماي ھەرىكەت

قىلماقتا ئىدى.

هويلىدا ئادەم ئۇرۇش، ئۆلتۈرۈش ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ئۆلۈكلەر «نامايىشچىلار»نىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ ـ چەيلىنىپ كەتتى. قان تۆكۈلمىگەن، چاچرىمىغان يەر قالمىدى، ھەربىكەت بارغانسېرى پاجىئەلىك تۈس ئېلىپ: ئۇر ! ئۆلتۈر ! چاپ ! ... دېگەن ئاۋازلار ئۇزۇكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شوپۇرى ئابلەھەت، بۇرھان شەھىدىنىڭ شوپۇرى مۇنۇف ئاخۇنلارمۇ تاياق ئاستىدا قالدى. كىچىك ماشىنىلىرىنىڭ ئەينەكلىرى چېقىلىپ كۇكۇم ـ تالقان بولدى ۋە ماشىنا ماكچايتىۋېتىلدى...

گېنېرال مايور داڭ بىگاڭ ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجانلارنى ئەكېلىپ قويۇپ، ئۆزى بۆلۈمدىن شۇ هامان چىقىپ غايىب بولۇپ كەتكەنىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى: ئادەم ئۇرۇش — پۇتۇن ۋەھشىيلىك، تىللاش ھاقارەت قىلىش — يېرىم ۋەھشىيلىك دېگەنىدى، هازىر هويلىدا خۇددى شۇنداق «پۇتۇن»، «يېرىم» ۋەھشىيلىكلەر ئۇلغايماقتا ئىدى. بەزىلەر قان بىلەن بۇلغانغان قولىنى، پالتىسىنىڭ بىسىنى ھۇزۇرلىنىپ يالىماقتا ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ كۆكسىنى پالتا بىلەن يېرىپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىشنىڭ قەستىگە چۈشمەكتە ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ھويلىغا چىقماقچى بولدى.

— ئەپەندىم ! — ئۇنىڭ ئالدىنى ئابدۇكېرىم، رەھىمجانلار توربۇالدى، — سەۋر قىلىڭ، سەۋر قىلىش توغرىسىدا بىزگە تەلىم بېرەتتىڭىزغۇ...

شۇ تاپتا سېپىل (شەھەر سىرتى) نەچچە مىڭلىغان ئادەملەر تەرىپىدىن قورشالغان، سېپىل ئۈستىدىكى پىلىموتلارمۇ مۇشۇ تەۋرەپ كەتكەن ئادەملەرگە قارىتىپ قويۇلغان. كۆزلىرى چەكچەيگەن ئەسكەرلەر خەلق قاينىمىنى ئوقتا تۇتۇش ھالىتىدە

تۇراتتى. خەلق قايىنمى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ۋارقىرىشىپ دەرۋازىغا يېقىنلىشاتتى، قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان ئۇششاق باللار ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىشىپ يۈرەتتى. خەلق ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنىڭ تەقدىرىنىڭ نېمە بولغانلىقى، ھاياتىغا قانداق خەۋپ يېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئەنە شۇنداق دولقۇنلىنىپ كەتكەن، سېپىل ئىچىدىكى ۋاڭ ـ چۇڭلار، ئوق ئاۋازلىرى ۋەھىمە قوزغاپ، خەلقنى قاتتىق تەشۋىشكە سالغانىدى، خەلق تەۋرەپ كەتسە، غەزەپكە كەلسە، ئاشۇ ئۆزلىرىگە قارىتىپ قويۇلغان پىلىموت بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرامدۇ؟! ... نېمىدىندۇر قوللىرى تىترەۋاتقان ھەربىيلەرگە خەلق ئۈستى ـ ئۈستىلەپ قاتتىق تەلەپلەرنى قويۇشماقتا ۋە شوئار توۋلاشماقتا ئىدى.

ئاخىر سېپىل ئۈستىدە تەلەتى سۆرۈن، كۆزۈن بويلۇق بىر ئوفىتسېر پەيدا بولدى، ئۇنىڭ بەلبېغىدا ماۋزۇرى پولاڭلاپ تۇراتتى، چىرايى قانسىز ئىدى.

— سەنلەرگە ئىككى يول بار، — دېدى ياش يىگىت ۋارقىراپ تۇرۇپ، — بىرى، خەلقچىل رەھبەرلىرىمىزنى ئالدىمىزغا سالامەت ئېلىپ چىقىسەن، يەنە بىرى، دەرۋازىنى ئېچىپ بىزگە يول بېرىسەن، بىرىنى تاللا! ...

— گېپىڭنى ئاڭلايدىغان ئادىمىڭگە قىلىش، بىز ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مۇنتىزىم قوشۇن! — ئوفىتسېرنىڭ چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى ۋە چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ كۆپتى.

— ياخشى بىلىمىز ماناس بويىدىن ئارانلا قېچىپ كەلگەن قوشۇنلىرىڭنىڭ قۇدرىتىنى...

ئۇنىڭ تەرى تۇرۇلدى:

— بىزگە تەلەپ قويىدىغان ھوقۇقنى سەنلەرگە كىم بەردى؟

— ئۆزىمىز بەرگەن، ئەگەر تەلىپىمىزنىڭ بىرىنى ئورۇنلىمىساڭ، قانداق كىرىشنى ئۆزىمىز بىلىمىز، ئۇنىڭدىن چوڭنى كۆرىسەن. ئاغىنىلەر! سېپىلغا يامىشىڭلار، نېمىدىن

قورقىمىز، پىلىموت، مىلتىقلىرى بىزنى قورقۇتالمايدۇ! ...
خەلق دۇرۇلدەپ، خۇددى سەلدەك ئالغا سىلجىدى.
ئۇ چىرايىغا زورغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ مۇنداق دېدى:
— رەھبەرلەر سالامەت، ئۇلار خاتىرجەم ھالدا تامايىشچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلاۋاتىدۇ.
— يالغان، ئىشەنمەيمىز! ...
— ئۇنداق بولسا، ئەخمەتجان ئەپەندىمنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنى ئېلىپ چىقىسەن...
خەلق تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىراپ، ئۇنىڭ بېشىنى گاڭگىرىتىۋەتتى، شۇ ئەسنادا بىرسى تېخىمۇ كۈچلۈك، خۇددى شوئاردەك تووۋلاپ ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى:
— دەرۋازىغا ئوت قويىمىز! ... ھەي، خالايىقلار! پاخال، كىرىسىن ئەكېلىڭلار! دەرۋازا تۈۋىگە توپلاڭلار! ...
يەنە بىرسى ئېگىز رەك يەردە تۇرۇۋېلىپ، قوللىرىنى غەزەپ بىلەن پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىدى:
— يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال دېگەن گەپ بار. بىزنىڭ تەلىپىمىزنى بۇ دوزاخ شوتىسى چوڭلىرىغا يەتكۈزەتتىمۇ، ئامال قىلايلى. سېپىل ئىچىگە قامىلىپ قالغان رەھبەرلىرىمىزنى قۇتقۇزايلى: بۇلارنىڭ ھىيلىسىگە ئىشەنمەيلى! بىزنى قىرىپ تاشلىسا تاشلىسۇن، ھامىنى بىر ئۆلۈم! ...
— توغرا، بىزنى ئالدام خالتىغا چۈشۈرمەكچى! ...
— ئوت قويۇش كېرەك!
كۈچىيىپ، غەزەپلىنىپ كەتكەن خەلق دولقۇنى دۇرۇلدەپ، ئالغا ئىنتىلىپ، گويا سېپىل ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشكە تەييارلانغان قۇشتەك تەمشىلىپ تۇراتتى.
ھېلىقى ئۇزۇن بويلۇق ئوفىتسېر چەكسىز ئۇلغايغان، غەزەپلەنگەن ۋە تەرەپ - تەرەپكە چېپىشىۋاتقان خەلققە قاراپ:
— سىلەر بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن تەلىپىڭلارنى ھازىرلا يەتكۈزۈپ جاۋابىنى ئېلىپ چىقىمەن، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

ئوفىتسىر كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، كۆتۈش، زارىقىش، تەقەززالىق، سىرلىق جىجىتلىق باشلاندى. ھەممىسىنىڭ دىققىتى بىر نۇقتىدا، سىپىل ئۈستىدە ئىدى. ۋاقىت ئىنتايىن ئاستا ئۆتمەكتە، بىراق يۈرەكلەرنىڭ رىتىمىدىن ھالقىپ ئۇرۇشى ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟ ... تىت ـ تىت بولۇش، جىلە بولۇش، ئاخىر بېرىپ يەنە تەۋرەش، غەزەپلىنىش تۇيغۇسى ھەممىنىڭ قەلبىدە يېنىشقا باشلىدى...

بىر يەردە يۈز بەرگەن ۋەقە ـ ھادىسە ئىككىنچى بىر يەرگە خۇددى ئاتقان ئوقتەك، ئۇچقۇر قۇشتەك شۇنداق تېز يېتىپ بارىدۇ. ئۇرۇمچى سېپىلىنىڭ ئىچىدە كىشى ئاڭلىسا قورققۇدەك ھالدا يۈز بېرىۋاتقان ئالامەتلەرنىڭ خەۋىرى، چۇش بولاي دېگۈچە ماناس بويىدىكى مىللىي قىسىملارنىڭ ئارىسىغا يېتىپ كەلدى.

ئادەتتىكى ھەربىي مەشىقلەر بىلەن تىنچ ياتقان بۇ يەر خۇددى تۇيۇقسىز كەلگەن كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئاتلانغان كىشىلەردەك بىردىنلا قوزغىلىپ تەۋرەپ كەتتى ــ دېجورنى، رەزۋېدچىلەر چاقىرىلىپ، سۈيستوكلار چېلىندى. جەڭچىلەر زېمىلانكىلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ، ھېچنېمىگە قارىماي چېپىشىپ چىقىشتى، بىلىنداژلار جانلىنىپ، زەمبىرەكلەر، ئېغىر تېپتىكى پىلىموتلار ھەرىكەتكە كەلدى... بەش مىنۇت ئىچىدىلا ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى جىددىيلىشىپ ئۇرۇش ھالىتىگە كۆچتى. پولكلار، باتالىيونلار، روتىلار، ۋىزۋوتلار ھازىر بولدى!

ماناس دەرياسىنىڭ بۇ تەرىپىدىن بەلگە بايرىقى چىقىرىلدى. شۇ ھامان دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ بەلگە بايرىقى كۆرۈندى.

مىللىي ئارمىيە ماناس ئالدىنقى سەپ مۇداپىيە قوشۇنىنىڭ قوماندانى پەقەت ئىككى نەپەر مۇھاپىزەتچىسى بىلەنلا «جىپ» ماشىنىغا ئولتۇردى ـ دە، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئاتمىش كىلومېتىرغا يېقىن يولنى شۇنداق تېز بېسىشى كېرەك ئىدى.

گومىنداڭنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى قۇتۇبىدا تۇراتتى. بۇ يەرگە بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يېتىپ

كەلگەن قوماندان، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ ئالدىغا كىردى ـ دە، بىردىنلا ۋارقىرىشىپ قالدى.

— سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، بىزگە بېسىم ئىشلىتىشىڭىزگە ھەققىڭىز يوق!

— بۇنىڭدىنمۇ چوڭراق يەرگە بېرىشقا ھەقلىقمەن!

— مەن يول قويمايمەن!

— يول قويماسلىقتا ماقۇل دەيدىغان ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن، بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىمى بويىچە ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈشكە بارغان، ئۈرۈمچى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايون، ۋەكىللىرىمىزنىڭ ھاياتىغا، خاتىرجەم خىزمەت ئىشلىشىگە گومىنداڭ تەرەپ كېپىللىك قىلىشى شەرت!

— ئەلۋەتتە، بىز بۇنى بىلىمىز.

— ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىزنىڭ ھاياتى چەكسىز خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ؟

— خەلقنىڭ نامايىش قىلىش، يىغىلىش ئەركىنلىكى بار، بۇ خەلقنىڭ ئۆز ئىشى...

— شۇنداقمۇ؟ ... سىلەرنىڭ ئىشىڭلار بولمىسا، ئىشىڭلار بولىدىغان چاغ كېلىدۇ. ئۇنداقتا بىزنىڭ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىنى قوغداشقا يېتەرلىك كۈچى بار!

— كۈچىڭىزنى پەش قىلماڭ...

— نېمە! ... بىزنىڭ كۈچىمىزنى بىلمەيتتىڭىزمۇ؟ ... بىز ماناس بويىغا شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلگەندە، تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىساق دەپ يالۋۇرغىنىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ... شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، بىزنىڭ ھازىر نەچچە ئونمىڭلىغان قوشۇنىمىز ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇپتۇ، ئۈرۈمچىگە بېسىپ كىرىشكە ھەرقاچان تەييارمىز! تەييارلىق قىلىپ تۇرۇڭ!

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئىشىكنى قەھرى بىلەن «جالاققىدە»

پىپىپ چىقىپ كەتتى.

گومىنداڭ دىۋىزىيە كوماندىرى خۇددى چۈشى بۇزۇلغان ئادەمدەك بىردىنلا مەڭدەپ قالدى:

— توختاڭ، جانابىي پولكوۋنىك... مەن شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابىغا تېلېفون بېرەي، — دېدى ئۇ ۋە قوماندانىنى ماناس بويىغىچە ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئىككى پولكوۋنىكنى ئەۋەتتى.

بىراق، شۇ چاغقىچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدىكى «نامايىشچىلار»نىڭ ھەرىكىتى تېخىمۇ ئۆرلەپ بارماقتا ئىدى.

بىرنەچچە ئەمەلدارلار بىلەن گېنېرال مايور داڭ بىگاڭ كىرىپ كەلدى ـ دە:

— نامايىشچىلار تارقىلىشنى ئۇنىماي، يەنە بىسىپ كىرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ خۇددى بىرنەرسىگە ئالدىراۋاتقان ئادەمدەك.

ئەخمەتجان خاتىرجەم ھالدا، كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەيران قېلىۋاتقان نەرسىسى شۇ ئىدىكى، شۇنچىلىك جىددىي، قورقۇنچلۇق پەيتتىمۇ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ چىرايىدا قىلچە پەرىشانلىق، ئالاقزادىلىك ئالامەتلەر كۆرۈنمەيتتى، خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك، ھاياتىغا جىددىي خەۋپ يەتمەيۋاتقاندەك، ھامان خاتىرجەم، تەمكىن ۋە مەغرۇر ئىدى.

— بۇ پۇقرالارنىڭ ئۆزلۈكىدىن نامايىش قىلىپ كېلىشىمۇ ياكى بىرەر كىشى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەنمۇ؟

تۇيۇقسىز بېرىلگەن بۇ سوئال داڭ بىگاڭغا قاتتىق تەگدى. ئۇ ئەخمەتجاننىڭ كۆزلىرىدىن ئاچچىق تەنە، لېكىن قانداقتۇر بىر خىل سىلىق كىنايە ئالامەتلىرىنىڭ ئۇچقۇندىغانلىقىنى سېزىپ قالدى.

— كىم تەشكىللىگەن دەيسىز... بۇ تەرتىپلىك نامايىش ئىدى... ئۇلار تەلەپلىرىنى سىزگىلا ئېيتماقچىكەن...

— تەرتىپلىك نامايىشما؟ قاراڭا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مۇئاۋىن باش كاتىپى، نازىر قاتارلىق ئادەملەر تاياق يەۋاتقان يەردە، تالادىكى بىزنى ياقلىغان ئاددىي ئادەملەر قانداق ئىغىر ئاقىۋەتكە قالغاندۇ؟... ئۇنداق بولمىدى، دەپ ئىسپاتلىيالامسىز؟ يالغان سۆز، ئالدامچىلىق پاكىتنى ياپالامدۇ؟ ھىيلە - نەيرەڭ — ئالدامچىلىق خۇددى قۇيۇن، ھامان بىردەملا ئۆمۈر سۈرەلەيدۇ؛ پاكىت — ھەقىقەت — خۇددى قۇياش، قارا بۇلۇتلار ھەرقانچە قىلىن بولسىمۇ، ھامان ئۇنىڭ يۈزىنى توسۇۋالالمايدۇ. «نامايىشچىلار» ئىچىدە تۇسىنى ئۆزگەرتكەن ھەربىيلەر يوقمۇ؟ «نامايىشچىلار»نىڭ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى، شوئارلىرىنى سىزنىڭ قوماندانلىق ئىشتابىڭىز باستۇرۇپ بەرمىدىمۇ؟ دېھقانچىلىققا ياردەم پۇل، چاي بېرىمىز دەپ پۇقرالار مەجبۇرىي ئالداپ كېلىنمىدىمۇ؟ سېپىل دەرۋازىلىرىغا سىم توسۇقلار نېمىشقا بىر كۈن بۇرۇن تارتىلدى؟ خەنزۇ ئۇيۇشمىدا بۇ توپىلاڭغا قانداق تەييارلىقلار قىلىندى؟ ھۆكۈمەت ئادەملىرى — ماۋۇ ئارىمىزدا ئولتۇرغان نازىرىمىز جاللىدىن ئەپەندى قانداق كۆرسەتمىلەرنى بەردى؟ نېمىشقا تۇنۇگۇنلا مىللىي ساقچىلار قورالسىزلاندۇرۇلۇپ سېپىل سىرتىغا چىقىرىۋېتىلدى؟ ...

ئەخمەتجاننىڭ كەينى - كەينىدىن بېرىلگەن نەيزە ئۇچىدەك ئۆتكۈر سوئاللىرى داڭ بىگاڭنى بىر تەرەپتىن ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەيران قالدۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ دەررۇ جاۋاب بەردى:

— بۇنداق ئىشلارنى سىز بىلگەن بولسىڭىز... بىلمىدىم، بۇنىڭدىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق.

— ئەخمەتجان ئەپەندىم، ئىبىتقاندەك، ھىيلە - نەيرەڭ، ئالدامچىلىق خۇددى قۇيۇن، ئۇ بىردەملا ئۆمۈر سۈرەلەيدۇ، بۇنى تەشكىللىگەن قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئادەملەر بار، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — بۇ پۇقرالارنىڭ

نامايىشى ئەمەس، كىشىلەرگە ئېيتقىلى بولمايدىغان يامان نىيەت يوشۇرۇنغان ۋەقە، بۇنى «25 ـ فېۋرال قانلىق ۋەقەسى» دەپ ئاتاش كېرەك ! ...

— خۇددى ئابدۇكېرىم ئېيتقاندەك، ئەگەر سىلەر تىنچلىقنى خالىساڭلار، دەرھال چىقىپ، مۇنۇ ئادەملەرنى تارقىتىڭلار، بىز ھەم چىقىپ جەنۇبىي دەرۋازىدىكى خەلقلەرنى تارقىتايلى، بۇ تىنچلىق — سائادەت يولى.

— مەن بىرنەچچە قېتىم ئېيتتىم، تارقىغىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، — دېدى داڭ بىگاڭ تاتارغان يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — سىزنىڭ چىقىشىڭىزنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ، سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ...

«جايىدا ئېيتىلغان ئىككى ئېغىز سۆز زەمبىرەك رولىنى ئوينايدۇ». مۇھىمى، ئۇلارنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، شۇنداق دەل سۆزنى قىلىشتا. ساڭا ياغلىما سۆزلەر، ھىيلىلەر قىلىنىۋاتىدۇ، ھىيلىنىڭ ماھىيىتىگە يەتسەڭ، ئاندىن سۆز قىلساڭ، سېنىڭ سۆزۈڭ نىشانغا تەگكەن زەمبىرەك ئوقىدىن كەم ئۇنۇم بەرمەيدۇ ـ دە ! ئەخمەتجان قاسىمى ۋەقەنىڭ نېمىشقا يۈز بېرىۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ كىمگە قارىتىلىۋاتقانلىقىنى چېۋەرلىك بىلەن ئاللىقاچان ئىگىلىۋالغان، شۇڭا ئۇ سالماقلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن بىر ئەخمەتجان، مەن ئۆلۈپ كەتسەممۇ، ئەخمەتجانلار تۈگەپ قالمايدۇ، شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، مىڭلاپ ـ مىليونلاپ ئەخمەتجانلار چىقىدۇ. سىزگە ھازىر ئىككى يول بار: بىرى، چىقىپ ئەسكەرلىرىڭىزگە «كىروگوم شاگوم مارش»① دەيسىز، ئۇلار چىقىپ كېتىدۇ، بىز چىقىپ جەنۇبىي دەرۋازىدىكى خەقلەرنى تارقىتىۋېتىمىز، تىنچلىق بولىدۇ. يەنە بىرى، ئىشكنى ئېچىپ، ئەسكەرلىرىڭىزنى قويۇپ بېرىسىز، ئۇلار

---

① ئارقا بۇرۇل، قەدەملەپ ماڭ.

بىزنى ئۆلتۈرىدۇ، بۈگۈن ئۇرۇمچىدە، ئەتىدىن باشلاپ پۈتۈن ئۆلكىدە قان تۆكۈلىدۇ، مانا شۇ. ئىككى يولنىڭ قايسىسىنى خالىسىڭىز بىرىنى تاللىۋېلىڭ... بىز ئۆلۈمدىن قورقمايمىز، بىز ئۆلۈمنى ئاللىقاچان ئۇستىمىزگە ئېلىپ قويغان ئادەملەرمىز، ھازىر ھايات قالساق ھەم خەلققە پايدا، چۈنكى بىتىم بويىچە خەلقنىڭ ئەركىنلىكىنى تەمىن قىلىمىز، ئۆلسەك ئۇنىڭدىن ئارتۇق پايدا، چۈنكى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلق قوزغىلىپ بۇ قېتىم بىتىمغا قارىغاندىمۇ تولۇقراق ئازادلىقنى قولغا ئالىدۇ، بىزنىڭ قېنىمىز خەلققە ئازادلىق كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە بىز ئۈچۈن شەرەپلىك ئۆلۈم بولىدۇ.

داڭ بىگاڭ ئۆزىنى تامامەن دەھشەت ئورىۋالغانلىقىنى، پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىۋاتقانلىقىنى ھويلىغا چىققاندىلا سەزدى. «نامايىشچىلار» ئۇنىڭ كۆزىگە ياغاچ ئاياغلاردەك، خۇددى جىسمى ئۇچۇپ كەتكەن ئەرۋاھلاردەك قارا كۆرەڭ بولۇپ كۆرۈندى. شۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ يادىغا قوماندانىنىڭ: 25 ـ فېۋرالدىكى ۋەقەنىڭ مەقسىتى ئەخمەتجان... دېگىنى كەلدى ـ دە، پۇتلىرى دىرىلداپ تىترەشكە باشلىدى... بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يۈزىدىكى چىپىلداپ ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى ئېرتىۋېتىشنى ئېسىگە ئېلىپ، قولىنى يانچۇقىغا سالغاندا، ھېلىقى ئۇزۇن بويلۇق ئوفىتسېر ئالدىدا پەيدا بولدى ـ دە، ھودۇققان ھالدا ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى:

— ھۆرمەتلىك گېنېرال ! جەنۇبىي دەرۋازىنى قورشىۋالغان پۇقرالار پاخال، كىرسىنلەرنى تەييارلاۋاتىدۇ، ئەخمەتجان باشلىق رەھبەرلىرىمىزنى ئالدىمىزغا سالامەت ئېلىپ چىقمىساڭلار، دەرۋازىغا ئوت قويىمىز، بېسىپ كىرىمىز، دەۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ پەيلى يامان... ئەھۋال خەتەرلىك...

داڭ بىگاڭ ياغلىقىنى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قالدى ۋە پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ قولىدىن ياغلىقى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى. ئۇنىڭغىچە يەنە بىر

ئوفىتسېر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ھۆرمەتلىك گېنېرال! قۇتۇبى ئالدىنقى سەپتىن تېلېفون!...

داڭ بىگاڭ ئايىغىنى ئاران يۆتكەپ، ياغلىقىنى دەسسىگەن پېتى يان ئۆيگە كىردى - دە، تېلېفوننى قولىغا ئالدى. تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن گويا تۇيۇقسىز پارتلىغان بومبىدەك دەھشەتلىك گەپلەر ئاڭلانغىلى تۇردى:

— ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى مىللىي قىسىملار ئۇرۇش ھالىتىگە كۆچتى! پەيلى يامان، ئەھۋالى ئىنتايىن خەتەرلىك! ئەخمەتجان باشلىق رەھبەرلىرىمىزنىڭ ھاياتىغا قەست قىلىنىدىغان بولسا، ئۇرۇمچىگىچە ھازىرلا يۈرۈش قىلىمىز! دەۋاتىدۇ، جانابىي گېنېرال...

ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شۇنچىلىك خەۋپلىك ئالتوپىلاڭ ئىچىدىمۇ، ھېچنېمە بولمىغاندەك تەمكىن، مەغرۇر ھالدا ئولتۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ يۈرەككە نەشتەردەك سانجىلغان ئۆتكۈر سۆزلىرى، جەنۇبىي دەرۋازىغا توپلانغان پۇقرالارنىڭ دەرۋازىغا ئوت قويۇپ، سېپىل ئىچىگە باستۇرۇپ كىرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى، قۇتۇبى ئالدىنقى سېپىدىن كەلگەن دەھشەتلىك خەۋەر — ئۈچ ئامبۇر، بۇ ئۈچ ئامبۇرنىڭ بىرسى داڭ بىگاڭنىڭ قولىنى، بىرسى بېشىنى؛ يەنە بىرسى يۈرىكىنى قاتتىق قىسىماقتا، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى يولۋاسنىڭ ئاستىدا قالغان توشقاننىڭ كۆزىدەك ئېتىلىپ چىقىپ كېتىشكە ئاز قالماقتا، يۈرىكى مىجىقلىنىپ قىسىلماقتا، قوللىرى زىڭىلداپ ئاغرىماقتا... ئۇ شۇ چاغقىچە ئۆز بېشىغا چۈشمىگەن ئېيتقۇسىز ئېغىر دەھشەت ۋە ئەلەم قايىنىمىدا قىينالماقتا. ئۆزلىرى قۇرغان تۇزاققا ئۆزلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىنى، مۇشۇ ئىشنى پىلانلىغان، ھازىر بولسا ھەشەمەتلىك قوماندانلىق ئىشتابىدا، دۇخاۋا پەردىلەر كەينىدە تۇرۇپ، تىنماي ئەلەم بىلەن پۇراقلىق تاماكا چېكىۋاتقان گېنېرال جاڭ ئەپەندى ئويلىمىغان بولغىيدى؟! ... پاھ، سەلتەنەتلىك كىيىملەر ئىچىدە تۇرغان گېنېراللارغا

قاراڭلارچۇ! ئۇلار مەيدىسىدىكى شۇنچە نۇرغۇن مېداللارغا، مۇرىسىدىكى ئالىي ئۇنۋانلارغا قانداق ئىگە بولغاندۇ؟ نېمىلەرنى قىلىپ ئېرىشكەندۇ؟... شۇ تاپتا ئۇلار خۇددى بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ نەق ئۆزى: بىردەم قىزىيدۇ، يۈزلىرىدىن، بويۇنلىرىدىن، قۇلاق چۆرىلىرىدىن قوناقتەك ـ قوناقتەك تەر تامچىلىرى چىپىلدايدۇ، بىردەم مۇزلايدۇ، تىترەيدۇ، تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلىدۇ، شۈركۈنىدۇ، جالاقلايدۇ، كۆزلىرى پىلدىرلايدۇ، ئىمىر ـ چىمىر قىلىدۇ...

«نامايىشچىلار» تارقىتىلدى. لېكىن، ھويلىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈش، مۇھاپىزەتچى قىسىملارنى چاقىرىش — ئەنسىزچىلىك باشلاندى. سېپىل سىرتىدىن ئالداپ كېلىنگەن بىر قىسىم «نامايىشچىلار» تارقىغىلى ئۇنىماي، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋشىدۇ، سېپىل دەرۋازىلىرىنى قورشىغان پۇقرالار بىزنى ئامان قويمايدۇ، دەپ زارلانماقتا. ھۆكۈمەت بىناسىدىكى ئەمەلدارلارمۇ ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ كۆزلىرى پارقىراپلا قالدى. ئۇلارنىڭ كەيپى ئۇچقان، بىر سائەت بۇرۇنقى مەغرۇرلۇقى، سىرلىق كۈلۈمسىرەشلىرىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغان، بەزىلىرى ئۆزى سۈرگەن خىيالدىن ئۆزلىرى قورقۇپ، نەلەرگىدۇر مۆكۈنۈشتى، گىدەيگەن گەۋدىلىرى مۈكچەيدى، پۈكۈلدى، يايراپ كەتكەن بەدەنلىرىنىڭ تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلدى، چاقنىغان كۆزلەر ئۆلۈك كالىنىڭ كۆزىدەك خۇنۈكلەشتى. داڭ بىگاڭ پايپېتەك بولۇپ، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئالدىغا نەچچە كىردى، جەنۇبىي دەرۋازىدىكى پۇقرالارنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا قانچە ـ قانچە تەكلىپلەرنى قويدى. مانا ئەمدى ئۇلار ۋەھىمىلىك كۆلەڭگىلەرنى ئۆز بېشىغا ئۆزى چۈشۈرۈۋالغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كىنايىلىك گەپلىرىدىن، مەنىلىك چاقچاقلىرىدىن بەزىلەر ھۇزۇر قىلىپ كۈلسە، بەزىلەر ئاچچىق ئەلەمدە تولغىناتتى...

— بۈگۈنكى ئويۇننى تەشكىل قىلغان ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ

ئوسال بولۇپ قېلىشىنى ئاۋۋالىراق ئويلىماپتۇ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈمسىرەپ گەپ باشلاپ. — قىزىق بىر ھېكايە ئېسىمگە چۈشتى: بىر گېنېرال ئۆزلىرىنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى سىنىماق بولۇپ، بىر كۈنى ئۇلارنى ئۆيىگە چايغا ئېيتىپ، ئۇستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇق تاماق تەييارلاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇن بىر گىرانات بېكىتىپتۇ، گىرانات پاختا بەن بىلەن تەييارلانغانىكەن. ئوفىتسېرلار ئۇستەلگە تاماققا ئولتۇرۇپ، بىرسى ۋىلكىنى تاماققا سانجىغانىكەن، ھېلىقى گىراناتقا سانجىلىپ بىردىنلا پارتلاپ كېتىپتۇ. ئوفىتسېرلاردىن بىرسى ئۇستەل ئاستىغا، بىرسى، تاشقىرىغا، بىرسى كارىۋات تېگىگە قېچىپ مۆكۈشۈۋاپتۇ. يالغۇز بىر ئوفىتسېر ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇپتۇ. گېنېرال ھەممىسىنى يىغىۋېلىپ: «مەن بۇگۈن سىلەرنى سىنىماقچىدىم، غەيرىتىڭلار ياخشى بولمىدى»، ھېلىقى ئوفىتسېرنى كۆرسىتىپ: «غەيرەت مانا مۇنداق بولىدۇ، بۇ ئوفىتسېرنى خالىغانچە مۇكاپاتلايمەن، خوش، سىزگە نېمە كېرەك؟ ئېيتىڭ، دېگىنىڭىزنى بېرىمەن» دەپتۇ. ھېلىقى ئوفىتسېر ئورنىدىن قوزغالماي، ئولتۇرغىنىچە چاس بېرىپ: «مۆھتەرەم گېنېرال، ھازىر ماڭا دۇنيادا ئەڭ ئارتۇق ۋە قۇدرەتلىك نەرسە شۇكى، بىر دانە تامبال بەرسىڭىز، يەڭگۈشلىۋالسام» دەپتۇ. بۇگۈن مانا شۇ ۋەقەنىڭ دەل ئۆزى بولدى.

خەلق رەھبەرلىرى ھۇزۇر قىلىپ، ئۇزاققىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

كۈلكىنىڭ قۇدرىتى چەكسىز بولىدۇ. كىشىلەر ئىللىتىدىن، خاتالىقىدىن، ھەتتا قارا كۆڭۈللۈكىدىن، قانچىلىك ھەققانىي گەپ، زەھەرلىك تىل، بەلكى تاياق يەپمۇ يانماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماسلىقى مۇمكىن، ئەمما جايىدا ئېيتىلغان ئۆتكۈر كىنايىلىك، ئاچچىق مەسخىرىلىك بىر كۈلكە بىلەن ئېيتقۇسىز ئوسال ھالغا چۈشۈپ، خۇددى زەھەر يۇتۇۋالغاندەك تولغىنىشى

تەبىئىي. كۆلكىنىڭ كۈچى ھەممىدىن كۆپرەك گېنېرال مايور داڭ بىگاڭغا تەگدى. ئۇ زورغا كۈلۈپ قويغان بولسىمۇ، ئىچىدىن يېنىپ ئۆرتەندى، قىوقاسقا پۇچىلانغاندەك تولغاندى. چىرايى بىر دەم قىزىرىپ، بىر دەم تاتىرىپ، ئاخىر ئۇششۇك تەگكەن يوپۇرماقتەك قارىداپ كەتتى. لېكىن، ئامال قانچە، ھازىر جىددىي خەۋپ بولۇپ تۇرغان نەرسە — جەنۇبىي دەرۋازىدىكى پۇقرالارنى تارقىتىۋېتىش. بۇ ئىشنى پەقەت ئۆزىنى ھېلىدىن - ھېلى ئوسال ھالغا چۈشۈرۈۋاتقان، سەپداشلىرىنى بولسا توختىماي كۈلدۈرۈۋاتقان ئاشۇ قارا بۇرۇتلۇق، مەغرۇر ئادەم — ئەخمەتجان قاسىملا قىلالايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا يالۋۇرماي - يېلىنماي نېمە ئىلاج؟!...

جەنۇبىي دەرۋازىغا توپلانغان ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيگەن. كۈننىڭ ئولتۇرۇپ كېتىشى بىلەن ئۇلار تېخىمۇ جىددىيلەشكەن. كۆزلەر يانغان، مۇشتۇملار تۈرۈلگەن، ھەرىكەت تېزلەشكەن، يىغىلغان پاخال، پاختىلارغا كىرسىنلەر چېچىلىپ، ئەمدى ئوت قويىمىز دەپ تۇرغاندا، سەۋر - تاقەت ئاخىرقى چېكىگە يەتكەن چاغدا، بىردىنلا قىيقاس - چۇقان، ھۇررا سادالىرى، تەنتەنە - ئالقىش سادالىرى جاراڭلاپ كەتتى.

— ئەنە چىقتى! ئەنە! ...

— سۆيۈملۈك رەھبەرلىرىمىز چىقتى!

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق خەلق رەھبەرلىرى ئىككى كىچىك ماشىنىدا، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا چىقىشماقتا ئىدى.

— ئەنە، ئەخمەتجان ئەپەندىم!

— ئەنە ئابدۇكېرىم ئاباسوف!

ماشىنا ئەينىكىدىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قولىنى پۇلاڭلىتىشى، يېقىملىق كۈلۈمسىرىشى ئېنىق كۆرۈندى، كۆڭۈللەر تىنندى، تەقەززالىق ئىلكىدە يانغان يۈرەك جايىغا چۈشتى. لېكىن، يۈزلەردىكى ھاياجان، كۆزلەردىكى بەخت

نۇرلىرىنىڭ ئۇچقۇنى بېسىلغىنى يوق، بەلكى ئۇلغايماقتا...

خەلق دولقۇنى ماشىنىلارنى ئورىۋالدى ۋە ئۇنى قوپۇپ بەرمەي تۇرۇۋالدى. ئەخمەتجان قاسىمى ماشىنىنىڭ ئۇستىگە چىقتى، بىردىنلا تەنتەنە، ئالقىش، شوئارلار ياڭراپ كەتتى:

— خەلق رەھبەرلىرى ياشىسۇن!

— ئەخمەتجان ياشىسۇن!

خەلق بۇ سۆيۈملۈك رەھبىرىنىڭ كېلىشكەن گەۋدىسىگە كۆز ئۇزمەي قارايتتى ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى، سۆيۈنەتتى، غۇرۇرلىناتتى، سەۋرسىزلىك بىلەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇسى، تەشنالىقىنى باسقۇسى كېلەتتى. قانچىلىك ئادەملەر ئۆز ئۈچىسىدىكى چاپانلىرىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا پاياندار قىلىپ سالمىغان؟! ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاشنى زارىقىپ كۈتمىگەن؟! ... ئەگەر ئۇ ماشىنىدىن چۈشمىگەن بولسا، خەلق ئۇنى ماشىنا بىلەن كۆتۈرۈپ، مەدەنىيەت كۇلۇبىغا ئېلىپ كەتكەن بولاتتى، بېشىدا كۆتۈرگەن بولاتتى..

خۇددى بوران سۈرۈۋەتكەندەك، ئاباينىڭ تۇمانلار تارقىلىپ، شەھەر يۈزى ئېچىلغانىدى. يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن كەپتەرلەرمۇ قايتىپ كېلىشىپ، ئۇۋىلىرىنى ئىزدىمەكتە. گەرچە كەچ كىرىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، شەھەردىكى ئەنسىزلىك تارقىلىشقا باشلىغان.

ئەخمەتجاننىڭ تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەن چىرايى، مېھرىبانلىق بىلەن كۇلگەن كۆزلىرى ئۆزىنى ئالقىشلاۋاتقان خەلققە تىكىلدى. ئۇنىڭ قاپقارا قىرقىما بۇرۇتلىرىدا، يېقىملىق كۆزلىرىدە، لەۋلىرىدە باشقا ھېچكىمدە كۆرۈنمەيدىغان بىر خىل ئىللىقلىق جىلۋىلەندى. ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن ئالقانلىرى ئېچىلغان ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ، خەلق شاۋقۇنىنى باستى ۋە سۆزگە كىرىشتى:

— قېرىنداشلار! ئەندىشە قىلماڭلار! بىتىم بىز ئۈچۈن

ئوڭاي قولغا كەلگەن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز قان تۆكتۇق، قۇربان بەردۇق، ئۇ ئىسسىق قانلار بەدىلىگە كەلگەن... بىتىمنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغۇچىلار ئەلۋەتتە سوراققا تارتىلغۇسى!

بىردىنلا ئۇنى ئالقىشلىغان جۇشقۇن، خۇشال سادالار ياڭراپ كەتتى. كەڭ نەنمېن مەيدانىغا پاتماي قالغان كىشىلەرنىڭ چىرايلىرىدا ھاياجانلىق خۇشخۇي تەبەسسۇملەر جىلۋىلىنىپ، ئۇنىڭغا باققان سانسىز كۆزلەردە شادلىق ـ بەخت نۇرلىرى چاقنىدى. چۈنكى، ھەممىسىنىڭ قەلبىدە قايىللىق، رازىمەنلىك تۇيغۇلىرى ئۇرغۇغانىدى.

ئەخمەتجان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىزگە تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك كېرەك، بىز تىنچلىقنى سۆيگۈچى خەلقمىز، بىز بىتىمنى ھىمايە قىلىمىز. بىتىم بار يەردە بىز بار، بىتىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدىكەن، ئۇ يەردە بىز يوق. تىنچلىق يولى بىلەن ھەقىقەتنى تەلەپ قىلىش كېرەك، بىز ھەققانىيەت ئۈچۈن قوزغالغان، ھەققانىيەت ئۈچۈن جان بېرىمىز. بىز ئۆلكە خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن قان ئايىمىغان، ئەمدىمۇ ئۆلكە خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى، ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن جان ئايىمايمىز! بىزنىڭ ئىشىمىز ھەق بولغىنى ئۈچۈن، يولىمىزمۇ ئاق، ئىستىقبالىمىزمۇ پارلاق!

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى»دە خەلققە مۇنداق مۇراجىئەت چىقىرىلدى:

«پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇراجىئەت:

*... بىز تىنچلىقنى ئىزدەيمىز، ئۆلكىمىزدە تىنچلىقنىڭ كاپالىتى ئون بىر ماددىلىق بىتىمدىن ئىبارەت. بىتىم تولۇق ئورۇنلانسا، خەلقتە باشقا مۇددىئا قالمايدۇ. بىتىم تولۇق ئورۇنلانسا، خەلق ئۈستىدە بولۇۋاتقان ئېغىرچىلىقلار، جەبىر ـ زۇلۇملار كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك ـ شۈبھە*

يوق. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قەدەممۇقەدەم بىلگىلىك چارىلەر ئىشلەپ چىقىپ، خەلقچىللىق سىياسەتنى، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى، مىللەتلەر دوستلۇقىنى تەمىن قىلىش ھەرىكىتىدە بولىدۇ، لېكىن ئايرىم ئىستىبداتچى ئۇنسۇرلار ئۆلكىمىزدە ئۇرۇش خەۋپىنى تۇغدۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق ھەرىكەت قىلماقتا. ئۇلار خەنزۇلار بىلەن مىللىيلار ۋە باشقا مىللىي گۇرۇھ، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ، خەنزۇلارنى مىللىيلارغا قارشى قويۇپ، دۈشمەنلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، توقۇنۇش تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇنىدى. ئىستىبداتچى مۇستەبىت زالىم ئۇنسۇرلار شۇ ھەرىكىتى بىلەن ئۇرۇش خەۋپىنى تۇغدۇرۇپ، مىليونلىغان بىگۇناھ خەنزۇ خەلقى ۋە ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلىرىنىڭ قانلىرىنىڭ سەۋەبسىز تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولماقتا.

مۆھتەرەم قېرىنداشلار!

سىلەر ھازىر قانداقلىكى قىيىنچىلىق ۋە ھاقارەتلەرگە دۇچ كەلسەڭلارمۇ، ھەرقانداق پىتنە ـ ئىغۋالارغا ئەسلا يول قويماڭلار! پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق! خەلقچىللىق سىياسەت جەزمەن ئەمەلگە ئاشىدۇ! مىللەتلەر باراۋەرلىكى سۆزسىز تەمىن ئېتىلىدۇ! سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش پىروگراممىسى تولۇق ئىجرا قىلىنىدۇ! دەۋر ئېقىمىغا قارشى چىققۇچىلار، مۇقەررەر خەلقچىللىق سىياسەت ئەمەلگە ئېشىش بىلەنلا يوقىلىدۇ! ئۇلار تىنچلىق سىياسىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى سېزىپ، ئۇرۇش خەۋپى تۇغدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلماقتا. چۈنكى، ئۇلار مىللەتلەرنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىپ، ئۇرۇش تۇغدۇرۇپ، شۇ ئۇرۇش يانغىنى ئىچىدە، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۆكۈلگەن قانلىرى ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى ئازايتماقچى بولىدۇ. ھەرقانداق پىتنە ـ ئىغۋاغا قۇلاق سالماڭلار! ھېچقانداق ئۇرۇش بولمايدۇ. تىنچ ھەرىكىتىڭلارنى قىلىپ، تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار!



www.uyghurkitap.com

ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىنچلىقىنى، خەۋپسىزلىكىنى ئەمىن قىلىش ئۈچۈن، بىز بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىڭلار! مىللەتلەر ئارا دوستلۇقنى ئورنىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىڭلار!

سوقۇش ئوتىنى ياققۇچى بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ ناتوغرا ھەرىكەت ۋە ئىغۋالىرىنى پاش قىلىش يولى بىلەن، ئۇنداق ھەرىكەتلەرگە يول قويماڭلار! بىزدىن باشقا كىشىنىڭ سۆزىگە ئەسلا قۇلاق سالماڭلار! بىز بىتىمنى بۇزمايمىز! بىز ۋەدىگە ۋاپا قىلىمىز! بىتىمگە تولۇق رىئايە قىلىمىز!

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن:

ئەخمەتجان قاسىمى

بۇرھان شەھىدى

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مۇئاۋىن باش كاتىپى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىدىن:

ئابدۇكېرىم ئابباسوف

رەھىمجان سابىرھاجى

مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەت

سەيپىدىن ئەزىزى

1947 ـ يىلى 1 ـ مارت.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئون ئالتىنچى باب

سارتوقاينىڭ قىشى — ئىنتايىن قاتتىقلىقى، رەھىمسىزلىك ئاچچىق شىۋىرغانلىق كېچە - كۈندۈز بېسىلماي ئۇرۇپ تۇرۇشى بىلەن مەشھۇر. بۇ يەردە قىش بەش ئاي بولىدۇ. كەم دېگەندە يۈز كۈن شىۋىرغانلىق بولىدۇ. قېلىن قار كۆمۈپ، ئۇچى ئارانلا كۆرۈنۈپ قالغان چاتقاللىقلار دىرىلداپ تىترەيدۇ، ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قاغىلارمۇ مۇزلاپ قېتىپ يەرگە يۇلاڭلاپ چۈشۈپ تۇرىدۇ. 1 - ئاي كىرگەندىن بېرى ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى نۆلدىن تۆۋەن قىرىق ئىككى - قىرىق ئۈچ گىرادۇسقا چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن جەڭچىلەرنىڭ پوستتا تۇرۇش ۋاقتىمۇ ئۆزگەردى. ئۈچ سائەتتىن تۇرۇش بىر سائەتكە قىسقاردى. شۇنىڭغىمۇ چىداش قىيىن ئىدى. سوغۇق جۇۋىدىنمۇ خۇددى يالاڭ چاپاندىن ئۆتكەندەك ئۆتەتتى. پىيمىنىڭ ئىچىدە تۇرغان پۇتلارمۇ قېتىپ كېتەتتى.

نادەم پوستقا ئالمىشىپ كەلگەندە تاڭ ئاتاي دەپ قالغانىدى. ئۇ كۆزىنى ئەتراپقا تەكشى تىكىپ، ئايلىنىپ - پىرقىراپ تۇراتتى. تاڭ ئېتىشقا باشلىدى، شىۋىرغانمۇ ئەدىگىلى تۇردى. شامال قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇنىڭ يۈزىگە شىددەت بىلەن ئۇرماقتا ئىدى، ئۇ ئانىسىنى ئويلاپ قالدى. 9 - ئايدا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالغان، ئانىسى خېتىدە ئىنىسى ئادىلجاننىڭ مەكتەپكە كىرگەنلىكىنى، ئۆزىگە ھۆكۈمەتنىڭ قاراۋاتقانلىقىنى يېزىپتۇ. خەتنىڭ ئاخىرىدا: جېنىم بالام، سېنى سېغىندىم، لېكىن دۈشمەن تۈگىمەيدىكەن، بېشىمىزدىكى قايغۇمۇ تۈگىمەيدىكەن، دۈشمەننى تۈگەتمىگۈچە قايتما، بالام، دەپتۇ. غەيرەتلىك ئانا، چۈشەنگەن ئانا ئوغلىغا تاغدەك يار - يۆلەك بولۇپ تۇرىدۇ ...

نادەمنىڭ كۆڭلى ئۆزىگە قارىغاندا ھەرقاچان ئانىسىدىن كۆپرەك رازى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى.

ئاچچىق شىۋىرغان نادەمنىڭ يۈزلىرىنى قىزارتىپ ئېچىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن چىقىۋاتقان ھور ئۇنى خۇددى قىش بوۋايغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ قەلبى ئوتتەك ياناتتى، كۆزلىرى روشەن ھالدا ئەتراپقا تىكىلەتتى: «ئانا ! — دەيتتى ئۇ قىزىق ھېسسىياتلار ئىچىدە، — سىنىڭ ۋە ساڭا ئوخشاش مىليونلىغان جاپاكەش خەلقىمنىڭ بېشىدىن تېخى قارا كۈن پۈتۈنلەي كەتكىنى يوق، مەن ۋە مېنىڭ سەپداشلىرىم ئەركىن، قايغۇسىز، بەختىيار تۇرمۇش ياراتمىغۇچە، بۇ سەپتىن — قانلىق ئۇرۇش سېپىدىن يانمايمىز. شۇنداق ئۇلۇغ نىيەتلەر ئالدىدا بۇ ۋەھشىي باندىت، سوغۇق دەھشىتى نېمە ! ... قاراڭغۇنىڭ زۇلمىتى بولمىسا، يورۇقلۇقنىڭ قەدرى بولامدۇ، قىشنىڭ دەھشىتى بولمىسا، باھارنىڭ ئىللىقلىقى بولامدۇ، قىشنىڭ دەھشىتىنى يېڭەلمىگەن ئادەم باھارنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرەلەمدۇ؟ ... بۇ دەھشەتلىك كۈنلەرنىمۇ يېڭىمىز، سوغۇقلارمۇ تۈگەيدۇ، بۇ قېلىن قارلارمۇ ئېرىيدۇ، ئەمما بىز تۈگىمەيمىز...»

ئۇ ھازىر ئۆز قىسىملىرى جايلاشقان زېمىلانكىدىن بىر يېرىم كىلومېتىر يىراقلىقتا، چەت جايدا مەيدىسىگىچە كېلىدىغان خەندەكتە تۇراتتى. ئەتراپى شىۋىرغان تازا ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئوچۇقچىلىق ئىدى، يەنە قەيەلەردە قانداق مەخپىي پوستلار بار، ئۇ بۇنى بىلمەيتتى. قىزىق ھاياجان ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئىنتايىن ئاچ ئىكەنلىكىنىمۇ، سوغۇق دەستىدىن يۈزلىرىنىڭ ئېچىشىۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرغانىدى.

شۇ كۈنلەردە جەڭچىلەرنىڭ بىر سوتكىلىقىغا يۈز تالدىن سۇلۇ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان يولۇپ قالغان ئاتلارنىڭ گۆشىدىن ئىككى يۈز گىرام بېرىلەتتى. پولك ئىشتابى يۈز تال سۇلۇنى ئەتىگەنلىكى تۇزىنى ئۆتكۈزۈپ قاينىتىپ ئىچىۋېلىشنى،

كەچقۇرۇنلۇقى ئۇستىخانلىق ھېلىقى گۆشنى يەپ يېتىشنى بۇيرۇپ تۇراتتى. سارسۇمبەدىن ئوزۇقلۇق كەلمىگىنىگە ئۈچ ئايدىن ئاشقانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاتلىق پولك ئاستا ـ ئاستا پىيادىلەر پولكىغا ئايلىنىۋاتاتتى.

پولكتا كېسەللەر كۆپىيىشكە باشلىدى، دەسلەپتە قارا چېچەك كېسەللىكى پەيدا بولدى. بۇ كېسەللىك پولكقا دەھشەتلىك قورقۇنچ ئېلىپ كەلدى. ئوزۇقلۇق بىلەن تەڭ دورىلارمۇ تۈگەپ كەتكەنىدى. دوختۇرلار مۇشۇ كېسەللىك بىلەن ئاغرىقلارنى دەرھال ئايرىدى ۋە پولك ئىشتابىغا بۇلارنى يەتتە ـ سەككىز كىلومېتىر يىراقلىققا ئاپىرىۋېتىشنى، بولمىسا پۈتۈن پولكنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پولك دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئورمانغا تاشتىن قوپۇرۇپ ئۆي ياساپ، كېسەللەرنى ئايرىۋەتتى. نېمىدېگەن ئېغىر، دەھشەتلىك ئىشلار بۇ ـ ھە ! ئۇلار كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تاش ئۆيلەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ قالدى. سەپداشلىرىنىڭ ــ قەيسەر يىگىتلەر گويا تىرىك كۆمۈلدى... ئۇلار ئۆزلىرىمۇ، بۇ يەردە قالغانلارمۇ ئۇلارنىڭ ئەته ياكى ئۆگۈن ئۆلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئىككىنچى قورقۇنچلۇق كېسەللىك ــ سىنىك يېتىشمەسلىك كېسەللىكى پەيدا بولدى. كوماندىر ـ جەڭچىلەردىن نۇرغۇنلىرىنىڭ چىشلىرى بوشاپ، بەزىلىرىنىڭ چۈشۈپ كەتتى. پولك بويىچە بىر كىلوگىراممۇ كۆكتات يوق ئىدى. قىلىن قارنىڭ ئالدىدا يىغنىۋالغان تاغ پىيازلىرىمۇ ئاللىقاچان تۈگەپ كەتكەنىدى. بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار ھېلىقى ئىككى يۈز گىرام ئۇستىخانلىق ئات گۆشىنى چايناليماي تەس كۈندە قالغان...

بۇ ئېغىر كۈنلەر 11 ـ ئايدىن باشلانغانىدى. تىزامىدىن سارسۇمبەدىن كېلىدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.

11 ـ ئايدا ئۈچ سوتكا توختىماي قار يېغىپ بىر مېتىر



www.uyghurkitap.com

قېلىنلىقىقا يەتتى. شۇ چاغدا نىزامىدىنىنىڭ ئۇمىدى ئۇزۇلۇپ، ئارقا سەپ تەمىنات باشلىقىنى چاقىرىپ:

— ئەمدى سارسۇمبىدىن ئۇمىد كۈتمەي تۇرايلى، 10 ـ ئايدا ئەۋەتىلىدىغان ئوزۇقلۇق، مېنىڭچە ئەۋەتىلگەن، ئەمما يولدا باندىتلار قولغا چۈشۈرۈۋالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن ئەلۋەتتە شىمالىي فرونت گېنېرال ئىشتابىنىڭمۇ خەۋىرى بولماسلىقى مۇمكىن، خوش، هازىر قانچىلىك ئوزۇقلۇق بار؟ — دېدى.

— 10 ـ ئايلىق تەمىنات قىسىپ بېرىلگەچكە، بىز هازىرغا يەتتۇق، يولداش پولكوۋنىك، — دېدى تەمىنات بۆلۈم باشلىقى، — يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن ھېچنېمە قالمايدۇ.

— يەقەتلىمۇ؟

— ئاتلارغا ئاز ـ ئازدىن بېرىۋاتقان سۇلۇ، تۇز ھەم ئوت ـ چۆپ بار.

نىزامىدىن ئويلىنىپ قالدى. باندىتلارنىڭ قىسىملىرىنى، ئوزۇقلۇقلارنى يولدا توسۇپ تۇيۇقسىز زەربە بېرىدىغانلىقى، بولاپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇ ئاچچىق ساۋاققا ئىگە ئىدى. پولكوۋنىكنىڭ كۆزلىرى شۇنچىلىك يېنىپ كەتتىكى، تەمىنات بۆلۈم باشلىقى ئۇنىڭغا قاراشتىن ئەيمىنەتتى.

— ھەربىر ئىسكادروندا ئوتتۇزدىن ئات قالسۇن، قالغانلىرىنى سويۇڭلار، كوماندىر ـ جەڭچىلەرگە ئىككى يۈز گىرامدىن گۆش، بىر سىقىمدىن سۇلۇ بېرىڭلار، ئەگەر مۇشۇ ئۆلچەمگە قانائەت قىلماي، جېدەل قىلغۇچىلار، ئوزۇقلۇق ئوغرىلىغۇچىلار سېزىلسە، ئېتىپ تاشلاڭلار، — دېدى پولكوۋنىك قەتئىيلىك بىلەن.

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ئاي ئۆتۈپ 12 ـ ئايدا بىراقلا بىر مېتىردىن ئوشۇقراق قار چۈشتى. مانا ئەمدى سارسۇمبىدىن كېلىدىغان ئوزۇقلۇقتىن پۈتۈنلەي ئۇمىد ئۈزۈلدى. سارسۇمبە بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى ئۈچ يۈز كىلومېتىردەك كېلەتتى.

www.uyghurkitap.com

قارنىڭ قېلىنلىقىدىن تۆگىلەر بىلەنمۇ ئۆزۈقلۇق ئەكىلىش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، جىلغىلار قار بىلەن تىنىغان، تۆگىلەرمۇ قارغا پېتىپ ئۆلىدۇ.

1 ــ ئايدا نىزامىدىن تەمىنات بۆلۈم باشلىقى بىلەن يەنە مەسلىھەت قىلدى:

ــ ھەربىر ئىسكادروندا ئوندىن ئات قالسا، يەنە قانچىلىك ۋاقىت جان ساقلىغىلى بولىدۇ؟

ــ 2 ــ ئاينىڭ ئاخىرىغىچىلىك، يولداش پولكوۋنىك!

ــ ئۇنداق بولسا ياخشى، ــ دېدى نىزامىدىن سەل كۆڭلۈمسىرىگەندەك، ــ 3 ــ ئايغا ئۇلىشىپلىۋالساق، بىزمۇ بىر ئىلاجىنى قىلارمىز، گېنېرال ئىشتابىمۇ بىرەر چارە تاپار، ئۇلار بىزنىڭ قانداق قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىمىزنى، ئاچلىق ئازابىدا جان تالىشىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىۋاتىدۇ...

بىراق، 1 ــ ئايدىكى سوغۇق پولكقا دەھشەت سېلىپ تۇراتتى. سوغۇقنىڭ ئەدىشى بىلەن پۈتۈن كوماندىر ــ جەڭچىلەرمۇ، ئاتلارمۇ توڭلاپ ئۆلۈش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. پولك بىر ھەپتە ھەپىلىشىپ، بۇ يەردىن سەككىز ــ ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئورمانغا يول ئاچتى.

نىزامىدىن دىۋىزىيون كوماندىرلىرىغا جىددىي ھالدا مۇنداق بۇيرۇق چىقاردى.

ــ جەڭچىلەر تۈنىبويى ئون بەش مىنۇت يۈگۈرۈپ، ئوتتۇز مىنۇت ئۇخلاپ چىقسۇن، ئاتلار نۆۋەت بىلەن يېتىلەپ يۈرۈلسۇن، زەرۋەدەشلەر توختىماي قاراۋۇل پونكىتلىرىنى ئارىلاپ يۈرسۇن!

جەڭچىلەر شۇنچىلىك سەگەكلىشىپ كەتكەنىدىكى، بىرلا نوقۇساڭ ئورنىدىن دەرھال قوپۇپ تالاغا يۈگۈرۈيتتى. يۈگۈرۈش مەيدانى تۈنىبويى بوشىمايتتى. ھېلى بۇ دىۋىزىيون جەڭچىلىرى يۈگۈرسە، ھېلى ئۇ دىۋىزىيون جەڭچىلىرى يۈگۈرۈيتتى. دىۋىزىيون كوماندىرلىرىمۇ بىر دائىرىنى ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ،

جەڭچىلىرىگە ۋارقىراپ تۇراتتى:

— تېز يۈگۈرۈڭلار، ھەي كەينىدە قالغان، سۆرەلمىلىك قىلما... تېز قوپ، سەپكە يېتىش! ...

ئاق قۇلاقچا، ئاق پىيما، ئاق جۇۋىلىق جەڭچىلەر يۈگۈرۈشكە ئانچە قولىشىپ كەتمەيتتى. ماغدۇرسىزلىنىپ، پۈتلىشىپ يىقىلغانلار كوماندىرنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ دەرھال قوپۇپ، يۈگۈرۈپ كېتەتتى. ئون بەش مىنۇتلۇق يۈگۈرۈشنى تۈگىتىپ زېمىلانكىغا كىرىپلا بۇيرۇق بېرىلگەندەك تېزلا ئۇخلاپ كېتەتتى.

پولك دوختۇرلىرىنىڭ ۋەزىپىسى پوستقا چىقىدىغانلارنىڭ يۈزىگە ئىت مېيىنى سۈركەش ۋە پوستتىن چۈشكەنلەرنىڭ پۇتىغا قار تېڭىش بولۇپ قالغانىدى.

نادەم پوستتىن چۈشۈپ زېمىلانكا ئىچىگە كىردى - دە، پىيمىسىنى يېشىپ پۇتىغا قار تاڭدى. زېمىلانكا ئىچى تالادىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. جەڭچىلەرنىڭ ئۆزلىرى ياسىۋالغان ئوچاقلاردا ھۆل ئوتۇن شىرشىم بولۇۋېلىپ تۈزۈك يانمايتتى، شۇنداقتىمۇ جەڭچىلەر ئوچاقنىڭ ئالدىنى بەرمەي، ئىستىن ئېچىشقان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. بىرنەچچە جەڭچى نېپىز يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۈستىگە جۇۋىسىنى يېپىپ يېتىشاتتى.

ۋارىسجان ئۆيىنى ئويلاپ ياتاتتى. دادىسى مۇنداق ئايازلاردا سۇرلەنگەن ئات گۆشى بىلەن قىلىنغان نارىننى ۋە قىرغاۋۇل گۆشى بېسىلغان پولۇنى ئەڭ كۆپ ئەتكۈزۈپ يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ دادىسى بىلەن ئىسسىق كاڭدا — ئىككى قاتلانغان يۇمشاق يېكەندازنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، شۇ ئېسىل تاماقلارنى ئىشتىھا بىلەن يەيتتى. قورسىقى تويغاندىن كېيىن، قىرغاۋۇلنىڭ پاچىقى، تۆشلىرىنى غاجىلايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالما، نەشپۈت ئاقلاپ يەيتتى ياكى راھەتلىنىپ قەنت چاي ئىچەتتى، يانپاشلاپ ياتاتتى، ئاستا - ئاستا ئۈگدەپ تاتلىق

ئۇيقۇغىمۇ كېتەتتى... مانا بۇ مەنزىرىلەر ۋارىسجاننىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىپ كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى كايىشقا باشلىدى: ئىنقىلابقا قاتناشقىنىڭغا توي ۋارىس، مۇشۇنداق بەدەن — بەدىنىڭگە نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان سوغۇقلاردا ئىسسىق ئۆيدە كېرىلىپ، مەززە قىلىپ ئولتۇرار ئىدىڭ، ئىچىڭ پۇشسا، يار — بۇرادەرلىرىڭنى چاقىرىپ بەزمە قىلار ئىدىڭ، ئىسىت، ئىسىت!... — ئاندىن ئۇ دادىسىنى قارغاشقا باشلىدى، — ئۆلمەيدىغان قاقباش، پارتىزانلارغا قوشۇلۇشقا ئاپام ئۇنىمىغان چاغدا: هەي كالتە پەم خوتۇن، توپىلاڭنىڭ ئىچىدە يۈرگىنى ياخشى، كېيىنرەك ئۆزۈم ئوق ئاۋازلىرىدىن يىراقراق يەرگە ئەپلەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن. هېچ ئويلىمىغان يەردىن بېشىغا ئالتۇن تاج كىيىلىپ قالىدۇ، دېگەنىدى، مانا تازا كىيىلدى، ئالتۇن تاج تۇرماق، تۆمۈر تاجمۇ كىيىلگىنى يوق. تېخى بويتۇمغا ئاچارچىلىقنىڭ سىرتمىقى چۈشۈپ، ئۆلەي دېدىم، ئىسىت، ئۆلۈكۈم مۇشۇ دەشت — باياۋانلاردا قالىدىغان ئوخشايدۇ... تېخى بۇلارنى باندىت — بۇلاڭچى دەيدۇ، بۇلاڭچىغا شۇنچە نۇرغۇن خەق نېمىشقا ئەگىشىدۇ؟ شۇنچە زور ئېقىننى كەتمەندە توپا تاشلاپ توسۇۋالغىلى بولامدۇ؟... بىزنىڭ قىسىملاردىنمۇ بىر — ئىككىلەپ ئەمەس، ۋىژۋىتلاپ نېمىشقا ئۇلارغا ئۆتۈپ كېتىدۇ؟... كەلگۈسىدە نېمە ئىشلار بولار؟ نادەمدەكلەرنىڭ ئاغزىدىكى گەپلىرى راستقا ئايلىنىپ قالسا، دادامنىڭ دۇنياسىنى كۆمىقاپ يۇتۇپ كەتەمدۇ؟ ئۇنىڭغا قارىغاندا، مۇشۇ قويرۇقلۇق قولاقچىلىقلار بىزنى هىمايە قىلىدىغاندەك، ئەزىزلەيدىغاندەك تۇرىدۇغۇ... هەي ئىنقىلاب، هەي ئىنقىلاب، يەرنىڭ ئاستىدا تىنچ كۆشەپ ياتقان يىلاننىڭ ئۇۋۇسىنى بۇزغان ئىنقىلاب، سەن بالا — قازا بولمىغان بولساڭ، بۇ چاغقىچە مۇنۇ رەيھان دېگەن نايناق ئۆيۈمنىڭ گۈلى، مۇنۇ نادەم دېگەن مۇز پېشانە خىزمەتچىمنىڭ قولى بولماسمىدى... شۇ چاغقىچە دادامنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ رازى قىلالمىدىم، شۇڭلاشقا ئىككىسىنىڭ

كۆلكىسى خۇددى بېشىمغا چېقىلغان چۈشكەندەك ئاڭلىنىدۇ. توڭلاپ ئۆلىدىغان ئوخشايمەن تېخى، ئۆلۈكۈم مۇشۇ چۆللەردە قالارمۇ؟ ...

ۋارىسجان شۇ خىياللار بىلەن مۇزلاۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇدى ـ دە، كۆزىنىڭ قىرىدا پۇتىغا قار تېگىپ ئولتۇرغان نادەمگە قاراپ قويدى ۋە ئۇنى ئېغىز چىشىغا ئېلىپ چاينىۋەتكۇسى — پۇتۇن ئېچىنىش، ئەلەم، پۇشايمانلىرىنى ئۇنىڭدىن ئالغۇسى كەلدى، بىراق قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ئېغىر خورسىندى...

شۇ چاغدا ئۇنىڭ پوستىنىدا تۇرۇش نۆۋىتى كەلگەنىدى. ئورنىدىن تۇردى ـ دە، دەلدەڭشىپ زېمىلانكىدىن چىقىپ كەتتى.

نادەم ئورنىغا كېلىپ ياتتى. تالادا شىۋىرغان ھە دەپ ئەدىمەكتە ئىدى. ئۇ بىردەم گۈركىرەپ، بىردەم شىۋىرلاپ، بىردەم چىرقىرايتتى، «شۇنداق شىۋىرغانلاردا ئۇرۇش قىلىش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ـ ھە، — دەپ ئويلاپ قالدى نادەم، شۇنداق شىۋىرغانلاردا قىلىنغان ئۇرۇشلارنى ئەسكە ئېلىپ، — بىردەمدىلا ئالدىڭدا قار دۆۋىلىرى پەيدا بولىدۇ، سەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، زايىسىز ئوق ئاتىسەن ـ دە، ئىلگىرىلەيسەن، يەنە ئاتىسەن، يەنە ئىلگىرىلەيسەن، مۇنداق پايدىلىق شارائىتنى ياسىغىلى بولمايدۇ، پەقەت تەبىئەتنىڭ سېھىرلىك قولىلا ياسىيالايدۇ...»

ئۇرۇشلار ئىچىدىكى، ۋىڭىلدىغان ئوقلار ئىچىدىكى جەڭچىنىڭ ھاياتى ھەپتىلەپ، ئايلاپ تىنچ شارائىتتا يۆتكەلسە، ئۇ خۇددى بازىرى كەلمىگەن ئوقەتچىدەك مەيۈسلىنىپ قالىدۇ. مىلتىق تۇتقان، قار سىقىمدىغان قوللىرى، سۇغا چۈشكەن، ئوتقا كىرگەن پۇتلىرى قىچىشىپ بىئارام بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا جەڭچىنىڭ كۆڭۈللۈك ئىشى — ئۆتكەن ئۇرۇشلارنى ئەسلەش، كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بولاتتى. شۇ تاپتا نادەمنىڭ كۆز ئالدىغا قارا ئېدىردا بولغان ئۇرۇش كەلدى:

قارا ئېدىرغا ئۆرلەپ چىققان پولك تۇيۇقسىزلا ئېتىلغان

www.uyghurkitap.com

ئوقلار ئىچىدە قالدى. ئوق ئالدىدىن، ئىككى ياندىن چىقىۋاتاتتى. جەڭچىلەر بىر تىنىق ئارىلىقىدا ئاتلىرىدىن سەكرەپ ـ سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى ـ دە، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى بىر تەرىپىنى تارتتى، ئاتلارمۇ ئۆز ئىگىلىرىدەك شۇنداق تېز ياتتى. ئېتىشىش باشلىنىپ كەتتى. ئىڭرىغان، ۋاي ـ ۋايلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى...

تۈزلەڭلىككە توپلىشىپ ئۇرۇش قىلىش خەتەرلىك ئىدى. جەڭچىلەر بىر ياقتىن ئېتىشىپ، بىر ياقتىن چېكىنىپ، كەينىدىكى يەنە بىر ئېگىزلىككە چىقىۋالدى. شۇ چاغدىلا زايە قىلماي ئوق ئېتىشقا ئېرىشتى. لېكىن، باندىتلارمۇ نۇرغۇن ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ، نېرىدىكى چوققىغا چىقىۋالدى.

پولك كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقى ئالدىنقى سەپلەرگىچە كېلىپ تۇراتتى:

— ئايلىنىڭلار، چوققىنىڭ كەينىنى ئىگىلەڭلار، باندىتلار بىلەن خەلقنى ئايرىۋېلىڭلار!

قىسىملار يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋاتاتتى.

— تېز ھەرىكەتلەنمىسەك، خەلقنى ھەيدەپ قاچىدۇ، — دېدى باتىرغازى نادەمگە، — تېز ئاتلىنايلى، سىيرىل، بېشىڭنى كۆتۈرمە، ئىلىنغاننى قويمايدۇ بۇ خۇمسىلار...

قىسىملار سىيرىلىۋاتاتتى.

باندىتلارنىڭ ئوقلىرى ئاتلارغا تېگىشكە باشلىدى، ياتقان ئاتقا ئوق تەگسە، ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتەتتى ـ دە، يىقىلاتتى، ئاسماندا بەلگە ئوقى چاراسلاپ يانغاندا، جەڭچىلەر چاقماق تېزلىكىدە ئاتلىرىغا مىندى ـ دە، ئاتاكىغا ئۆتتى. تاشلىق يەرلەردە مىڭلىغان ئاتلارنىڭ شاراقلىغان ـ دۈپۈرلىگەن ئاۋازلىرى ئاجايىپ سۈرلۈك ئاڭلىناتتى، يەر ـ ئاسمان گۈلدۈرلەپ كەتتى، باندىتلار قاچسا ھېچكىمنى يەتكۈزمەيتتى. ھۇجۇم ناھايىتى تېز بولغانلىقى ئۈچۈن، تاڭ بىلەن تەڭ ئېلىنى تاشلاپ قاچقان باندىتلار قارا ئېرتىشنىڭ سارسۇمبە تەرىپىدىكى

زور كۆندىلەڭ تاغقا چىقىپ كەتتى. ھەر قېتىمدىكىدەك تاشلاپ كەتكەن ئۆلۈكلىرىدىن قولىغا چۈشكەن قورالى ئاز ئىدى. ئۆلۈكلەر ئىچىدە ئوسمانىنىڭ مەشھۇر ئادىمى — «شەيتان كۆز» ياتاتتى. ئوق ئۇنىڭ مەيدىسىگە تەگكەنىدى.

سىياسىي باشقارما تەشكىللىگەن بىر گورۇپپا ئادەم باندىتلاردىن ئايرىلىپ قالغان شۇ يەردىكى پۈتۈن خەلقنى يىغىپ، ئوسمانغا ئەگەشمەسلىك، بىھۇدە ئۆلۈپ كەتمەسلىك توغرىسىدا، تەڭلىك ـ باراۋەرلىك، ئىنسان ھوقۇقى ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ مەقسەت ـ نىشانى توغرىسىدا تەشۋىق ئېلىپ باردى.

كەچكە يېقىن قىسىم كۆندىلەڭ تاغقا ياماشتى. بۇ يەردىكى ھۇجۇم ئىككى سوتكىغا سوزۇلدى. كېچىسى باندىتلار ھۇجۇمى كۈچىيىپ كۇندۈزى سۇسلىشىپ قالاتتى.

يورۇقتا ئۆرلەش خەتەرلىك، قىسىم ئۆزىنى خورىتىۋالىدۇ، ئەمما ئۇرۇش سوزۇلۇپ كەتسە، باندىتلار ئېلىنى كۆچۈرۈپ بولىدۇ، ئەمىسە قانداق قىلىش كېرەك؟

ئىزامىدىن كوماندىرلىرىغا بۇيرۇق قىلدى:

— دىۋىزىيون، ئىسكادرون، ۋىزۋوتلار تاغ باغرىغا يېيىلىپ كەتسۇن، ھەربىر قىسىملار ئاتقۇچىلار ۋە ئۆرلىگۈچىلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنسۇن، ئاتقۇچىلار شىددەت بىلەن ئۈزۈلدۈرمەي ئاتسۇن، ئۆرلىگۈچىلەر ئۇنىڭ پاناھىدا چەبدەسلىك بىلەن توختىماي ئۆرلىسۇن! مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆرلىسەك، بىز ئانچە كۆپ چىقىم تارتمايلا تاغ ئۇستىگە چىقىپ بولىمىز.

قىسىم ئۆرلەپ چىققاندا، باندىتلار قارا ئېرتىش تېغىغا قاچتى، ئېلى ئايرىپ قېلىندى.

قارا ئېرتىش تېغىغا شىددەت بىلەن ئۆرلەپ چىققاندا باندىتلار يەنە قاچتى.

شۇ يەردە باتىرغازىنىڭ ئېتى بولدۇرۇپ قالدى.

تۇيۇقسىز ئاپتومات ئېتىلدى. ئۇچۇپ كەلگەن ئوقلار

جەڭچىلەرنىڭ بېشىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭغىچە بۇلارنىڭ ئالدىغا شۇ يەرلىك مالچىلارمۇ چىقتى.

باتىرغازى بولدۇرۇپ قالغان ئىتىنى يېتىلەپ ئاق ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەنىغۇ ساڭا تەييار توقۇقلۇق ئات تۇرۇپتۇغۇ، بۇنى تاشلا، شۇنى مىن، — دېدى ئادەم.

ئاق ئۆينىڭ ئالدىدىكى موما ياغاچقا بىرنەچچە ئات باغلاپ قويۇلغانىدى، شۇنىڭ ئىچىدىكى قومۇش قۇلاقلىق، چىرايلىق كىر ئاتقا باتىرغازىنىڭ كۆزى چۈشتى. ئۇ كىر ئاتنىڭ ئىگەر - توقۇمىنى ئېلىپ يەرگە قويدى - دە، ئۆزىنىڭ ئىتىنىڭ ئىگەر- توقۇمىنى ئۇنىڭغا توقۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ دۈمبىسىگە «تارس» قىلىپ قامچا تەگدى.

— ھەي ئويناشما، شۇنچىمۇ قاتتىق ئۇرامسەن، — دېدى باتىرغازى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى، ئۇنىڭ كەينىدىكى ئادەم ئەمەس، ئۇنى غەزەپ بىلەن بىر قامچا ئۇرغان، ئاق يۇڭ ياقىلىققا ئورالغان ئاتلىق قىز تاراسلاپ ئۇياققا كېتىۋاتاتتى. باتىرغازىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرى يېنىپ كەتتى - دە:

— ھۇ رەسۋا! مەن سېنىڭ جېنىڭنى ئالالمامدىم، — دەپ بېلىدىن تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئىتىنى يورۇتۇپ ئىتتىكلەپ كېتىۋاتقان قىزغا تەڭلىدى. نېرىدىن تېز يېتىپ كەلگەن ئادەم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى:

— بولدى، باتىرغازى، قوي، قىز بالىكەنغۇ، شۇ كۈنلەردە ساڭمۇ قىزنىڭ قامچىسى دورا بولۇپ قالغان، — دەپ چاقچاق قىلدى ئادەم كۈلۈمسىرەپ.

بىرنەچچىسى ئاق ئۆيگە كىردى. ئۆيدە يۈزلىرى قورۇق باسقان بىر موماي، ئۆينىڭ تۆرىدە ئاستىغا كۆرپە سېلىپ بىر كېلىنچەك ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قۇچىقىدا كۆرپىگە يۆگەلگەن بالىسى بار ئىدى. كېلىنچەك كىرگۈچىلەرنى كۆرۈپ ئورنىدىن

قوزغىلىپمۇ قويمىدى، قاپىقىنىمۇ ئاچمىدى.

— تۈنجى تۇغۇتى، تېخى ئۈچ كۈن بولدى، كۆزى يورۇغۇچە تاس قالدى ئۆلۈپ قالغىلى بىچارە، — دېدى موماي.

رەيھان كېلىنچەككە سەپسېلىپ قارىدى ـ دە، لەۋلىرى بىردىنلا تىترەپ كەتتى:

— نەرى تۇغۇتلۇق بۇنىڭ! چىرايى پوق يېگەن خورازدەك قىپقىزىل تۇرسا! ... تۇر ئورنۇڭدىن! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى ئۇ.

كېلىنچەك قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، خۇددى رەيھاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاندەك چىرايى ئۆزگىرىپمۇ قويمايتتى.

قوي كۆزلىرى يېنىپ كەتكەن رەيھان، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ ئورنىدىن قوزغىتىۋەتتى ـ دە، كۆرپىسىنى يۇلۇۋالدى، ئاستىدىن ئىككى ئاپتومات چىقتى.

— بۇ نېمە؟ ... هە!

باتىرغازى كۈلۈمسىرەپ ئېيتتى:

— ھەي كەمپىر، بۇ ئاپتومات تۇغمىدىغان كېلىنچەك دېسىڭىزچۇ، تېخى قوشكېزەك تۇغىدىكەن...

باشقىلار پاراققىدە كۈلۈۋەتتى.

— هازىر بىزگە ئېتىلغان ئاپتومات مۇشۇ ـ دە، مۇشۇ بۇدۆمەت ئاتقانىكەن ـ دە! — رەيھان غەزەپ بىلەن قورالىنى ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرغان كېلىنچەككە تەڭلىدى. ئۇنى راستىلا ئېتىۋەتمەكچىدى. نادەم بېشىنى سىلكىدى.

— قوي، بالام، ئۇۋال قىلما، سىلەرگە ئوق ئاتقان بۇ ئەمەس، — دېدى موماي ھېچنېمە بولمىغاندەك خاتىرجەم ئولتۇرۇپ.

— بۇ ئاتمىسا، نېمىشقا يوشۇرىدۇ؟ سەن نېمىشقا يالغان ئېيتىسەن جەددال! بىزنى ئاتسا ئۇۋال بولمامدىكەن؟ ...

— بۇ بالام ئاتقان ئەمەس، ئاق ياغلىقلىق قىز ئاتقان.

— قايسى ئاق ياغلىقلىق؟

— ھېلىقى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن، ئوسماننىڭ قىزى.

— نېمە ! ...

ئوسماننىڭ قىزى مەرگەنلىكى، ئاتقا ماھىر ـ چەبدەسلىكى بىلەن پۈتۈن ئالتاي تەۋەسىدە مەشھۇر بولۇپ، مىللىي قىسىملار ئىچىدە ئۇنىڭ گېپى كۆپ بولغان.

باتىرغازى بىلەن نادەم بىر ـ بىرىگە ئىتتىك قاراشتى ـ دە، ئۆيدىن چىقتى. ئۇنىڭ قارىسى ئاللىقاچان يىتكەن، بىر بەلدىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

— ئىسىت ... ئىسىت ! ... — دېدى باتىرغازى ۋە پۇشايمان ئوتىدا تولغىنىپ ياندى.

— بولدى، باتىرغازى، پۇشايماننى مەن قىلسام بولىدۇ، مېنىڭدىن ئۆتتى، ئوسماننىڭ بىر قانىتى سۇناتتىكەن، خەير... — دېدى نادەم ئەلەم بىلەن.

قىسىم قارا ئېرتىش بويىنى ئىگىلىگەن چاغدا، باندىتلار بىرمۇ كىشى، بىرمۇ چارۋا مال ئەكېتەلمەي نەچچە يۈزلىگەن ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ يۇقىرىقى ئالتايغا قاچقانىدى. يەنە قوغلاش كېرەكمۇ، يوق، دەپ تۇرغاندا، شىمالىي فىرونت قوماندانى دەلىلقاندىن بۇيرۇق كېلىپ قالدى:

— ئەمدى قوغلىماڭلار، ئاساسىي كۈچىگە زەربە بېرىلىپ بولدى، پولك دەم ئالسۇن.

قارا ئېرتىش بويىدا پولك دەم ئېلىپ بىر ئاي ياتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر بۇيرۇق كېلىپ، پولك سارسۇمبىگە يۈرۈش قىلدى ۋە سارسۇمبىگە يېقىن يەردە، قىران دەرياسىنىڭ بويىدا قازاق ئۆيلىرى تىكىپ، پولكنى تولۇقلاش، ھەربىي مەشىق ھەم دەم ئېلىش بىلەن تۇرۇپ قالدى.

نادەمنىڭ ئەسلىمىلىرى شۇ يەرگە كەلگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، سىرتقا چىقتى. بۇ چاغدا نىزامىدىن بىر دۆۋە

قارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، قەيەرلەرگىدۇر نەزەر تاشلاپ تۇراتتى. شىۋىرغان قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇنىڭ يۈزىگە شىددەت بىلەن ئۇراتتى. ئۇ كىرپىكمۇ قاقماي شىۋىرغانغا قارشى غەرب تەرەپكە يۈزلىنىپ، يىراقلارغا تىكىلەتتى. ئىزامىدىنىنىڭ لەۋلىرى پىچىرلاشقا باشلىدى: «ئەڭ قىيىن شارائىتلارنىمۇ مەنسىتمەسلىك، يېڭىلىش، ئوڭۇشسىزلىقلار ئىچىدىمۇ ئۆزىنى جەزمەن يېڭىش ئىشەنچىدە بولۇش — ھەقىقىي جەڭچىدە بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت. بىز دەسلەپ قانچىلىك كۈچ بىلەن قوزغالغان؟ ھازىر قانچىلىك زورىيىپ كەتتۇق؟ ...» ئۇ ئابدۇكېرىم ئابباسوف سۆزلەپ بەرگەن 1944 - يىلى باھار ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئاجايىپ تەسىرلىك، ئۈمىدۋارلىققا تولغان بىر ۋەقەنى ئەسلەپ قالدى:

ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى تاللىقتا مەخپىي ئۇچراشقانىدى.

— مىللىي زۇلۇم، سىنىپىي زۇلۇم ھەددىدىن ئاشتى. خەلق ھازىر ئات سېلىقى① غا كۈچلۈك نارازى، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، «ئازادلىق» شوئارى ئاستىدا كۆتۈرۈلۈپ چىقىشنىڭ ۋاقتى يەتتى، — دېگەنىدى ئەخمەتجان قاسىمى، — بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنقىلابىي كۈچ تەييارلاش، خەلقنى ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە جەلپ قىلىش، ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ تەسىرىنى تېز كېڭەيتىش لازىم. گومىنداڭنىڭ زۇلۇمىنى كۆپ تارتقان، ئۇنىڭغا گۇمانلىق بولغان ئادەملەرنى، بىرىنچى نۆۋەتتە گومىنداڭدىن كۆپ ئازار يەپ، قاچقۇن بولۇپ يۈرگەن، غېنىنى، ئەكبەر مەرگەننى قولغا كەلتۈرۈش، شۇلار ئارقىلىق باشقىلارنى قولغا كەلتۈرۈش

① ئات سېلىقى — 1943 - يىلى شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقىلىرى پەيدا بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا ئاتلىق دىۋىزىيەلەر (يەر شارائىتىغا قاراپ) كۆپلەپ كىرىشكە باشلىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلق ئۈستىگە ئون مىڭ تۇياق پاراقلىق ئات سېلىقى چۈشكەن. بۇنى خەلق «گەز ئات سېلىقى» دەپمۇ ئاتايتتى.

كېرەك. دەسلەپكى قەدەمدە مۇسابايوف تېرە زاۋۇتىغا، پىلىچى، گاڭگۇل خاڭلىرىغا، ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيەسىگە، سۇيىدۇڭ، كۇرە، سۇلۇق ئالماتىغا، قازانچى، سۇلتانئۇۋەيس، سۇيىتاي، ئۇلاستاي، جالىنقۇل قاتارلىق ئورۇنلارغا ئادەم ئەۋەتىش كېرەك. ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، خەلقنىڭ ھېچ نەرسىسىگە تەگمەسلىك، تەشكىل سىرىنى جاندىن ئارتۇق بىلىش، خائىن، ئىشپىيونلاردىن قەتئىي ھوشيار بولۇش كېرەك. ھازىر تەشكىلاتىنىڭ قولىدا قانچىلىك قورال بار؟

— مىلتىق، ئاپتومات، تاپانچا بولۇپ ئون بەشكە يېتىدۇ، — دېگەنىدى ئاباسوف، — يەنە يەتمىشتىن ئوشۇق گىرانات، ئالتە دانە فىنلاندىيە خەنجىرى، بەش يۈز دانە تەشۋىقات ۋەرەقىسى، ئون نەچچە ئات، ئىككى تاغار قۇرۇتۇلغان نان بار.

— بۇمۇ زور كۈچ، — دېدى ئەخمەتجان روھلۇق ھالدا، — كۈچىمىز تۆت - بەش يۈزگە يەتكەندە، تارقاق جايلاشقان ئاز ساندىكى گومىنداڭ چېرىكلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، شۇلارنىڭ قوراللىرى ھېسابىغا قوراللىنىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن نىلقا ناھىيەسى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئەپلىك جاي. ئۇ يەردە گومىنداڭ چېرىكلىرى تارقاق جايلاشقان، كۈچ يۆتكەپ كەلسە، تاغلىرى يوشۇرۇنۇپ زەربە بېرىشكە قولايلىق...

نىزامىدىن شۇ ۋەقەنى زوقلىنىپ ئەسلىگەندە، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ، يۈزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى جىلۋىلەنگەنىدى: «ماتا شۇنچىلىك كىچىككىنە ئۇچقۇن بىلەن باشلانغان ئىنقىلاب، ھازىر زورىيىپ قانچىلىك يالقۇنغا ئايلاندى – ھە! ... — دەپ ئويلىدى ئۇ ھاياجانلىنىپ، — ئىلىدىن تارتىپ، مۇزارت تاغ تىزمىلىرىغىچە، ماناس دەرياسى ۋادىلىرىغىچە، جۇڭغار داللىرى ۋە ئالتاينىڭ ھەيۋەتلىك تاغلىرىغىچە بىزنىڭ قانچىلىغان پولكلىرىمىز تارقىلىپ كەتكەن، بۇنىڭ ئاساسى ھېلىقى ئون نەچچە تال مىلتىق كۆتۈرۈپ چىققانلار ئەمەسمىدى؟ ..

هازىرچۇ؟ گويا بۇلاق ـ بۇلاقلاردىن قوشۇلۇپ، ئۇلغىيىپ، دولقۇنلۇق ـ قەھرلىك دەرياغا ئايلاندى ! ... بىزنىڭ بۇ قۇدرەتلىك كۈچىمىزگە ئەمدى كىم تەڭ كېلەلەيدۇ؟ ! مۇشۇنداق كۈچ ئالدىدا بۇ قۇيۇن ــ باندىتلار، قەھرىتان سوغۇقلار نېمە ئىدى ! ...»

نىزامىدىننىڭ نۇر چاقنىغان كۆزلىرى تېخىمۇ يىراقلارغا تىكىلگەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون يەتتىنچى باب

باندىتلارغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندا، ئېلىنغان مەلۇمات بويىچە ئۇلار تۆت مىڭغا يەتمەيتتى. ھازىرغىچە ئىككى مىڭدىن كۆپرەكى قىرىلىپ تۈگىدى. لېكىن، يەنە شۇ سان ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. بۈگۈن بىر ئورۇننى تازىلاپ ئۆتۈپ كەتسەڭ، ئەتىسىلا شۇ ئورۇندىن خۇددى قورايدەك ئۈنۈپ چىقاتتى. شۇڭا، شىمالىي فىرونت گېنېرال ئىشتابى باندىتلارغا تولۇق، ئەلتۆكۈس زەربە بېرىش توغرىسىدا ئالتاي پولكى بىلەن نىزامىدىن پولكىغا بۇيرۇق چۈشۈردى.

بۇيرۇق بويىچە ئالتاي پولكى ئالتاينى ئۆرلەپ، نىزامىدىن پولكى ئۆندىرقاراغا — بۇرۇلتوقاي دەرياسىنى ئۆرلەپ يۈرۈش قىلدى.

3 - ئاينىڭ ئاخىرقى مەزگىلى كۈن ئىسسىپ قالسا، قارلار ئېرىپ - كىرىستاللىشىپ؛ سوۋۇپ قالسا، قېتىشىپ، ھاۋا كىلىماتى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان چاغ. نىزامىدىن پولكى ئىزغىرىن شامالغا قارشى بىرنەچچە كۈن يول يۈردى. بۇ چاغدا ئالتاي پولكىنىڭ سارباستاۋغا يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى كەلدى. ئۆزئارا خەۋەرلىشىپ، ماسلىشىپ ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، سارباستاۋغا سىۋەز ئەۋەتىلدى — جامالىدىن باشچىلىقىدا ئۈچ نەپەر سىۋەز مىلتىق، يان قورال، ئالتە دانىدىن گىرانات ئېلىپ يولغا چىقتى.

پولك باندىتلارنىڭ سارتېرەكتە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى - دە، توختىماي يۈرۈپ سارتېرەككە چۈشىدىغان پۆتەۋ (تۆيۈق) دېگەن يەرگە كەلدى. شۇنىڭغىچە سىۋەزلەردىن ھېچقانداق

خەۋەر بولمىدى.
ئاخىر بىرىنچى دىۋىزىيون ئات سالدۇرۇپ ھۇجۇم بىلەن سار تېرەككە كىرىپ باردى. ئەمما، قىسىمغا قارشى بىر پايمۇ ئوق ئېتىلمىدى، بۇ ھال ھەممىنى ھەيران قالدۇردى.
ۋالڭ ـ چۇڭ، قىيقاس سادالىرىنى ئاڭلاپ ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، تاپانچىسىنى بەتلەپ چىققان گومىنداڭ پولكوۋنىكى قارا ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا نادەم باشلىق ئون نەچچە نەپەر ئاتلىق جەڭچى سۇرلۇك قىياپەتتە ئاپتوماتلىرىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇراتتى.
— تاشلا قورالنى ! — قاتتىق ۋارقىرىدى نادەم، پولكوۋنىك غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. نادەم ئۇنىڭ بېشىدىن ئالقىتىپ بىرنەچچە پاي ئوق ئۇزگەندىن كېيىنلا، ئۇ تاپانچىسىنى تاشلاپ ئىككى قولىنى كۆتۈردى.
— ئۆينى ئاختۇرۇڭلار !
بىرقانچە جەڭچى ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، پولكوۋنىك ھېلى چىققان قارا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
بۇ گومىنداڭ پولكوۋنىكى شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، بىر باتالىيون قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئوسمانغا ياردەمگە كەلگەنىدى. بىر ھەپتە بۇرۇن ئۇلار مۇشۇ سار تېرەككە كەلگەن، ئۈچ سائەت ئىلگىرى بۇ يەردىكى ئاربلاشما قوشۇنلار يۆتكىلىپ كېتىپ، پولكوۋنىك بۇ يەرنى ئەڭ پىنھان جاي ھېسابلاپ، ئىسسىق قازاق ئۆيىدە قالغانىدى.
ئابايىقى جەڭچىلەر ئۆيدىن ئۈچ دانە مىلتىق ئېلىپ چىقتى.
— بىزنىڭ مىلتىقلار !
— ماۋۇ جامالىدىنىنىڭغۇ ! ...
— نېمە ! ...
مىللىي قىسىم جەڭچىلىرىدە مىلتىقلىرىنىڭ پاينىكىگە ئۆز ئىسمىنى يېزىپ قويۇش ئادىتى بار ئىدى.
ئۈچ نەپەر سىۋەزنىڭ تېخىچە ئىز ـ دېرىكى بولمىغانلىقىنىڭ

سىرى ئېچىلدى.

ئادەمنىڭ كۆزلىرى يېنىپ كەتتى.

— ھەي، رودوپاي! ماۋۇ مىلتىقلارنىڭ ئىگىلىرى قېنى؟

— بىز ئۆلتۈرۈۋەتتۇق، — دېدى پولكوۋنىك ھېچقانداق تەپ تارتماي.

— ئەپلاس! ... — تىتىلداپ كەتتى ئادەم، — ئۆلۈكى قەيەردە؟

پولكوۋنىك ئېرەنسىزلىك بىلەن قولىنى پۇلاڭلىتىپ كەينىدىكى قومۇلۇق دۆڭنى كۆرسەتتى.

كىشى غەزەپلەنسىمۇ كۆزىگە ياش كېلىدۇ. ئادەم ئۆزىنى ئاران - ئاران بېسىپ تۇراتتى. ئۇ چاغدا جامالىدىننى ئويلىماي قانداقمۇ تۇرالىسۇن، ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن، بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىشىپ، بىر - بىرىگە كىشىنىشىپ ئۆتۈشكەن ئەمەسمىدى... خورلۇقنى تەڭ كۆرۈشكەن، مەرھۇم ئەنۋەر ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز قەلبلىرىگە تەڭ سىڭدۈرۈشۈپ، زۇلۇمغا قارشى تەڭ باش كۆتۈرۈشكەن، قوللىرىغا تەڭ قورال ئالغان، قايناق جەڭلەرنى بىللە قىلىشىپ، ئىنقىلاب ئوغلانىغا مۇناسىپ ئىشلارنى قىلىشقان، سېنىڭ تاپىنىڭغا كىرگەن تىكەن، مېنىڭ كۆزۈمگە كىرسۇن دېيىشىپ بىر - بىرىنى ئاسراشقان سادىق، سەمىمىي دوستلار ئەمەسمىدى... ئۇنى ئويلىماي، يانىماي مۇمكىنمۇ؟! ...

تېخى دەھشەتلىك مەنزىرىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئىدى.

ئۇچ جەڭچىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېلىشتى. بىر قارىغان ئادەم ئىككىنچى يېنىپ قارىيالمايتتى. جەڭچىلەرنى قىيناپ، نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈشكەنىدى. جامالىدىننىڭ كۆكسىگىلا ئەمەس، يۈزلىرىگىمۇ نەيزە سانجىلىپ، غەزەپتىن يانغان كۆزى ئوچۇق پېتى قېتىپ قالغانىدى. جەڭچىلەر ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىشتى...

— ھەي ۋەھشىيلەر! ... سەنلەرنىڭ نەرىڭ ئادەم، ئېيتقىنا! ... —

دېدى ئادەم پولكوۋنىكقا ياشلىق كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ، — مۇنچىلىك قىيىنغۇچە ئېتىۋەتسەڭ بولمامدۇ؟ ! ...
— قولغا چۈشكەن دۈشمەننى قانداق ئۆلتۈرۈش ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارىدا، — دېدى ئۇ ئادەمگە گۆلىيىپ قاراپ.
— شۇنداقمۇ؟ ... سېنىمۇ قانداق ئۆلتۈرۈش بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا، — ئادەمنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى ۋە پۈتۈن بەدەنلىرى جاقىلداپ تىترەپ كەتتى، ھەممىنى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭ پۈتۈن غەزىپى ئۇلڭ قولىغا جەملەنگەنىدى: قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋالدى - دە، قەھرى بىلەن ئۇنىڭغا ئۇردى !
پولكوۋنىكنىڭ بېشى بويىنىدىن ساڭگىلاپ قالدى. جەڭچىلەر ئۇھ دېيىشىپ، گويا خۇماردىن چىققاندەك، ئىنتىقامنى ئۆز قولىدا ئالغاندەك بولدى. بىراق، بۇ ئىش بىردەمدىلا تارقىلىپ كۈچلۈك مۇنازىرە قوزغاپ، پولك ئىشتابىنى داۋالغۇتۇۋەتتى...
— ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش ئىنتىزامغا خىلاپ !
— ئۇنداق جەڭچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەك !
— بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرنى ئۆلتۈرۈش — تېخىمۇ جىنايەت ! ...
— جامالىدىندەك قەھرىمان جەڭچىنى قىيناپ ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ ئىنتىقامى ئېلىنمامدىكەن؟ ...
— بىر جاللاتنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ئادەمنى تېگىشىۋېتەمدىكەن؟
— ئادەمنىڭ قوش «باتۇرلۇق» مېدالى ئاشۇ جاللاتنىڭ خۇنىغا تەڭ كېلەلەمدىكەن؟ ...
مانا بۇ غۇلغۇلىلار پولك كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچ كېلىپ قالغاندەك قىيىن ھەم جىددىي مەسىلىگە ئايلاندى. بەزىلەر ئەگەر ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنسا، قىسىمدىن كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بەزى كوماندىرلار مىللىي ئارمىيە باش قوماندانىغا ئەرز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. يەنە

www.uyghurkitap.com

بەزىلەر نادەمنى جازالىمىسا ھەربىي ئۇستاپ ــ تۈزۈمنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشتى... نادەمنىڭ ئەقىل بىلەن ئەمەس، ئاچچىق ــ غەزەپ بىلەن قىلغان ئاشۇ ئىشىغا، قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەر، ۋارىسجاننىڭ قانداق كەيپىياتتا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگۈڭلار كېلىدىغاندۇ؟

ئۇ ھازىر ۋىزۋوتنىڭ سىياسىي خىزمەتچىسى، تەشۋىقاتچىسى، ئۇنىڭ ۋىزۋوتتىكى جەڭچىلەر نامىدىن سۆزلەيمەن دەپ ئېيتقان سۆزلىرى گايتنى ئويلاندۇرۇپ قويدى:

— يولداش دىۋىزىيون كوماندىرى، — دېگەننىدى ۋارىسجان، — بىز نادەمنى جازالىمساق، ھەربىي ئۇستاپنى قانداق قوغدايمىز، مېنىڭ ھەربىي ئىنتىزام ھەققىدىكى تەشۋىقاتىم، — پۈتۈن مىللىي ئارمىيەنىڭ تەشۋىقاتى، ئىنتىزامى ئەمەسمۇ، ئۇ چاغدا مېنىڭ سۆزۈمنى كىم ئاڭلايدۇ. ئىنتىزامغا كىم بويسۇنىدۇ؟ ...

— بۇ قىيىن ئىش بولدى، — دېدى گايتمۇ قىيىن ئىشقا دۇچ كېلىپ گاڭگىراپ، — نادەمنى جازالىماي بولمايدۇ. جازالىساڭ، ئاشۇ جالالاتقا تېگىشلىپ كەتسە، قانداق چىدايسەن، قىيىن... قىيىن ئىش بولدى.

— ھەي گايتكا، مەن جەڭچىلەرگە نېمە دەيمەن؟ ئۇلار ھەربىي ئىنتىزام ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەرمۇ، ئەمەسمۇ؟ مەخەت باسقۇنچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنى يوققۇ، دەۋاتىدۇ. نادەمنى جازالاش ــ ئۇستاپنى ھىمايە قىلىش ئەمەسمۇ؟... مەنمۇ ئۇنىڭغا قايغۇرىمەن، بىراق ئامال قانچە، تۈزۈم مېنىڭ ھېسسىياتىم ـ ئارزۇيۇمغا قارىمايدۇ ـ دە! ...

كوماندىرنىڭ بېشى خۇددى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك چۈشۈپ كەتتى. ۋارىسجانچۇ؟ كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، ئۇ ئىنتايىن خۇشال. ئۇنى ئېتىۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، قاماقتا يېتىپ چىرىيدۇ ياكى ھەربىيلىكتىن قوغلىنىپ كۆزدىن يىتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتىدۇ. ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى قانچە تىرىشىپمۇ قىلالمىغان ئىشىنى، نېيىتىم ئوڭغا تارتىپ، مانا

ئەمدى نادەم ئۆزى قىلىدىغان بولدى، دەپ خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇنىڭ ئىچكى خۇشاللىقلىرى يۈزىگە سەكرەپ چىقمايمۇ قالمىدى. جەڭچىلىك تۇرمۇشتا، ئۇرۇش ئىچىدىكى ھاياتتا، بىرەر جەڭچى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئۇنى جازالاش خۇشاللىق قوزغىماي، مەيۇسلۇك قوزغايدۇ، ئاغزىدا ھەربىي ئۇستاپ بويىچە ئىش كۆرۈلسۇن، دەيدۇ. ئەمما، كۆڭلىدە ئېچىنىدۇ. جەڭچىلەر ۋارىسجانىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى شادلىق - خۇشخۇيلۇقنى قاراپ، بىر قىسما ھېسسىياتقىمۇ كېلىپ قالدى.

پولك ئىشتابىدا بۇ توغرۇلۇق جىددىي يىغىن چاقىرىلدى. جەڭچىلەرمۇ ئۇخلىماي جىددىي تالاش - تارتىش قىلىشتى. يۇرۇش ئۇستىدىكى پولك مۇشۇ ئىش بىلەن تەۋرىنىپ كەتتى. دىۋىزىيون كوماندىرلىرى، كومىسسارلار قاتناشقان يىغىن بۇ مەسىلىنى ئۇزۇل - كېسىل بىر ياقلىق قىلالماي تاكى يېرىم كېچىگىچە سوزۇلدى.

ئاخىر گايىت مۇنداق دېدى:

— نادەمنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى، مەخەتنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىغا ئوخشاش، ئەمما نادەم قوش «باتۇرلۇق» جەڭگىۋار جەڭچى، شۇڭا نادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە بولمايدۇ، يېنىك جازا بېرىشكىمۇ بولمايدۇ. ئېغىر جازا بېرىش كېرەك؟ مېنىڭچە، ئوردېنلىرى، ئۇنۋانلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ يا قىسىمدىن قوغلىنىش كېرەك ياكى خوجىلىق بۆلۈمدە ئات باقارلىق ئىشىغا قويۇلۇشى كېرەك.

گايىتنىڭ پىكرى كوماندىرلارنىڭ پىكرىگە يېقىنلاشقان ھەم يىغىننىڭ ئاخىرلىشىپ، بىرەر چارىنىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن دېرەك بېرىدىغان پىكىر بولدى.

— نادەم بىلەن مەخەتنى پەرقلەندۇرۇش كېرەك، — دېدى نىزامىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، مەخەت باسقۇنچىلىق قىلغان قىز كىم؟ شۇنداق ئىش قاتتىق جازالانمىسا، ئارمىيەمىزنىڭ

خاراكتېرى نېمىگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؟ نادەم چاناپ تاشلىغان پولكوۋنىك كىم؟ لېكىن، مەيلى قانداق بولسۇن، ئەسىرنى ئۆلتۈرۈش ئېغىر خاتالىق ئەمەسمۇ؟ شۇڭا نادەمگە مۇنداق جازا بېرىمىز، يەنى ئەڭ ئېغىر ۋەزىپە تاپشۇرىمىز، ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىسا ئۆزىنى ئۆزى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ، ئورۇنلىسا، خاتالىقى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

يىغىن يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئاخىرلاشتى.

سارتېرەك — تېرەكلىك يەر. ئەتىسى ئەتىگەنلىكى پۈتۈن پولك يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تېرەكلىك ئارىسىدا ئاتلاندى. يۈرۈشتىن بۇرۇن ئادەتتە بويىچە چىرايى سۇرلۇك تۇس ئالغان نىزامىدىن نادەمنى ئالدىغا چاقىرتۋالدى. سەپ بويىچە رەت - رەت تىزىلغان جەڭچىلەر بىر دىنلا سۇر باسقان مەيدانغا، پولك كوماندىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا تاق تۇرغان نادەمگە جىددىيلىشىپ قاراشماقتا ۋە كوماندىرنىڭ نادەمگە قانداق جازا ھۆكۈم قىلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشمەكتە ئىدى. مەيدان تىۋشسىز، ھەممىنىڭ قۇلىقى دىڭ...

— ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن جەڭچىسەن، — دېدى نىزامىدىن قاپىقى سېلىنغان ھالدا، — ئەمما قوش «باتۇرلۇق» جەڭگىۋار ئوغۇلسەن! شۇنداقمۇ جەڭچىلەر؟

جەڭچىلەر گۈرۈلدەپ ۋارقىراشتى.

— شۇنداق! ... توغرا...

نادەمنىڭ چىرايىدا قىلچىمۇ ئۆزگىرىش يوق ئىدى. ئۇ خۇددى بۇيرۇق كۈتۈۋاتقان جەڭچىدەك تۇراتتى.

— ئەكەل، يان قورالىڭنى!

نادەم بېلىدىن تاپانچىسىنى ئېلىپ ئۇزارتتى. نىزامىدىن تاپانچىسىنىڭ زاتورىنى قايرىپ، يەتتە تال ئوقنى ئالدى - دە، ئىككىسىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى. بىر تال ئوقنى تۆش يانچۇقىغا سالدى، يەنە بىرسىنى تاپانچىسى بىلەن نادەمگە قايتۇرۇپ بەردى:

— گۇناھىڭنى ئاقلامسەن؟

— بۇنىڭسىزمۇ ھەرقانداق بۇيرۇققا تەييارمەن، يولداش پولكوۋنىك !

— بىز ھازىر ئوسماننىڭ تۇرغان يېرىگە يۈرۈش قىلىمىز، سەن بىزدىن بۇرۇن ماڭىسەن، گۇناھىڭ ئۈچۈن «تىل» تۇتۇپ كېلىسەن، ئەگەر تۇتالمىساڭ، مەن ھېلىقى بەرگەن بىر تال ئوق بىلەن ئۆزۈڭنى ئېتىپ تاشلا، ئاتماي كەلسەڭ، مەن ئېلىپ قالغان بىر تال ئوق بىلەن سېنى ئۆزۈم ئېتىپ تاشلايمەن !

— خوپ بولىدۇ، يولداش پولكوۋنىك ! بۇيرۇقىڭىزنى قەتئىي ئورۇنلايمەن !

— ئاتلان !

نادەم چاس بېرىپ كەينىگە قايرىلدى - دە، كۆك ئېتىغا ئىرغىپ مىندى ۋە تاراسلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ھەممە ياق ئاپپاق قار، پەقەت دۆڭلەر، قىرلار بىر ئاز ئېچىلغان، سارتېرەك ئىچى شامالسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، خېلى ئىسسىق ئىدى. كۈن ئۆرلەپ چىققاندىن كېيىن، ئاچچىق شامال ئۇرغىلى تۇردى. نادەم دەريانى بويلاپ، ئەتراپقا سىنچى كۆزلىرى بىلەن بېقىپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئالدىدىن بىر توشقان چىقىپ قېلىپ، ئات ئۈركۈپ يانغا تاشلانغاندا، نادەم ئۈستىدىن ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ ئۈستىبېشىدىكى قارلارنى قېقىپ، خارتىلداپ تۇرغان ئېتىغا مىندى - دە، يەنە يۈرۈپ كەتتى.

يىراقتىن قارا - كۆرە بىرنېمە كۆرۈندى، ئۇ يېقىنلاپ بېرىپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بىر تۈپ تېرەكنىڭ يېنىدا ئىككى ئادەمنىڭ ئوت قالاپ ئولتۇرغانلىقىنى ئىلغا قىلدى. ئۇ ئېتىنى ئاستىلىتىپ تېخىمۇ يېقىنلاپ باردى. شۇ چاغدا ئىككى شىراقلىق مىلتىقنىڭ تېرەككە يۆلەپ قويۇلغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ باندىت ئىكەنلىكىنى، ئېھتىمال، ئۇ يەردە قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى پەملىدى - دە، ئالدىدىكى دۆڭلۈكنىڭ كەينى بىلەن يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يان تەرىپىدىن چىقىشنى ئويلىدى.

www.uyghurkitap.com

نادەم ئۆيلىنىپ چىقىشىغا باندىتلار ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، ئاتلىرىغا مىندى ـ دە، بەدەر قاچتى.

ــ توختا! توختا! ...

نادەم مىلتىقىدىن ئىككى پاي ئوق ئۈزدى، ئۇلار كەينىگە قاراپمۇ قويماي چاپماقتا ئىدى.

نادەم ئېتىنى دېۋىتىپ ئىتتىكلەپ كەلگىنىچە مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان دەريا ئۈستىگە سالدى، ئات سالدى ـ يۇ، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە مۇز يېرىلىپ كەتتى. يوغان بىر پارچە قېلىن مۇز بىلەن لەيلەپ قالدى. ئۇ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، تېخى يېرىلمىغان مۇزنىڭ ئۈستىگە سەكرىۋىدى، مۇز يەنە يېرىلىپ كېتىپ ئۇنىڭدىن يوغان بىر پارچە مۇزنىڭ ئۈستىدە قالدى ھەم ئەتراپتىكى مۇزلار يېرىلىپ، ئۇ ئات بىلەن بىللە ئاقتى. دەل شۇ چاغدا پولەك يېتىپ كېلىپ، نادەمگە ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئۈچۈپ كېلىشكە باشلىدى:

ــ بولدى، گۇناھىڭدىن كەچتۇق! ...

ــ بۇ ياققا ئۆتۈپ كەت! ... ئەپۇ قىلدۇق...

بۇ ئاۋازلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ قىرغاققا تۇتىشىپ تۇرغان مۇز ئۈستىگە سەكرەپ ئۆتۈپ، ئېتىنى تارتتى، ئاتمۇ بىر سەكرەپلا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئېتىغا تېزلىك بىلەن مىندى ـ دە، ئىككىسىنىڭ كەينىدىن ئېتىنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ قوغلىدى. ئۈچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان نادەم ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلدى، بىرسىنى ئېتىپ، ئېتىدىن موللاق ئاتقۇزىۋەتتى. يەنە بىرسىنىمۇ موللاق ئاتقۇزىۋەتكىلى بولاتتى، بىراق ئېتىپ بولمايدۇ ـ دە! ئاخىر ئىككىنچىسىگە يېتىپ بېرىپ، مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بىرنى سالدى. مۈكچىيىپ قېچىپ كېتىۋاتقان باندىت ئات ئۈستىدىن ئۆزى بىر ياققا، تېقىمىغا قىستۇرۇۋالغان مىلتىقى بىر ياققا ئۇچۇپ چۈشتى. نادەممۇ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، يەردىكى مىلتىقنى قولىغا ئالدى. ئۇ شۇ چاغدىلا باندىتلارنى

قوغلىغان چاغدا جۇۋىسىنى يېشىپ تاشلىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

— تور ئورنۇڭدىن ! ... ئۆلۈمتۈك... تىترەيسەنغۇ، مېنى ئېتىۋېتەمدىكىن دەمسەن؟ سەندەكلەرنى ئېتىپ تويغانمەن !

نادەم ئۆلگەن باندىتنىڭ يېنىغا كەلگۈچە، ئۇنى پىيادە ئالدىغا سېلىپ كەلدى. شۇ چاغدىلا ئىككىسىنىڭ چىرايىغا سەپسالدى: ھەر ئىككىسىلا ئون ئالتە ـ ئون يەتتىلەرگە ئەمدىلا بارغان، ئېڭەكلىرىگە تېخى سېرىق تۈكلەرمۇ چىقمىغان ياش بالا ئىدى، ھايات قالغىنى يىغلامسىراپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ھەر ئىككىسىنىڭ ئوسمانىنىڭ تۈپىغا مەجبۇرىي قاتنىشىپ قالغانلىقىنى، تېخى ھېچقانداق ئىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. نادەمنىڭ ئۆلگەن باندىتقا قاراپ ئىچى ئاغرىدى...

نادەم غەنىيمەت ئالغان ئىككى مىلتىقنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، تۇتۇلغان «تىل» نى ئالدىغا سېلىپ كەلگەندە، پۈتۈن پولك ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئېتىدىن ئىرغىپ چۈشتى ـ دە، نىزامىدىننىڭ ئالدىغا ھۆرمەت قەدەم بىلەن كېلىپ، ئوڭ قولىنى چېكىسىگە ئالدى:

— يولداش پولكوۋنىك ! بۇيرۇقىڭىز بويىچە «تىل» تۇتۇپ كەلدىم، يەنە گۇناھىم قالدىمۇ؟

نىزامىدىن كۈلۈمسىرىدى ۋە ئۆز جەڭچىسىنىڭ جاسارىتىگە سۆيۈندى:

— يارايسەن ! ... سېنىڭ گۇناھىڭنىڭ قالغان ـ قالمىغانلىقىنى كوماندىر ـ جەڭچىلەر بىلىدۇ.

گۈرۈلدىگەن تەنتەنىلىك ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى:

— يارايدۇ ! ... ئوغۇل ! ...

«تۇگمەننىڭ كويلىسىدىن پۈتۈن چىقىدىغان خۇنپەر...» دەپ ئويلىدى ۋارىسجان ۋە نادەمنىڭ شەنىگە ياغدۇرىغان قىيقاس ـ چۇقانلاردىن ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

شۇ يەردىن يولغا چىققان پولك دەريانى بويلاپ داۋاملىق يۇقىرىغا ئۆرلىدى. نادەم تۇتۇپ كەلگەن «تىل» نىڭ ئىقرارى شۇنداق ئىدى: گومىنداڭ قىسمىدىن ئۈچ يۈز كىشى سارىئېرەكتە بىر ھەپتە تۇرغان ۋە ئۇ يەردىن يەنە قوزغىلىپ، يۇقىرىلاپ كەتكەن.

ئەمما، ئۇرۇشنىڭ ھىيلىلىرى كۆپ. رازۋېدكىچىلار باندىتلار قارا تاغنىڭ شىمالىغا قاچتى دېگەن خەۋەرنى ئەكېلىدۇ، كۆز يېتىم يەرگە نەچچە سائەتلەپ ماڭسەن، ئۆتۈپ كېتىسەن، ھەتتا كۈنلەپ يۈرۈش قىلىسەن، ئالدىڭدىن بىر پاي ئوق چىقمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاللىقاچان جەنۇب تەرەپكە قېچىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇ ياققا سەپەر قىلساڭ، كەينىڭدىن ئوق چىقىدۇ. بىر ئورۇنغا نۇرغۇن كۈچ بىلەن يۈرۈش قىلساڭ، باندىتلارنىڭ قارىسىنىمۇ تاپالمايسەن، ئاز كۈچ بىلەن يۈرۈش قىلساڭ، نەدىندۇر ساڭا يوپۇرۇلۇپ، شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ. لېكىن، ئاخىرغىچە ئۇرۇش قىلمايدۇ، نۇرغۇن ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ، كۆزدىن غايىب بولىدۇ. شۇڭا، جەڭچىلەر ئۇلارغا «شەيتان»، «قۇيۇن»، «ئېزىتقۇ» دېگەن نامىلارنىمۇ قويغان. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ھازىرقى ئۇرۇش «شەيتانلار» نى قوغلاش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئۇرۇش بولۇپ قالدى.

«شەيتان»نىڭ كۈندىن ـ كۈنگە خورىشى بىلەن ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتۈشكە باشلىدى. ئالتاي تەۋەسىدە مىللىي قىسىملار كەزمىگەن تاغ ـ ئېدىرلار، چۆل ـ باياۋانلار، توقاي ـ چاتقاللىقلار ئاز قالدى. ھازىر مىللىي قىسىملار پولك ـ پولك بويىچە ئەمەس، دىۋىزىيون ـ ئىسكادرونلار بويىچە «شەيتان»لار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىدىغان بولدى. بۇ كەڭرى زېمىنغا «شەيتان»لارمۇ، مىللىي قىسىملارمۇ تېرىلىپ كەتكەنىدى.

باتىرغازى ئۆز ئىسكادرونىنى باشلاپ، ئۈچ كۈندىن بېرى «شەيتان»لارنى قوغلاپ، ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇرۇشسىز كۈن — جەڭچى ئۈچۈن زېرىكەرلىك كۈن. ئۇ سەپكىلتايدا بولغان

ئۇرۇشلارنى ئويلاپ، ئات ئۈستىدە تەۋرىنىپ كېتىۋاتاتتى:
«ھاياتلا بولساڭ، ئۇرۇش دېگەنمۇ قىزىق نەرسە، ھەيران قالغۇدەك تاسادىپىي ئىشلارنى كۆرىسەن، — دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى ئۇ، — سەپكىلتايدا خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك ئۇرۇشلارنى قىلمىدۇقمۇ، بىر - بىرىمىزنى بىر قارا سۆلا ئايرىپ تۇرىدۇ، ئارىلىقىمىز ئوتتۇز مېتىرمۇ كەلمەيدۇ. بىر ئېگىزلىكنى تالىشىپ، خۇددى بەيگىگە چۈشكەندەك باندىتلار بىلەن چېپىشقىنىمىز - ھە... ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمەيدۇكى، ئاتنى ئاستىلىتىپ، باندىتلارنى كەينىدىن ئېتىپ تۆكۈۋەتكىلى بولاتتىغۇ... پاھ، ئات دېگەن جانىۋار، جەڭگە كىرسە دۈلدۈل - دە ! ئۇچىدۇ. «ئات — ئەرنىڭ قانىتى» دېگەنلەرنى تېپىپ ئېيتقانىكەن، كەڭلىكى تۆت - بەش مېتىر كەلگۈدەك چوڭقۇرلۇقلاردىن ئۇچۇپلا ئۆتۈپ كەتتىغۇ...»
قاش قارايغان مەزگىلدە ھورۇنلۇق بىلەن يورگەن قوشۇن قارا جاباغىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن يارلىقا يېتىپ كەلدى، يېتىپ كەلدى - دە، ئالتە - يەتتە يۈزگە يېقىن باندىتلارنىڭ قورشاۋىدا قالدى. باندىتلار ئۈچ تەرەپتىن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، ئېتىپ كەلمەكتە ئىدى. باتىرغازى بىر پاي ئوق ئېتىش ئارىلىقىدا ئويلاندى: بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە ئېلىشىش كېرەكمۇ؟ ئۇنداقتا مېنىڭ ئىسكادرونۇممۇ، باندىتلارمۇ قىرىلىپ تۈگىشى مۇمكىن، ياق، مەن توقسان كىشىلىك ئىسكادرونۇمنى ئالتە - يەتتە يۈز باندىتقا تېگىشىۋېتەلمەيمەنمۇ...
ئېتىشىش ئەۋج ئالدى. قاراڭغۇ چۈشۈۋاتاتتى.
باتىرغازى مۇئاۋىن كوماندىرغا ئېيتتى:
— قىسىمنى چېكىندۈرۈپ ئەكەت، ئىككى جەڭچى بىلەن قالىمەن، ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىمەن !
— بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە ئېلىشىمىز، — دېدى مۇئاۋىن كوماندىر قەتئىي ھالدا.
— ياق، ئىسكادروننى ساقلاپ قېلىش كېرەك !

— قۇربان بولساق، ھەممىمىز بىللە بولىمىز...

— بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن، ئىسكادرونىنى چېكىندۈرۈپ كەت، بول چاپسان!

باتىرغازىنىڭ خۇددى ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاچرايتتى...

— يولداش كوماندىر...

— بۇيرۇقۇمنى ئاڭلامسەن، يوق؟ بۇ مۇنازىرە قىلىدىغان پەيتمۇ؟ ... بول! ئېتىپ تاشلايمەن!

ئىسكادرون شىپقىپ چېكىنىشكە باشلىدى.

مىڭ تال ئوق، يىگىرمە گىراناتا ئېلىپ قالغان باتىرغازى ئىككى پىلىموتچى بىلەن چوڭقۇرلۇقتا چۈشتى ـ دە، پىلىموتلارنى ئەپلىك جايغا ئورناتتى ۋە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن باندىتلارنى ئوققا تۇتتى، ئىككىنچى قېتىم يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە، گىراناتلار تاشلاندى. باندىتلار چېكىندى. بىردەمدىلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ كەتتى. تۇن ئۆزىنىڭ قارا پەردىسىنى ھەممە ياققا يايغاندى. ئەمما، يۇلتۇزلار تاشلىغان غۇۋا نۇر، مىدىرلىغان جاننى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۈچىنچى قېتىم ئۇلار شىراقلىق مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ چۇقان بىلەن كەلدى:

— مۇلقا، چاقاباي! ... خۇدا يولىدا ئالغا باس! ... يا مۇھەممەت! ... ئامىن! ...

ئىككى ياندا ئىككى پىلىموتتىن، ئوتتۇرىدا باتىرغازىنىڭ ئاپتوماتىدىن بىراقلا ئوق ئېتىلدى. قوماچ قورۇغاندەك شۇنچە ۋاڭ ـ چۇڭ ئاۋازلار ئىچىدە «گۇپ ـ گۇپ» قىلىپ يىقىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىراق، ئوڭ ياندىكى پىلىموتچىغا ئوق تېگىپ، كەينىگە ئۆچۈپ كەتتى، ئوق ئۇنىڭ پېشانىسىگە تەگكەنىدى. باتىرغازى ئۇنىڭ پىلىموتىنى قولىغا ئالدى ـ دە، سايرىتىۋەتتى.

چوڭقۇرلۇقنىڭ ئۈچ تەرىپىگە ئۆلۈكلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئەمدى ئوچۇق قالغان تۆتىنچى تەرەپتىنمۇ كېلىشكە

باشلىدى. مانا ئەمدى ئۇلار ئۆز ئۆلۈكلىرىنى دالىدا قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. تاشلىنىۋاتقان گىراناتلارنىڭ زەربىسىدىن چوڭقۇرلۇق تىترەيتتى، ئەتراپ بىردە يورۇپ، بىردە قاراڭغۇلىشاتتى، ۋىڭىلدىغان ئوقلار ئوت بولۇپ ئۇچاتتى. شۇنچە دەھشەتلىك مەنزىرىلەر، ئىڭرىغان ئاۋازلار بىر - بىرىنى قىرىۋاتقانلار ئۇچۇن ھېچقانداق ئىش ئەمەس ئىدى. ئارزۇ - ئارمانلىرى، مەقسەت - نىيەتلىرى باشقا - باشقا بولغانلىقتىن، بۇلار دۇنياغا گويا بىر - بىرىنى قىرىش ئۇچۇنلا يارالغاندەك تۇيۇلاتتى.

باتىرغازىنىڭ ئىككىنچى پىلىموتچىسىمۇ ئۆلۈپ، ئۆزى يالغۇز قالدى. ئۇ بىردەم ئۇ پىلىموتقا يېپىشسا، بىردەم بۇ پىلىموتقا يېپىشاتتى، گىرانات تاشلايتتى. باندىتلار ئۇنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى بىلىپ قالدىمۇ، شىددەتلىك ھۇجۇم بىلەن باستۇرۇپ كېلەتتى ۋە ۋارقىرايتتى:

— مۇسۇلمان بولساڭ، تاشلا قورالنى !

غەزەپتىن پۇتۇن بەدەنلىرى بومبا بولۇپ پارتلاشقا تەييار تۇرغان باتىرغازىمۇ ۋارقىرايتتى:

— مۇسۇلمانمەن ! ... سەندەك گومىنداڭنىڭ تاپىنىنى يالاۋاتقان مۇسۇلمانلارنى قىرىدىغان مۇسۇلمانمەن ! ...

باتىرغازىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى ئېتىۋېلىش ئۇچۇن ئېلىپ قالغان بىر تال ئوقى بىر تال گىراناتى قالدى. ئۇ چوڭقۇرلۇق ئىچىدە ئۆرە تۇراتتى.

— كەل ! كېلىشمەمسەن، ئات مېنى ! ...

ئۇ ئوڭ تەرەپتىن ئۆمىلىشىپ كېلىۋاتقانلارغا ئاخىرقى گىراناتنى كۈچ بىلەن ئاتتى ۋە بىر تال ئوقى قالغان تاپانچىسىنى پېشانىسىگە تەڭلىدى: ياق ! نېمىشقا ئۆزۈمنى ئاتىمەن، ئۇلار مېنى تىرىك تۇتماقچىغۇ، مەيلى، تۇتسۇن، ئەمدى سۆز بىلەن ئېلىشىپ كۆرەي... ئۇ ئۆزىنى ئېتىۋېلىشتىن يالتايدى - دە، ئالدىغىلا كېلىپ قالغان ئوسماننىڭ ھەيدەر ئاتلىق لەشكەر

بېشىنى ئېتىۋەتتى.

باندىتلار باتىرغازىنى تىرىك تۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ، بېشىغا تاغار كىيدۈردى ـ دە، ئاتقا ئۆڭكۈرۈپ ئېلىپ كەتتى.

* * *

ئوسمان باندىتلىرى چېكىنىش ئېلىنى، كۆكتوقاي ئېلىنىڭ يېرىمىنى بەيتىككە ئەكەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كەلگەندە، ئىزامىدىن ئېلنى قۇتقۇزۇپ كېلىش ئۈچۈن، گايىتنىڭ دىۋىزىيونىنى يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى.

گايىتنىڭ دىۋىزىيونى يۈرۈشكە ئاتلىنىپ يولغا چىققاندا، كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ يادىغا يەنە باتىرغازى كەلدى. ئۇنىڭ ئىزسىز يوقاپ كېتىشى ھەممىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇراتتى، ياندۇراتتى... لېكىن بەزىلەرنىڭ پەرەزلىرى قايغۇلۇق كۆڭۈللەرنى بەزلەيتتى: «خەتەرلىك پەيتكە كەلگەندە، چېكىنىپ كەتكەندۇ، نەلەردىدۇر ئېزىقىپ يۈرىدىغاندۇ، ياردار بولغان ياكى ھالسىراپ كەتكەن بولسا، كىملەرنىڭدۇر ئۆيىدە خۇپىيانە تۇرۇۋاتقاندۇ، كىم بىلىدۇ، بىر كۈنى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمىزدا پەيدا بولۇپ قالار...» ئوقلار ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان ئۆمۈردە كۆپ يادلىنىدىغانلار ئاز بولىدۇ. باتىرغازى بىرقانچە كۈندىن بېرى كۆپ يادلىنىۋاتقان جەڭچى، ئۇنىڭ قورقۇمسىزلىقى، پىداكارلىقى، تۈز ـ قوپاللىقى، ساددا ـ ئوچۇق كۆڭۈللۈكى كىملەرنىڭ ئېسىدىن چىقسۇن... شۇنداق ئازابلىق خىياللار بىلەن قىسىم تاغلارغا ئۆلىشىپ كەلدى.

تاغلاردا ئۇرۇش قىلىش، بولۇپمۇ تىك يارلىق، چوققىلىق غار ـ ئۆڭكۈرلۈك تاغلاردا ئۇرۇش قىلىش ۋە باندىت قوغلاش ناباب ئۈۋچىنىڭ ئوۋ قىلىشىغا ئوخشايتتى. تەمتىرەپ قېلىش، نىشانغا يۈزلىنىشتىن چەتلەش يۈز بېرىپ تۇراتتى.

قىسىم يورۇش بىلەن دۈگىتىنىڭ تېغىغا كەلگەندە، «ئۇنىڭغان چىغ تۈۋىدىن تۆرەلمىگەن توشقان چىقتى» دېگەندەك، ئۈيلىمىغان ھالدا «شەيتان»لار بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇچراشقاندىمۇ، تەرەپ - تەرەپتىن شىددەتلىك ئوققا تۇتۇشقا دۇچ كېلىپ قالدى. قىسىم پىتىراپ كەتتى. ۋاڭ - چۇڭ ئاۋازلار، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، تاتاتلىغان ئوق سادالىرى تاغ ئىچىنى بىر ئالدى. تۆت ئىسكادرون تۆت ياققا، ۋىزۋوتلار، گورۇپپىلار، جەڭچىلەر قاياق ئەپلىك بولسا، شۇ ياققا قاچتى ۋە ئۇ يەرلەردىمۇ ئوق بىلەن قارشى ئېلىندى. نۇرغۇن جەڭچىلەر ئاتلىرىدىن ئايرىلدى. قىسىم قارا باسقاندەك تەمتىرەش، ھودۇقۇش، ئەندىكىش ئىلكىدە قالدى...

— ئىلغا قىلالىدىڭمۇ، ۋارىسجان، — دېدى نادەم ئۇدۇلىدىكى بىرەر كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغ باغرىنى كۆرسىتىپ، — قارا، باندىت دېگىنىڭ قىم - قىم، تېخى ئۇۋىسى شۇ يەر ئوخشايدۇ.

خۇددى بىر ئادەم ياساپ قويغاندەك تاغنىڭ يان باغرىدىن ئۇسۇپ چىققان لەمپە تاش ئاستىغا نادەم بىلەن ۋارىسجان كىرىۋالغانىدى.

— ئەتراپىمىز پۈتۈنلەي باندىتلار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ - دە، — دېدى ۋارىسجان ۋەھىمىلىنىپ، — بۇ يەردىن ساق چىقىپ كېتىش تەس...

— كۆرمىگەن يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرى تولا دېگەندەك، تەمتىرەپ قالدۇق.

— جىق قىرىلىپ كەتتۇق، باش كۆتۈرۈش قىيىن... كۆتۈرگۈدەك ئادەم قالدىمۇ تېخى...

— دەسلەپتە شۇنداق بولىدۇ، مانا بىزمۇ بىلمىگەن يەرنىڭ ئېپىنى ئېلىۋاتىمىزغۇ، شۇ تۇرقىمىزدا بىرەر ۋىزۋوت باندىت كەلسۇنچۇ، ئىككىمىز تەڭ كېلەلمەمدۇق؟...

دۇكۇرلىگەن، ئىڭرىغان ئاۋازلار، تاشقا تەگكەن ئوقلاردىن

چاڭقىلىدىغان سادالار ئۈزۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قەيەرلەردىدۇر: «ھەي، ئالدانغان قارىلار، ئۆت بوياقلا، جابىڭنى تاپ... » دېگەن ئاۋازلار ئارىلاپ ـ ئارىلاپ سۇس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نادەمنىڭ يۈزىدىن ئاچچىق كۆلۈمسىرەش جىلۋىلەنسە، ۋارىسجاننىڭ يۈزىدىن بىردەم قىزىرىش، بىردەم تاتىرىش تىترەش ئالامەتلىرى كۆرۈنەتتى...

— يىتىۋېرەمدۇق، ۋارىسجان؟

— كۆزىتىپ باقايلى.

نادەم ئۆملەپ لەمپە تاش ئاستىدىن چىقتى.

— ئاپتوماتىمنى ئېلىۋەت، قورالسىز چىققىنىمنى قارا، — ئۇ بويىنىنى سوزۇپ يۇقىرىغا قاراۋاتاتتى. ئالىلىقاچان نادەمنىڭ ئاپتوماتىنى قولىغا ئېلىۋالغان ۋارىسجان لەمپىنىڭ ئاستىدىن ئاپتوماتىنى ئۇنىڭغا تەڭلەشكە ئۈلگۈرگەنىدى:

— ئەمدىغۇ قولىغا چۈشكەنسەن، تۈزۈمنى يەپ، تۇزلۇقۇڭغا توكۈرگەن ئىپلاس !

چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىغان نادەم داڭ قېتىپ قالدى. شۇ دەم ئۇنىڭ يادىغا رەيھاننىڭ ۋارىسجاندىن پەخەس بولۇش ھەققىدىكى بىرنەچچە قېتىملىق ئاگاھلاندۇرۇشلىرى كەلدى. ئېتىشنىڭ ئالدىدا تۆت ئېغىز گەپ قىلىۋېلىشنى ئويلىغان ۋارىسجاننىڭ قوللىرى تىترەيتتى.

— ئاتماقچىمۇسەن !

— ئاتىمەن ! ... يۈرىكىڭنىڭ قېنىنى ئىچىمەن... ئەمدى نىزامىدىنىڭ بارمۇ، ئۆزۈڭدەك مالاي گايىتىڭ بارمۇ، ھېلىقى نايىنىقىڭ بارمۇ، قېنى سېنى مېنىڭ چاڭگىلىمدىن قۇتۇلدۇرۇپ باقسۇنچۇ...

قاتتىق غەزەپتىن پۈتۈن ئەزايى ـ بەدىنى جاقىلداپ تىترەپ كەتكەن نادەم بېلىدىكى بولغارى قاپلىق تاپانچىسىغا قول ئۇزىتىشنىمۇ ئۇنتۇغان، شۇ تۇرقىدا قول ئۇزىتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— ئات ! — دېدى نادەم قەھرى بىلەن، — مېنى ئېتىپ ئۆزۈڭنى ئاشكارىلىغىنىڭ مىڭ مەرتەم ياخشى، سېنىڭدەك مۇناپىقنىڭ ئارىمىزدا تۇرىۋېرىشى قىسمىغا زور بالايىئاپەت ! ... ئات !

— سەن خېلى بۇرۇنلا مېنىڭ قولۇمدا ئۆلمەكچىدىڭ، بىراق ...

بىراق، شۇ چاغدا بىر سىنىڭ يۇقىرىدىن چۇشۇۋاتقانلىقى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالدى ! ۋارىسجاننىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلدى - دە، كەينىگە بىرنەچچە قەدەم داجىپ، ئاپتوماتنىڭ كۇرجۇكىنى باستى ۋە تۆۋەنگە چۇشۇپ كەتتى.

يېتىپ كەلگەن رەيھان ئىدى.

قولىغا، مۇرىسىگە ئوق تېگىپ ياتقان نادەمنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچتى:

— نادەم !

— بولۇڭ، قوغلاڭ، مېنى ۋارىسجان ئاتتى !

— ھە ! ...

— تېز بولۇڭ، تۆۋەنلەپ كەتتى !

— توختاڭ، تېڭىۋېتەي...

— ماڭا قارىماڭ... يانىدىتلارغا سىر بېرىدىغان بولدى، قوغلاڭ، ئېتىپ تاشلاڭ ! ...

رەيھان دوختۇرلۇق سومكىسىنى نادەمنىڭ ئالدىغا تاشلىدى - دە، تۆۋەنگە ئوقتەك ئۇچۇپ چۇشۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى ئوتتەك يانغان، يۇزىگە يېيىلىپ كەتكەن چاچلىرى لەپىلدەيتتى. ۋارىسجاننىڭ ئارچىلار ئارىسىدا بىر كەينىگە، بىر ئالدىغا قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈنەتتى. پۈتۈن غەزەپلىرى پۈتىغا ساقىدىمۇ، ئۇنىڭ قەدەملىرى يەرگە تەگمەي دېگۇدەك بېسىلاتتى. ئۇ بارغانسېرى يېقىنلاپ بارماقتا ئىدى. يۈز ئەللىك مېتىردەك ئارىلىق قالغاندا، ۋارىسجان ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان رەيھان ئىكەنلىكىنى تونۇدى: «نايناق ئۆچ ئالماقچى، ھېلىقى غىل - پال

كۆرۈنگەن مۇشۇ ئىكەن ـ دە، شۇنداق يەردە يەنە مۇشۇ رەسۋا پەيدا بولىدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، تاغ باغرىدا يېيىلىپ كۆكىرىپ تۇرغان ئارچىلار ئارىسىغا مۆكچەيدى. رەيھان ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى سېزىپ، يوغان تاشنى ئۆزىگە دالدا قىلىپ تۇرۇپ، ۋارىسجان يوشۇرۇنغان يەرگە ئاپتوماتىدىن تاراسلىتىپ ئوق ئۈزدى.

— ۋاي... جان ! ...

شۇ ئاۋاز بىلەن تەڭلا ۋارىسجان تۆۋەنگە موللاق ئېتىپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاش پارچىلىرىمۇ شاراقلاپ دوملاشقا باشلىدى.

رەيھان ئۆزىنى ئاتتى.

كەينى ـ كەينىدىن تەگكەن ئۈچ پاي ئوق ئۇنىڭ تىزىنى چېقىۋەتكەنىدى. ئۇ دوملاپ، توغرىسىغا تۇرۇپ قالغان يوغان تاشقا تىرىلىپ توختاپ قېلىشىغا، كۆزلىرىدىن ـ غەزەپ ئوتلىرىنى چاچرىتىپ رەيھان يېتىپ كەلدى:

— كۆتۈر قولۇڭنى !

بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە ئاغرىق كىرىپ كەتكەن ۋارىسجان نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئەندىكىپ قولىنى كۆتۈردى. بىراق، ئىككى قولىنى شۇنداق تېز كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىگە دەررۇ پۇشايمان قىلدى، قولىدىن ئاپتومات ئاجراپ كەتكەن بىلەن بېلىدە يەتتە ئوقلۇق تاپانچىسى بەتلەكلىك ئىدى.

— ئىپلاس خائىن ! سېنىڭ قارا كۆڭلۈڭنى مەن بۇرۇنلا بىلگەن، ئېنىقكى، مېنىمۇ ئاتقان سەن ! سېنىڭ تارىخىڭ — ئىپلاس تارىخ، خائىنلىق تارىخ، شەرمەندە تارىخ ! ...

تىترەپ چىرايىدا قان قالمىغان، كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش قۇيۇلۇۋاتقان ۋارىسجان قىزغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— سادىغاڭ كېتەي... خۇدا ھەققى، ئاتا ـ ئانىلىرىمىز ھەققى، رەيھانئاي ! مەن ... مەن...

— نامىمنى ئاغزىڭغا ئالما، مېنى ئېرىدىمىكىن دەمسەن، سەن ئۈچۈن مەڭگۈ قىش ـ شىۋىرغانمەن !

— رەيھانئاي، رەھىم قىلىڭ...

— سەن كىمگە رەھىم قىلغان؟ ... قاتىل !

ۋارىسجان قىزدىن رەھىم ـ شەپقەت تىلەۋاتقان بولسىمۇ، بىر قولىنى چۇشۇرۇۋېلىپ، بىلىدىكى تاپانچىسىنىڭ قىپىنى ئېچىۋاتاتتى.

— تارت قولۇڭنى !

ئۇ تاپانچىسىنى سۇغۇرۇۋېلىشىغا، رەيھان ئاپتوماتىنى قويۇۋەتتى... يەتتە تال ئوق ۋارىسجاننىڭ مەيدىسىگە پاتتى.

رەيھان كەينىگە بۇرۇلۇپ مېڭىشىغا جەنۇب تەرەپتىكى تار جىرادىن ئابدۇقادىر چىقىپ كەلدى. ئۇ پىتىراپ قېچىپ قىسىمدىن ئايرىلىپ قالغانىدى.

— هازىرقى ئاپتوماتنى سىز ئاتتىڭىزمۇ؟

— ھەئە، مەن ئاتتىم، ۋارىسجانغا ئۆلۈم جازاسى بەردىم.

— ۋارىسجانغا؟ ...

— ئۇ خائىن، نادەمنى ئېتىپ قاچقاندا، كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ ئېتىۋەتتىم.

رەيھاننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— نادەمنى ! ... ئۇ ئۆلدى؟ ...

— ياق، — ئىتتىك جاۋاب بەردى قىز، — يارىدار، ئاۋۇ ئېگىزلىكتە يېتىپ قالغان.

— ئىتتىك ماڭايلى، — دېدى ئابدۇقادىر، — مېنىڭ كەينىمدە باندىتلار بار.

راست دېگەندەك، ئۇنىڭ كەينىدىن بىرقانچە باندىتنىڭ ئۆرلەپ چىقىۋاتقانلىقى كۆرۈندى.

— سىز تېز مېڭىڭ، مەن ئالدىنى توراي.

رەيھان ئۆمىلەپ يۈگۈرۈپ قويۇق ئارچىزارلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئابدۇقادىر تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، باندىتلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئاتلىق تۆت باندىت تاراسلاپ جىرادىن چىقىپ كەلدى. ئۇ ئاپتوماتىنى تاتاتلىتىپ



www.uyghurkitap.com

ئاتتى. ئىككىسى يىقىلىپ، ئىككىسى كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىپ، جىراغا چۈشۈپ كەتتى. ئابدۇقادىرمۇ يۇگۇرۇپ يان باغرىدا ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان رەيھانغا يېتىشىۋالدى.

رەيھان ئاياغلىرىنى تېز ـ تېز يۆتكەپ، چاققانلىق بىلەن ئۆرىگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. نادەمنىڭ نېمە بولغانلىقى ئۇنى ئالدىراتماقتا ئىدى، يۈرىكى ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق ئۇراتتى. ئۇ خېلىدىن بېرى ئۆرىگە چىقىپ، پەسكە چۈشۈپ چارچاپ كەتتى، لېكىن چارچىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ــ مانا مۇشۇ يەردە يېتىپ قالغان، يوققۇ؟ ...

رەيھاننىڭ كۆزىدىكى پەرىشانلىق ئەلەم بىلەن ئۇچقۇندىدى. ئۇ يەردە تۆكۈلگەن ۋە تاشلارغا چاچرىغان قان داغلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

ــ قىسىمنى ئىزدەپ كەتكەندۇ...

ــ ياق، قىسىمنى ئىزدىگۈدەك ھالى يوق ئىدى، باندىتلار كېلىپ قالغان بولسا... ــ قىزنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى.

ئېغىر بىر قىسما روھىي كەيپىياتتا قالغان ئابدۇقادىر قىزنى ئۈمىدلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

ــ بىزنىڭكىلەر ئەكەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قىسىم قاياقتىدۇ، بايقايلى.

ئۇلار ئۆز قىسمىنىڭ قاياقتا ئىكەنلىكىنى بايقاش ئۈچۈن، دالدىلىق يەردە تۇرۇپ، ئۆز ئاۋازلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىنلا رەيھاننىڭ خىيالى نادەمگە يۆتكەلدى. ئەگەر باندىتلار ئەكەتكەن بولسا، ساق قالمايدىغانلىقىنى، چۈنكى نادەمنىڭ ھەرگىز تىز پۈكمەيدىغانلىقىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. رەيھان ئۆزىنى يەككە ـ يېگانە، بىچارە، بەختسىز ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى شۇنچە ئويلىسىمۇ، تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ ئازابى كۆز چاناقلىرىغا سانسىزلىغان ياش تامچىلىرىنى تىزماقتا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇقادىر بولسا كىچىك خاتىرە دەپتىرىنى تىزىغا قويۇۋېلىپ، جۇشقۇن مىسرالارنى يازماقتا ئىدى:

ۋاپاسىز بەتنىيەتلەرگە ئەجەللىك ئوت ئاچتۇق بىز،
ئۆزۈن يىل ئەلنى قاقشاتقان قاۋانلارغا توپ ئاتتۇق بىز.

ئاياغ ئاستىدىن ياۋ چىقسا زىيانى بەك بولۇركەن زور،
قىسىم قايدا ۋە بىز قايدا، ئەجەب تېڭىرقاپ قالدۇق بىز.

لېكىن، ئايان هامان بىزگە «قۇيۇن» تۈغ يىقىتالمايدۇ،
شۇ تارىخ يولىنى بويلاپ شان ـ شۆھرەت بىرلە كەلدۇق بىز.

ئۆزۈڭنى چاغلىماي مەلئۇن...

— بايقاۋاتامسىز، — دېدى رەيهان ياشلىرىنى ئېرتىپ، — بىزنىڭكىلەرنىڭ ئوقلىرى شەرق تەرەپتىن كېلىۋاتىدۇ، مۇنۇ ئالدىمىزدىكى تاغدىن ئېشىپ چۈشسەكلا، تېپىۋېلىشىمىز مۇمكىن.

ئىككىسى شەرققە يۈزلىنىپ ماڭدى. ئابدۇقادىرنىڭ قالغان مىسرالىرى كۆڭلىدە قالدى. دۈشمەنلەر بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ ئۆتكەن تاشلىق، ئۆڭكۈرلۈك يەرگە كەلگەندە، شىمالىي تەرەپتىكى قوڭۇر تاشلىق تاغ باغرىدىن شىراقلىق مىلتىقلىرىنى تېقىمىغا قىستۇرۇۋالغان يەتتە ـ سەككىز ئاتلىق ئىككىسىنىڭ ئالدىغىلا چىقىپ قالدى.

— باندىت ! — ۋارقىرىۋەتتى رەيهان.

ئاپتوماتلاردىن تەڭلا ئوق ئۈزۈلدى، ئابدۇقادىر كەينى ـ كەينىدىن ئىككى گرانات تاشلىدى. ئۈچ ـ تۆتى يىقىلدى ـ دە، قالغانلىرى بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولۇپ كەتتى. ئىككىسى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تېزلىك بىلەن شەرق تەرەپتىكى تاغقا ياماشتى. رەيهاننىڭ شەرقنى پەرەز قىلغىنى توغرا ئىدى: دۈشمەنلەر تۇيۇقسىز هۇجۇمغا ئۇچراپ پىتىراپ كەتكەندە،

دىۋىزىيون كوماندىرى گايىت بىر قىسىم جەڭچىلىرىنى باشلاپ كەينىگە چېكىنگەن ۋە دۈشمەن ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ شەرققە بۇرالغان. شۇ چاغدا ئۇ جەڭچىلىرىنىڭ پىتىراپ كەتكەنلىكىگە تېرىككەن: «كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىقتا دۇچ كەلسە تېرىقتەك تېرىلىدۇ، ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ قالغىنىنى قارىمامدىغان... ھۇجۇم قىلىشنى بىلىدۇ، چېكىنىشنى بىلمەيدۇ، چېكىنىشنى بىلمىگەن جەڭچى ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىدۇ، ئۆزىنى ساقلاشنى بىلىش — بۇمۇ بىر جەڭگىۋارلىق! ...»

ئۇ غودۇڭشىپ جەڭچىلىرىنى داۋاملىق شەرققە باشلىغان، بۇنى پەرق ئېتىشكە ئۈلگۈرگەن جەڭچىلەر كەينىدىن يېتىشىپ بارغان. گايىت باندىتلارنىڭ يان تەرىپىدىن ھۇجۇم قوزغاپ، ئۆزى ئەڭ ئالدىغا بىرىنچى سەپكە ئۆتكەن. دۈشمەننىمۇ ئويلىمىغان ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كېلىپ، بۇ ياقتا يۈزلەنگۈچە، گايىتنىڭ قىسمى ئابارۇن تۇتۇشقا ئۈلگۈرگەن.

ئابدۇقادىر بىلەن رەيھان تاغ ئۈستىگە چىققاندا، ئۆز قىسمىنىڭ ھەرىكەتتە ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالىدى ۋە تۆۋەنگە سىيرىلدى. بەزى يەرلەردە يۈمىلاپ، توختاپ، يەنە سىيرىلىپ، سايىنىڭ تاپىنىغا چۈشتى.

ئۇلار تىرىشىپ - تىرمىشىپ توختىماي ئىلگىرىلەپ، يەنە تاغ ئۈستىگە چىققاندا، ئۆز قىسمى باندىتلارغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە ئۆتكەنىدى.

لېكىن، ئادەمدىن دېرەك يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون سەككىزىنچى باب

باتۇرغازى ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم سۆز بىلەن ئېلىشىپ، باندىتلارنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى زېدە قىلىشنى ئويلاپ، ئۆزىنى ئېتىۋېلىشتىن يالتايغان... ئۇ قانچە ـ قانچە قېتىم سوراق قىلىندى. يېمىگەن تايىقىمۇ قالمىدى، بەدەنلىرىنىڭ ساق يېرىمۇ قالمىدى. پەقەت ئوڭ مەڭزىدىكى قامچا ئىزىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يۈزىلا ساق تۇرۇپتۇ، ئېھتىمال، ئوسمان سوراق جەريانىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويماسلىقنى تاپىلىغان بولسا كېرەك. مانا بۈگۈن ئۇ ئۆزى سوراق قىلىشقا كەلدى، باتۇرغازىمۇ ئۇنى شۇنچىلىك كۈتكەنىدى.

ئوسمان تۇتقۇنلارنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ سوراق قىلىشنى يامان كۆرەتتى. شۇڭا، پۇت ـ قولى يېشىۋېتىلگەن باتۇرغازىنى يەردىن يېرىم مېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قارىغاي كۆتىكىنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزۇپ قويدى.

ئوتتۇرا بويلۇق، توغرىلىق، قارا ساقاللىق، يۈزى قارامتۇل، كۆزى سەل قىيسىقراق ئوسمان كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە ئادەملىرى ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئۇ ئۇچىسىغا تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن جۇۋا، بېشىغا قۇيرۇقلۇق قۇلاقچا، ئايىغىغا قونجى تىزىدىن ئاشقان ئۆتۈك كىيگەن بولۇپ، بېلىدىكى ماۋزۇرى جۇۋىسىنىڭ ئىچىدىن يېرىم ـ يارتا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— خوش، بالا، — دېدى ئۇ، — بىزنىڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادىمىمىزنى قىرىپ تاشلىغان سەن ئىكەنسەن ـ دە؟

— ياق، مەنلا ئەمەس، مېنىڭ يەنە ئىككى سەپدىشىمۇ بار.
— ئىككى سەپدىشىڭنى قوي، ئۆلارنىڭ جېنى ئاللىقاچان جەھەننەمگە كەتكەن.
— مېنىڭچە، ئۆلارنىڭ جېنى جەننەتكە كەتتى، ئىككى يۈز ئادىمىڭ جەھەننەمگە كەتتىغۇ دەيمەن.
ئوسمان باتىرغازىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە يانغان كۆزلىرى بىلەن بىر قۇر سەپسېلىپ قارىدى.
— سەنلەر قانداق ھۆكۈمەت قۇرماقچى؟
— بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ بولغان.
— ھۆكۈمىتىڭنىڭ مەقسىتى نېمە؟
— گومىنداڭ ۋە بارلىق گومىنداڭچىلارنى يوقىتىپ، شىنجاڭدا ھەممە مىللەتلەر باراۋەرلىكىدىكى خەلقچىل ھاكىمىيەت قۇرماقچىمىز.
— سەنلەرگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان كىم؟
— خەلق ۋە ئۆلارنىڭ ئارزۇسى!
— تۈز گەپ قىل! ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ، — ئوسماننىڭ كۆزلىرىدە تەرسالىق ئوتلىرى ياندى...
باتىرغازى كۈلدى:
— ئىنقىلاب قىلغان ئادەم ئۆلۈمنى ئويلىماي گەپ قىلامدۇ، مەن ئۆلۈمدىن قورقمايمەن. دۇنيادا ئۆلۈش، تۇغۇلۇش بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە، بىراق ئۆلۈمنىڭ قەدرى كىم ئۈچۈن ئۆلۈشتە!
— گەپ ساتما، مەن سەندىن قوماندانلىق قىلىۋاتقان ئادەمنى سوراۋاتىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟
— خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە، سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئەخمەتجان، ئالىي باش قوماندانىمىز ئىسھاقبېك! مەن بىلىمەن، بىراق سىز بۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىڭىز خاپا بولىسىز، لېكىن پۈتۈن خەلق، پۈتۈن مىللىي قىسىملار بۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا سۆيۈنۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارنى كۆرسە مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتىدۇ:

www.uyghurkitap.com

سالام رەھبىرىمىز ئەخمەتجان①،
ئالىي باش قوماندانىمىز ئىسھاقجان.
چىنىقتۇق پولاتتەك ئۆز قولىڭىزدا،
ئەگەر بۇيرۇق بولسا بىز تەييار !

ئوسمان تىرىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، باتىرغازىنىڭ ئاشۇ مارشىنى خۇددى ئۆز ئاھاڭى بىلەن ئېيتقاندەك روھلۇق تۇرۇشى ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرۇۋەتكەنىدى. قارامتۇل يۈزى كۆكىرىپ، قېلىن كالپۇكلىرى تىترەپ كەتكەن ئوسمان:

— ئۆلگۈك كەپتۇ سىنىڭ، پۈتۈنلەي يالغان ئېيتىۋاتىسەن، تېخى بايىقى ئادەملىرىڭنىڭ ئىچىدىن دەللىقانىمۇ يوشۇرۇۋاتىسەن...

— دەللىقان بىزنىڭ بىر فىرونتنىڭ قوماندانى.

— بىلىمەن، ئۇنىڭ قارا كۆڭۈل، ئاڭقاۋ - دۆتلۈكىنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟

— ئاڭقاۋ - دۆت؟ — باتىرغازى كۈلدى، — سىز ئالتايىنى ئاران قىرىق كۈن سورالىدىڭىز، سىزنى ئالتايدىن سۈرۈپ چىقارغان كىم؟ ... دەللىقانىنىڭ جەڭچىلىرى، ئۇنىڭ ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسى ! دەللىقان دۆتمىكەن؟ ...

بۇ ھەقىقىي پاكىتنى ئۇ قانداق ياپالايدۇ، ئالتايدىن قوغلىنىپ، قېچىپ چىقىپ كەتكەن ئۆزى تۇرسا ! ئۇ بىگىز قولى بىلەن باتىرغازىنى جونۇشقا باشلىدى:

— دۆت ! ... بەرىڭ دۆت ! ... ھۇ پۇشتىدىن تانغان ئەخمەق قازاق ! ...

— قازاقمەن، پۇشتۇم بىلەن پەخىرلىنىمەن ! لېكىن شۇنى بىلىڭكى، مەن كىچىككىنە قازاق ئۆيىنىڭ ئوغلى ئەمەسمەن،

① بۇ ئەينى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ قارشى ئېلىش مارشى ئىدى.

ئىنقىلابىي دەۋرنىڭ ئوغلىمەن! مېنىڭ قازاق بولغىنىمدىن ئىنقىلاب سېپىدە تۇرغۇنۇم مىڭ مەرتەم قىممەتلىك، بۇ سەپ بىلەن تېخىمۇ پەخىرلىنىمەن! ... خوش، ئاقساقال، — دېدى باتىرغازى ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — سىز كىمنىڭ قوماندانلىقى بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتىسىز؟ سىزنى لەشكەرلىرىڭىز «باتۇر» دەيدىكەن، باتۇر راست گەپ قىلىدۇغۇ، ئېيتىڭا قېنى؟

— مېنى باشقىلارنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغان ئۆزۈڭدەك ئەخمەق دەمسەن؟ ... مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم قوماندانمەن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ گېپىنى توككە ئالمايمەن! ...

باتىرغازى كۆڭلىگە پۈككەن گەپلىرىنى ئەمدى ئېيتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى:

— باتۇر ئادەم يالغان ئېيتسا، ئۇيات بولىدۇ، ئاقساقال، — دېدى باتىرغازى ئۇنىڭغا قادىلىپ، — سىزگە گومىنداڭنىڭ، ئۆز تىلىڭىز بىلەن ئېيتقاندا «جاڭ باتۇر»نىڭ، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى كونسۇلى ماكىناننىڭ قوماندانلىق قىلغىنى يالغانمۇ؟ سىزنىڭ پودپولكوۋنىك يۇسۇپجاننى سوراق قىلىش ماتېرىيالىنى ماكىنانغا كۆرسەتكىنىڭىز، ماكىناننىڭ: ئۆلتۈرۈۋەت، بۇنىڭدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ، دەپ سىزگە يولىيورۇق بەرگىنى يالغانمۇ؟... ئەنە ئاۋۇ باغلاقلىق چىڭخەي ئېتىنى گۇچۇڭدىكى ئاتلىق دىۋىزىيەنىڭ سىزگە سوۋغا قىلغىنى، ئۇچىڭىزدىكى مۇنۇ ئېسىل جۇۋىنى، بېلىڭىزدىكى ماۋۇ يىگىرمە ئوقلۇق ماۋزۇرنى دىۋىزىيە كوماندىرى سوۋغا قىلغىنى يالغانمۇ؟ ... يالغان ئېيتىپ، دۇنيادا باتۇر بولغان ئادەم بارمۇ؟ ...

ئوسمان ئورنىدا تۇرالماي قالدى، كۆزلىرى دەھشەتلىك يېنىپ قورقۇنچلۇق تۇس ئالدى. قولىنى بىرقانچە قېتىم ماۋزۇرىغا ئاپاردى ـ يۇ، ياندۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغانلارنىڭ قېنى تېخىمۇ قىزىپ كەتكەنىدى، ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرى سوراق قىلغان

بولسا، ئۇنى ئاللىقاچان قامچىسىغا باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولار ئىدى. لېكىن، ئوسمان تېمىشقىدۇر بىرەر قامچا ئۇرمايۋاتاتتى.

— ھەي، ئاغزىدىن تەگكەن ھارىمى ! ... مېنى خەقنىڭ قولىغا قاراپ قالغان دەمسەن؟ — دېدى ئوسمان ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ، — ماڭا پۈتۈن ئالتايدىكى ئادەملەر ئەگىشىدۇ، مەن مۇشۇ زېمىندا دەسسەپ تۇرغان تاغمەن ! كەينىڭدىكى قارىغايدەك ئادەممەن ! ...

— ھەي ئاقساقال، — دېدى باتىرغازى مىيىقىدا كۈلۈپ، — چۆل بورانلىرىدا قامغاقتەك دومىلاپ يۈرگەن ئادەم ئۆزىگە قانداقمۇ خەلقنى ئەگەشتۈرەلىسۇن. زورلۇق، مەجبۇرلاش — بولدۇرۇپ قالغان ئات بىلەن سەپەرگە چىققىشقا ئوخشايدۇ، ئۇ ھامان يولدا قالىدۇ.

ئوسمان چىشىنى چىشىغا بېسىپ تۇرۇپ ئاخىرقى سوئالىنى سورىدى:

— سەنلەرگە قورال بېرىۋاتقان كىم؟

— گومىنداڭ.

— جىنىدى ! ئېسىڭ بارمۇ سېنىڭ؟ ... مەن نېمىنى سوراۋاتىمەن؟

— بىلىۋاتىمەن، بىراق سىزگە چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا توغرا كەلدى: دەسلەپتە بىز گومىنداڭدىن يەتتە ماشىنا قورالنى قولغا چۈشۈردۇق، لېكىن بۇ تەۋرەپ كەتكەن خەلققە يېتىشمىدى.

— جۆيلۈمە !

باتىرغازى توختىماي سۆزلەپ كەتتى:

— ئالتايدىكى گېنېرال ۋەن تەسلىم بولغاندا، قانچىلىك قورال - ياراغنى قولغا چۈشۈرگىنىمىزنى بىلمەس بولۇۋالدىڭىزمۇ؟ ئاشۇ ئەسىرلەرنى تارباغاتايغا يالاپ ئاپارغۇچە، سىزنىڭ لەشكەرلىرىڭىزنىڭ ئۆلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى، ئاغزىدىكى ئالتۇن چىشلىرىنى، قوللىرىدىكى سائەتلىرىنى

بۇلىۋالغانلىقىنىمۇ بىلەرسىز؟ ...

— توختا !

— شىخودا، جىڭدا قانچىلىك قورالالارنى، زەمبىرەكلەرنى، تانكىلارنى قولغا چۈشۈرگىنىمىزنى بىلمەمسىز؟ تېخى غۇلجا ئايرودرومىدىكى ئايروپىلانلارنىچۇ؟...

— توختا !

— مايتاغدىن، دۆربىلجىندىن، ئالتايدىن قانچىلىك گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ تولۇق قورالى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىز تەرەپكە ئۆتكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ ...

— توختا ! ئۇر ئاغزىغا !

قامچىنىڭ زەھەرلىك تىلى ئۇنىڭ ئاغزىغا «تاراس» قىلىپ تەگدى ـ دە كالپۇكى يېرىلدى...

قابباس مۇپتىنىڭ ساقاللىرى تىترەپ كەتتى، ئوسمان مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك يېنىپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇرۇپ سورىدى:

— مۇپتى، بۇنىڭغا قانداق جازا بېرىش كېرەك؟

باياتىن بېرى نېمە قىلىشنى ئويلاپ ئولتۇرغان مۇپتى دەررۇ جاۋاب بەردى:

— مۇنداق قىزىل جاھانگىرلارنى، ئۇنىڭ ئەۋلاد ـ پۇشتىلىرىنى ئوتقا بېسىپ، كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورۇۋېتىش كېرەك، باتۇر.

ئۇ ئۆز جاۋابىدىن ئوسماننى قالتىس خۇشال قىلىمەن دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ئوسمان ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، ۋارقىرىدى.

— دۆت ! دۆتسەن... ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى جازالىرىنى بىلمەيسەن، بىلەمسەن، مۇنداق ئۆزىنى بىلمىگەن مۇناپىقنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈش كېرەك !

باتىرغازى ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قابباس مۇپتىغا ئېيتتى:

www.uyghurkitap.com

— ھەي، ئاڭقاۋ مۇپتى، ئۆز باشلىقىڭغا شۇنچە يىل ئەگىشىپ يۈرۈپ، تېخىچە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشنى بىلمەيسەن، ساڭا ئېچىنىمەن، ئۇۋال ساڭا بىچارە...

ئوسمان باتۇرغازىنىڭ ئۆزىنىمۇ، مۇپتىنىمۇ مەسخىرە قىلمۇۋاتقانلىقىغا غەزەپلىنىپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— ئات قوۋرۇقىغا باغلا!

ھازىر بولغان ئىككى باندىت يۈگۈرۈپ كەتتى. ئوسمان قامچىسى بىلەن ئۇنى بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. قامچا ئىزلىرى لازا سۈيى قۇيغاندەك ئېچىشىپ، ئاغرىپ كەتسىمۇ، ئۇ «ۋاي» دېمۇ قويماي مەردانە تۇراتتى ۋە ئاخىرقى سۆزلىرىنى خۇددى تاپانچىنىڭ ئوقىدەك تاراسلىتىپ ئاتتى:

— بىلىپ قويغىنكى، ئاقساقال، تارىخ ساڭا ئاللىقاچان ھۆكۈم ئاتا قىلغان، ساڭا ئىككى يول بار، ئامال يوقكى، ھەر ئىككىسى ئۆلۈم يولى. بىرى، سەن ئۆزۈڭنى ھازىرلا گومىنداڭنىڭ قوچىقىغا ئاتىسەن، كېچىكىپ يوق قىلىنىسەن، بىراق نامەردلىك بىلەن ئۆلگەن بولىسەن؛ يەنە بىرى، بىزگە قارشى ئاتلىنىپ چىققانىكەنسەن، بىز بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىپ ئۆلگىنىڭ تۈزۈك. ئۇنداقتا بۇرۇنراق ئۆلىسەن، لېكىن ھەرھالدا مەردلىك بىلەن ئۆلگەن بولىسەن، قايسىسىنى ماقۇل كۆرسەڭ، قېنى، ئۆزۈڭ تاللا! ...

بۇ گەپ ئوسماننىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى ۋە تېرى تۈرۈلدى - دە، بۇيرۇقىدىن يالتىيىپ، قوۋرۇققا چىگىش ئۈچۈن ئەكەلگەن ئاتقىمۇ قارىماي، باتۇرغازىنى ماۋزۇرى بىلەن ئېتىۋەتتى. نېرىدىكى ياغاچ ئۆيىنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئۇنى پۈتۈنلەي ئاشكارا كۆرۈپ تۇرغان يەنە بىر توقۇن ۋارقىرىۋەتتى:

— ئىپلاس قاتىللار! ئاھ... باتۇرغازى! ...

قارىغاينىڭ يېنىدا قېلىن كىرپىكلىرى كۆزىنى يېرىم ياپقان، يۈزى ئاپپاق، بۇرنى ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق گۈزەل قازاق يىگىتى باتۇرغازى ئۇخلىسىغا ياتاتتى. قارىغاي شاخلىرى

ئارىسىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرلىرى ئۇنىڭ يۈزلىرىدە ئوينايتتى، تاغ شامالىلىرى پېشانىسىگە يېپىلغان چاچلىرىنى سىلاپ يەلپۈپ ئۆتمەكتە ئىدى.

ئوسمان ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئۇزاق قارىدى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى:

— كېلىشكەن يىگىت ئىكەن، ئامال يوق، ئۆزىگە ئۆزى ئۆلۈم بۇيرۇدى. ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىدى... — ئۇ بىردىنلا باتۇرغازىنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىغان سۆزلىرىنى ئويلاپ قالدى - دە، بىرنەرسىدىن سەسكىنىپ كەتكەن ئادەمدەك ئەندىكىپ ۋارقىرىۋەتتى:

— بۇ ئوڭماغاننى ئاپىرىپ تاشلا! ... ئۆلۈكىنى قاغا - قۇزغۇنلار يېسۇن!

باتۇرغازىنى ياغاچنى سۆرىگەندەك سۆرەپ ئەكەتتى.

— ئەمدى هازىر ۋارقىرىغان سارتنى ئاچىق، — دېدى ئوسمان كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ.

جازالاش ئۆيىدىن تۇتقۇننى هەيدەپ چىقتى. جازالاش ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن بۇغداي ئۆڭلۈك، دۈپدۈگىلەك قارا كۆزلۈك، ئۆڭسۈلى ئۆچكەن كىچىك بىر بالا تۇتقۇننى كۆرۈپ، تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىق ياش ئىدى. تۇتقۇن بالىغا بىر قاراپ قويدى - دە، ئۆتۈپ كەتتى ۋە كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇرغان ئوسماننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ئوسمان ئېغىر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى:

— ماڭا باش ئېگەمسەن ياكى سەنمۇ ئاۋۇنىڭغا ئوخشاش ئۆلۈمگە ماڭامسەن؟ ... — دەپ سورىدى ئوسمان، — گەپ قىل، كېكەچتەك تۇرىسەنغۇ!

— باش ئېگىش؟ — ئاچچىق كۈلدى تۇتقۇن، — ئەلۋەتتە ئۆلۈمگە ماڭىمەن، — ئۇنىڭ ئاۋازى مەردانە ئىدى ۋە ئوسمانغا قارىماي سۆزلەيتتى.

www.uyghurkitap.com



ئوسمان ئۇنىڭ بېشىدىن تارتىپ تا ئايىغىغىچە ــ تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئىششىپ كۆكىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە، يول ـ يول بولۇپ تىتىلغان بەدەنلىرىگە، قۇلاق چۆرىلىرىدىن تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان قانلىرىغا، ياش يۇقى كۆزلىرىگە قارىدى ـ دە، بېشىنى ئېغىر هالدا لىڭشىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ــ سېنىڭ شۇنچە قىيناشقا چىداپ سىر بەرمىگىنىڭ ئاخىر سېنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ، ياش ئىكەنسەن، خەير، لېكىن بىزدىن رەنجىمە يىگىت .. يىغلىغىنىڭ ئەمدى بىكار...

ــ مەن سېنىڭ قىيناشلىرىڭغا يىغلىغىنىم يوق، ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈمگە ماڭغىنىمغىمۇ يىغلىغىنىم يوق، پەقەت جەڭگىۋار سەپدىشىمنىڭ بىئەجەل ئېتىلغىنىغا يىغلىدىم. بۆرە ــ يىرتقۇچ هايۋان، لېكىن سەن ئۇنىڭ بالىسىنى ئېتىپ باققىنا، ئۇ قانداق يىغلايدىكىن، مەن ــ ئادەممەن ـ دە، ئادەمدە ئېچىنىش، ئەلەم تۇيغۇلىرى بولمامدۇ، ئىنساندا دوستقا مېھىر ـ مۇهەببەت، دۈشمەنگە غەزەپ ـ نەپرەت بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن؟ !

ــ سۆزۈڭ ئورۇنلۇق يىگىت، ــ دېدى ئوسمان ۋە ئەتراپتا تۇرغانلارغا كايىپ يەنە مۇنداق دېدى، ــ كۆردۈڭلارمۇ، قولۇڭغا قورال ئالساڭ مانا مۇشۇنداق جەڭچى بول، بولمىسا يوق بول ! بىر ئېغىز سىر بەرمەي بەرى ئۆلۈمگە كېتىۋاتىدۇ، بۇلار قانداق ئەسىر؟ بىزنىڭكىلەر قانداق ئەسىر؟ بىزنىڭ بەرى سىرىمىزنى ئېيتىپ بولغان، بەرى ئۆلۈمدىن قورقىدۇ، بەرى توخۇ يۈرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن تاغمۇ تاغ، چۆلمۇ چۆل قېچىپ ـ پېتىراپ يۈرۈشىسەن... هەي يىگىت، ــ دېدى ئوسمان تۇتقۇنغا، ــ بىزگە ئېيتىدىغان ئاخىرقى سۆزۈڭ بارمۇ؟

ــ بار، ــ دېدى تۇتقۇن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ــ مېنى تېزرەك ئاتقۇزۇۋەت ! ...

ــ يارايسەن، مانا بۇمۇ بىر مەردلىك، خوش، بالا، بايىقىسى باتىرغازى دېگەن قازاق ئىدى، سەن سارتنىڭ ئېتى نېمە؟

— مېنىڭ ئېتىم نادەم، ناسىر دېگەن ئۇمۇر بويى ئادالەتسىزلىككە بوي بەرمىگەن باتراقنىڭ بالىسىمەن !

— يارايسەن، بايىقى ئىككىڭنىڭ نامى مېنىڭ قوشۇنۇم ئىچىدىمۇ ياشايدۇ، — ئۇ نادەمگە مىلتىقىنى تەڭلەپ تۇرغان لەشكىرىگە بۇيرۇق قىلدى، — بار، ئات، ئاشۇ قىرغا ئاپىرىپ ئات، سايىنىڭ تاپىنىغا چۈشۈپ كەتسۇن، ئۆلۈكىنى قاغا ـ قۇزغۇنلار يەپ كەتكۈچە ئېقىپ كەتسۇن.

نادەمنى سايىنىڭ قىرىغا ئاپاردى ـ دە، ئاتتى. ئۇ ئىككى پاي ئوق بىلەن يىقىلىپ، راست دېگەندەكلا سايىنىڭ تاپىنىغا يۇمىلاپ چۈشۈپ كەتتى.

خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا سايىنىڭ قىرىدا پەيدا بولغان ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا قان تامغان ئىزنى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇمۇ دومىلاپ دېگۈدەك سايىنىڭ تاپىنىغا چۈشتى ـ دە، ھاسىراپ ئەتراپىغا قارىدى. ئۇ سۇنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا، دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىدە، بايىقى ئېتىلغان ئادەمنىڭ ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ! ئۇ ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۇنىڭغا تېز يېتىشىۋالدى. قولىغا تاياق ئېلىپ سۇغا چۈشتى. ئۇنىڭ تىزىغا كەلگەن سۇنىڭ ئېقىنى تېز ئىدى. ئۇ سۇ ئىچىدە تاياقتا تايىنىپ يۈرۈپ لاكاسلاپ قالغان نادەمنى سۇدىن سۆرۈۋالدى ـ دە، قاشقا ئېلىپ چىقتى. بالا تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ سارقىتقاندى. ئاغزى ـ بۇرنىدىن بۇلدۇقلاپ سۇ ياندى. ئۇنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ ئۇياق ـ بۇياققا ئىرغىتتى، قوللىرىنى بىر ئۇياققا ـ بىر بۇياققا تاشلاپ خېلى ئۇزاق ھەرىكەتلەندۈردى. ئاندىن پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇكۇپ، يەنە ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغانىدى، «ۋاي...» دېگەن ئاۋاز چىقتى. شۇ چاغدىلا بالىنىڭ كۆزىدىكى پەرىشانلىق يېتىپ، يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈردى. بالا ئەمدى ئۇنىڭ ئوق تەگكەن يېرىگە سەپسالدى: بىرىنچى ئوق مۈرە سۆڭىكىنىڭ ئاستىدىن كىرىپ، تاغاقنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى تېشىپ ئۆتكەن.

ئىككىنچى ئوق تىزىنىڭ تۆۋىنىدىكى بۆلجۈك گۆشنى تېشىپ كەتكەنىدى. ئوق تەگكەن يەردىن تېخىچىلا قان سۇس ئېقىپ تۇراتتى. بالا كۆڭلىكىنىڭ ئالدى پېشىنى «جارتلا» قىلىپ يىرتتى. شۇ چاغدا ياردار نۇرسىز كۆزلىرىنى كۈچ بىلەن ئېچىپ، كۆڭلىكىنىڭ بىر پارچىسىنى تۇتۇپ تۇرغان كىچىك بالىنى كۆردى ۋە ئۇنى قەيەردىدۇر، بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى، ئاخىر ئۆزىنى ئېتىشقا ئەكېتىپ بارغاندا غىل - پال كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

— ئاۋۋال كىيىمىمنى يېشەيلى، — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن.

بالا ئۇنىڭ ئوق تەگكەن يېرىنى تېڭىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مۇنداق دېدى:

— قېنى ئەزىمەت، بىر يەرگە تېز مۆكۈنەيلى، كۈپكۈندۈزى مۇنداق ئوچۇقچىلىقتا يېتىش خەتەرلىك.

بالا سايىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر ئۆڭكۈرنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى، ئۇ ياردارنىڭ قولىغا تاياق تۇتقۇزۇپ، ئاندىن ئۇنى يۆلىدى. ئۇ بىر قولى بىلەن بالىنىڭ مۈرىسىگە تايىنىپ، ئىككىنچى قولىدىكى تاياقنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ قەدىمىنى يۆتكىدى. ئۇلار سۇ ياقىسىدىكى چاتقاللىقلار ئارىسىدىن يۇرۇشكە باشلىدى. ئۇ ھەربىر قەدىمىنى ئاۋايلاپ - ئېھتىياتلىق بىلەن باساتتى. ئالاھازەل ئۈچ يۈز مېتىردەك ئارىلىقنى باسقاندىن كېيىن، چاتقاللىقتا ئىلىنىپ قالغان بىر جۇۋا ئۇچراپ قالدى.

— مانا كۆردۈڭمۇ، — دېدى ئۇ بالىغا، — بىزگە بۇنى ئاسماندىن پەرىشتە تاشلاپ بەردى.

بالا خۇشاللىقىدا ئىتتىك بېرىپ جۇۋىنى ئالدى - دە، ئۇياق - بۇيېقىغا قارىدى. جۇۋىنىڭ بىر يېڭى، بىر پېشىنىڭ يېرىمى يوق ئىدى. يانچۇقىدىن ناسۋال سېلىنغان بىر كىچىك بوتۇلكا چىقتى.

ئۇلار ئېغىر چامداپ سەپىرىنى داۋام قىلدى. ئۇنىڭ مانا

www.uyghurkitap.com

ئەمدىلا بالىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە خەيرخاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى:

— مېنىڭ يول باشلىغۇچىم، ئەمدى تونۇشايلى، ئىسمىڭ نېمە؟ — دېدى ئۇ بالىغا قاراپ.

— تاۋۇقمش.

— مېنىڭ ئىسمىم نادەم، كىمنىڭ بالىسى سەن؟

— مۇلداغەلىنىڭ.

— داداڭ نەدە؟

— دادام ... دادامنى ئۇلار ئېتىۋەتكەن...

نادەم ھەيران بولۇپ سورىدى:

— كىم ئېتىۋەتكەن؟

— سىزنى قىيىنىغان باندىتلار.

— ھە، مۇنداق دە.

— باندىتلار قايسى كۈنى سىلەرنىڭ بىر ئادىمىڭلارنى تۇتۇۋېلىپ، باغلاپ ئەكەلدى، سىزدىن سورىغان سوئاللارنى ئۇنىڭدىنمۇ سورىدى، ئۇ پەقەت سۆزلىمىدى. جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن، تۆمۈرنى قىپقىزىل قىزىتىپ، مېنىڭ دادامغا: «ئۇنىڭ كۆكسىگە باس» دېدى...

— داداڭ باندىتلار ئارىسىدىمىدى؟ — دەپ بالىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سورىدى نادەم.

— دادامنى ئەسكەر بولمىساڭ، ئېتىۋېتىمىز، دەپ مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىۋالغان، ئوسماننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپى مىلتىقتىن قورقۇپ قوشۇلغانلار، دادام قىزىغان تۆمۈرنى بېسىشقا ئۇنىمىغاندا، باشلىق تاپانچىسى بىلەن دادامنى ئېتىۋەتتى...

بالىنىڭ كۆز چاناقلىرىغا تولغان ياشلىرى تامچىلاشقا باشلىدى.

— بولدى، كۆڭلۈڭنى بۇزما ئىنىم، داداڭنىڭ ئۆلۈمى يامان ئۆلۈم ئەمەس ئىكەن.

— ئادەملەرنى قىيناپ ياشىغۇچە، — دېدى تاۋقىش كۆز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، — ئۆلگەن ياخشى ئەمەسمۇ، نادەم ئاغا!

بۇ كىچىككىنە بالىنىڭ سۆزلىرىدىن نادەم قاتتىق تەسىرلەندى ۋە ئۇنىڭ يادىغا ئەخمەتجان قاسىمى ئېيتقان مۇنۇ سۆز كەلدى: «ئادەم ئۇرۇش - قىيناش — پۈتۈن ۋەھشىيلىك، ھاقارەت قىلىش — يېرىم ۋەھشىيلىك.» بۇ ۋەھشىي، قارا كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە، بۇ خۇلاسىنى مۇشۇ كىچىككىنە بالىمۇ چۈشەنگەن. تاۋقىش نادەمنىڭ نەزىرىدە بارغانسېرى ئۆلغىيىپ، ھۆرمەتلىك، ئەقىللىك بىر ئادەمگە ئايلىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى جىمجىتلىققا چۆكۈپ، ئاستا ماڭدى. ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىمۇ، يول ئازابىمۇ ئۇنتۇلماقتا ئىدى.

ئىككى چاقىرىمدىن كۆپرەك ئازابلىق سەپەردىن كېيىن ئۇلار ئۆڭكۈرگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئۆڭكۈر ئىككى ئادەملا ئەمەس، ئۈچ - تۆت ئادەم سىغقۇدەك چوڭ ئۆڭكۈر ئىدى. نادەم ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە سالدى. تاۋقىش ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە جۇۋىنى يېيىپ، نادەمنى ئاۋايلاپ ياتقۇزدى - دە، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سىقتى ۋە يېيىمىش ئۇچۇن تاشقىرىغا ئېلىپ ماڭدى.

— توختا، تاۋقىش، — دېدى نادەم بېشىنى كۆتۈرۈپ، — سىرتقا يېيىشقا بولمايدۇ.

تاۋقىش نادەمنىڭ نېمىشقا شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەنىدى:

— بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمەيدۇ، نادەم ئاغا، كەينىمىز ئېگىز تاغ، ئالدىمىز چوڭقۇرلۇق، بۇ يەردە ھايۋانلار ئىزىدىن باشقا يول يوق.

— ياق، بولمايدۇ... بۇ ئىشتا سەن ماڭا بويسۇنۇشۇڭ كېرەك.

تاۋقىش كىيىملەرنى ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا يايدى.

نادەم سۇنايلىنىپ ياتتى. بۇگۇن ئاچلىقتىنىڭ ئىككىنچى كۇنى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزى قاراڭغۇلىشاتتى، يۈرىكى تۆۋەن تارتاتتى. بەدىنىدىن قانچىلىك قان كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى، چىرايى ئاقىرىپ ـ تاتىرىپ كەتكەنىدى. ھازىرغۇ كۇن ياخشى، بىراق تاغ ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان، تۇيۇقسىز قار چۈشۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، ئۇنىڭ قايقارا پارقىراپ تۇرىدىغان چىگرىن ئۆتۈكىگە باندىتلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ سالدۇرۇۋالغان، شۇ تاپتا ئۆزىنىڭمۇ، تاۋقىشنىڭمۇ پۇتى يالاڭ ئاياغ، ئۆز قىسمىغا قانداق يېتىۋېلىش ئۇنى قىينايتتى، ئازابلايتتى...

قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئەتراپتا گويا ئۆلۈم جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرگەندە، ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقتى.

— قېنى، مېنىڭ يول باشلىغۇچىم، يولۇڭنى باشلا!

ئۇلار كۇنچىقىشقا قاراپ ماڭدى، ئۇ بىر قولىدا تاۋقىشنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ، ئىككىنچى قولىدىكى تاياققا تايىنىپ قەدىمىنى ئاستا يۆتكەيتتى. تاغ ھاۋاسى سوغۇق، ئاچچىق شامال ۋىژىلداپ يۈزلەرگە سانجىلىپ ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ يولىغا پەقەت يۇلتۇزلار غۇۋا نۇر چاچاتتى. قەدەملەر ئېھتىيات بىلەن تاشلىناتتى. ئۇزۇندىن بېرى يالاڭ ئاياغ يۈرۈپ باقمىغان نادەم ئايىغىنى ھەر قېتىم باسقاندا، بىر ئەندىكەتتى. چۈنكى، ساي بويىدىن ئۆڭكۈرگە كەلگۈچە ئۇنىڭ تاپانلىرىدىن سۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. ئاۋايلىغانسېرى ئوق تەگكەن يەرگە چاتقاللار ئۇرۇلۇپ جېنىنى قاقشاتقان، شۇڭا ئۇلار بىر سائەتتە ئاران بىر كىلومېتىردەك يول باستى.

ئىككىسى شۇنداق تەمتىلەپ كېتىپ بارغاندا، يىراقتىن ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى.

— كېلىۋاتىدۇ، ئاڭلاۋاتامسەن؟ — دېدى نادەم توختاپ، — كىم بىلىدۇ، بىزنىڭ رازۋېدكىچىلارمۇ تېخى...

— يول يۇقىرىدىن ئۆتىدۇ، — دېدى تاۋقىش، — سىز ماۋۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن بايقاپ كېلەي.

— سەن بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى بۇ كېچىدە تونۇيالامسەن؟
— نېمىشقا تونۇمايمەن، كېچىدە كۆرۈنگەن نەرسىنى كۈندۈزى كۆرگەندەك كۆرەلەيمەن، مەن دادام بىلەن كېچىدە كۆپ قېتىم مال ئىزدىگەن...
ئادەم كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى.
— ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى بالا جىددىي قىياپەتتە، — سىلەرنىڭ ئادەملىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كىيىمى ئوخشاش، ئاتلىرىڭلارنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىمۇ بىر خىل، يەنە دەپ بېرەيمۇ؟ ئاتلىرىڭلارنىڭ يۈرۈشى بىر خىل ئەمەس...
بالا شۇنداق دېدى - دە، تېزلا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ خۇددى كېپىنەكلەردەك چاتقاللار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ، چەبدەسلىك بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئادەم ئۇنىڭ يۈرۈشلىرىگە زوقلىنىپ رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قالدى.
ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى، ئادەم ئۈمىد بىلەن شۇ ياققا قاراپ تۇراتتى.
تاۋقىش قايتىپ كەلدى:
— باندىتلار ئىكەن.
— غەيرەت قىلايلى، تاۋقىش، ماڭايلى، — دېدى ئادەم تاياققا تىرىلىپ تەسلىكتە تۇرۇپ.
— مەن ھارمىدىم، ئادەم ئاغا، سىزگە قىيىن بولدى، ئەگەر چوڭ ئادەم بولغان بولسام سىزنى ھاپاش قىلىپ بۇنىڭدىنمۇ ئىلدام ماڭالايتتۇق.
— غەيرىتىڭگە بارىكاللا، تاۋقىش، لېكىن چىداش كېرەك.
سەپەر داۋام قىلدى، سۇبھى كۆتۈرۈلگەندە ئۇلار مېڭىشتىن توختاپ، تاغ باغرىدىكى بىر دالدىلىق يەرگە كىرىپ ياتتى، ياخشىسى، بۇ يەرنىڭ ئالدى قويۇق ئارچىزارلىق بولۇپ، ئۇلارنى يوشۇرۇپ تۇراتتى.
ھەر ئىككىسىگە قاتتىق ھاردۇق يەتكەن، ئۇيقۇسىمۇ تازا كەلگەن، بىراق سوغۇق شامال گۈركىرەپ ئۇرۇپ، ھەر

ئىككىسىگىمۇ ئارام بەرمەيتتى. بولۇپمۇ نادەمنىڭ يارىلىرى زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى، ئاغرىق شۇنچىلىك ئەدىدىكى، ئۇ جېنىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. بالىغا تۇيدۇرماسلىق ئۈچۈن لېۋىنى چىشلەپ يېتىۋالدى.

— سەن جۇۋىنى يېپىنىپ ئۇخلاۋەر، تاۋقىش، مېنىڭ ھېچ ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس، — دېدى نادەم بىرھازادىن كېيىن.

تاۋقىش نادەمنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ يۈزىنىڭ ئاپپاق ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى، كۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ نۇرسىزلانغانلىقىنى ۋە شۇنچە سوغۇقتا پېشانىسىدە قوناقتەك ـ قوناقتەك تەر تامچىلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ غەيرەت قىلىپ قاتتىق ئاغرىققا چىداپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. بالا خۇددى قوقاستا پۇچىلانغاندەك تولغىنىپ كەتتى.

— نادەم ئاغا، — دېدى ئۇ ئىچى سىيرىلغان ھالدا، — مەن ساق، قاراڭا، سوغۇق شامال ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ، يارىڭىزغا سوغۇق تېگىپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ ... جۇۋىنى سىز يېپىپ ئۇخلاڭ.

بىرنەچچە قېتىم زورلاپمۇ بالىنىڭ رايىنى ياندۇرالمىغاندىن كېيىن، ئاخىر نادەم جۇۋىنى يېپىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئاغرىق ئازابىدا ئۇخلىيالمىسىمۇ، بىراق كۆزىنى يۇمۇپ تىپتىنچ يېتىۋالدى. بىر كېچە ـ كۈندۈزدىن بېرى تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ ھارغان بالا، كۆڭلى ئەمىن تاپقاندىن كېيىن تېزلا ئۇخلاپ كەتتى. نادەم ئۈستىدىن جۇۋىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ يېپىپ قويدى. ئۆزى ئاغرىق ئازابىدا تولغىنىشقا باشلىدى. يارىلىرى لوقۇلداپ ئاغرىيتتى...

چىدام — ئازابنى يېڭىدۇ. چىدامنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغانلار ئۈمىد بىلەن ياشىرىدۇ. چىدامنىڭ بەلگىلىرى كۆپ: ئېغىر ئازابقا قالغاندا، مەردلىك بىلەن قۇربان بولغانلارنى ئويلاش — بۇمۇ بىر بەلگىسى، ئۇ ئازابنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدۇ، تېتىكلەشتۈرىدۇ، غەيرىتىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئۈمىدلەندۈرىدۇ. نادەمنىڭ يادىغا باتىرغازى كېلىش بىلەن ئۇ

جىنىنى قاقشىتىۋاتقان ئاغرىق ئازابىنى ئۇنتۇشقا باشلىدى. ئۆلۈمگە تىك قادىلىپ تۇرۇش، زورلۇق بىلەن ئۆلۈم ئاتا قىلىۋاتقانلارغا قادىلىپ قاراش ۋە ئۇلارنى مەنسىتمەي، مەسخىرە قىلىش، ئۆلۈمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى زىدە قىلىش ئۇنىڭ سەپدىشىدىكى ئەڭ ئالىي خىسلەت ۋە ئەڭ ئالىي چىدام! «ئىنسانلار دۇنياغا ياخشى ياشاش ئۈچۈن كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشسە، خۇشال بولىدۇ، — دەيتتى نادەم ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، — لېكىن شۇنداق ياشاش يولىدا كېرى كەلگەندە قۇربان بولۇشقا رازى بولۇش — بۇمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش. مەن ئۆزۈمنى، باشقىلارنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ياشاۋاتىمەن، باتىرغازى شۇنداق ياشىدى، ئۇنىڭ قىسمىتىدىن سەپداشلىرى قايغۇرسىمۇ، خىسلىتىدىن خۇشال بولىدۇ. شۇ تاپتا رەيھانىنىڭ بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى قاندۇر، سەپداشلىرىم قايغۇرۇۋاتقاندا، دۈشمەنگە باش ئەگمەي، مۇشۇ ئازابلىق يۇرۇشتە ئۆلۈپ كەتسەم، ھەممىسى تېخىمۇ قايغۇرىدۇ، لېكىن ئاخىرقى نۆۋەتتە خۇشال بولىدۇ، چۈنكى مەن ئىنسانلارنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ئېگىلمەي ياشىدىم - دە! ئەگەر ۋارىسجاندەك ياشىغان بولسامچۇ؟ ھەممىسى لەنەت ئوقۇيدۇ. ئۇنداق ياشاشنىڭ نېمە قىممىتى؟! ... ئاپام مېنى سادىر پالۋاندەك ياشا، بالام، دېگەن ئەمەسمىدى، ئاپامنىمۇ رازى قىلمىسام، باللىق قەرزىم نەدە قالىدۇ؟ !...»

نادەم شۇنداق خىياللار بىلەن چۈشكىچە ئۇخلىيالمىدى، ئاغرىق ئازابىنىمۇ سەزمىدى. چۈشتىن كېيىنلا كۆزى ئاران ئېلىندى. بىراق، تاۋۇقىش ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ جۇۋىنىڭ ئۈزى ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە قاتتىق خاپا بولدى: نېمىشقا مەن يېپىنىۋالدىم - ھە؟ ئابايا زورلىغاندا ماقۇل دەپتىمەن - دە، ئىسىت، مېنىڭ نەرىم ئادەم؟ بالا جۇۋىنى ئېلىپ نادەمگە ياپقاندا، ئۇ كۆزىنى ئاستا ئاچتى:

— نېمە قىلىۋاتىسەن تاۋۇقىش؟ — دېدى نادەم بېشىنى

كۆتۈرۈپ، تاۋۇقىشنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، چىرايىدىن خاپىچىلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

— مەن ئادەم ئەمەس ئىكەنمەن، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ.

نادەم ئۇنىڭ نېمىگە خاپا بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ كۈلدى.

— ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئورۇنسىز خاپا بولۇۋاتىسەن، تاۋۇقىش، سەن ئۇخلاپ قالغاندا مەن يېپىپ قويغان.

بالا جىمىپ قالدى.

نادەم ئۇسسۇزلۇقتىن قورۇپ، گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويدى. لېكىن، تىلىدا لەۋلىرىنى نەملەشتۈرگۈدەك ھۆللۈك يوق ئىدى. تاۋۇقىش لىپ - لىپ ئۇنىڭغا قارىدى - دە، جۇۋىنىڭ يانچۇقىدىن ھېلىقى كىچىك ناسۋال بوتۇلكىسىنى ئېلىپ:

— نادەم ئاغا، سىز بەك ئۇسساپ كەتتىڭىز، سىزگە سۇ ئەكېلىپ بېرەي، — دېدى.

— ئۇسساپ كەتكىنىم راست، لېكىن سىرتقا چىقىشقا بولمايدۇ.

— سىز ماۋۇ تاشنى ئاغزىڭىزغا سېلىپ، تىلىڭىز بىلەن ئۇياق - بۇياققا ئايلاندۇرۇڭ، ئاغزىڭىزغا سۇ يىغىلىدۇ، مەن ھايال قالماي ئەكېلىمەن، تۆۋەندە بۇلاق بار، — تاۋۇقىش ئورۇقچىچىلىك ئىككى تاشنى ئۇنىڭغا سۇندى.

— ھاياتىمىز قىلنىڭ ئۇستىدە تۇرۇۋاتىدۇ، تاۋۇقىش، ئويلاپ ئىش قىلمىساق بولمايدۇ، يەنە ئۈچ - تۆت سائەتتىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشىدۇ. مەن ھازىر بۇ ئۇسسۇزلۇققا چىدىيالايمەن، مۇنۇ ئامالىڭ بولىدۇ، ئەكەل تېشىڭنى.

نادەم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، بېشىنى تاشنىڭ ئۇستىگە ئاستا قويدى. تاۋۇقىش جۇۋىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە ياخشىلاپ يېپىپ قويدى. سوغۇق شامال ئەدىمەكتە، ھاردۇق يەتكەن، ئەتىدىن بېرى ئاغرىق قاتتىق قىيىنغان نادەم، جۇۋىنىڭ ئىسسىقىدا ئارام ئېلىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. تاۋۇقىش شۇ

چاغدىلا ھېلىقى ناسۋال بوتۇلكىسىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئەتىراپىقا تازا زەن قويۇپ قاراپ چىقتى، ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن تۆۋەنگە ئىتتىك چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ ئۇسساپ كەتكەنىدى. بۇلاق تۇۋىگە كېلىپ، ئاۋۋال ئۆزى ئوچۇملاپ تۇرۇپ سۇزۇك بۇلاق سۈيىدىن قانغۇدەك ئىچتى. ئاندىن بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە لاي تىقىپ، ئۇنى قايتا ـ قايتا يۇيۇشقا باشلىدى.

— كىم سەن ! ...

ئويلىمىغان يەردىن تۇيۇقسىز چىققان بۇ قوپال ئاۋاز بالىنى چۆچۈتۈپ مەڭدىتىۋەتتى. ئۇ بوتۇلكىنى لايغا پاتۇرۇپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كەينىدىن — ئەللىك مېتىردەك يىراقلىقتا مىلتىقىنىڭ ئىستىۋۇلىنى يەرگە قارىتىپ تىقىمدىۋالغان، بېشىغا قۇيرۇقلۇق قۇلاقچا كىيگەن ئاتلىق باندىت ئەسكىرى تۇراتتى.

— بۇ ياقتا نېمە قىلىپ يۈرگەن بالىسەن؟

تاۋۇش ئەمدى ھودۇقماي جاۋاب بەردى:

— موزاي ئىزدەپ يۈرىمەن، ئاغا، سىز كۆردىڭىزمۇ، ئالا موزاي، بويىنىدا قىسقا چۇلۇۋۇرى بار؟

— موزىيىڭ بۇ ياقتا نېمە قىلسۇن، سۇدىن قانداق ئۆتىدۇ؟

— بىزنىڭ موزاي ناھايىتى يامان، قايسى كۈنى مۇشۇ يەردىن تېپىپ، ھەيدەپ كەتكەنىدىم.

— قوي، ئەخمەق، كەچ كىرگەندە ئۆزى بارىدۇ.

— بۇياقتا بۆرە كۆپ، يەپ قويىدۇ.

— جىنىدى بالىغۇ بۇ ... — دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە غودۇڭشىپ يۈرۈپ كەتتى ئۇ. ئۇنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن تاۋۇش بوتۇلكىسىغا سۇ ئالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى. يىراق، ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. شامال غەرب تەرەپتىن قاپقارا بۇلۇتلارنى ھەيدەپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشتى.

— نادەم ئاغا، ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى، ئەلپازى يامان، — دېدى ئۇ قايتىپ كېلىپ. ئاغرىق ئازابىدا ئۆيغىنىپ كېتىپ، تاۋقىشنىڭ يوقلۇقىدىن ئەنسىرەپ، ئەندىشە بىلەن ئولتۇرغان نادەم تاۋقىشنى كايىشنىمۇ قويۇپ، بۈگۈن كېچىدىكى يورۇشنى ئويلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى. راست دېگەندەك، پۈتۈن ئەتراپنى بۇلۇت قاپلاپ، ئاندا ـ ساندا قار ئۇچقۇنداشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن قار ئۇچقۇنلىرى ئۇلارغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئىككىسى تۇگۇلۇپ ئولتۇردى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. يەر يۈزىنى ئاندا ـ ساندا ئاقارتقان قارنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتتى، لېكىن بوراننى ئېلىپ كەتكۈدەك بىرەر كۈچ يوق، ئۇ ھېلىمۇ شىددەت بىلەن گۈركىرەپ تۇراتتى. يورۇشنى باشلاش كېرەكمۇ، يوق؟ بۇ سوئال ھەر ئىككىسىنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا ئىدى.

— نادەم ئاغا، — دېدى تاۋقىش خۇددى كۆپنى كۆرگەن كىشىلەردەك تەمكىنلىك بىلەن، — بۇنداق بوراندا مېڭىش خەتەرلىك، تاڭغىچە ھاۋامۇ ئېچىلىپ قالار، بورانمۇ توختا، ئۇ چاغدا كۈن ئىللىپ قالىدۇ، شۇ چاغدا ماڭمايمىزمۇ؟

نادەم بىر مىنۇتلۇق جىمجىتلىقتىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— مۇنداق مۆلچەرلەش قىيىن، تاۋقىش، ئەتە بەلكى بۈگۈندىنمۇ بەتتەررەك جۇت بولۇپ كېتەر، تاغ ھاۋاسىغا كېسىپ بىرنېمە دېيىش قىيىن، ئەمدى بىزنىڭ بىر ئورۇندا ئۇزاق يېتىشىمىزمۇ خەتەرلىك بولۇپ قالدى، ماڭايلى، ھەرىكەت قىلىش ئادەمدە ئۈمىد پەيدا قىلىدۇ.

جېنى ئاران قالغان نادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇ سۆزلەر بالىنى تېتىكلەشتۈردى:

— بولىدۇ، ماڭايلى، — دېدى بالا قەتئىيلىك بىلەن، — ھايۋانمۇ ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىپىرلايدۇغۇ، بىز ئادەمغۇ...

ئۇلار بىر ـ بىرىگە تايىنىپ يالاڭ ئاياغ ئاياغلىرىنى ئاستا يۆتكىدى. ئازابلىق، ئېغىر يۈرۈش يەنە باشلاندى. بوران توختىغىنى يوق، كۆز ئېچىش قىيىن، ئۇلار سەنتۈرۈلەتتى، مۈدۈرۈپ كېتەتتى. شۇ ھالدا ئۇلار تاپانلىرىنىڭ ئىششىپ كەتكىنىنى، يېرىلغانلىقىنى، قاناۋاتقانلىقىنى، يېرىلغان يەرلەرگە ئۇششاق تاش پارچىلىرىنىڭ پېتىۋاتقانلىقىنى تۇيمايتتى. مۇنداق دەھشەتلىك كېچىلەردە، ھەتتا يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ ئۆز ئۇۋۇلىرىغا كىرىپ كەتكەندۇ؟! ... لېكىن ئۇلار قەلبىدە يانغان ئىشەنچ بىلەن مەنزىلگە قاراپ ئىلگىرىلەيتتى.

ئۇلار ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. يول يۈرۈش بارغانسېرى قىيىنلاشماقتا ئىدى. بەش بارماقنى كۆزىگە تىقسىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇقتا نادىم تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، تېخىمۇ ھالسىراپ كەتتى...

— مېنى يۆلە، تېخى بىرقانچە كۈن يول باسقۇدەك مادارىم بار مېنىڭ ... — تاغ بالىسى يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى. دۇنيادا شۇنچىلىك چىداملىق ئادەملەر بولىدىكەن ـ ھە!

ئاخىر ئۇلار تاغ باغرىدىكى يوغان بىر قارا تاشنىڭ دالدىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئىككىسى تاشقا يۆلىنىپ، ئالدىنى جۇۋا بىلەن يېپىپ، يېقىن چاپلىشىپ ئولتۇردى.

بوران يەنىلا شىددەت بىلەن ئۇرۇلماقتا، لېكىن تاغ بالىسى بوران توختاپ كەتسىلا يولىمىز راۋانلىشىپ كېتىدۇ، دەپ قارا كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ئولتۇراتتى. نادىم كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدى.

تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا بوران توختىدى، تاڭمۇ ئاتتى.

نادىم بىلەن باتۇرغازىنىڭ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەتراپقا رازۋېدكىچىلار ئەۋەتىلگەنىدى. نىزامىدىنمۇ بىر گۇرۇپپا جەڭچى بىلەن قويۇق دەل ـ دەرەخلىك ساي ئىچىدىن ئالدىدىكى ئېگىز تاغقا تاراسلاپ ئۆرلەپ چىقتى. ئۇ بويىنىغا ئېسىلغان دۇربۇننى كۆزىگە تۇتۇپ، تۆت تەرەپكە تەكشى سەپسالدى ۋە غەرب تەرەپكە

قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ يېنىدىكى ھەمراھىغا دۇربۇنىنى سۇنۇپ:

— قارىغىنا، ئاشۇ قارىيىپ كۆرۈنگەن بىر پارچە تاشقا ئارا زەن قويۇپ قارىغىنا، مىدىرلاۋاتقان بىزنىڭ ئادەم بىلەن باتىرغازى بولۇپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى.

ئىككى ئاتلىق شۇ ياققا قاراپ ئوقتەك چاپتى. ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىنكى سوغۇقتا جۇۋىدىن چىقالماي، ئەتراپقا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان ئادەم، ئاتلىقلارنى يىراقتىنلا تونۇدى:

— قارا، تاۋقىش! بىزنىڭكىلەر! ... ئەنە بىزنىڭكىلەر!

— يېتىپ كەپتىكەنمىزغۇ! ... — دېدى تاۋقىشمۇ ھاياجانلىنىپ.

ئالدىدا ئىككى ئاتلىق، كەينىدىن نىزامىدىن باشلىغان جەڭچىلەرمۇ تاراسلاپ يېتىپ كېلىشتى. نىزامىدىن ئاتتىن چۈشتى ـ دە، تاۋقىشنىڭ يۆلىشى بىلەن ئاران ـ ئارانلا ئورنىدىن تۇرغان ئادەمگە ئۆزىنى ئاتتى:

— ئادەم! ... ئادەم! ... بارمۇ سەن! ...

ئادەمنى كۆرۈپ جەڭچىلەرنىڭ كۆز چاناقلىرى ئاللىقاچان ياشقا تولغانىدى. ئۇنىڭ چىرايى تېگى ـ تېگىدىن سىرىلىپ قان دىدارى قالمىغان، مەڭزىلىرى ئورۇپ چاپلىشىۋەتكەندەك ئىچىگە كىرگەن، قولاق چۆرىلىرىدە قان داغلىرى، پەقەت ھالسىز كۆزلىرىنىڭ پىلدىرلىشىلا ئۇنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

— باتىرغازى قېنى؟ — سورىدى پولكوۋنىك تاقەتسىزلىنىپ، ئۇ ھېچقاچان مۇنداق تاقەتسىزلەنمىگەن...

ئادەم تاۋقىشنى كۆرسەتتى:

— مانا، باتىرغازىنىڭ ئىزباسارى، — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — ئۇ قۇربان بولدى... ئوسمان ئۆز قولى بىلەن ئېتىۋەتتى...

نىزامىدىننىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش ئىختىيارسىز ئېتىلىپ چىقتى ۋە مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى... بۇ ئۇنىڭ ئۆرۈش

ئىچىدىكى بىرنەچچە يىللىق ھاياتىدا ئىككىنچى قېتىم يىغلىشى ئىدى.

*　　*　　*

شىمالىي فىرونت گېنېرال ئىشتابىغا غەلىبە خەۋەرلىرى ئارقا ــ ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى:

ئۈندىرقارادىن خەۋەر:

ــ بۇ يەردىكى ئوسمان باندىتلىرى بىز بىلەن قاتتىق تىركىشىپ، كۆپ چىقىم تارتقاندىن كېيىن چېكىنىپ كەتتى!

كورتودىن خەۋەر:

ــ بۇ يەردىكى باندىتلار ئاساسىي كۈچىدىن ئايرىلىپ، قوقبارتاسقا چېكىنىپ كەتتى!

قوقبارتاستىن خەۋەر:

ــ باندىتلارنىڭ تەڭدىن تولىسى يەر بىلەن يەكسان قىلىندى، ئاز قىسمى قېچىپ كەتتى!

ئۈلانبۇلاقتىن خەۋەر:

ــ ئۈچ يۈز باندىت يوق قىلىندى، يۈزدىن كۆپرەكى ئەسىر ئېلىندى، سەكسەن نەچچىسى يوقاپ كەتتى!

...

ئالتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي ھەرىكەت قىلىۋاتقان باندىتلارنىڭ ئاساسىي كۈچى يوق قىلىنىپ، بىر قىسىم قالدۇق كۈچلىرى بەيتىككە چېكىنىپ كەتتى.

بەيتىك باغرى ئوسمانغا جۇددى مېھرىبان ئانا قۇچىقىدەك تۇيۇلدى، جېنى يايراپ قۇۋاندى... بەيتىكنىڭ شاماللىرى ئۇنى ئەركىلىتىۋاتقاندەك، باش ــ كۆزىنى سىلاۋاتقاندەك: قورقما، بالام، بۇ پايانسىز يەرلەرنىڭ خوجايىنى سەن، پەقەت سەن! جاڭ باتۇرغا يۆلەنسەڭ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، جەنۇبى پۈتۈنلەي ساڭا

تەۋە بولىدۇ، دەۋاتقاندەك بىلىنىدى. ئۇ ئەركىن نەپەس ئالدى - دە، بىرقانچە ئايدىن بېرى خۇددى كۆچلۈك بوراندا قالغان قامغاقتەك دەشت - دالالاردا دومىلاپ يۈرگەنلىرىنى ئۇنتۇدى، ئۇ ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى بۇ يەردىن ئىككى يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گۇچۇڭغا — گومىنداڭنىڭ بىرىنچى ئاتلىق دىۋىزىيەسى تۇرۇۋاتقان جايغا تىكتى. تىكىلگەنسېرى ئۈمىدى ئېشىپ، ئاشۇ ئاتلىق دىۋىزىيە گويا چېپىپ - ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك بىلىندى - دە، ئۇنىڭ قىيسىق كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى...

ئوسمان بەيتىككە چېكىنىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يېتىپ كەلگەن لەشكەرلىرى مىڭغا يەتمىدى. شۇڭا، ئۇ لەشكەر باشلىقلىرىنى يىغىپ مۇنداق دېگەنىدى:

— ماڭا ئىتائەت قىلغۇچىلار ئالتاي تەۋەسىدە سان - ساناقسىز، مېڭىڭلار، مىختا بولۇڭلار، ماڭا ئەگىشىدىغانلار تېز يېتىپ كەلسۇن...

«... مەن شېڭ شىسەي بىلەنمۇ، مۇنۇ قالماقلار① بىلەنمۇ ئېلىشقان، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكەن، — دەپ تىت - تىت بولۇپ ئويلايتتى ئۇ، — بۇ قارىلار نېمانچىلا قورقۇمسىز... خۇددى مەندەك باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ - ھە ! ...»

ئوسمان قوشۇن توپلاش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە، قوشۇنلىرى بىر مىڭ بەش يۈزدىن ئاشمىدى. بۇ مۆلچەردىن بەك تۆۋەن ئىدى.

— مەن خۇدا يولىدا تەرىقەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئادەم تۇرسام نېمىشقا كۆپ كەلمەيدۇ، — دەپ تېرىككەنىدى ئۇ. لېكىن، مۇشۇ بىر مىڭ بەش يۈز ئادەمنىڭ ئوزۇقلۇقىمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابىغا، گۇچۇڭدىكى بىرىنچى ئاتلىق دىۋىزىيەگە ئارقا - ئارقىدىن قۇتقۇزۇش ئاشلىقى سوراپ

① مۇنۇ قالماقلار — تاشقى موڭغۇلىيەنى دېمەكچى.

تېلېگراممىلار ئەۋەتىلدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر، ئۇلار بىر جىڭمۇ ئاشلىق ئەۋەتىپ بەرمىدى.

چىگىچ خىياللاردىن ئارامسىزلىنىپ، تاش ئۈستىدە ئولتۇرغان ئوسماننىڭ يېنىغا قارا جاباغىدىكى ئۈرۈشتا يۈتىغا ئوق تەگكەن لاتىپ ئاسقاقلاپ كەلدى!

— قوشۇنلارنىڭ ئوزۇقلۇق مەسىلىسى قىيىن بولۇۋاتىدۇ، ئۈسەكە①، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئۇ.

— نېمىدىن قورقىسەن، تاغدا ئاچ قېلىپ ئۆلگەن قازاقنى كۆرگەنمىدىڭ؟ ئاۋۇ قالماقلارنىڭ ماللىرىنى ھەيدەپ كەلمەمسەن، — ئوسمان ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ يەنە مۇنداق دېدى، — سەن ئىككى پارچە خەت ياز، بىرىنى ئۈرۈمچى ۋالىيسى خادىۋاڭغا، يەنە بىرىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى قازاقلارغا، مۇسۇلمانلارغا ياز. ئۇلار نېمىشقا بىزنى قوللىمايدۇ، كۈچ بەرمەيدۇ... نېمىشقا مۇسۇلمانچىلىقىقا يەتمەيدۇ؟ ...

لاتىپ ئوسماننىڭ يۈزىگە سەپسالدى: ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرلىرى خۇنۇكلەشكەن، قارامتۇل چىرايى كۆكەرگەن، يۈزىدىن ئېغىر دەرد، ھەسرەتلىك ئالامەتلەر چىقىپ تۇراتتى.

ئوسماننىڭ ئالدىغا ياش بىر يىگىت كەلدى:

— ھۆرمەتلىك باتۇر، سىزنى ئىككى مۇخبىر خېلىدىن بېرى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— ئالدىرىمىسۇن.

لاتىپ ئويلاپ قالدى: مۇشۇ سەرسانچىلىقلارنى ئوسمان ۋە ئۇنى بۇرنىدىن يېتەكلىگەن گومىنداڭ چىقىرىۋاتىدۇ، نېمىدېگەن قىرغىنچىلىقلار بۇ ... مەن بۇنىڭغا قانداق قىلىپ ئەگىشىپ قالدىم - ھە، ئالتايدا دەللىقان ۋالىي، مەن مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەمەسمىدىم... مانا ئەمدى دەللىلقان بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىمىز...

---

① ئۈسەكە — ئوسماننى ھۆرمەت ۋە يېقىنچىلىق بىلەن ئاتاش.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ دانىخورەك ۋە پۇرچاقتەك ـ پۇرچاقتەك بۇدۇر ـ چوقۇر باسقان يۈزىنى ئەلەملىك ئۇچقۇنلار قاپلىدى.

ئوسمان ئېرەنسىزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

چېدىر ئىچىدە نەنجىڭدىن كەلگەن ئىككى مۇخبىر ئوسماننى بىر سائەتتىن بېرى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرسى، قارا قاش، ئۇزۇن بويلۇقى ئوسماننى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلغان، سۆھبەتلەشكەن بولۇپ، بۇ ئۇچىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. يەنە بىرسى، پاكىنەك پۈچۈق بۇرۇنلۇقنىڭ بىرىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى.

— سىز سۆزىڭىزدە ئوسماننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى ياكى ۋالىي دەپ قويماڭ، — دېدى ئېگىز بويلۇق ھەربىي مۇخبىر، — ئۇ بۇ ئەمەللەرنى كىچىك كۆرۈپ خاپا بولىدۇ.

— ئەمىسچۇ؟ — تەئەججۇپلىنىپ سورىدى پاكار بويلۇقى.

— ئوسمان باتۇر ياكى ھۆرمەتلىك باتۇر، دەڭ.

— ئىلىدا ئىسيان كۆتۈرۈلگەندە ئوسمان: بۇ ئىنقىلاب، مېنىڭ بۇرۇن قىلغان ئىنقىلابلىرىمغا ئوخشاش، دەپتىكەنغۇ، كېيىن نېمىشقا قارشى چىقتى؟

— مەن ئالدىنقى قېتىمقى سۆھبىتىمدە بۇنى سورىغان، ئۇ: بۇ كوممۇنىستلار، دىنسىزلار ھەرىكىتى ئىكەن، قىزىل جاھانگىرلار ھۆكۈمىتىنى قۇرماقچى، ئۇنداقتا بويسۇنمايدۇ، ماڭا ئىتائەت قىلمايدۇ، مېنىڭ ئالتۇن دەۋرنى يارىتىشىمغا يول قويۇلمايدۇ، دەپ قارىغان ھەمدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە بىردىنبىر ئادەم مەن بولىمەن دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمەلدە ئالتايىنىڭلا ۋالىيسى بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن قارشى چىققان.

— ئۇنىڭ ئالتۇن دەۋر دېگىنىدىن نېمىنى چۈشىنىش مۇمكىن؟

— شۇ قېتىمقى سۆھبەتتە ئۇ يەنە: مەن خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ئالتۇن دەۋر يارىتىش ئۈچۈن، مۇشۇ تۆمۈر دەۋردە

تۇغۇلدۇم، دېگەن. ئۇنىڭ ئالتۇن دەۋر دېگىنى ھەممىدىن ئۆزىگە ئىتائەت قىلىدىغان ئالاھىدە دەۋر بولسا كېرەك.

— ئۇنداقتا ئوسمان ئىلى ۋەقەسىدىكى ئەخمەتجان، دەلىلقانلاردەك ئاساسىي شەخسلەردىنمىدى؟

— نېمانداق نادانلارچە ئويلايسىز، ئەخمەتجان دېگەن كاتتا بىلىملىك، يېتىشكەن سىياسەتچى، ئۇستا دىپلومات. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئۇ تالانتلىق ئادەم دەپ ماختىغان. دەلىلقانمۇ ئوقۇمۇشلۇق، ھەربىي تاكتىكىغا ماھىر گېنېرال، ئوسمان دېگەن ساۋاتسىز، قارا قورساق ئادەم، پەقەت ئۇ جۈرئەت ـ قورقۇمسىزلىقى، مەرگەنلىكى، ئاتقا ماھىر ـ چەبدەسلىكى بىلەن داڭ چىقىرىپ ئالتاي خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان... كېيىن ئىلىدىن يۈز ئۆرۈپ ئالتايىنى بېسىۋالغاندا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئاشلىق سورىغان، بۇرھان، داڭ بىگاڭلار ئايروپىلان بىلەن ئالتايغا بارغاندا، ئالتاي خەلقى ئۇنىڭ قاتىللىقى — بۇلاڭچىلىقىدىن نۇرغۇن شىكايەتلەرنى قىلغان، شۇ ماتېرىياللارنى ئۇلار ئۈرۈمچىگە ئالغاچ كەلگەن. مەن ئوسمان قەبىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا، ئۇ: پۈتۈن شىنجاڭدىكى قازاقلار مېنىڭ قەبىلەم، مېنىڭ بالىلىرىم كۈنچىقىشتىكى ئۇلاستايدىن① تارتىپ، كۈنپېتىشتىكى ئالمۇتاغىچە بولغان ھەممە يەردە بار، ئونتۇمەندىن ئاشىدۇ، دېگەنىدى. قاراڭ، بىر تۇمەننىڭ ئاران ئون مىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەيۋاتقان ئادەمنى قانداقمۇ ئەخمەتجان، دەلىلقانلار بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولسۇن...

ئىككى مۇخبىرنىڭ سۆھبىتى تازا قىزىۋاتقان چاغدا، چېدىرغا بىرقانچە ئادەملىرى بىلەن ئوسمان كىرىپ كەلدى. پۈچۈق بۇرۇنلۇق مۇخبىر ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سالام، ھۆرمەتلىك باتۇر، سىزنى كۆرگەنلىكىمدىن

① ئۇلاستاي — تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي ئۆلكىسى.

ئىنتايىن خۇشالمەن. سىز شۇ تۇرقىمدا ئېتىلىش ئالدىدا تۇرغان ئوقيادەك ھالغا كەپسىز، — دېدى ئۇ.

ئىككى مۇخبىر چاي ئىچىپ بولغانىدى، ئوسمان كىرگەندىن كېيىن يەنە چاي تارتىلدى. پاكار بويلۇق مۇخبىر ئوسماننىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە سەپسېلىپ قارىدى: ئوسمان ئۇچىسىغا پاختىلىق ئۇزۇن چىبەرقۇت چاپان، تېرە شالۋۇر، پۇتىغا قوپال ئۆتۈك كىيىۋالغان بولۇپ، تېرە شالۋۇرىنىڭ ئالدىدىن ماۋزۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مۇخبىرلار چاي ئىچكەچ ئۇنىڭدىن ئۆزى قىزىققان سوئاللارنى سوراپ ئولتۇردى:

پاكار بويلۇق مۇخبىر:

— سىز نېمىشقا ئېلى تەرەپ بىلەن يامانلىشىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— نېمىشقا يامانلاشماي، — دېدى ئوسمان قايناپ، — مەن قانچە يىل ئۇرۇش قىلدىم؟ پەقەت شېڭ شىسەي بىلەنلا ئون يىل ئۇرۇش قىلدىم، تۇنۇگۇن كۆسەي كۆتۈرۈپ چىققان نېمىلەر، مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كېتەمدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە نېمىشقا گېپىم گەپ بولىدىغان بىردىنبىر باشلىق بولالمايدىكەنمەن؟ ... قارىلارنى يوقاتسام، ھەممىنىڭ چوڭى مەن بولالامدىم، جاڭ باتۇر ماڭا ۋەدە قىلدى، مېنىڭ ۋەكىللىرىمگە ئۇ: ئەسلىدە شىنجاڭنى ئوسمان سورىشى كېرەك ئىدى، دەپتۇ. جانىمقان، خادىۋاڭلارنى دەمسەن؟ مېنى قوللىسا، ياردەم بەرسە، كۈچ چىقارسا قارشى ئالىمەن. بولمىسا، مەن ئۇلارنى بىلمەمدىم؟ جانىمقان دېگەن شېڭ بىلەن بىرلىشىپ ماڭا نېمە ئەسكىلىكلەرنى قىلمىدى، خادىۋاڭ دېگەن ئەلەن ۋاڭنىڭ ئورنىنى بېسىپ قالغان دۆت خوتۇن، يول قويمايمەن.

— سىزنى ماكتىسام: سەن جۇڭگولۇقلار ئىچىدىكى جىگەرلىك ئەزىمەت دەپتىكەن، مەنمۇ سىزگە قايىلمەن.

— مەن قارىلارنى يوقىتىشقا جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، كۈچ توپلاۋاتىمەن، — دېدى ئوسمان قىزىپ سۆزلەپ، — جاڭ باتۇرغا

ۋەكىل ئەۋەتتىم، ئۇ ئازراق ئادەم، قورال يوٚتكەپ بەرسە، قايتۇرما ھۇجۇم باشلايمەن.

— مەن سىزنىڭ باتۇرلۇقلىرىڭىزنى يېزىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇشتۇرىمەن، سۈرىتىڭىزنى ئالىمەن، — دېدى پاكار بويلۇق مۇخبىر ئۇنىڭغا كۆچ بېرىپ.

ئوسمان تازا قىزىپ سوٚزلەپ، ھە دېسىلا گېنېرال جاڭنى تىلغا ئېلىۋاتقاندا، ئېگىز بويلۇق مۇخبىر: «ھايات دېگەن نېمە؟ — دەپ ئويلاپ قالدى، — مەنسەپ، مەنپەئەت تالىشىش، مەنسەپ، مەنپەئەت ئۈچۈن كۆرەش قىلىش بولىدىكەنغۇ، گېنېرال جاڭ ئىلى تەرەپنى ئوسمان ئارقىلىق يوقىتىۋەتسە، ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئىشەنچكە، كېپىللىككە ئىگە بولىدۇ. ئوسمانغا يۇقىرى مەنسەپ كېرەك، ئۇ جېنىنى تىكىپ ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، بولمىسا، ئىككىسى تېخى يېقىنىدىلا ئىت ـ مۈشۈك بولۇپ يۈرگەنلەر ئەمەسمىدى؟! ...»

ئوسمان مىللىي قىسىملارغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن ئادەم توپلاشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، كوٚڭۈلدىكىدەك كۆچكە ئىگە بولالماي ئىت ـ ئىت بولۇپ يۈرگەندە، ئۈچ پولكنىڭ قوماندانلىقى تاپشۇرۇلغان ئىزامىدىن بەيتىككە يۈرۈش قىلىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى.

يەنە جەڭگىۋار كۈنلەر باشلانغانىدى.

باھار كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىزامىدىن ئۈچ پولكنى باشلاپ يولغا چىقتى. پۈتۈن تەبىئەت جانلىنىپ، باھار قۇشلىرى ئۈچ ئاتلىق پولكنىڭ ھەيۋەتلىك يۈرۈشىنى تەبرىكلىگەندەك سۈزۈك ئاسماندا پەرۋاز قىلاتتى ۋە كۆكەرگەن دەرەخ شاخلىرىدا ۋىچىرلىشىپ تىنماي سايرىشاتتى...

ئۈچ پولكتىن بىر ھەپتە بۇرۇن يولغا چىققان ئۈچ رازۋېدكىچىلار ۋىزۋوتى پولكلار بىلەن يولدا ئۇچراشتى. ئۇلار قايتقانىدى.

— يولداش پولكوۋنىك، — دېدى رازۋېدكىچىلار كوماندىرى، —

باندىتلار جەنۇبقا — گۇچۇڭغا قاچتى !

نىزامىدىن يېرىم مىنۇتتەك جەنۇب تەرەپكە قاراپ قالدى ۋە چوڭقۇر نەپەس ئالدى ـ دە، مۇنداق دېدى:

— گومىنداڭنىڭ بىزگە سالغان ئۈچ تۇزىقى يەر بىلەن يەكسان قىلىندى ! قاراشەھەر تەرەپتىن سالغان تۇزىقى ئاللىقاچان بىتچىت قىلىنغان، ساۋەندىن سالغان تۇزىقىمۇ تارمار قىلىنىپ، قالىبەك چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى، ئالتايدىن سالغان تۇزىقى ئاساسىي جەھەتتىن بەربات بولۇپ، ئوسمان ئور ـ ئورغا قالغان چاشقاندەك ھالغا چۈشۈپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونغا قېچىپتۇ. ئالتاي ۋىلايىتى، پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەت باندىتلاردىن تولۇق تازىلاندى !

قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى نىزامىدىننىڭ ۋە كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ يۈزلىرىدە ئويناقتا، باھار شامىلى ئىللىق پۇراقلارنى نەلەردىندۇر ئەكېلىپ، ئۇلارنىڭ دىماقلىرىغا ئۇرماقتا ئىدى. ئاسمان سۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ زەڭگەر رەڭ يۈزى ئېچىلغان، دالا گۈللىرى مەيىن تاغ شامىلىدا يەلپۈنۈپ، كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. قاپتال ـ قاپتاللاردا ياشىرىپ تۇرغان قارىغايلار ھادىس گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك تۈس ئالغان. قۇياش نۇرلىرىدا چىمىرلاپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرىنىڭ شارقىراشلىرى، باھار قۇشلىرىنىڭ چۇرۇقلىغان يېقىملىق ئاۋازلىرى كۆڭۈللەرنى ئاللىقاياقلارغا ئەكېتەتتى... بۇ ئالتاينىڭ گۈزەل باھارى ئىدى.

# ئون توققۇزىنچى باب

ئۇ ئۆز ئۆيىگە كەلدى، نادەممۇ ئانىسىنى يوقلاش ئۈچۈن يېزىغا چىقىپ كەتتى. نىزامىدىن ئۆيىگە كىرىشى بىلەنلا بويىنىدىن، بېلىدىن قۇچاقلىۋالغان باللىرىنى ئەركىلىتىپ سۆيدى، كىچىك ئوغلىنى كۆتۈرۈۋالدى. ئۇرۇق ئايالى نېمە قىلارىنى بىلمەي، ياشلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپلا قالغانىدى.

ئۇ قېلىن كىيىملىرىنى يېشىپ، پۈتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۆمرىنى بىرنەچچە يىلدىن بېرى زېمىلانكىدا، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا مۇك يېتىپ، مۇك قوپۇپ ئۆتكۈزۈۋاتقان نىزامىدىن مۇشۇنداق ئازادە ئولتۇرۇشنى سېغىنغانىدى. باللىرى ئەتراپىغا ئولاشتى:

— دادا، قاچان كېتىسەن؟ — بۇ سوئال ھەر قېتىم يېڭى كەلگەن چېغىدا سورىلاتتى.

— ئەتە، ئوغلۇم.

— جىق تۇرساڭ بولمامدۇ؟

— ئەسكەرلەرگە ئۆيدە جىق تۇرۇشقا بولمايدۇ.

— مۇشۇ يەردە تۇرساڭ بولمامدۇ، ئىسمەتنىڭ دادىسىمۇ سەندەك كوماندىرغۇ؟ مۇشۇ يەردە تۇرىدۇغۇ؟

— ھەممىمىز بىر يەردە تۇرۇۋالساق، دۈشمەنلەر بىزنى يوق قىلىۋېتىدۇ، بۆلۈنۈپ تۇرساق، ئۇلار بىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ ئەمەسمۇ.

ئوغلىنىڭ باللىق سوئاللىرى ئۆزگىرىپ تۇراتتى:

— دادا، سېنىڭدىن چوڭ كوماندىرمۇ بارمۇ؟

— بار، ئۇنىڭدىن چوڭىمۇ بار.

— بىزنىڭ مۇئەللىمىم: ئەخمەتجان ئەپەندىم دېگەن ھەممىمىزنىڭ باشلىقى، — دېدى.

— شۇنداق، ئوغلۇم، ئەخمەتجان ئەپەندىم ئەڭ چوڭ باشلىقىمىز، دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان جەڭچى - كوماندىرلارنىڭمۇ، ئىدارىلەردىكى كادىرلارنىڭمۇ، سىنىپنى ئوقۇتۇۋاتقان مۇئەللىملەرنىڭمۇ رەھبىرى شۇ كىشى! ئۇ كىشى بىزگە باشچىلىق قىلىپ، گومىنداڭ دېگەن دۈشمەننى يوق قىلدۇق، يەنە يوق قىلىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇ كىشىنىڭ باشچىلىقىدا خەلق ياخشى كۆرىدىغان نى - نى ئىشلارنى قىلىمىز، — ئۇ سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ، ئالدىدا سوئال سوراۋاتقان بالىسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى، — بىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىلەر ئوقۇيدىغان تارىخقا يېزىلىدىغان ئۇلۇغ ئىنقىلابنى قىلدۇق، شۇ تارىخقا ئۇنىڭ سۈرىتى بېسىلىدۇ، سىلەرلا ئەمەس، ھەتتا كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ماختىنىدۇ، غۇرۇرلىنىدۇ! ... چۈنكى ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى، كۈچ - ئىدراكىنى ئۆزىگە يىغقان ۋە ئۇنىڭ پارلاق ۋەكىلى ... ئۇ ھازىرقى زامان تارىخىمىزدىكى بىر بۈيۈك ئادەم!

دادىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قېلىشقان بالىلىرىنىڭ سوئالى يەنە بېسىلمىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ھەر قېتىم كەلگىنىدە ئەتكۈزۈپ يەيدىغان تامىقى — لەڭمەن كەلگەن چاغدىمۇ سوئاللار ئۈزۈلمىگەنىدى.

تاماقتىن كېيىن بالىلىرى يەنە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئايالى ئەمەس، يىللاپ ئاران كۆرۈشىدىغان ئاتىغا بالىلار قانمايتتى.

كېچە بىر ۋاقىتلاردا بالىلار ئۇخلاپ قېلىشتى. شۇ چاغدىلا نىزامىدىن ئايالى بىلەن ئائىلە ئىشلىرى توغرىسىدا پاراڭغا چۈشتى.

— تاماكا زاۋۇتىغا ئىشقا كىرگىنىمگە، — دېدى ئايالى، —

ئەمدى بىر ئاي بولدى، بالىلار تېخى كىچىك...

— ھازىرچە بۇنىڭغا ئامال يوق، — نىزامىدىن چۈشەندۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ھۆكۈمىتىمىز تېخى گاداي، شۇنىڭغا قارىماي، خەلق ئىگىلىكىگە ئاجراتقان پۇلنىڭ ئوتتۇز پىرسەنتىدىن كۆپرەكى مائارىپقا سەرپ قىلىنىۋاتىدۇ، كەمبەغەللەر قۇتقۇزۇلۇۋاتىدۇ... مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، بىزگە چويلىغا توختىغۇدەك مائاش بېرىلىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنى چۈشىنىش كېرەك. ئىشقا كىرگىنىڭ ئوبدان بوپتۇ. بالىلىرىمىزنىڭ دەۋرى — ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن باي دەۋر بولىدۇ.

نىزامىدىن ئايالىنىڭ مەيۇس قارا كۆزىدىن، غەمكىن سۆزۈك لېۋىدىن سېغىنىش ئالامەتلىرىنى كۆرگەندىلا، ئائىلە ئىشلىرى توغرىسىدىكى سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالدى.

*　　　*　　　*

بىر كۈنلۈك رۇخسەت بىلەن يېزىغا چىققان نادەم ئانىسى بىلەن بىر كېچە مۇڭدىشىپ، ئەتىسى چۈشتىن كېيىن شەھەرگە قايتىپ كىردى. ئۇ شەھەرلەرنى ئارىلاپ كېلىپ، سايبويى كۆۋرۈكىدىن ئۆتتى ـ دە، بۇرۇنقى مىللەتلەر گىمنازىيەسى، ھازىر بولسا بىلىم يۇرتى دەپ ئاتالغان مەكتەپنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىپتىنى ئاشخانا ئالدىدىكى موما ياغاچقا باغلاپ، مەكتەپنىڭ كۈنچىقىشقا قارىغان دەرۋازىسى يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ كۆزى ئەڭ دەسلەپ دەرۋازا بېشىدىكى ۋىۋىسكىغا چۈشتى: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى». ئۇ بىردىنلا ھاياجانلاندى... مەكتەپ يىلدىن ـ يىلغا ئۆزگىرىۋېتىپتۇ، ئەسلىدە ئۇنىڭ قورقۇمسىز، جۈرئەتلىك ئاكىسى نادىرنى، تەدبىرلىك كوماندىرى ئەنۋەرنى، باتۇر سەپدىشى باتىرغازىنى، رەيھان، ئىسھاقلارنى مۇشۇ مەكتەپ

يېتىشتۈرگەن ئەمەسمىدى، پاراسەتلىك پولك كوماندىرى نىزامىدىن ئەپەندى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلمىغانمىدى؟ ... ئۇلار قانچىلىك ئۇلۇغ ئىشلارنى تەۋرەتتى ـ ھە ! ... رېشاتكىلار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ مەيداندىكى سانسىزلىغان ئوقۇغۇچىلار يەنە نېمە ئىشلارنى تەۋرىتەر...

دەرۋازىدا تۇرغان ئوقۇغۇچى نادەمنى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ـ دە، چاس بەردى:

— يولداش پودپورۇچىك ! بىرسىنى ئىزدەمسىز؟

نادەم ئۆزى بىلەن ئوخشاش كىيىمدە، پەقەت مۇرىسىدە پاگون، شەپكىسىنىڭ ماڭلىيىدا كاكار بولمىغان بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئەخلاق ـ ئىنتىزامىغا ھەيران قالدى:

— ھەئە، — دېدى ئۇ، — مەن ئوقۇغۇچى ئابدۇقەييۇمنى ئىزدەيتتىم.

— قايسى سىنىپتا؟

نادەم نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— دارىل سىنىپىدىمۇ؟ ئاگرونوم سىنىپىدىمۇ؟ يا چارۋىچىلىقتىمۇ؟

نادەم ئوقۇغۇچىنىڭ چاقماقتەك سوئاللىرىدىن تېخىمۇ تەسىرلەندى:

— سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، قايسى سىنىپتا ئوقۇيدىغانلىقىنى سورىۋالماپتىكەنمەن.

— قورۇلۇش ئىنژېنېرلىقى سىنىپىدا قەييۇم دېگەن بىر ئوقۇغۇچى بار، شۇمۇ يا؟

— يېزىلىق.

— ھە، مۇنداق دەڭ، سىياسىي ـ قانۇن سىنىپىدىكى ئابدۇقەييۇم ساۋۇرنى ئىزدەيدىكەنسىز ـ دە، ئۇ بار. بىر ئاز ساقلاپ تۇرۇڭ، يولداش پودپورۇچىك، ھازىر باشلاپ چىقىمەن.

ئوقۇغۇچى مەكتەپكە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، نادەم ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئويلاپ قالدى: ئۇ ۋارىسجانىنى خادىك ھارۋا

بىلەن مۇشۇ مەكتەپكە بىر نەچچە قېتىم ئەكەلگەن ۋە ئەكەتكەن. ئاخىرقى قېتىم مەكتەپ ئىچى تازا ئەنسىزلىككە چۈشۈپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى تۇت ـ تۇت قىلىۋاتقان چاغدا كېلىپ ۋارىسجاننى ئەكەتكەن، بۇ يەردىن يېنىپ رەيھاننىڭ ئۆيىگە بارغان ۋارىسجان ئادەمنى «بىزنىڭ مالاي» دەپ كەمسىتكەندە، رەيھاننىڭ ھەققانىي ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ، دەككىسىنى يېگەن... ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدىن خەنزۇ بازىرىدا گومىنداڭ ئوفىتسېرىنىڭ رەيھانغا زورلۇق قىلغانلىقى، رەيھان ئۇنىڭ ئۆكتەملىكىگە بىر كاچات ياندۇرغانلىقى، ئوفىتسېر تاپانچىسىنى چىقارغاندا ۋارىسجاننىڭ ئۇنىڭغا يېلىنىپ ـ يالۋۇرغانلىقى «لىپ» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۆمۈر دېگەن ئاجايىپ سىرلىق كارۋان، بىردە قارىساڭ، دەھشەتلىك بوراندا قېلىپ، ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ، ساداسىز ھالدا بېشىنى سىلىپ كېتىۋاتقان، بىردە قارىساڭ، كولدۇرمىلىرىنى جاراڭلىتىپ، جۇشقۇن ھالدا ھەيۋەتلىك يۈرۈش بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان... ئەي ئۆمۈر، سەن تېپىمدىگەن خىسلەتلىك ـ ھېكمەتلىكسەن، بەزىدە ئۆزۈڭنى قەدىرلەشنى بىلمەيسەن ـــ خورلىنىپ تۆگەيسەن! بەزىدە ئۆزۈڭنى قەدىرلەشنى بىلىسەن ـــ غۇرۇرلىنىپ كۆندەك چاقنايسەن! ئاشۇ كارۋاننىڭ بەزىلىرى ئالقىش ـ ئىپتىخارغا كۆمۈلىدۇ، بەزىلىرى نەپرەت ـ لەنەتكە قالىدۇ.

ئادەمنىڭ كۆزى مەكتەپ مەيدانىغا چۈشتى. تۆتتىن بىر رەت تۈزۈپ، سىنىپ ـ سىنىپلار بويىچە تىزىلىپ، مارشقا دەسسەۋاتقان ئوقۇغۇچىلار خۇددى ئۆزىنىڭ فىرونتلاردىكى، ئورمانباغدىكى، ماناس دەرياسى بويىدىكى جەڭگىۋار سەپلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئېھتىمال، يېقىن ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان ماي بايرىمىغا تەييارلىق قىلىنىۋاتسا كېرەك، ئوقۇغۇچىلار: «سالام! سالام! سالام! ...» دېيىشىپ، يەرلەرنى گۈرسىلدىتىپ يۈرۈشمەكتە ئىدى. بىرىم ھەربىي ھالەتتىكى سەپلەر مەيداننىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇتتۇرىسىدا تۇرغان كاپىتاننىڭ قوماندانلىقىدا جەڭگىۋار ھەرىكەتلەر ئېلىپ بارماقتا ئىدى.

ئابدۇقەييۇم يېتىپ كەلدى ـ دە، ئاۋۋال نادەمگە تاق تۇرۇپ چاس بەردى، ئاندىن ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— بارمۇ سەن، نادەم ! ...

— ياخشى تۇرۇۋاتقانسەن ! ...

— قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىنى؟

— ۋەزىپە بىلەن كەلگەن، — دېدى نادەم يېزىدىشىغا سەمىمىي ھالدا، — تونۇگۈن مەھەللىگە چىققان. سىنى سورۇشتۇرسەم، بىلىم يۇرتىدا ئوقۇۋاتقانلىقىڭنى ئېيتىشتى. يوقلاپ ئۆتەي دەپ كېلىشىم.

— رەھمەت، ئاداش، — دېدى ئابدۇقەييۇممۇ دوستىغا زوقلىنىپ قاراپ، — مەكتىپىمىز ئەخمەتجان ئەپەندىمنىڭ تەشەببۇسى، تەشكىللىشى بىلەن بولتۇر قۇرۇلغان. مەھەللىدىن قاسىم ئىككىمىز چۈشكەن، ھۆكۈمەت ياتاق، تاماق، كىيىم - كېچەك، ئوقۇش قوراللىرى بىلەن تولۇق تەمىنلەۋاتىدۇ.

— قاسىم قايسى سىنىپتا؟

— ئۇ تېببىي مەكتەپتە، لېكىن ئۇلارنىڭ مەكتىپىمۇ مۇشۇ يەردە.

ئابدۇقەييۇم ھەر خىل - ھەر خىل كەسىپتىكى مەكتەپلەر، تولۇق ھۇنەر مەكتەپلىرى، كىتابخانا، قىرائەتخانىلار، تەنتەربىيە - كۆڭۈل ئېچىش ئۆيلىرىنىڭ ئېچىلغانلىقى ھەققىدە زوق بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— قارا، — دېدى ئۇ مەيداندا مەش دەسسەۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرسىتىپ، — بىرىنچى مايدا پاراتتىن ئۆتىدىكەنمىز، ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن پارات مەشقى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز.

— سىلەرگىمۇ ھەربىي تەلىم بېرىلەمدۇ، قانداق؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى نادەم.

— شۇنداق، ھەربىي دەرسىمۇ ئۆتۈلىدۇ، بىز زاپاستىكى

ئوفىتسېرلار ھېسابلىنىدىكەنمىز، ئەگەر ۋەتەن چاقىرسا، دەرھال قولىمىزغا قورال ئېلىپ، سىلەرگە قوشۇلىمىز، بىللە جەڭ قىلىمىز.

نادەم كۈلۈپ قويدى.

— قانداق، ياخشى ئەمەسمۇ؟

— ياخشى، — دېدى نادەم، — دېھقان بالىلىرى بىز، ھەم قەلەم، ھەم ئەلەم تۇتالىساق، ئەلۋەتتە ياخشى - دە، ئۇ چاغدا بىزگە كىم تەڭ كېلەلەيدۇ. خۇددى ئۇنىڭ ئېيىتقانلىرىنى تەستىقلىغاندەك پاراتقا تەييارلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناخشىسى ئاڭلاندى:

قەلەم تۇتساق بىر قولدا،
ئەلەم تۇتىمىز بىر قولدا.
شان - شەرەپ قۇچىمىز ھەردەم،
چۈنكى، بىز پارلاق يولدا.

— بىزمۇ كۆنلىرىمىزنى مانا مۇشۇنداق جەڭگىۋارلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىمىز، — دېدى ئابدۇقەييۇم مەغرۇر ھالدا، — بىر قارىساڭ، پارتىدا ئولتۇرۇپ بىلىم ئىگىلەۋاتقان ئوقۇغۇچى بىز، بىر قارىساڭ، فىرونتقا ھازىرلىنىۋاتقان جەڭچى بىز.

— بىزنىڭمۇ قورالنى سىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئوقۇيدىغان ۋاقتىمىز كېلەر؟

— ئەلۋەتتە كېلىدۇ، ئورۇنمۇ ئالماشتۇرارمىز، لېكىن شۇ تاپتا ئالدىنقى سەپكە بارساق، كوماندىرىمىز سەن بولىسەن، بۇ يەرگە كەلسەڭ، ئوقۇتقۇچىڭ مەن بولىمەن.

شۇ سۆز بىلەن تەڭلا ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە ئۆز ۋاقتىدا بىر يېزىدىكى ئىككى مالاي، ھازىر بولسا، بىرسى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېر، يەنە بىرسى سىياسىي - قانۇنچى بولۇشقا تىرىشىۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىچ - ئىچىدىن ھۇزۇرلىنىپ

كېتىشتى.

— يۈر ياتاقتا كىرىمىز، — دېدى ئابدۇقەييۇم نادەمنىڭ يېنىدىن تارتىپ، — ساۋاقداشلىرىمغا سېنى تونۇشتۇراي، ئۇلار بىلەن تونۇش، سىرداش، مۇڭداش.

— خوش، ئالدىرايمەن، ھازىر باش ئىشتابقا بېرىشىم كېرەك، ئەتە سەھەر يۈرۈپ كېتىمىز، كۆرۈشكۈچە ئامان بول، — نادەم كۈلۈمسىرەپ قولىنى ئۇزارتتى.

ئىككىسى قەدىردانلارچە قول سىقىشىپ خوشلاشتى.

* * *

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار يۈك ماشىنىسىدا شىخوغا قاراپ يولغا چىقتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف، نىزامىدىن ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ سىياسىي باشقارمىسىدىن مايور ئۇنۋانلىق بىر كىشى كوزۇپتا كابىنكىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. نادەم يەنە بىر پودپورۇچىك، ھەربىي دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىققان ئىككى جەڭچى ئۇلارنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇشتى. بۇ مەزگىلدە غۇلجا خېلىلا ئىسسىپ، پاختىلىق چاپانلار ئېغىر كەلگۈدەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئوچۇق ماشىنىدا كېچىلەپ يول يۈرۈشكە يەنىلا جۇۋا، پىيمىلار ئەسقاتاتتى. ئۇلار پىيمىلارنى كىيىپ، جۇۋىلارنى ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرۇشقانىدى.

ماشىنا بىر خىل گۈرۈلدەپ يۈرمەكتە. ئولتۇرغانلار بىردەم ئوڭ - سولغا، بىردەم ئالدى - ئارقىسىغا مۈدۈرۈپ - سەنتۈرۈلۈپ كېتەتتى. بۇ يوللار قانچە ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولسىمۇ، تىنچ، خاتىرجەم ئولتۇرۇشقا ئىمكانىيەت بەرمىسىمۇ، لېكىن ئولتۇرغانلارنىڭ خىياللىرى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىغا كەتكەن. ئولتۇرغانلار بىلىدۇ: بۇ يوللار بىرىنچى قېتىم قانلىق جەڭلەر بىلەن بېسىلىپ ئۆتكەن، ئۇ چاغلاردىكى جەڭگىۋار يۈرۈشلەر، ئۇرۇشلار، ئۇيقۇسىز كېچىلەر، ئۇرۇش ئىچىدىمۇ



www.uyghurkitap.com

بولغان مۇھەببەتلىك سۆھبەتلەر، ھاياتقا قانماي، پۇخادىن چىقماي، يۇمۇلماي قېتىپ قالغان كۆزلەر، كىرىشكەن چىشلار، قانسىراپ بىمەزگىل سولغان يۈزلەر، دۈشمەن كانىيىنى سىققىنىچە قېتىپ قالغان قوللار — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ خاتىرىسىدە ناھايىتى ئېنىق ھالدا يانماقتا ئىدى. بۇ خىياللار بەزىدە ئۇلارغا خۇشاللىق - غۇرۇرلۇقنى بەخش ئاتا قىلسا، بەزىدە ئۇنىسىز ئازاب، چىدىغۇسىز ئەلەم، چوڭقۇر ئېچىنىشلارنى پەيدا قىلاتتى. ئابدۇكېرىم ئاباسوف ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ غۇيۇلداپ ئۆتۈۋاتقان يوللارغا تاغلارغا، ئېدىرلىق - تۈزلەڭلىكلەرگە، شىغىللىق - قۇملۇقلارغا، سازلىق - قومۇشلۇقلارغا قاتتىق تىكىلىشىدىن ئۇلارنىڭ ئېسىلەرنى خىيال قىلىۋاتقانلىرىنى چۈشىنىپ، پاراڭ بىلەن گۈزگۈر - مۇڭگۈر مېڭىشنى دالالەت قىلىشنى ئويلىماقتا ئىدى.

— ھە، يولداشلار، ئۈنچىمىز ئۆچۈپ كەتتىغۇ، — دېدى ئاباسوف، — پاراڭلىشىپ ماڭايلى، مەنزىلىمىز تېخى ئۇزۇن، بۇ يوللارنى گەپ بىلەن تۈگەتمىسەك، زېرىكىپ قالىمىز، — ئۇ نادەمگە كۆلۈمسىرەپ قارىدى، — قېنى ئويچان يىگىت، ئېسىلەرنى ئويلاۋاتىسەن، سۆزلىگىنە؟ — نادەم كۆلۈمسىرەپ پەسكە قارىدى ۋە خىياللىرىنىڭ ئاخىرى رەيھانغا بېرىپ تاقالغانلىقىنى بۇ سەزگۈر كىشى بىلىپ قالغاندەك قىزىرىپ كەتتى.

— ياش باللار ئاۋۋال سۆزلەشكە ئۈنىمىدۇ، گەپ ئاۋۋال سىزدىن بولسۇن، قىزىق - قىزىق ۋەقەلىرىڭىز جىق ئىدىغۇ، — دېدى نىزامىدىن نادەمنى خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ.

— ماقۇل، مەن سۆزلەي، بۇنى قىزىق ۋەقە دېسەكمۇ بولىدۇ، — ئابدۇكېرىم ھېكايىسىنى باشلىدى، — جەڭگە يېقىنلاپ قاپتىمىز، ھەر قېتىم بۇ يەردىن ئۆتسەم، مۇنداق بىر ۋەقە ئېسىمگە چۈشىدۇ: بۇلتۇر ئەپەندىم ئىككىمىز تازا قەھرىتاندا جەڭگە كەلدۇق، ئەپەندىم ماشىنىدىن چۈشۈپلا، ھاكىم

ئىدارىسىگە كىرمەي، مېنى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى. بىر باشلانغۇچ مەكتەپ قورۇسىغا كىرىپ قالدۇق، ھاۋا سوغۇق، قار ئۇچقۇنداپ ئۇرۇپ تۇراتتى. دەسلەپتىلا سىنىپ دېرىزىلىرىنىڭ ئەينەكسىزلىكى ۋە ئىشىكلىرىنىڭ ھىم يېپىلمىغانلىقى ئەپەندىمنىڭ كۆزىگە چۈشتى. ئۇنىڭغىچە قوڭغۇراق چېلىنىپ قالدى، لېكىن باللار سىنىپتىن چىقمايتتى. بىر سىنىپقا كىردۇق، سوغۇقتىن مۈزلاپ كۆكىرىپ كەتكەن باللار مەش ئەتراپىنى تالىشىپ، ئوپۇر - توپۇر قىلىشىۋاتقانىكەن. باشقا سىنىپلاردىمۇ خۇددى شۇ ئەھۋالنى كۆردۇق. ئاندىن ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمىگە كىردۇق، بىز سالام قىلىپ كىرگەندۇق، ھېچكىمنىڭمۇ بىز بىلەن ئىشى بولمىدى، پەقەت بىر ئوقۇتقۇچى: كېلىڭلار، دەپ قويدى. ئەپەندىمنىڭ بېشىدا چەت - چۆرىلىرى قىرچىلىپ كەتكەن قۇلاقچا، ئۇچىسىدا ئۆڭۈپ كەتكەن شىرىق چاپان، پۇتىدا ئۇزۇن قونچلۇق ئىشچى ئۆتۈكى بار ئىدى، مەنمۇ شۇنداقلا ئاددىي كىيىنگەنىدىم. ئۇ دائىم خىزمەت تەكشۈرگىلى بىر يەرگە بارسا شۇنداق ئاددىي كىيىنەتتى ۋە ئالدىن خەۋەر بېرىپ قويماي باراتتى.

— مەكتەپ مۇدىرى قايسىڭلار؟ — دېدى ئەپەندىم ئادىتى بويىچە يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— نېمە ئىشىڭلار بار؟ مانا مەن، — دېدى قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى يېزىۋاتقان خېتىدىن بېشىنى كۆتۈرمەي.

— سىنىپلار ھاڭغىرقاي ئوچۇق ئىكەن، باللار مۈزلاپ كېتىپتۇ. ئۇۋال بوپتۇ، سىنىپلارنى ئېتىشنىڭ چارىسىنى قىلغىلى بولماسمۇ؟

— چارىسى؟ ... قېنى، قانداق چارىسى باركىن، سەن كۆرسىتىپ باققىنا، — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن.

— مائارىپ بۆلۈمى بىرەر چارە قىلىپ باقمىدىمۇ؟

— ئەينەك يوق، بىزمۇ قىلىشنى بىلەتتۇق.

— قەغەزمۇ يوقمۇ؟

— بىزنى قەغەز چاپلىمىدى دەمسەن؟ بۇ شۇمتەكلەرنىڭ قەغەزنى تىنچ قويامدۇ؟...

كېيىن ـ كېيىندىن سوئال سوراپ ئارام بەرمەيۋاتقان ئادەمگە مۇدىرنىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى ئەتىمالىم:

— بىزنى نېمانچە سوراققا تارتىسەن... سەن نېمىچى؟ — دېدى ئۇ تېرىكىپ.

— مەن يولۇچى، — دېدى ئەپەندىم، — كۆزۈم كۆرۈپ كىرىپ قالدىم، خاپا بولماڭ، سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزمۇ راستىقۇ، ئەمما ياش بوغۇنلار مەكتەپ تەربىيەسىنى ئەڭ تېز قوبۇل قىلىدۇ، قەغەزنى يىرتىۋەتسىمۇ، يەنە چاپلاپ تۇرساق، تەربىيە بەرسەك، ئاستا ـ ئاستا تەسىر قىلىدۇ، ئاسرايدىغان بولىدۇ. ۋەھشىي ھايۋانلارنىمۇ تەربىيەلەپ قولغا ئۆگەتكىلى بولىدۇ ـ يۇ، ئادەم بالىسىنى تەربىيەلەپ كەتكىلى بولماسمۇ؟! زېرىكمەي تەربىيەلىسەك قوبۇل قىلماسمۇ؟ كۆنمىدى، دەپ تاشلىۋەتسەك، كۆيۈنمىسەك، باللارغا ئۇۋال بولماسمۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ باللىرى ئەمەسمۇ؟ قاراڭا، نۇرغۇنلىرى كەمبەغەللەرنىڭ باللىرى ئىكەن...

ئەپەندىمنىڭ سۆزلىرىگە مۇدىر بىر تەرەپتىن قايىل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوسال ھالغا چۈشۈپ قېلىپ تېرىكتى ۋە غودۇڭشىشقا باشلىدى، بىزگە ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس قىلىپ:

— نەدىن كەلگەن نېمىدۇ بۇ، ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ، — دېگەندەك قىلدى. ئەپەندىم ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئاڭلىماسقا سېلىپ، يەنە سورىدى:

— تازىلىق ئىشچىسى بارمۇ؟

باشقىلار ئەمدى بىزگە ئېتىبار بىلەن قاراشقا باشلىدى.

مۇدىر يا «بار»، يا «يوق» دېمەيلا قولىنى شىلتىدى:

— ئاۋۇ ئۇدۇلىمىزدىكى ئۆيدە.

ئەپەندىم تازىلىق ئىشچىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ۋە بىردەمدىلا بىر قاچا شىلىم كۆتۈرۈپ چىقتى. مەن ئوقۇتقۇچىلار

بۆلۈمىدىن بىرئەچچە تاختا قەغەز تاپتىم. ئۇ ئوچۇق كۆزنەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېچى ـ تېشىدىن قەغەز بىلەن چاپلاپ چىقتى. ئوقۇغۇچىلار خۇشال بولۇشۇپ، چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. مۇدىر بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلەلمەي، نېرىدىن قاراپ تۇراتتى.

— ئەگەر سۈيىغى بولسىغۇ، قەغەزلەرنى ياغلىۋەتسەك، بوران ـ چاپقۇنلارغا چىداشلىق بولاتتى، — دېدى ئەپەندىم مۇدىرغا قاراپ، — مىخ، پارچە ـ پۇرات پەنلەر بولسىغۇ، ئىشىكلەرنىمۇ ھەم قىلىۋەتكىلى بولاتتى، تايىنلىق ئۇمۇ يوقتۇ؟

مۇدىر ئۈنچىقمىدى.

بىز مېڭىشقا تەرەددۇتلاندۇق، ئەپەندىم قولىدىكى شىلىم يۇقىلىرىنى ئۈزۈۋىلىدى. دەل شۇ چاغدا بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلىغان ھاكىم ئىدارىسىدىكىلەر مەكتەپ قورۇسىغا دۈكۈرلىشىپ كىرىپ كېلىشتى.

— سالام، ئەپەندىم! ...

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەخمەتجان! ...

—.بۇ نېمە قىلغانلىرى، سىلىنى ئىزدەپ سەدپارە بولۇپ كەتتۇق، — دېدى كىرگۈچىلەردىن بىرى، — خەۋەرسىز بولۇپ، ئالدىلىرىغا چىقالماپتۇق، سەت بوپتۇ...

— بۇ يەرگە كىرىپ قالغىنىمىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، ئىشىككىلارنىڭ ئالدىدىكى مەكتەپ شۇنچە ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ، سىنىپلار ھاڭغىرقاي ئوچۇق، بالىلىرىمىز سىنىپتا ئەمەس، مۇشۇ قەھرىتانىدا خۇددى تالادا تۇرغاندەكلا دەرس ئوقۇيدىكەن، بىز ئىسسىققىنا، قېلىن كىيىملەرنى كىيگەندە، يالاڭ كىيىملەرنى ئويلىمىساق، قانداق بولغىنى... مۇدىر بىلەن دېرىزىلەرنى چاپلاشتۇق، — دېدى ئەپەندىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

ئاپپاق قەغەزلەر بىلەن چاپلانغان دېرىزىلەرگە ھەممىسى قاراشتى. بەزىلەر خىجىل بولۇپ يەرگە قارىدى.

— تولا سەت بوپتۇ، ئەپەندىم، بىز بۈگۈنلا جۆندەيمىز، —

دېدى بىرسى پوكاندەك قىزىرىپ.

— تۈنۈگۈنلا جۆندەپ قويغان بولساڭلار، مۇدىرنىڭمۇ ئوغىسى قاينىمىغان بولاتتى، — دېدى ئەپەندىم مودىرغا قاراپ. بۇ چاغدا مۇدىر باشلىق بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشقانىدى.

— يۇرسىلە، ئەپەندىم...

— نەگە بارىمىز؟

— ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتىكى كادىرلار سىلىگە قاراپ تۇرىدۇ، ئىسسىقراق چاي ئىچسىلە... سوغۇق قاتتىق...

— كاتتا زىياپەت تەييارلاپ قويغان ئوخشىمامسىلەر؟

— كاتتا بولمىسىمۇ، ھەرھالدا... كادىرلارنىڭ كۆڭلى، ئەپەندىم... — ئۇ دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى.

— بىز بۇ يەردە ئارتۇقچە تۇرالمايمىز، داخىيەنىزىگە بېرىشىمىز كېرەك، قايتقاندا بىر گەپ بولار، — ئۇلار ئەپەندىمنى قەتئىي سۆزىدىن قايتۇرالمىدى.

داخىيەنزىگە يۈرۈپ كەتتۇق. كەچقۇرۇنلۇقى بۆلۈمدە ئولتۇرساق، ھېلىقى مۇدىر ئات سالدۇرۇپ يېتىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن، كۆزلىرى پىلدىرلاپ قالغان ھالدا ئالدىمىزغا كىرىپ كەلدى:

— ئەپەندىم ئابايا مەن... كەچۈرسىلە، قالايمىقان ئىش قىپتىمەن... ئەپۇ قىلىشلىرىنى سورايمەن، ئابايا مەن... — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمايتتى، قولىنى كۆكسىگە ئالاتتى ۋە بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە ماڭاتتى... قىلىقلىرى بىر قىسمىلا ئىدى. قىسقىسى، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقاندەك بولۇپ، نېمە قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، ئابايىقى قوپاللىقلىرىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى.

بىز مۇدىرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدۇق.

ۋەقە مۇنداق بوپتۇ:

بىز مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر قانچەيلەن

www.uyghurkitap.com

ئۇنى ئەيىبلەپتۇ: «ئەمدى كۆرسەن، ئەخمەتجان ئەپەندىمگە شۇنچىمۇ قاتتىق تېگەمسەن... ئەمدى كۇنۇڭ تەس، ماڭ يۈگۈر، كەچۈرۈم سورا، بولمىسا ئۆزۈڭنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى ئويلا...»

ئىككىمىز كۈلۈشتۇق، ئەپەندىم يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى:

— بىكار ئاۋارە بولۇپ كەپسىز، ئۇ ئىشلار شۇ يەردە قالدى ئەمەسمۇ، گەپلەرمۇ ئېيتىلىپ بولدى. بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىز شۇنداق ئەسكى ئويلارنى ئويلىۋالىدۇ، ئۇنداق ئويلاش ئارتۇقچە، — ئۇ بۆلۈم ئىچىدە يېنىك قەدەم تاشلاپ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى، — بىزنى ئاتا - ئانىمىز ئازراق ئوقۇتۇپ قويۇپتىكەن، بالىلىرىمىزنى ئوقۇتۇۋاتىمىز، ئۇلارنى ئاسراش كېرەك، كۆيۈنۈش كېرەك، ھۆكۈمىتىمىز تېخى كەمبەغەل، مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە چامىمىز يەتمەيۋاتىدۇ، لېكىن تەدبىرلىك، چارىلىك بولساق، بالىلىرىمىزنى مۇشۇ ئەھۋالدىمۇ تۈزۈك ئوقۇتقىلى بولىدۇ. «ئۈزۈم پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگەن بىلەن تەييار ئۈزۈم يوق - دە. قاراڭ، بىر باغنى ئالايلى، قېرى كۆچەتلەرنى چىقىرىپ، يېڭىدىن قويۇپ تۇرمىساق، باغ مېۋىسىز قالىدۇ - دە، بۇنى ئويلىماي بولامدۇ، بالىلىرىمىزنى كۆيۈنۈپ، ئاسراپ تەربىيەلىمىسەك، كەلگۈسىگە كىم ئىگە بولىدۇ؟ ...

مۇدىرنىڭ ئەندىشىلىرى تارقىلىپ، كۆڭلى يورۇپ قالدىمۇ، يۈزىدىكى پەرىشانلىق يېتىشكە باشلىدى.

— شۇنداق، ئەپەندىم، — دېدى ئۇ ئۆزىگە كېلىپ، — ئەجەب ئەسكى ئىش قىلىپ قويدۇم...

— ئۇ ئىشنى قويۇڭ، — دېدى ئەخمەتجان، — ئۇ ئىش تۈگىدى. سىز ئۇنى يەنە تەكىتلىمىسىڭىز، مەن ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم، مۇھىمى بالىلارغا كۆيۈنۈڭ.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ھېكايىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىنمۇ،

ماشىنىدا ئولتۇرغانلار مەكتەپ مۇدىرىنىڭ دەسلەپكى ۋە كېيىنكى روھىي ھالەتلىرىگە قاتتىق كۈلۈشتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ خىزمەت ئۈستىلىدىكى ئېسىل خىسلەتلىرىنى ئۆزلىرى بىلىدىغان بەزى مىساللار بىلەن تەرىپلەشتى. شۇنداق مەنىلىك سۆھبەتلەر بۇ كاتاڭلىق يول ئازابىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ بارماقتا ئىدى.

ماشىنا بىر خىل گۈرۈلدەپ ۋە بەزى يەرلەردە ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ يۈرمەكتە ئىدى. كۈنمۇ ئولتۇرۇشقا ئاز قالدى، سوغۇق شامالمۇ گۈركىرەپ ئەدەشكە باشلىدى. ئۇلار ئاستىلىرىدىكى جۇۋىلىرىنى ئېلىپ كىيىشتى.

— مەنمۇ سىلەرگە بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي، قاتاردىن قالماي، — دېدى مايور ئۇنۋانلىق سىياسىي باشقارما كادىرى ھېكايىسىنى باشلاپ، — بۇ ۋەقەگە ئۈچ يىلدىن ئاشتى.

ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلىنىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى، ھەممە ياق ئاپپاق قار، سوغۇق شۇنچىلىك ئىدىكى، بەزى جەڭچىلەرنىڭ بۇرۇتلىرىنى قىروۋ باغلاپ كەتكەن. ئۇ چاغدا مەن بىر پارتىزان جەڭچى ئىدىم. بىز شاھاجىنىڭ بېغىدىن ھەرەمباغ تۆپىلىكىگە ھۇجۇم قىلاتتۇق. ھۇجۇم يىگىرمە سائەتكە سوزۇلدى، پەقەت ئىلگىرىلىيەلمىدۇق. شۇ چاغقىچە ئاغزىمىزغا بىر يۇتۇم سۇ، بىر چىشلەم نان سالمىدۇق. ئاخىر بىر ۋىزۋوت پارتىزان جەڭچى چولاق تاملارنى دالدا قىلىپ، ئوڭدا يېتىۋېلىپ، يېنىمىزدىكى نانلىرىمىزنى غاجىلاشقا باشلىدۇق. سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن توڭلاپ كەتكەن نانلىرىمىزغا چىشىمۇ ئۆتمەيتتى.

شۇ چاغدا تەدىندۇر كەلگەن كالتە جۇۋىلىق بىر ئادەم بىزنىڭ يېنىمىزدا پەيدا بولۇپ قالدى ۋە بىزنىڭ ھەم قاتتىق، ھەم توڭلاپ كەتكەن نانلىرىمىزنى غاجىلاپ يېيىشلىرىمىزگە سەپسىلىپ قاراپ كەتتى - دە، ۋىزۋوت كوماندىرىمىزنىڭ يېنىغا كەلدى.

— جەڭچىلەر قاتتىق ناننى غاجىلاپ بەك ئاۋارە بولۇپ كېتىپتۇ، بۇ يەردە چېچىلىپ ياتقان بەسەيلەر كۆپ ئىكەن، بەسەي

شورپىسى قايىنىتىپ بەرسەم، ئىچىۋالسا قانداق؟ — دېدى ئۇ.
ۋزۋوت كوماندىرىمىز ئىككىلىنىپ قالغاندى. ئۇ:
— روخسەت قىلىڭ، ئىسسىققىنا ئىچىۋالسا، جەڭچىلىرىڭىز ياخشىراق هۇجۇم قىلالايدۇ، گۇمانلانسىڭىز، ئاۋۋال ئۆزۈم ئىچىپ بېرىمەن، — دېدى يەنە.

ۋزۋوت كوماندىرىمىز يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ خالىسانە تەكلىپى ۋە سەمىمىي سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

كالتە جۇۋىلىق ئادەم ئېڭىشىپ يۈرۈپ، چېچىلىپ كەتكەن بەسەيلەرنى تەردى. ئاندىن بىزنىڭ يان تەرىپىمىزدىكى ۋەيران بولۇپ كەتكەن لاپاسنىڭ ئاستىغا كەلدى ـ دە، يېنىدىكى ئۇستى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن ئۆينىڭ ئىچىدىن يوغان بىر كورا تېپىپ چىقتى. ئارىدىن بەش ـ ئون مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئوچاقتىن ئىس چىقىشقا باشلىدى. شورپىنى كۆرمەي، ئىسنى كۆرۈپلا ئاغزىمىزغا سېرىقسۇ كەلدى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بۇ خالىس ياردەمچىنىڭ بىزنى ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— شورپا پىشتى، شورپا ئىچىۋېلىڭلار ! ...

ۋزۋوت كوماندىرى ئۆزى بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، بىزنى نۆۋەتلىشىپ بېرىپ، شورپا ئىچىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بىز ئىككىدىن ـ ئىككىدىن بولۇپ، بىلىمىزدىكى كۆرۈشكىمىزنى يېشىپ لاپاس ئاستىغا باردۇق ۋە ئۇ ئادەم قۇيۇپ بەرگەن شورپىغا نانلىرىمىزنى چىلاپ ئىچىشتۇق. تۇزسىز، گۆشسىز، مايسىز بۇ بەسەي شورپىسى بىزگە شۇنچىلىك تەملىك تېتىپ كەتتىكى، مايلىق قورداق يېگەندىنمۇ ئارتۇق لەززەتلىنىپ كەتتۇق ۋە بىزگە يېڭىدىن جان كىرگەندەك، باشقىدىنلا روھلىنىپ كەتتۇق.

كالتە جۇۋىلىق ئادەم شۇ شورپىدىن ئىككى قېتىم قايىنىتىپ بېرىپ، بىر ۋزۋوت پارتىزان جەڭچى تولۇق تاماقلىنىپ



www.uyghurkitap.com

بولغاندىن كېيىن، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. كېيىن مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇلۇپ، ھەربىي ئۇنۋان، ئوردېن ـ مېداللار تارقىتىلىپ، غۇلجىدا داغدۇغىلىق ھەربىي پارات ۋە نامايىش بولغاندا، ھېلىقى كالتە جۇۋىلىق كىشىنى ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ ھەربىي بۆلۈم باشلىقى نامىدا مۇنبەردە كۆردۇق! دېمەك، ئەنە شۇ چاغدا — ۋىڭىلداپ ئوقلار ئۇچۇپ، توپلار چۈشۈپ تۇرغان قانلىق ئۇرۇش مەيدانىدا بىزگە ئىسسىققىنا بەسەي شورپىسى قاينىتىپ بەرگەن كىشى، مۇشۇ سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ئىكەن.

ھەممىسى ئۇنىڭ ھېكايىسىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن كۆپ قېتىم بىللە بولغان، سۆھبەتلەشكەنلەرنىڭ بۇ توغرۇلۇق تەسەۋۋۇرلىرى تېخىمۇ بېيىپ قاناتلاندى، جۇشقۇنلاندى. ئاباسوف سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شېڭ شىسەي، ۋۇ جۇڭشىن، جاڭ جىجوڭ ۋە مەسئۇتلاردا، ئەخمەتجاندا بار خىسلەتلەرنىڭ يۈزدىن بىرى تېپىلمايدۇ، دېدى. بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇرغان نادەم: خەلقنىڭ ھەقىقىي رەھبىرى بولغان ئادەم خېيىم ـ خەتەردىن، ئۆلۈمدىن، جاپادىن قورقمايدۇ، خەلقنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشى، غەمگۇزارى، مېھرىبانى بولالايدۇ، — دەپ ئويلىدى. نادەمنىڭ كۆز ئالدىغا ئەخمەتجاننىڭ ئۇنى چېرىكلەر زورلۇقىدىن قانداق قۇتۇلدۇرغانلىقى، ئىشتاب ئالدىدا پوستتا تۇرغاندا، ئۇنى تونۇپ قالغانلىقى ۋە كۆرەش قىلىش روھىغا قانداق ئىلھام بەرگەنلىكى، ھەرقاچان تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغان نۇرلۇق چىرايى تېخىمۇ ئېنىق ھالدا گەۋدىلىنىپ كەلدى ۋە ئۇ شۇنداق رەھبىرىنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلەندى، سۆيۈندى، غۇرۇرلاندى...

كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى. جۇڭغار دالاسىنى ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى. چەكسىز كەتكەن قۇملۇق، شېغىللىق، قومۇشلۇق، يۇلغۇن — سۆكسۆكلۈك دالادا

ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ھەيۋەتلىك ساداسى ياۋايى ھايۋانلارغا ۋەھىمە سېلىپ ئۆتەتتى. زەھەردەك ئاچچىق شامالمۇ باشلىنىپ قالدى. بۇ يەرلەردە 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىمۇ خېلىلا سوغۇق بولاتتى. ئاچچىق شامال يۈزلەرگە يىڭنىدەك سانجىلاتتى. ماشىنىدا ئولتۇرغانلار قىش ئۇزۇقۇڭنى، ياز يېپىنچاڭنى دېگەندەك، ئاتايىن ئېلىۋېلىپ كىيىشىۋالغان جۇۋىلىرىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋېلىشتى. شۇ ئارىدا ئۇچۇق ھاۋا بىردىنلا بۇزۇلدى ـ دە، لەپىلدەپ قار يېغىشقا باشلىدى. بىردەمدىلا ئولتۇرغانلارنىڭ ئۈستىبېشىنى ئاپپاق قار چۈمكىدى. بۇغۇ مەيلى ئىدى، مۇشۇ پېشكەللىك ئۇلارنىڭ جېنىغا تەگدى:

ئىتتىك كېتىۋاتقان ماشىنا تۇيۇقسىزلا «ۋاچ» قىلىپ توختاپ قالدى. جۇۋىلىرىنىڭ ياقىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، غەمسىز ئولتۇرغانلار ئالدى ـ ئارقىسىغا يىقىلىپ كېتىشتى.

— چاتاق چىقتى، يولداشلار، — دېدى شوپۇر كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ماشىنىنىڭ چىرىغى بۇزۇلدى!

— ماڭالماسمىزمۇ؟ — دېدى نىزامىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممىسى ئۈستىدىكى قارلارنى قېقىشتى.

— قانداق قىلىش كېرەك؟ قىسىمغا تېز يېتىش كېرەك ئىدى، ئامال تېپىلماسمۇ؟...

ئابدۇكېرىم ئاباسوف ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ئەلەم بىلەن تاماكا چېكىۋاتقان شوپۇرنىڭ يەلكىسىگە يېنىككىنە ئۇردى.

— غەم قىلماڭ، ئامال تاپىمىز، — شۇ ھالدا ئۇنىڭ يادىغا بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن بىر ئىسكادرون مىللىي قىسىمنى باشلاپ ئاقسۇغا چۈشكەن چاغدىكى بىر ئىش كەلدى، ئۇنىڭغىچە ماشىنىنىڭ ئۈستىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پەسكە چۈشكەنىدى.

— قاراڭلار، — دېدى ئابدۇكېرىم شۇ ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ، — بىز ئاقسۇغا چۈشۈپ، كونىشەھەرنى ئېلىپ، يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان چېغىمىزدا،

شەھەرنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان گومىنداڭ قىسىملىرى ھەر كۈنى كەچتە سىپىلغا نۇرغۇن چىراغلارنى ئېسىپ قويۇپ، سىپىل ئاستىنى يورۇتۇۋەتكەن ۋە بىزنىڭ ئۇ يەرگە يېقىنلىشىشىمىزغا ئوڭايسىزلىقلارنى تۇغدۇرغانىدى. بىز سىنچىلاپ قاراپ، ئېسىلغان چىراغلارنىڭ پىشىشىق خىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق، دېمەك، ئۇلار پىششىق خىشنى بېنزىنغا چىلاپ، تويۇندۇرۇپ ئاسقان ۋە ياندۇرغانىكەن. ئۇلار شۇنداق ئاماللارنى تېپىپ، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلغان يەردە، بىز ئامال تېپىپ، بۇ پىشكەللىكنى يېڭىپ، سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرالامىزمۇ؟ تاپىمىز، نى ئامالىلارنى تېپىپ، كۈچلۈك دۈشمەنلەرنى يەڭدۇق، ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ «دۈشمەن» نېمە! ...

ھەممىسى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

ئۇ ئۆزىگە خاس تېتىكلىك، چاققانلىق بىلەن ماشىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، موتور ئۈستىگە يېپىلغان، قەۋەتلىنىپ شىرىلغان لاتىنى ئالدى ـ دە، ئۇنى ئاپتولغا مىلەپ، سەرەڭگە يېقىپ تۇتاشتۇردى. ئوت لاۋۇلداپ ياندى. يورۇقتا ئەتراپتىكىلەرنىڭ تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەن چىرايى كۆرۈندى ۋە چۆلگە قايتا ھايات كەلگەندەك ئەتراپ يوپيورۇق بولۇپ كەتتى.

— بۇ قالتىس ئېسىل چارە بولدى، مېنىڭ ھۈنىرىمگە يېڭى بىر ھۈنەر قوشۇلدى، — دېدى شوپۇر خۇشاللىقتىن ياير اپ، — ئەڭ ياخشىسى بۇنىڭغا بىر ئاز بېنزىن ئارىلاشتۇرايلى. — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، رۇكوياتكىنى ئېلىپ ئاببا سوفقا سۇندى. ئاباسوف مايغا چىلانغان ھېلىقى لاتىنى رۇكوياتكىغا باغلىدى.

ئاباسوفنىڭ چارىسىگە قايىل بولۇپ تەسىرلەنگەن نادەم ئۆزلۈكىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېيتتى:

— بۇنى مەن تۇتاي، ئەكېلىڭ.

— قېنى، ئال، نادەم، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشتىن كەم ئىش ئەمەس بۇ، — دېدى نىزامىدىن.

نادەم مەشئەلنى تۇتۇپ، ماشىنىنىڭ قانىتىدا ياتتى. ماشىنا

قوزغالدى ۋە بارا - بارا ئىتتىكلەپ ماڭدى. قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ كېتىۋاتقان مەشئەل خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىنى يېرىپ ماڭغان كاراپتەك ھەيۋەتلىك تۈس ئالغانىدى. ئۇنىڭ يورۇقىدا تاشيول ۋە ئۇنىڭ ياقىلىرىدىكى يۇلغۇنلارنىڭ قېنىق ھال رەڭ ھەم قىزىللىقى ئوچۇق كۆرۈنەتتى.

بىرنەچچە كىلومېتىرلىق مۇساپە بېسىلغاندىن كېيىن، لاتا كۆيۈپ تۈگىدى.

— ئەمدى ئامالىمىز كۆپ، — دېدى ئابدۇكېرىم ۋە پىيمىسىنىڭ قونچىنى كېسىپ، سۇنۇپ بەردى.

مەشئەلنى تۇتۇپ، مۇھەممەت سەپەر يولنى يورۇتۇپ كېتىۋاتقان نادەمنىڭ خىياللىرى دولقۇنلانماقتا ئىدى. ئۇ ئەلۋەتتە مۇزلىدى، قوللىرى قېتىپ قالدى، لېكىن ھېچنېمىنى سەزمەيتتى، ئازابلىق ئۇزاق مۇساپە جەريانىنى كېزىۋاتقان خىياللىرى ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرغانىدى. غۇلجىدىن تارتىپ مۇشۇ يەرگىچە ۋە نېرىغىچە ئۇ بۇ يوللارنى قانلىق جەڭ بىلەن بېسىپ ئۆتكەن، ئۇلۇغ مەقسەت يولىدا دەھشەتلىك زۇلمەت بىلەن نەيزىلەشكەن، پۇتۇن بەدىنىدىن زەھەر چېچىپ تۇرىدىغان مەخلۇقلار بىلەن ئېلىشقان... نى - نى ئارسلانلار شۇ يولدا قانسىراپ، ئەزىز جانلىرىنى قۇربان بەرگەن ۋە مۇشۇ دەشت - باياۋانلاردا قەبرىسىز قالغان، يۇلغۇن قىزارغان مۇشۇ دالالارغا ئۇلارنىڭ قانلىرى سىڭگەن... قەھرىمانلار كۆتۈرگەن مەشئەللەر ئەسىرلەردىن بېرى زۇلمەت باسقان مۇشۇ دالالارنى يورۇتقان، ئەمدىلىكتە ئۇنى ئۆچۈرۈپ قويۇش مۇمكىنمۇ؟ ياق، ياق، ئۇنى ئۆچۈرۈپ قويۇش — ئۆزىمىزنى يوقىتىش بىلەن تەڭ، بۇ مەشئەل ئۆچمەيدۇ، تېخى زۇلمەت باسقان تالاي دالالارنى يورۇتىدۇ! بۇ مەشئەل قولدىن - قولغا ئۆتىدۇ، دەھشەتلىك بورانلارغا سوقۇلىدۇ، ئەمما قان بىلەن بويالغان ئازادلىق بايرىقىدەك يىقىلمايدۇ! يىقىلمىدىغۇ، قورغاننىڭ تېشىدىن ئۇرغان دەھشەتلىك قار - شىۋىرغانلارمۇ، قورغاننىڭ ئىچىدىن چىققان

www.uyghurkitap.com

ئېزىتقۇ قۇيۇنلارمۇ يىقىتالمىدىغۇ ! ... بۇ مەشئەل مۇشۇ چۆللۈكلەردە قەبرىسىز قالغان ئارسلانلارنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئارزۇ - ئارمىنى، ئۈمىدى... ئۇنى ھەرگىز ئۆچۈرۈپ قويغىلى بولمايدۇ، ئۆچمەيدۇ ! ئاتا - بوۋىلىرىمىز مۇشۇ مەشئەلنى تالاي قېتىم كۆتۈرۈپ چىققان، لېكىن ئاداققىچە ياندۇرالمىغان... بۈگۈنچۇ؟ مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان، مىليونلىغان جان پىدا مەردلەر بۇ مەشئەلنى كۆتۈرمەكتە، ئەمدى ئۆچمەيدۇ، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ !

نادەمنىڭ خىياللىرى بارغانسېرى جۇشقۇنلانماقتا ئىدى...

ئۇ ئويلىدى: بىزنىڭ يولىمىز ئۈزۈكسىز داۋاملىشىدۇ، بىز مۇشۇ مەشئەلنى كۆتۈرۈپ، دەشت - باياۋانلارنى بېسىپ، تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ، ئازادلىق مارشىنى ياڭرىتىپ ماناس دەرياسى بويىغىچە كەلدۇق، مەردانە يۈرۈشىمىز مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگەپ قالامدۇ؟ ياق، ئۈزۈكسىز داۋاملىشىدۇ، غەلىبە بىلەن ئۈرۈمچىگە كىرىمىز، ئۇ يەردىنمۇ ئۆتىمىز، كۆك ئاسماننىڭ تېگىدە ئانا مېھرىدەك ئىسسىق، ئەمما ناتونۇش يەرلەر، چۆللەر، شەھەرلەر بار، ئۇ يەرلەردىنمۇ ئاشارمىز، كۈنلەپ، ھەپتىلەپ، ئايلاپ، بەلكى يىللاپ ئازابلىق يوللارنى يەنە باسارمىز. ئەمما، بۇ كۈنلەر، ئايلار، يىللارنى شۆھرەت، شان - شەرەپ بىلەن بېزەپ، تارىخقا يازىمىز. كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز بىزدىن رازى بولغۇدەك ئۇتۇقلار قازىنىمىز، تارىخ بەتلىرىنى ئاجايىپ مۆجىزىلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىمىز ! ...

مەشئەل يورۇقىدا توختاۋسىز يۈرگەن ماشىنا ئەللىك نەچچە كىلومېتىر يولنى شۇ يوسۇندا بېسىپ شىخوغا يېتىپ بارغۇچە پىيمىسىنىڭ قونچى كېسىلمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمىنچى باب

ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى مىللىي ئارمىيە بىلەن شەرقىي قىرغىقىدىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ بىر ـ بىرلىرىگە مىلتىقلىرىنى تەڭلىشىپ ئۆتكەن تۆت يىللىق تارىخى ئاياغلاشتى. گومىنداڭ ئارمىيەسى مىلتىقلىرىنىڭ ئىستوۋۇللىرىنى يەرگە قارىتىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتتى. داغدام يول باش ـ ئۇچى كۆرۈنمىگەن ھالدا ئېچىلدى !

مىللىي ئارمىيەنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرىگە يېقىندىن كىيىم تارقىتىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنە ئۆتۈكلىرىنى مايلىشىپ پارقىرىتىۋەتتى، چاچلىرىنى ياسىتىپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ئالدۇردى. ھەمشىرە قىزلار ئەينەككە نەچچە رەت قارىشىپ، ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈردى. ھەممىنىڭ يۈزلىرىدە ھاياجان ھېسلىرى جىلۋىلىنىپ ئوينايتتى. يۈرەكلىرى دولقۇنلىنىپ ئۇراتتى... جەڭچىلەرگە تۆت يىلدىن بېرى ماكان بولغان بۇ يەر تۆت يىلدىن بېرى كۆرۈلمىگەن قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈلدى. چۈنكى، بۈگۈن كۈتكەن كۈن — ئۈرۈمچىگە كىرىش كۈنى كەلگەنىدى.

بىرىگادا كوماندىرى گېنېرال مايور نىزامىدىن پولكلىرىنى باشلاپ يولغا چىقتى، قەھرىلىك، كۈچلۈك شىر ۋە يولۋاسلار يولغا چىقتى. قانچە ـ قانچە يىللىق تەشنالىقلار، زارىقىپ كۈتۈشلەر يۈز ئاچتى ! ... يۈرۈش باشلاندى !

ئۇلار ماناس بازىرىدىن ئۆتكەندە، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ تەنتەنە، ئالقىش ياڭرىتىۋاتقان ئادەملەر ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىراشتى:

— توختىساڭلارچۇ ! ... سىلەرنىڭ بۇ مۇبارەك قەدىمىڭلارنى قانچىلىك كۆتكىنىمىزنى ئاڭلىساڭلارچۇ...

ئارزۇلۇق كۆنلەرگە يېتىش — كىشىلەر قەلبىدىكى يۈكسەك نىيەتنىڭ يۈز ئېچىشى. ئۇلار قانچە يىل ئاشۇ ئارزۇلار ئىشقىدا يېنىپ تولغانمىغان؟ ... روھىي ئازاب ئېغىرلاشقانسېرى مۇشۇ جەڭچىلەرنىڭ دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، ئۆزلىرىگە باشپاناھ بولۇشىنى، ئۆكسۈگەن كۆڭۈللىرىنى بەزلىشىنى، يارىلانغان يۈرەكلىرىنى داۋالىشىنى زارىقىپ كۈتمىگەن؟ !... تۆت يىل ئاز ۋاقىتمۇ، شۇنچە يېقىن، بىر ۋارقىراسا يەتكۈدەك يەردە، مۇشۇ دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىدا، مەردانە قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتقان تارىخ ئېقىمى ئەجەب توسۇلۇپ قالدى ـ هە ! ... نېمىدېگەن رەھىمسىز تارىخ بۇ ! ... سېپىلنىڭ ئۈستىگە قاراۋۇلۇقتا تۇرغان گومىنداڭ چېرىكىگە تىكىلىپ قويغان ئادەمنىڭ كۆزى ئويۇلدى، «ئاشۇ ئەزىمەتلەر دەريادىن تېزرەك ئۆتسە نېمە بولار؟» دەپ قويغان ئادەمنىڭ كاللىسى چېپىلىپ، كوچىلاردا نەچچە كۈن سازايى قىلىندى، «تاملارغا تەشۋىقات ۋەرەقىسى چاپلىغان كىم؟» دەپ نەچچە يۈزلىگەن ئادەم گۇمانلىق بولۇپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى... ئادەملەر قاتتىقراق يۆتىلەلمىدى، ھەتتا توخۇلار دانلاپ كوچىلارغا چىقالمىدى... مانا ئەمدى يەلكىلەرنى بېسىپ تۇرغان تاغدىن، شۇنداق ئېغىر روھىي ئازابتىن قۇتۇلدۇرغان مۇشۇ جەڭچىلەرگە ئۇلارنىڭ ئېيتىدىغان يۈرەك سۆزلىرى ئازمۇ؟... ماشىنىلار بىردەم توختىسا نېمە بولار؟...

ماشىنىلار كالونناسى گۈرۈلدەپ توختىماي يۈرمەكتە ئىدى. جەڭچىلەر كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يۈرەك قاتلىرىدىن ئىختىيارسىز ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۆزلىرىدىن ھاياجانلىنىپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى ۋە جەڭگىۋار مارشلارنى ياڭرىتاتتى. بازار ئىچىنى زىلزىلىگە سالاتتى... ماشىنىلار كالونناسى قۇتۇبى، سانجىدىنمۇ خۇددى شۇنداق ئالقىش ـ تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە ئۆتتى.

ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن باش ـ ئۇچىغا كۆز يەتمەيدىغان ماشىنىلار سېپى يىقىلغانتاشقا كەلگەندە توختىدى. كوماندىر ـ جەڭچىلەر ماشىنىدىن چۈشتى.

11 ـ ئاي ـــ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم قار يېغىپ، ئۈرۈمچىگە خېلىلا سوغۇق چۈشۈپ قالغان چاغ. يەرلەر توڭلىغان، ئېرىق ـ ئۆستەڭ سۇلىرى قاتقان، ئەمما كىشىلەر قەلبىدىكى مىللىي ئارمىيەنىڭ يېتىپ كېلىشىگە بولغان تەشنالىق سوغۇقتىن ئۈستۈن. يۈرەكلەر قىن ـ قىنىغا پاتماي خۇددى باھار تەنتەنىسى جەۋلان قىلىدۇ، كوچىلارغا ئەر ـ ئاياللار، بوۋاي ـ موماي لار، باللار تولۇپ كەتكەن، بەزىلەر كوچىغا كۆڭلەكچانلا يۈگۈرۈشۈپ چىققان، ھەممىنىڭ ئاغزىدىن: «كەلدى، كەلدى ! كېلىۋاتىدۇ! ...» دېگەن يۈرەك يېرىلغۇدەك خۇش خەۋەرلەر ياڭرىماقتا...

بىرىگادا شەھەر رايونىغا قاراپ يەرلەرنى گۈرسۈلدىتىپ پىيادە ماڭدى. بېشىغا ئاق قۇلاقچا، ئۈچىسىغا ماش رەڭلىك شىرىنلىق چاپان، گەلەپى شىم، ئايىغىغا پارقىرىغان ئۆتۈك كىيگەن جەڭچىلەر تۆتتىن بىر رەت تۈزۈپ، ھەيۋەت بىلەن قەدەملىرىنى تەكشى ئېلىپ يۈرمەكتە ئىدى. نويابىر قۇياشىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىدا ئۇلارنىڭ پېشانىسىدىكى كاكار، مۈرىلىرىدىكى توچكا، بالداق، يۇلتۇزلار، كۆكسىدىكى مېدال ـ ئوردېنلار ۋالىلداپ پارقىرايتتى. كۆزلەرنى چاقنىتاتتى، يۈرەكلەرنى ھاياجانلىق ئۇچقۇنلار قاپلايتتى...

ناخشا باشلاندى، جەڭگىۋار ناخشىلار ـــ جەڭچىلەر قەلبىنىڭ ساداسى جەڭگىۋارلىقنىڭ تەنتەنىسى :

ئال قولۇڭغا قىزىل تۇغنى،
بەرمە دۈشمەنگە ھېچ ئۇنى.
دۈشمەن سوزسا بىزگە قولىنى،
يانجىپ تاشلايمىز بىز ئۇنى !

تەشنالىق — كىشىلەر قەلبىدىكى ئەڭ ئېغىر روھىي ئازاب، يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان، تەنتەنە قىلىۋاتقان مۇشۇ ئادەملەر ھەيۋەتلىك تۇستە يەرلەرنى تەۋرىتىپ، مارشلار ياڭرىتىپ كېلىۋاتقان بۇ قۇدرەتلىك قوشۇننى قانچىلىك تەشنالىق بىلەن كۈتمىگەن؟! ... كىشىلەر ھازىر شۇ روھىي ئازابلاردىن قۇتۇلۇپ، تەشنالىقىغا يەتكەن، ھەر قەلب ئىگىسىدە ئىپتىخار، غۇرۇر ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرى يانغان...

ئەنە، بىرىنچى باشلاپ ئەڭ ئالدىدا لەپىلدىگەن بايراق — ئەڭ دەسلەپتە بىرنەچچە ئادەم ئىلقىنىڭ تاغ چوققىلىرىغا قاراپ، مىڭلىغان ـ يۈز مىڭلىغان ئادەملەرگە ئازادلىقتىن بېشارەت بەرگەن بايراق، ئىلقا پارتىزانلىرى قىيقاس ـ چۇقانلار بىلەن شەھەرگە بېسىپ كىرىپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ غۇلجىدىكى قوماندانلىق ئىشتابىنى كۆمپەيكوم قىلىپ، شەھەرنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدا لەپىلدەتكەن بايراق، ئىلى ۋادىسىدىن — ماناس دەرياسى ۋادىلىرىغىچە، ئالتاينىڭ ھەيۋەتلىك تاغلىرىغىچە يۈزلىگەن ـ مىڭلىغان ۋەتەن ئوغلانلىرى ئەزىز قانلىرىنى قۇربان قىلىپ، قولدىن ـ قولغا ئېلىپ كۆتۈرگەن بايراق، تاپان ئاستىدا چىققان قۇيۇنلار، ئېزىتقۇلۇق تەتۈر شاماللاردا يىقىلمىغان بايراق — ئەنە، جەۋلان قىلىپ كەلمەكتە! ئۇ بوران ـ چاپقۇنلاردا ئۆڭمىگەن، تاۋلانمىغان مەڭگۈ يىقىلماس بايراق!

ئەنە، بىرىنچى كوماندىرى — بېشىغا ئاق قۇلاقچا، ئۇچىسىغا سۇر رەڭلىك شىنىل، ئايىغىغا قارا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن، مۇرىسىدە گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋان، كۆكسىدە «سادىقەت»، «پىدائىي»لىق، «باتۇر»لۇق ئوردېنلىرىنى چاقنىتىپ سۇرلۇك نىزامىدىن كەلمەكتە. ئۇ ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيەسىدە ئوقۇغۇچىلارغا شۇنداق سۇرلۇك قىياپەتتە: ئويغانغان خەلق ئالدىدا گومىنداڭ چىرىگەن كۈچ ... دەپ دەرس ئۆتكەن، ئۇ مەخپىي تەشكىلاتقا ئىشتىراك قىلغان، ئىلقا تاغلىرىدا پارتىزانلار ئوتتۇرا ئەتىرىتىگە باشچىلىق قىلىپ، غالۋاراپ چىققان

گومىنداڭ قىسىملىرىغا ئوت ئاچقان چاغدا، ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق سۇرلۇك تۇس ئالغان؛ ئۇ ئۆز پولكىنى باشلاپ جوڭغار دالالىرىنى كەزگەن ۋە شىخودىكى ئۈچ كۇندۇز، تۆت كېچىلىك ئەڭ كەسكىن جەڭگە شۇنداق ھالەتتە يېتەكچىلىك قىلغان؛ ئۇ ئالتاي تاغ ـ دالالىرىدا قۇيرۇچۇقلار بىلەن ئېلىشقاندا، جان تىكىپ پولك بايرىقىنى ساقلىغان، ئۇ ئۆز بىرىگادىسىنى باشلاپ «قۇيۇنلار»نى ئازاد رايوندىن سۈرۈپ چىققاندا، ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق سۇرلۇك تۇس ئالغان. ئۇ شۇ تاپتا ــ ھېسابسىز نۇرغۇن قانلار بەدىلىگە كەلگەن ئازادلىق تەنتەنىسى ئىچىدە سۇرلۇك قىياپەتتە كېتىۋاتقىنىدا، پاراسەتلىك كوماندىر ئەنۋەرنى، ئىنقىلابنىڭ سادىق، جەڭگىۋار ئوغلانلىرى باتىرغازىنى، جامالىددىننى ۋە مىڭلىغان قۇربانلارنى ئويلىمىدى دەمسىز؟ ! ... ئۇنىڭ پېشانىسىغا چۈشكەن قورۇقلار، چېكىلىرىنى ئارىلىغان ئاقلار، ئازابلىق، ئۇنتۇلماس يىللارنىڭ يادنامىسى ئىكەنلىكىنى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ئالقىش ياڭرىتىۋاتقانلار بىلەمدىكىن؟ ... ئىنسانىيەت تارىخىغا يېزىلغان جەڭگىۋار قۇرلار ئۆچمەيدۇ، كەلگۈسى ئەۋلادلار بۇ تارىخنىڭ بېشىدىكى مۇشۇ جەڭگىۋار ئادەملەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ !

قوشۇنلار ئاياغلىرىنى بىر رىتىمدا «گۈپ ـ گۈپ» بېسىپ، جەڭگىۋار ناخشىلارنى ياڭرىتىپ كەلمەكتە. كىشىلەر ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ شۇنچىلىك قۇدرەت تاپقانلىقىدىن، شۇنچىلىك مۇنتىزىملاشقانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ، پەخىرلىنىپ، كۆز بۇلاقلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ئۇنچىدەك ياشلىرىنى ئېرتماقتا، بەزىلەر ئۈنلۈك ـ ئۈنلۈك ۋارقىراپ:

ــ ئىسىت تۆت يىل، ماناس بويىدا ئۆتكەن تۆت يىل... بۇرۇنراق كەلسەڭلارچۇ كاشكى. بىزنىڭ قايغۇلىرىمىز، پاجىئەلىرىمىز مۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتمەس ئىدى... ــ دېيىشمەكتە.

ئەنە، ئۆز پولكىنى باشلاپ سېرىق بۇرۇتلۇق، پولكوۋنىك

گايىت كەلمەكتە. يىگىرمە يىللىق ھاياتى كىشىلەر ئىشىكىدە ئۆتكەن نامرات، ئۇ بوۋگون ئەسىرلەر ئارزۇسىنى چۈشەنگەن، ئىنقىلاب دۇلدۇلىنى چاپتۇرغان كوماندىر... تارىخنى ئەمگەكچىلەر ياراتقان دېگەن ھۆكۈم، ئۇنىڭ بىسىپ ئۆتكەن ھاياتىدىن ئىسپاتلانامدۇ؟!

ئەنە، قاراڭلار، يىگىرمە ئىككى ياشلىق كاپىتان نادەم ناسىروف كەلمەكتە، ئۇ تۇنۇگۇنلا ئەختەمباينىڭ بالا مالىيى ئەمەسمىدى. ئۇ ھاياتقا ئانىسىنى، ئىنىسىنى بېقىش ئىستىكىدە كىرگەن، ھازىر ئۇ ئىنقىلابىي دەۋرنى، مىليونلىغان جاپاكەش خەلقنىڭ ئارزۇسى، تىلىكى، ئىرادىسى بولغان ئازادلىقنى ياراتقۇچىلارنىڭ بىرى، دۇنيانى چۈشەنگەن ئەقىللىك يىگىت، كۆكسىگە قوش «باتۇرلۇق» ئوردېنى چىققان قەيسەر جەڭچى! ئۇنىڭ يۈزلىرى قارىداپتۇ، لېكىن جەڭگىۋار يۇرۇشلەردە، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلغانلىرىدا، قەھرىتان سوغۇقلاردا كۆزلىرىدە يانغان ئوت ھېلىمۇ ئۆچكىنى يوق.

چاچلىرىنى قۇلاقچىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرغان، مەيدىلىرىدە ئوردېنلارنى پارقىراتقان، قەدەملىرىنى تەكشى يۆتكەپ ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقان ھەمشىرە قىزلار سېپى، كىشىلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھاياجانغا سالدى ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالمىدى، كۆز ياشلىرىنى توختىتىۋالالمىدى:

— ئوغۇللار بىلەن تەڭ مەيدانغا چىققان قىزلارغا سالام! ...

— بارىكاللا سىلەرگە! ...

— ياشاڭلار، ۋەتەننىڭ قەھرىمان قىزلىرى! ...

ئەنە، رەيھان — پودپورۇچىك ھەمشىرە قىز — دوختۇرلۇق سومكىسىنى يۆلەڭلىتىپ كەلمەكتە. ئۇ ئانىسىنىڭ زارىغا باقماي، ۋەتەن ئىشقىدا تەپكەن يۈرىكىنىڭ قوماندانلىقىدا ئىنقىلابنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن بوران قۇشىدەك مەغرۇر ئۇچۇپ كەلگەن قىز! نۇزۇگۇم، يەتتە قىزلىرىمنىڭ ئارمانلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان، تەڭلىك ـ باراۋەرلىك، ئازادلىققا جەڭلەر

بىلەن يەتكەن قىز ! «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەن ئەپسانىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان قىز ! ...

ئەنە، تاۋقىش، ئۆزىگە دەل قىلىپ تىكىلگەن ھەربىسى كىيىم قالتىس ياراشقان تاغ بالىسى، كۆكسىدە «پىدائىي»لىق ئورنىنى، ئۇنىڭ دۇپدۇگىلەك قارا كۆزلىرى ئوييناپ كەتكەن...

كىشىلەرنى زوقلاندۇرۇپ ھەيۋەت بىلەن يۇرۇۋاتقان قوشۇننىڭ ناخشىلىرى يەتتە قات ئاسمانغا يەتكەن، ئۇرۇمچى كوچىلىرىنى جانلاندۇرۇۋەتكەن:

دۇشمەن سوزسا بىزگە قولىنى،
يانجىپ تاشلايمىز بىز ئۇنى !

ناخشىلارنىڭ بىرى تۈگىسە، يەنە بىرى باشلىناتتى:

ئاڭلا ئەي ۋەتەن بالىلىرى،
شاماللاردىن خەۋەر بارىدۇ.
...

بىر موماي ئېسەدەپ يىغلاپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ئۆزلىرى شۇنچە چىرايلىق، مىڭىشلىرى شۇنچە چىرايلىق، ناخشىلىرى ئاندىن چىرايلىق...

قوشۇنلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. گۈرسۈلدىگەن رىتىملىق ئاۋازلار بېسىلمايتتى. ئۆز قوشۇنلىرىنى شۇنچىلىك جاسارەتكە تولغان ھالدا كۆرۈپ قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان كىشىلەرنىڭ ئارزۇلىرى كۆپ ئىدى: جەڭچىلەرنى ئۆيلىرىگە ئاپارسا، ئېسىل تائاملىرى بىلەن مېھمان قىلسا، كۈتسە، گەپلىرىنى ئاڭلىسا، ئۆزلىرىنىڭ دەردلىرىنى تۆكسە، ئىچ ـ قارنىنى بوشاتسا... دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خاسىيەتلىك ئىش بولامتىمۇ؟ ! ...

بىرلىرى جەڭچىلەرگە ئۇسسۇلۇق چاي، تىلىم ـ تىلىم

قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى سۇناتتى:
— ئۇسسىغانسىلەر، بىر يۇتۇم سۇ ئىچىڭلار... تىلىڭلارغا بېسىڭلارچۇ...
بىرلىرى سامسا ـ گۆشگىردىلەرنى سۇناتتى:
— يېمىسەڭلارمۇ، قولۇڭلارغا ئېلىپ قويۇڭلار... بېشىمىز ئاسمانغا يەتسۇن! ...
بىرلىرى لۆڭگە ـ ياغلىقلارنى تۇتاتتى.
— يۈزۈڭلارنى ئېرتىڭلار، بىزگە تەۋەررۈك بولۇپ قالسۇن! ...
گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى كۆرسە، قولىدىكى ناننى يانچۇقىغا سالىدىغان ۋە ياكى هويلىسىدىكى توخۇلىرىنى كاتەككە سولايدىغان كىشىلەر، بۇلارغا بىرىدىغان نەرسە تاپالمايۋاتاتتى. ئانا قۇچىقى بۇنىڭدىن ئىسسىق، بۇنىڭدىن مېھرىبان بولامدۇ، خەلقنىڭ ئىشەنچىگە، ھىمايىسىگە، ھۆرمىتىگە ئىگە بولۇش — قوشۇننىڭ غەلىبە قىلىشتىكى تۈپ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. ئۆزۈڭنى ئەمەس، خەلقنى ئويلىساڭ، مەڭگۈ ياشايسەن، ئۆلمەيسەن! ...
پاھ... قاراڭلارچۇ! تېخى ھەيۋەتلىك ـ سەلتەنەتلىك يۈرۈشلەر ئەمدى باشلىنىۋاتىدۇ.
زەمبىرەكلەر، مىناميوتلار، ئايروپىلان، تانكا ئاتارلار ئېغىر تېپىتىكى پىلىموتلار سەپلىرى ئاجايىپ سۈر بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ ئېغىر قوراللار گومىنداڭ قىسىملىرىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان قوراللار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق بەلگىلىرى بېكىتىلگەن.
— يېقىنقى يۈز يىلدىن بېرى بىر كەلگەن نۆۋەت بۇ! — دېدى پەلتولۇق، بويىنغا شارپا ئورىغان ئادەم كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىغان ھالدا، — مۇنداق مۇنتىزىم، مۇنداق خىل قوراللانغان قىسىمنى بىزنىڭ تارىخىمىز تېخى كۆرمىگەن...
— بىز تارىختا مەدەنىيەتلىك، قۇدرەتلىك خەلق بولۇپ كەلگەن، — دېدى ئۇنىڭ ھەمراھى قاما قۇلاقچىلىق ئادەم، —

www.uygburkitap.com

لىكىن ئەسىرلەردىن بېرى خەلقىمىز ئاڭ خورلۇق كۆردىمۇ، نامىمىز ئۆچەي - ئۆچەي دەپ قالغان. يۇز ئاچىتۇق. قۇمغا كۆمۈلگەن ئالتۇن هامان ئېچىلىدۇ.

تېخىمۇ هەيۋەتلىك هالدا ئاتلىق قىسىملار ئۆتۇشكە باشلىدى. كىشىلەر تېخىمۇ كۈچلۈك هاياجاندا ئالقىش - تەنتەنە ياڭرىتىشتى... قومۇش قۇلاقلىق بوز ئاتلار ئۇستىدە لاچىندەك ئولتۇرغان جەڭچىلەر بىر قولىدا ئاتنىڭ تىزگىنىنى، بىر قولىدا بويىنىدىن ئېسىلغان ئاپتوماتنى تۇتۇپ، مەغرۇر كەلمەكتە ئىدى. ئاتلار مارشقا دەسسەپ، سەپلىرىنى بۇزماي ئاياغلىرىنى تەكشى ئالاتتى. ئاتلارنىڭ ئالدى ئوڭ پۇتىغا قىزىل لېنتىلار چىگىلگەن، پۇتۇن قىزىل لېنتىلىق ئاياغلار بىر تاشلانسا، لېنتىسىز ئاياغلار بىر تاشلىنىپ، نۆۋەت قاتارىدا قىلچىمۇ ئىلگىرى - كېيىنلىك كۆرۈلمەيتتى.

تەرەپ - تەرەپتىن هاياجانلىق سادالار كۆتۈرۈلدى:

— ئاپىرىن ! ... قوشۇنلىرىمىزنىڭ قۇدرىتىگە ئاپىرىن ! ...

— بارىكاللا ! ... قوشۇنلىرىمىزنىڭ يۇقىرى هەربىي سەنئىتىگە بارىكاللا ! ...

هاياجانلىق هېسلارغا چۆمۈلۈپ كەتكەن كىشىلەر 1945 - يىلى 9 - ئايدا مۇشۇ قىسىملار ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا شىددەت بىلەن يېتىپ كەلگەندە، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئۈرۈمچىنى تاشلاپ قاچماقچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكتە ئىدى.

نەنمېن — ئۈرۈمچىنىڭ تازا ئاۋات، قايىنىغان كەڭرى بازىرى. بۇ يەردە ئىككى غالىب ئارمىيە — گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئىككى تەرەپتىن، غەرب ۋە شەرق تەرەپتىن قىستاپ كەلگەن، ئىسكەنجىگە ئالغان ۋە ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا، قول كۆتۈرۈشكە، ئون ئىككى قىرلىق بايراقلىرىنى ئېگىز موما ياغاچىنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان ئارمىيە — جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي

ئارمىيەسى ئۇچراشتى. ئازادلىق ئارمىيەمۇ ئۇرۇمچىگە شۇنداق تەنتەنە، ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كىرگەنىدى. ئىككى ئارمىيەنىڭ بۇ تارىخىي ئۇچرىشى شەنىگە، ئۇرۇمچىنىڭ، يەتتە ۋىلايەتنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئازاد بولۇشى شەنىگە ئېگىز پەشتاقلاردىن ناغرا ـ سۇناي سادالىرى ياڭرىماقتا، كىشىلەر يۈرەكلىرىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قاتلىرىدىن كۈلمەكتە، شادلانماقتا... جاراڭلاپ چېلىنىۋاتقان «شادىيانە» كۈيىگە كەلتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى.

ئۆز ھاياجانلىرىنى باسالماي ئۇسسۇلغا چۈشمىگەن ئادەملەر قالدىمۇ؟ ! ...

يۈرەك يېرىلغۇدەك خۇشاللىق دېگەن مۇشۇ: تالاي زامانلاردىن بېرى مەھكۇملۇقتا قالغان مىللەتلەر ئۈچۈن مىللىي باراۋەرلىك، ئەركىنلىك، ئازادلىققا ئېرىشىشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بارمۇ؟ ياق، يوق !

كەچتە نادەم بىلەن رەيھان كوچىغا چىقتى. كۆڭۈلنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە جىلۋىلىنىپ ئويناپتى. رەيھان ئۆز بەختىدىن قۇۋاتغان... ئۇ ھاياتقا تويمايتتى. نادەم بىلەن يانمۇيان ماڭغىنىغا قانمايتتى. ۋاي ئىسسىت... تېخى قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنى يوق، بولمىسا ئۇ بېشىنى نادەمنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالغان بولاتتى.

— ئادەم نېمىشقا ئۆمۈرگە تويمايدۇ؟ ئېيتىڭا نادەم، ھەربىر كۈن يېڭىدىن ـ يېڭى تۇيۇلىدۇ؟ — رەيھان كۆزلىرى بىلەن كۈلۈپ نادەمگە قارىدى.

— دوست بىلەن دۈشمەن، ياخشى بىلەن يامان، ئوڭ بىلەن تەتۈر بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولغانلىقى ئۈچۈن ! — نادەمنىڭ جاۋابى خۇددى بۇرۇن يادلىۋالغاندەك تېز ئېيتىلدى. قىز تەسىرلەندى.

— بەش يىلىمىز چېلىش بىلەن ئۆتتى... يەنە يېڭى

چېلىشلار بىزنى كۈتۈۋاتىدۇ...

— بىز ئۇرۇش قىلغاندا ئۇ چاغدىكى كۈنلىرىمىز يېڭىدىن-يېڭى ئىدى، ئەمدى كونا بولۇپ قالدى. يەنە يېڭى چېلىشلارنى قىلىشنىڭ كويىدا ياشايمىز. ئەنۋەر ئەپەندىمنىڭ ئارمانلىرىنىڭ تېخى ئوندىن بىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدۇق، باتۇرغازىنىڭ ئىنتىقامىنى تېخى تولۇق ئالالمىدۇق...

— ئوسمانغۇ ئۇر - ئۇرغا قالغان چاشقان، چىڭخەيگە قاچماق تۈگۈل، يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ كەتسىمۇ، ئۇ ئەمدى قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

— بىراق، ئۇ دۇنياغا يېڭىدىن تۆرەلگەن ھاكۇۋاقتى چاشقان ئەمەس، ئاپىغى ئىتتىك، كۆزى ئۆتكۈر، ھىيلىگەر چاشقان، ئۇنى تۇتۇشقا ئاز كۈچ سەرپ قىلىنمايدۇ، بەش يىلدىن بېرى ئاز قان تۆكتۇقمۇ، نى - نى يىگىتلىرىمىز قۇربان بولدى، قاراڭا، بىزنىڭ يېزىدىكى ۋارىسجاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، بەش كىشى قاتناشقان، ئۈچى قۇربان بولدى، مېنىڭمۇ بەش يېرىمگە ئوق تېگىپ، ئارانلا ساق قالدىم. ئاشۇ قۇربانلار بەدىلىگە كەلگەن ئازادلىق بىلەنلا ئىشىمىز ئاياغلاشمايدۇ. ئەختەمباي بىلەن ھېساب - كىتاب قىلىدىغان ئىشلار، ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىدىغان ئىشلار، خەلقىمىزگە ئازادلىقنىڭ تەمىنى ھەقىقىي تېتىتىدىغان ئىشلار تېخى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، بۇلارنى سىز بىلەن بىز قىلىمىز، شۇڭا ئۇمۇرگە تويمايمىز...

نادەم چۈشەنگەن ئۆمۈرنىڭ مەنىسى — ئەمدىكى رېئاللىقنىڭ مەنىسى، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاش — كىشىنىڭ روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈكىنى تەمىن ئېتىدۇ. شۇنداق ئۈمىدۋار كىشى بىلەن يانمۇيان مېڭىش رەيھاننىڭ ئىستىكى ئىدى، ئۇ بۇنىڭغا يەتتى. شۇنداق ئۈمىدۋار كىشى بىلەن ئەمدى كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ ئىشلارغا كىرىش ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك بەختى ! ... شۇ غۇرۇر ۋە پەخىرلىنىشنىڭ، بەختنىڭ كەيپىدە بەدەنلىرى سىمابتەك تىترەپ كەتكەن رەيھان ئىختىيارسىز نادەمگە يۆلەندى:

— بىز ئىنسانلارنىڭ، ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن جەڭ قىلدۇق، — قىزنىڭ يادىغا دەررۇ بىرنەرسە كەلگەندەك يىگىتكە بۇرۇلدى، — كەلگۈسىدىن ئەنسىرەيدىغانلارمۇ بولار - هە؟

— كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن، ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارايدىغانلارمۇ، ئۈنىڭدىن كۈلىدىغانلارمۇ، قاقشاپ يىغلايدىغانلارمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە!

— راست ئېيتىسىز، نادەم، ئەختەمباي كەلگۈسىدىن يىغلايدۇ، ئۇ يىغلاتقان ئادەملەر كۈلىدۇ...

ئىككىسى شۇنداق قىزغىن، مەنىلىك سۆھبەتلەر بىلەن خاڭچىڭ كۆلۈبىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئابدۇقادىر بىلەن نىنا ئۇچراشتى.

— ماناء قاراڭلار، — دېدى ئابدۇقادىر كۈلۈپ، — نېمىدېگەن خاسىيەتلىك ئىش بۇ، مەن بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن نىنانى مۇشۇ يەردە، لۈكچەكلەر چاڭگىلىدىن ئاران قۇتۇلدۇرۇۋالغانىدىم، ئەمدى بۇ يەرلەرنىڭ خوجايىنى بىز...

رەيھان چاقچاق قىلدى:

— ئۆزىڭىز ئۈچۈن قۇتۇلدۇرۇۋاپتىكەنسىز - دە!

— سىز ۋارىسجاننى نادەم ئۈچۈنلا ئاتقاندەك - دە!

— ياق ... ياق مەن ئۇ خائىننى پۈتۈن جەڭچىلەر قەلبىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئاتقان! ...

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلدى. ئەتراپتا تۇرغان ئادەملەر ئېلىپكتىر نۇرىدا كۆكسىلىرىدە ئوردېن، پاگونلاردا ئۇنۋان - بالداق ۋە يۇلتۇزلار چاقنىغان بۇ ياش ئوفىتسېرلارغا مەستلىكى كېلىپ زوقلىنىپ، كۆز ئۈزمەي قاراپ كېتىشتى.

1983 — 1984 - يىللىرى غۇلجىدا يېزىلدى.

1999 - يىلى قايتا تۈزىتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاخىرقى سۆز

جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تېمىسىدا ئەسەر يېزىشنى 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىلا ئويلىغانىدىم، چۈنكى مەن بالىلىق چېغىمدا ئىلىقىدىن غۇلجىغا بېسىپ كىرگەن پارتىزانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ لەشكىرى ھەرەمباغلاردا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. ئۇ چاغلاردا ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ سەپكە قوشۇلۇۋاتقانلارغا قورال يېتىشمەيتتى. ئۇلار نەيزە، توقماقلارنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا كىرەتتى. جاھىل قورغان — ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلىنغان چاغلاردا يەنە سانسىزلىغان قىيقاس ـ چۇقانلارمۇ قوراللىقلارنىڭ كەينىدىن ماڭاتتى. مەنمۇ ئاشۇ قىيقاس ـ چۇقانچىلارغا ئەگىشىپ، ئوقلار ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن قانلىق مەيدانلارغا نەچچە رەت كىرگەنىدىم. كېيىن بىزنىڭ مەھەللىدىن پارتىزانلارغا ئۆزلۈكىدىن قوشۇلۇپ كەتكەن ياشلاردىن ۋە شۇلارنىڭ بىرسى بولغان ئاكامدىن نۇرغۇن تەسىرلىك ۋەقەلەرنى ئاڭلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلۈمدە مۇشۇ تېمىدا ئالدى بىلەن بىرنەچچە پارچە ھېكايە يېزىش ئاندىن پوۋېست ۋە ئاخىرىدا رومان يېزىش ئىستىكى تۇغۇلدى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىق تېگىنىڭ بۇرۇنراق ئېتىشى ئۈچۈن ھېسابسىز نۇرغۇن قانلارنى تۆككەن، قۇربان بەرگەن، ئازادلىق ئىشقىدا يانغان ئاشۇ مەردلەرنىڭ باتۇرانە كۈرەشلىرى، ئەلۋەتتە بىزنىڭ بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى ۋە كەلگۈسى

ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ بەختسىيار زامان يارىتىش ئۈچۈن قانداق قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەنلىكىنى روشەن بەدىئىي خاتىرىلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. شۇڭا، مەن ئالدى بىلەن ئاكامنىڭ پارتىزانلارغا قانداق قوشۇلۇپ كەتكەنلىكى ۋە ئاپام بىلەن قىلغان دەتالىشىدىن تۇغۇلغان بىرىنچى ھېكايەم «ئانا ۋەسىيىتى» نى يازدىم. ئۇ 1957 ـ يىلى ئېلان قىلىندى. ئارقىدىنلا «نىزامىدىنىنىڭ ئىشى»، «ئاچالدىكى جەڭ» ھېكايىلىرىنى يازدىم.

1964 ـ يىلى پوۋېست يېزىش قارارىغا كېلىپ، ئالتە باب يازغان چېغىمدا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ، يازغانلىرىم كۆيدۈرۈۋېتىلدى. 1974 ـ يىلى يەنە يېزىشقا كىرىشتىم. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر «ئىلى دولقۇنلىرى» دۇنياغا كەلدى.

«ئىلى دولقۇنلىرى» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەردىن نۇرغۇنلىغان خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇلار خەتلىرىدە روماننىڭ داۋامىنى ئوقۇشنى كۈتۈۋاتقانلىقى ھەققىدە ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشكەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۆتكۈزگەن سۆھبەت يىغىنىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پېشقەدەم جەڭچىلىرى مېنىڭ كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى يېزىشىمغا ئىلھام بەردى ۋە رىغبەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن «ئىلى دولقۇنلىرى» نىڭ ئىككىنچى قىسمىنى يېزىپ پۈتكۈزدۈم.

مەن بۇ ئىككى كىتابنى يېزىشتا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئەللىكتىن ئوشۇق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار بىلەن ئۇچراشتىم، سۆھبەتلەشتىم، بەزىلىرى ھەتتا مۇھىم جەڭ مەيدانلىرىنىڭ خەرىتىلىرىنىمۇ سىزىپ بەردى. يەنە بەزىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەسلىمىلىرىدىن، خاتىرىلىرىدىن پايدىلاندىم. مەن بۇ يولداشلارنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن سەممىي ياردەملىرىگە، قوللاشلىرىغا چىن قەلبىمدىن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

ئاپتوردىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# ئەلى دولقۇنلىرى (2)

(رومان)

ئاپتورى: ئابدۇراخمان قاھار
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇقەييۇم سايىم
مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مۇقاۋا رەسىمىنى سىزغۇچى: ئابدۇراخمان ئابلىز
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 2827472 − 0991
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.875
نەشرى: 2011 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 3 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 6001 − 9000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 − 7 − 228 − 14407 − 5
باھاسى: 41.00 يۈەن